# داغمۇ ياكى زىناق؟

( ئەبجەش خاتىرىلەر )

تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسىنى شېئىر، ھېكايە بىلەنلا ئىپادىلەپ كەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ژانىرلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا قاملاشتۇرۇپ بىر ئىش قىلىش تەس. كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە تالانتلىق ھېسابلىنىدىغان ئەدىبلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ كارامىتىنى ئايرىم ژانىرلاردا كۆرسەتكەن. ھەممە ژانىرلاردا كارامەت كۆرسەتمەن دېگۈچىلەرمۇ بولدى، لېكىن ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۆزىگە يارىشىدىغان ژانىرلاردا قولغا كەلدى. ژانىرلار خاس ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە، يەنە شۇنىڭغا يارىشا يېتەرسىزلىكلەرگىمۇ ئىگە. شۇڭلاشقا، ئوخشىمىغان ژانىرلارنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان.

تۇرمۇشنىڭ قاتلىمى بولىدۇ. تۇرمۇشتىكى قاتلاملار ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى ژانىرلار قاتلىمىدىن كۆپ ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. ئادەمنىڭ تۇرمۇشتىن ئالغان تەسراتى ۋە كۆڭلىدىكى مەنىۋى ھالەتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىمۇ كۆپ بولىدۇ. مەن ھەمىشە بىرەر پارچە شېئىرىمنى ياكى ماقالەمنى يېزىپ تاماملىغاندىن كېيىن، يەنە نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ كۆڭلۈمنىڭ قانداقتۇر بىر يەرلىرىدە قېلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئەمما، شېئىرغا بولغان مۇھەببىتىم كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭغا تۇرمۇشقا ئائىت تەسراتلارنى ئۇدۇللا قوشۇپ، شېئىرىي مەجازدىكى ساپ ھالەتنى بۇزغۇم كەلمەيدۇ. چۈنكى شېئىر تۇرمۇشنىڭ نورمال لوگىكىسىدىكى سۆزلەر ئورامى بىلەن دەپ بەرگىلى بولمايدىغان باشقا بىر ئىقلىم.

مەلۇم بىر خاھىشنى ياكى پىكىرنى بىر خىل ژانىردا دېگىلى بولمىسا، باشقا ژانىرلاردا دەپ بېقىش كېرەك، ئۇنىڭدىمۇ بولمىسا، ژانىر بىلەن ھېسابلاشماي دەۋرىش كېرەك، ئەدەبىياتتا ژانىر ئايرىمچىلىقى بەك مۇھىم نەرسە ئەمەس. قەلەمدىن چىققانلىرى سەنئەت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولسىلا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنى، ئاڭلىغان - ئويلىغانلىرىمنى تەۋەككۈل قىلىپ يېزىپ باقتىم. ئۇنىڭ ئاز - تولا قىممىتى بار نەرسە ئىكەنلىكى ئۆزۈمگە ئېنىق. ئۇنىڭغا"ئەبجەش خاتىرىلەر" دەپ ئىزاھ بەردىم. ئەمما ئوقۇرمەنلەرگە لازىمى، كۆپرەك مېنىڭ ئىدىيەمدىن ئىبارەت بولسا كېرەك. باشقىلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپالايدىغان "موللا تاپقاق"لاردىن بولمىساممۇ، گېپىمنى تۈزلۈك بىلەن ئېيتىۋەردىم.

## تارىخ دەرسى

كېچە. ئەتراپ دىمىق ۋە بۇرۇقتۇرۇم. ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگىلى بىر يىل بولغان ئۈمىد نېمىندۇر ئويلانغان هالدا ئەسلىمە يېزىۋاتقان دادىسىنىڭ يېنىغا كىردى.

دادا، دەپ ئاستا توۋلىدى ئۈمىد.

سەئىدۇللايوف ئەپەندى ئوغلىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭ قورۇق بېسىپ كەتكەن قاتاڭغۇر چىرايى ئۈستەل چىرىغىنىڭ ئانچە كۈچلۈك بولمىغان يورۇقىدا سۇرلۇك كۆرۈنەتتى.

دادا، ئوخشاش بىر ئادەمنى ھەرخىل كىتابلاردا ھەرخىل باھالاپ يېزىشىدىكەن، ھەتتا بىر ئادەمگە بۇرۇن بېرىلگەن باھا بىلەن هازىر بېرىلگەن باھا بىر - بىرىگە پۈتۈنلەي زىت كېلىدىكەن. ھېچ بىلەلمىدىم، زادى تارىخ دېگەن قانداق نەرسە؟

سەئىدۇللايوف ئەپەندى غىل - پال كۈلۈمسىرەپ قويدى. بەلكىم بۇ سوئال بىرئاز ئۈشتۈمتۈت تۇيۇلغان بولسا كېرەك، ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. دەرۋەقە، قېلىن تۇمان ئارقىسىدا تاشلىنىپ ياتقان جىلۋىدار ئۆتمۈشنى دەرھاللا يەكۈنلەپ بىر نېمە دېيىش ئاسان ئەمەس.

مانا، مېنىڭ ئۆزۈممۇ بىر تارىخ، بۇ تارىخ ئۆزۈمدىن بۇرۇنقى ۋە ئۆزۈمدىن تاشقىرى تارىخلارنىڭ مەھسۇلى، ئەمما بۇ تارىخنى قانداق تىلدا سۆزلەشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەسىلە، ئۇنى ئوقۇش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر لۇغەت كېتىدۇ.

سەئىدۇللايوف ئەپەندى تۇرۇپ قالدى. ئۈمىد جاۋابنىڭ شۇنداق ئاخىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، ئۇلاپلا سورىدى:

ئۇ قانداق لۇغەت، دادا؟

سەئىدۇللايوف ئەپەندى يەنە كۈلۈمسىرەپ قويدى، لېكىن بۇ كۈلكىنى بەھۇزۇر كۈلكە دېگىلى بولمايتتى.

ئۇ ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي سەرگۈزەشتىسى، يەنى جاراھىتى، تېڭىرقىشى، ئالدىنىشى، غەزەپلىنىشى، قاتتىق ۋارقىرىشى، خىيال قىلىشى، بىئارام بولۇشى، تىت - تىت بولۇشى، قۇربان بېرىشى ئارقىلىق تۈزىدىغان لۇغەت، بۇ لۇغەت ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بولىدۇ، ئۇنى باشقىلارغا ۋاكالىتەن تۈزۈپ بەرگىلى، نەشر قىلغىلى بولمايدۇ. تارىختىن ئىبارەت مۇرەككەپ كىتاب ئالدىدا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە لايىق "ئېلىپبە"سى بولىدۇ.

دېمەك، تارىخ ياراتمىغانلار تارىخنى تۈزۈك ئوقۇيالمايدىكەن - دە، شۇنداقمۇ، دادا؟

توغرا دېدىڭ.

ئۇنداق بولسا، تارىخنى قانداق ئادەملەر يازىدۇ؟

تارىخنى غالىبلار مەغلۇپلارنىڭ دۈمبىسىگە يازىدۇ. ئەمما دۈمبىسىنى تۇتۇپ بەرمىگەنلەر مەغلۇپلاردىن ئەمەس.

بۇنى ئانچە چۈشىنەلمىدىم، دادا.

مەسىلەن، مېنىڭ ئىسمىمۇ بىر تارىخ، "سەئىدۇللا" دېگەن ئىسمىم مېنىڭ ئۆز ـ ئۆزۈمگە مەنسۇپ بولغان تارىخىم، "يوف" دېگەن قوشۇمچە سۆز بولسا مېنىڭ تارىخىمغا تېڭىلغان ئۆزگىچە تارىخ. مەن بۇنى ئۆز پېتى قوبۇپ قويدۇم، چۈنكى ئەمەلىيەتنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق. جاھاندا غەيرىي كۈچلەرنىڭ تەسىرىدىن مۇتلەق خالىي تۇرالايدىغان تارىخنى مەن تېخى كۆرمىدىم.

ئارىنى ئۇققىلى بولمايدىغان بىرخىل جىمجىتلىق قاپلىدى. بۇ يۇقىرىقى سۆھبەتنىڭ سىرلىق كۈچىدىنمۇ ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ بىردەم سۈكۈت قىلىشنى خالىغانلىقىدىن بولدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئىبادەتكە ئوخشايدىغان دەقىقىلەر بىر پەس ھۆكۈم سۈردى.

ئۈمىد جىمجىتلىقنى بۇزدى:

دادا، سىزنىڭچە، تارىخنى قانداق ئۇسۇلدا ئۆگەنسە بولىدۇ؟

كۇتۇپخانا ۋە مۇزېيلارغا بېرىش، بۇمۇ تارىخ ئۆگىنىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى، لېكىن مەن ئۇنداق قىلمىدىم، مەن مىلتىق دېگەن نەرسىنى تۇتۇشنى، چۈۋۈپ قۇراشتۇرۇشنى ئۆگەنگەندىن كېيىنلا تارىخنى ئۆزۈمچە چۈشىنىپ قالدىم. مەسىلەن، بىر كونا پوپايكىنى چۈۋۈياللساڭ بۇمۇ بىر تارىخ، لېكىن بۇ يېرىم ـ يارتا تارىخ بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى چۈۋۈپ بولغاندىن كېيىن، دىتىڭگە لايىق كېلىدىغان بىر پوپايكا ياكى بىر پەلەي توقۇساڭ، مانا بۇنىڭ ئۆزى پۈتۈن تارىخ بولىدۇ. تارىخ ئوقۇش دېگەن ئاشۇنداق گەپ.

سەئىدۇللايوف ئەپەندى ئوغلىغا تىكىلىپ بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، بىر تال تاماكىنى ئاغزىغا سېلىپ تۇتاشتۇردى. ئۇ تاماكىنى قاتتىق بىر شوراپ، ئىسنى ئۈستەل چىرىغىغا قارىتىپ پۈۋلىدى، چىراغ ئەتراپىدا خاتىرجەم ئويناۋاتقان بىرقانچە كۆمۈتا ھودۇققىنىدىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشتى.

مېنىڭ نۇرغۇن دوستلىرىم دالىلاردا ئۆلدى، دېدى سەئىدۇللايوف ئەپەندى تىترىگەن ئاۋازدا، بۇلارنىڭ جەستى قوتۇر لالما ئىتلارغا يەم بولمىدى، چۈنكى لالما ئىتلار كىشىلەر تۆكۈلۈپ يىغلىشۋالغان شەھەرلەردە ياشايدۇ، ئۇلاردا باياۋانغا بارالايدىغان تەبىئەت يوق. باياۋان دېگەن بۆرىكۈت، شۇڭقار، شىر، يولۋاسلارنىڭ ۋەتىنى، ئۇ يەردە تەمە دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ يەردە باتۇرلۇق ۋە ھوشيارلىقتىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلماي ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ياشاش دېگەن رەھىمسىزلىكنىڭ گىردابىدا تۇرىدىغان نەرسە، رەھىمسىزلىك بار يەردە كۈرەش بولىدۇ. بەلكىم مېنىڭ دوستلىرىمنىڭ جەستى شىر، يولۋاس، بۆرىلەرگە، بۆرىكۈت، لاچىنلارغا ئوزۇق بولغاندۇ، ئۇلارنىڭ روھى بۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇرسەن بولغاندۇ. چۈنكى ئاشۇنداق باھادىر كىشىلەرنىڭ جەستى باھادىر جانلىقلارغا ئوزۇق بولۇپ، ئۇلارغا مەدەت بەرسە، شەرەپنىڭ ئۈستىگە شەرەپ ئەمەسمۇ!؟ مانا مەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، كۆرپىنىڭ ئۈستىدە جان بېرىدىغان ئوخشايمەن، لېكىن ئاللىبۇرۇن روھىمنى قۇتقۇزۇپ بولغان ئادەممەن. شۇڭا دوستلىرىم مېنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، ئۇلار مېنىڭ كېيىنكى ھاياتىمنى كۆرۈپ تۇرغان بولغاچقا ئوبدان

چۈشىندۇ. ھايات ئۆزۈنمۇ بولىدۇ، قىسقىمۇ بولىدۇ، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئۆزىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋاقىتلارغا يوشۇرۇنغان بولىدۇ. ھاياتىڭنىڭ ئاز - تولا ئەھمىيىتى بولسىلا، ئۇنىڭ ئۇزۇن - قىسقا بولۇشىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق.

سەئىدۇللايېۋ ئەپەندى گېپىنى توختاتتى - دە، ئالدىدىكى ئۈستەلنىڭ تارتمىسىدىن بىر كارتوچكىنى چىقىرىپ ئوغلىغا ئۇزاتتى ۋە شۇنداق دېدى:

مانا بۇ مېنىڭ قەبرىنامەم، مەن ئاخىرقى بىر ئابزاسىنىمۇ باشقىلارنىڭ قەلىمىگە قالدۇرۇشنى خالىمىدىم. پەرزەنتىم بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن سادىق بولىدىغانلىقىڭغا ئىشىنىمەن.

ئۇمىد كارتوچكىغا قارىدى، ئۇنىڭدا شۇنداق يېزىلغانىدى:"بۇ يەردە ياتقان كىشىنىڭ ياخشى پىلانلىرى بار ئىدى، ئۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ باقتى. ئۇ ئاخىر مەغلۇپ بولۇشقا قىلچە تەن بەرمىگەن ھالدا كېتىپ قالدى."

## نىسۋە ئۈچۈن

بەزىلەر ئۆزىنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئاز - تولا يەرلىرى بولسىلا ئۆزىنى قالتىس ھېسابلايدۇ، لېكىن ئاشۇ ئوخشىمايدىغان "ئاز - تولا يەرلىرى"نىڭ ياخشى ياكى يامان بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قاڭشارلىق بولۇشمۇ ئالاھىدىلىك، پاناق بولۇشمۇ ئالاھىدىلىك. بويى ئېگىزلەر ئېگىزدىكى نەرسىلەرنى ئېلىشقا قولىنىڭ يېتىدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ، بېلىدە سۆڭەكى يوق ئەۋرىشىم كىشىلەر بولسا ئېگىزلەر مەغرۇرلۇقىدىن كۆرمەي قالغان ياكى چۈشۈپ قالغان نەرسىلەرنى ئالالايدىغانلىقىدىن پەخىرلىنىدۇ. شۇنداق، جەمئىيىتىمىزدىن ھەركىم تەبىئىتىگە لايىق نىسۋە ئالالايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىزدە يات ئەللەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلەر بولدى، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلمىگەنلەر يات ئەللەرنىڭ تۇرمۇش فىلىملىرىدىن رېژىسسورنىڭ كۆزى ئارقىلىق كۆرۈۋاتىدۇ. كىشىلەر ئومۇمەن ئۇنداق "ئېرەمباغ" لارنىڭ ئۆزىگە نىسىپ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان دەرىجىدە ھەيران بولۇشتى. ھەيران بولغانلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنى ئۇلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ مەيۈسلەنگەنلەر، خىيال سۈرگەنلەر، ئىزدەنگەنلەر، تەن بەرگەنلەر، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىشەنگەنلەرمۇ بار بولدى، كىشىلەر ئاستا - ئاستا ئۆزىنىڭ غەمكىنلىكى ئۈچۈن دەۋا ئىزدەيدىغان بولدى، بەزىلەر تارىخنىڭ شۆھرەتلىك يىللىرىنى ۋاراقلاش بىلەن، بەزىلەر ئەجنەبىيلەرگە ئوخشىمايدىغان "ئېسىل" يەرلىرىنى ئىزدەش بىلەن تەسەللى تاپتى. بەزىلەر بولسا ھەممىنى ئىچىگە يۇتۇپ ياشاۋەردى.

تەقدىر ھەرقانچە رەھىمسىز، ھەرقانچە يۈزسىز بولسىمۇ، ئاز - تولا ئىنساپ بىلەن بەزى

نەرسىلەرنى قالدۇرغانىكەن، ئىنشائاللا، ئېيتايلى دېسەك ناخشىمىز، چالايلى دېسەك سازىمىز، ئويناپلى دېسەك ئۇسسۇلىمىز بار. ھەر ھالدا ئەجدادلىرىمىز ئىنسان سۆيەتلىرى مۇنبىرىدىن ئالىدىغان بۇگۇنكى نېسىۋىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك خەزىنە قالدۇرۇپتىكەن، يىللارنىڭ قارا بورانلىرى قانچىلىك يالماپ سۆپۈرمىسۇن، يەنىلا ئاساسىي ۋەزنىنى ساقلاپ قاپتۇ. بىز نوبېل مۇكاپاتىدەك دۇنياۋى شەرەپ مۇنبىرى ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەقلىي قۇۋۋەتنىڭ نەتىجىسى ۋە خۇشاللىقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان چوڭ - كىچىك سورۇنلاردىن نېسىۋىمىزنى ئالالمايۋاتقان مۇشۇنداق سۇلغۇن دەۋردە بارلىق پەخرىمىز ۋە بەھۇشانە شادلىق خۇمارىمىزنى ئاتا - بوۋىمىزدىن قالغان ئاشۇ خەزىنىدىن تاپىدىغان بولدۇق. بالا ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئەركىلەپ تۇرۇپ ھەر نېمىلەرنى قىلىدۇ، بۇگۇنكى مىراسخورلىرىمىز ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان كىچىككىنە تەۋەرۈكنى ئۇيان تارتىپ - بۇيان تارتىپ تۇرلۇك نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ باقتى، ئەسىرلىك قىسمەتلەر بىلەن ھەمنەپەس بولغان گۈزەل خەلق قوشاقلىرىنىڭ يېرىمى ئۇيان، يېرىمى بۇيان بولۇپ، ئاخىرىدا ھېچنېمىگە ئوخشىماي قالغىلى تاس قالدى. ھەيھات، كىشىلەر شۇنداق قىلىپ نۇرغۇن تويلار ۋە بەزمىلەردىن ئاز - تولا لوقمىغا ئېرىشىدىغان بولدى. ئەسلىدىكى مىراسلار قانچىلىك بۇزۇلمىسۇن، بۇنى سۈرۈشتۈرۈدىغانلار بولمىدى. چۈنكى پەقەتلا كۈن ئۆتكۈزۈش دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئاتالمىش جاھاندارچىلىق يولى. ھايات ھاقارەتلىك ئۆتسىمۇ، ئىككى كۆزلۈك پارقىراپ تۇرسىلا بولىدىغان بولدى.

يېقىندىن بېرى، بەزى شىركەت - ماگىزىنلار ئىش باشلىسا، داقا - دۇمباقنى بىز چېلىپ بېرىدىغان بولدۇق. ئۇسسۇلنى تولا ئويناپ، دۇمباقنى تولا چېلىپ، ئۆزىمىزنىڭ شۇ ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىمىزنىمۇ سەزمەيدىغان بولۇپ كەتتۇق. بۇ خۇددى نەپەس ئېلىۋېتىپمۇ، نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك بىر ئىش. لېكىن نەپەس يولىمىزدىن چاتاق چىقسىلا دەرھال ئەسكە ئالىمىز، ھەتتا چارىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىمىز.

جاھان ئەھلىنىڭ مەيلىنى تارتقۇدەك سەنئەتنى ياراتقان مىللەت تەقدىرىنىڭ سىرى ۋە تەبىئەت پرىنسىپلىرىغا يۈرۈش قىلغۇدەك ئەقىل مۆجىزىلىرىنى يارىتىشقا قادىر بولالايدۇ. بىزدە زېمىن ۋە ئاسماننىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدەنگەن ئۇلۇغبېكتەك ئاسترونوملار، مۇھەممەد مۇسا ئەل خارەزمىدەك ماتېماتىكلار ئاللىبۇرۇن ئوتتۇرىغا چىققان. ئەگەر ئەجدادلاردىكى ئىجتىھات بىلەن پىكىر قىلىش ۋە ئويلىنىش روھىنى بۇگۇن ئۆزىمىزگە مۇقەددەس تەۋەرۈك دەپ بىلگەن بولساق، سەنئەتنى نېسىۋە ئىزدەشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشىمىزنىڭ ئىجتىمائىي سەۋەبلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلغان بولاتتۇق.

خۇدانىڭ گۈزەل ۋە ساغلام بەدەننى ئاتا قىلىشى ۋە ھەممە بايلىقنى ئاتا قىلىشىنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئادەم مېڭىسى پىكىر قىلىش، ئويلىنىش ئۈچۈن يارالغان. كۆز، قۇلاق، پۇت، قول قاتارلىق باشقا ئەزالارمۇ ئۆزىگە لايىق قۇدرەتكە ئىگە. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تونۇپ، مۇۋاپىق رولىنى جارى قىلدۇرىدىغان بولسا، ئىنسان بالىسىغا نېمىلەر نېسىپ

بولمايدۇ؟ ساغلام ۋۇجۇد ئاتا قىلغان خۇدا ئۇنى توغرا ئىشلەتكەن، ئۆز بەخت ـ سائادىتىنى ئىزدەش يولىدا سەرپ قىلغان بەندىسىدىن نۇسرىتىنى ئايارمۇ؟

سەنئەتنىڭ بولۇشى مەنئى بايلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، لېكىن قىلچىمۇ ئىجادىيلىق بولمىغان ھالدا نېسىۋە ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ھەر تەرەپلىمە نامراتلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

شۇنداقتىمۇ مەيدىمىزگە ئۇرۇپ: "قالتىس" بولۇشنىڭ داۋاسىنى قىلمىز. ھەقىقەتەن قالتىس.

# بۇرۇت "كاشىلىسى"

تارىخ ھامان تەدبىرلىك ئەدەملەرنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە مېھنەتكەش ئادەملەرنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئىلگىرىلەپ كەلگەن. ئوت قارىماققا ئادەتتىكى نەرسىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەتكە قەدەم قويۇشىنىڭ كاتتا بەلگىسى بولغانىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، مەدەنىيەت ھامان ئىنسانلارنىڭ ئۆز مەنپەئەتىگە پايدىلىق ۋاستىلەرنى ئىجاد قىلىش بىلەن بېيىپ كەلگەنىدى. ئەگەر قەدىمكى كىشىلەردە ئوت ھەققىدە مەلۇم ئۇقۇم قارىشى بولمىغان بولسا، ئەرشتىن ئوت ئوغرىلاپ قاتتىق جازالانغان پرومېتى ھەققىدىكى ئەپسانىمۇ توقۇلمىغان بولار ئىدى. مانا تا بۈگۈنكى دەۋرگىچە پرومېتى بۈيۈك تراگېدىيىلىك قەھرىمان سۈپىتىدە سەبىيلەر كۆڭلىگە ئوت يېقىپ كەلدى.

ھازىرقى كىشىلەر تېخىمۇ ئۇنۇمپەرەس بولۇپ كەتتى. ئۇلار ئۆز ۋۇجۇدىدا سېتىشقا ئەرزىيدىغان ھەممە نەرسىنى بازارغا يۈزلەندۈردى، ھەتتا بەزى مىللەتلەر ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىرىنى سېتىپ خەجلىمەكتە. پەقەت قەھرىمان قالمىغاندا، بىراقلا ئەجدادىنى ھەم ئەۋلادىنى دو تىكىدۇ. قاراڭلار، ئۇلارغا! ئۇلار ئۆز ھاياتىغا باشقىلارنىڭ باھا قويۇپ بېرىشىنى كۈتۈپ، مال باھا ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا ئۆچرەتتە تۇرۇشماقتا. ئۇلار ئۆز يېنىدىكىلەرگە خىرىس بىلەن ھۈرپىيىشمەكتە.

زامان تەرەققىي قىلغانسېرى تەدبىرنىڭمۇ تۈرى كۆپىيىپ كەتتى، مەيلى ئۇ قانچىلىك ئەخمىقانە، قانچىلىك تەسلىم تۇرانە بولمىسۇن، ئىشقىلىپ، جانغا ئارا تۇرىدىغان بولسا، بولدى. سېتىشمۇ بىر خىل تەدبىر، ئالداشمۇ بىرخىل تەدبىر، ھېجىيىشمۇ بىرخىل تەدبىر، يىغلاشمۇ بىرخىل تەدبىر، باشقىلارنى سولاپ بېرىشمۇ بىرخىل تەدبىر بوسۇغا ماراشمۇ بىرخىل تەدبىر... ۋاي، بەك تولا.

ھەربىر تەدبىرنىڭ ئۆزىگە لايىق شەجەرىسى ۋە رىسالىسى بولىدىكەن. شۇنىڭ ئىچىدىن ئەدەپلىكرەك تۇس ئالغان بىرەرسىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلار.

مەلۇم بىر ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئۈچ ـ تۆت ئاي خىزمەتتە بولۇپ قالدىم، ئۆزۈم

ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمۇ كۆپرەك مۇشۇ دائىرىدە بولدى. مەن تونۇيدىغان يۈسۈپ ئىسىملىك ياش بىر ئوقۇتقۇچى ناھايىتى خاپىسىرىغان ھالدا ئالدىمغا ئۇچرىدى. مەن ئۇنىڭدىن "نېمە بولدىڭىز؟" دەپ سورىدىم.

ھەي، قارىمامسىز، دېدى ئۇ قاقشاپ، ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسى ساقال ـ بۇرۇتنى قىرماي يۈرگەن ئوقۇتقۇچىلارغا مائاش تارقاتماڭلار، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈپتىكەن، مائاشىمنى ئالالماي يېنىپ چىقتىم.

كۆزۈم ئۇنىڭ بۇرۇتىغا چۈشتى، ئەمما ساقاللىرى پاكىز قىرىلغانىدى. مەن ئەجەبلەنگەن ھالدا سورىدىم:

بۇ نېمە قىلىق؟

بۇ، پاكىز ۋە مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ بەلگىسىمىش، تايىنلىق كۈسا مىللەت بولۇپ قالماپتىكەنمىز.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا سىرتقا قاراپ ماڭدى. ئۇنى چوقۇم ساتىراشخانىغا ماڭدى، دەپ ئويلىدىم.

تۇرمۇشتىكى كىچىككىنە ئىشلار ناھايىتى كەڭ ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن بېشارەت بېرەلەيدۇ. زامانىمىزدىكى ئاتالمىش يېتەكلىگۈچىلەر ۋە قوماندانلار يۇقىرىقىدەك تەدبىرلەرگە تولۇپ تاشقان بىر چاغلاردا ئىشتان ـ چاپانلارغا ئەتەي ياماق سېلىپ كىيىشمۇ بىرخىل تەدبىر ئىدى. ئاز ـ تولا بىرنەرسە بىلىدىغانلارنى قاماپ قەتل قىلىشمۇ بىرخىل تەدبىر ئىدى، مەزمۇت ئايۋان ـ سارايلارنى خارابىگە ئايلاندۇرۇپ، خارابىدىن ئۈنۈپ چىققان ياۋا ئوتلارنى كەشپىيات تەرىقىسىدە مەدھىيىلەش خېلى ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن مۇقەددەس پەلسەپە ئىدى. بۈگۈنمۇ ئەنە شۇنداق غەلىتە تەدبىرلەرنىڭ قىزغىن ۋارىسلىرى كۆپلەپ تېپىلىدۇ.

ساقال ـ بۇرۇت خۇددى چاچقا ئوخشاشلا تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا قىلغان ھەدىيىسى. يېقىندىن بېرى بىر قىسىم ئۇزۇن چاچ مۇتەپەككۇرلىرى قىسقا چاچ قويغان قىز ـ ئاياللارغا نىسبەتەن: "چېچىڭ قېنى؟" دەپ سوئال قويۇشتى. ئاياللار بۇنىڭدىن ئىلگىرى: "چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا" دېگەن بەتنامنى تولا ئاڭلاپ، بىراقلا ھەممە نەرسىمىز قىسقا بولسۇن دېيىشتىمۇ قانداق، چېچى ۋە ئىشتان ـ كۆڭلەكلىرى يىلسېرى قىسقىراشقا باشلىدى. ۋەھالەنكى، بۇنىڭدىنمۇ دېگەندەك ئارام تاپمىدى. ئەمدىلىكتە نۆۋەت بۇرۇتقا كەلگەندەك قىلىسىمۇ، تېخى بۇنىڭ داۋرىڭى ئانچە بولۇپ كەتمىدى. دەرۋەقە، ئادەمنىڭ ئۈيەر ـ بۈيەرلىرىگە ئىنچىكە سەپسالىدىغان، كىچىلىرى دۇربۇن بىلەن باشقىلارنىڭ ھۇجرا ئۆيىنىڭ دېرىزىسىگە قارايدىغان ئادەملەر خېلى ئاۋۇپ قالدى.

ساقال بىلەن بۇرۇت پاكىزلىق ۋە يارىشىش شەرتى ئاستىدا ئەرلەردىكى گۈزەللىكنىڭ ئامىللىرى سانىلىدۇ. بولۇپمۇ ھاياتقا چەكسىز ئۈمىدۋارلىق ۋە زوق بىلەن قارايدىغان، قەلبىدە شەيدائى مۇھەببەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، تېتىك، جۇشقۇن ياشلار ئۆزىگە مەردانە، ئىشەنچلىك

سالاپەت بىغشلاش ئۇچۇن چاچ، ساقال، بۇرۇت قاتارلىق تەبئىي ئىنئاملارغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇيغۇرلار چاچلىق، ساقاللىق كىلىدىغان ئەركەك مىجەز مىللەت بولغاچقا، بەزى تارىخىي دەۋرلەردە "خۇ" لار دەپمۇ ئاتالغان، ئەلۋەتتە، بۇ ئەرلەرنىڭ تۆھپىسى . بىز مىجەزى چۇس، باھادىر كىشلەرنى "مەيدىسىدە تۈكى بار" دەپ تەرىپلەيمىز. شوخ، مەردانە ئۇيغۇر ياشلىرى ھىلىھەم چىرايلىق بۇرۇت قويۇشتەك ئەنئەنە بىلەن جاھان گۈزەللىك سەھنىسىدە چىنىپ قالغىنى يوق، بەلكى ئۇلار باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرمەكتە. ئىھتىمال، بەزىلەر قويايى دىسە قاملىشىدىغان بۇرۇتى بولمىغاچقا، بۇرۇت قويىماي "سىدام يۈز" بولۇۋىلىشقاندۇ. بىراق ئۇ ھەممە ئەرلەرنىڭ ھۆسن گۈزەللىكىنىڭ ئۆلچىمى بولۇپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ ئەپسۇسكى ، ھىلىقى ناھىيىدىكى مائارىپ مەسئۇللىرىنىڭ نەزەرىدە، بۇرۇت ئەر ئوتتۇتقۇچىلارنىڭ قىياپەت گۈزەللىكىگە پۇتلىشىدىغان يامان سۆپەتلىك نەرسە بولۇپ قالغان. ئەگەر ئوقۇتقۇچىلاردا يىڭىدىن كىيىم ئالماشتۇرۇپ، مۇھىت، ھاۋارايى ۋە ھىسسىي كەيپىياتلارغا لايىقلاشقان، خۇش پۇراق سوپۇنلار بىلەن كۈندە يۇيۇنۇپ تۇرالايدىغان تۇرمۇش شارائىتى بولسا ئىدى، ئۇ چوقۇم ئوكسفورت ئۇنىۋېرسىتېتى ياكى كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۆھتەرەم ئەپەندىلەرگە ئوخشاش سالاپەتكە داخىل بولالايتتى . چۆچەكلەردىن تاشقىرى، ئۆزىنىڭ تاپىنىنى ئۆزى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا ئۆرلەيدىغان ئىش بولمايدۇ ـ دە، ماركسنىڭ شۇنچە بومبۇر ساقلى كوممۇنىزم تەلىماتىنى يارىتىشقا پۇتلاشماپتىكەن، ئەمدىلىكتە ئەر ئوقۇتقۇچىلار قويۇۋالغان بۇرۇتنىڭ ئىسلاھاتقا پۇتلاشقىنى نىمىسى !؟

يۇقىرىقى ئىش قارىماققا ناھايىتى كىچىك ئىش . لىكىن ئۇ بىزنىڭ تەدبىر بەلگىلەيدىغان كىشلىرىمىزدىكى چاكىنىلىق ۋە پوچەكلىكنى ئاشكارىلاپ بىرىدۇ. خەتەرلىك يىرى شۇكى ، بۇ چاكىنىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزى بىلەنلا چەكلىنىپ تۇرۇپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيەتتىكى باشقا كىشلەرگىمۇ ئەڭگۈشتەر قىلىپ تىڭىلىدۇ. يورۇقى چىقمايدىغان بۇنداق ئەڭگۈشتەرلەر "يولنىڭ توغرىلىقىغا قارىماي، پۇتنىڭ توغرىلىقىغا قارايدىغان" بۇ زاماندا ئادەم باشقۇرۇش خۇمارىغا ئىگە جانابلارنى بەھۇزۇر ياشاش ئىمتىيازىغا ئىرىشتۈرىدۇ.

چىكىنىش ، بۇمۇ بىر تارىخ ، بۇنداق تارىخ ئىنسانلار ئۇچۇن ئوت ئىلىپ چۇشكەن پرومىتىدەك ئەزىمەتلەرنىڭ قەبرىسى ئۇستىگە دەسسەپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئاڭلايدىغىنىمىز ئۇچىيى توم كىشلەرنىڭ ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدىكى قاقاقلىغان ئاۋازى، ئۇلۇغلۇق قانداقتۇر بىر سۈكۈت سۈپىتىدە ئۆز مەنىسىنى ساقلاپ يىتىۋېرىدۇ.

ئىگىپ يىيىش ئىھتىياجى بولمىغان بولسا ئىلمەك، قىسىپ يىيىش ئىھتىياجى بولمىغان بولسا چوكا ئىجاد بولمىغان بولاتتى .

بىزنىڭ ھازىرقى ئىھتىياجىمىز نىمە؟ بىز نىمىنى ئىجاد قىلدۇق؟ "چاچ ، ساقال، بۇرۇت" تەلىماتىنىمۇ؟

# تاۋاپ قىلىش بىلەن ئۇمىد قىلىش ئوتتۇرىسىدا

بۇرۇن بىزنىڭ دىياردىمۇ دېڭىز بولغانىكەن، كېيىن بۇ يەرنى تاشلاپ يىراققا كېتىپ قاپتۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ ئاخىرقى ئەۋلادلىرىدىن بولغان لوپنۇر، سايرام كۆللىرىگە قاراپ ھەسرەت چېكىۋاتىمىز. ئەجدادلىرىمىز ئوت دېڭىزى ۋە قۇم دېڭىزىنىڭ تەھلىكىسى ئاستىدا ياشىغىلى خېلى ئۇزاق بولغاچقا، يامغۇر ئىلاھىنى بەكرەك سېغىنىدىغان بولغانىكەن. ئېتىزلار ۋە باغلار سۇغا تەشنا بولغاندا، يامغۇرنىڭ ئەرۋاھىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، تاۋاپ سەيلىسى قىلىدىغان يوسۇنلار بۈگۈنمۇ تۈگەپ كەتمىدى. دېمەك، ئاۋام ئۆزىگە لازىملىق نەرسىنى ئوبدان بايقاپ، ئۇلتىجا قىلىشنى بىلىپ كەلگەن.

زامانىمىزدا بايرام شۇنداق كۆپكى، كالېندار سەھىپىلىرىدىكى رەقەملەرمۇ ئۆزىنىڭ نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالىدىغان بولدى. ئاللا تائالا بەندىلىرى خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىشكەندە، ئەرشنىڭ قۇۋۇقلىرىنى كەڭ ئېچىپ زوقلىنىپ قارار ئىكەنمىش. بىز كۈندە سەكرىگىلى تۇرۇۋاتىمىز، بۇ بارا - بارا پەقەت مەجھۇل رېفلېكسقا ئايلىنىپ قالدىمۇ قانداق، كىشىلەر ھىم ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ يۇمۇر ئېيتىشىپ، شاراب ئىچىشمىسە ئۆزىنى خۇش قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئاللانىڭ ئەرش قۇۋۇقىدىن قاراپ تۇرۇشقا رەغدى بارمۇ قانداق بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. قارىمامسىز، ئۇزۇم بايرىمى، قوغۇن بايرىمى، ئەنجۈر بايرىمى، شاپتۇل بايرىمى قاتارلىق بايراملارغا، بۇلارنىڭ كەينىدە نۇرغۇن نېمەت بايراملىرى ئۆچىرەتتە تۇرۇشماقتا، كىم بىلىدۇ، كېيىن لازا بايرىمى، پىچاق بايرىمى دېگەندەك بايراملار چىقامدۇ، تېخى.

بۇنداق بايراملاردا نېمەتلەرنىڭ سەرخىللىرى زامانىمىز كاتتىلىرىنىڭ ئالدىغا سۆلەتلىك ھالدا قويۇپ بېرىلىدۇ، كىشىلەرگە بەكمۇ تونۇش بولغان پېشقەدەم تەبەسسۇملار بىلەن لېنتا كېسىلىدۇ، گۈزەل قىزلار، بەرنا يىگىتلەرنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرى باشلىنىدۇ، بۇلارغا ھەييارلىق ۋە تەنتەنىلەر گىرەلىشىپ كېتىدۇ، باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇشقان مۆھتەرەم ئەربابلار سالماق چاۋاكلىرىنى ياڭرىتىدۇ. بىر - بىرىگە سىپايىگەرلىك بىلەن ئېگىلىپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشىدۇ. كېيىن بۇ جەريانلار تېلېۋىزور ئېكرانى ئارقىلىق خەلققە كۆرسىتىلىدۇ. مەھسۇلاتلار ھەققىدىكى سودا توختاملىرى، كەلگۈسىدىكى خاسىيەتلىك پىلانلار گېزىتلەردە ئېلان قىلىنىدۇ. ئەمما دەل مۇشۇ چاغلاردا مۇتلەق كۆپ ساندىكى دېھقانلار ئاچچىق موخۇركىسىنى تارتىشىپ ئۆزىنىڭ ئانا سەھرالىرىدا يۈرۈشىدۇ. داغدۇغا بىلەن ئۆتكەن شاۋقۇن - سۈرەنلىك كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ھەممە نەرسە ئەسلى ئىزىغا چۈشۈپ، كىشىلەرگە پىششىق تونۇش بولغان ۋەزىيەت ئاۋۋالقىدەك ياشاۋېرىدۇ. مەزكۇر بايرامغا بېغىشلانغان سەنئەت نومۇرلىرى ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق

سەۋەبلەر بىلەن روياپقا چىققىنىغا خۇشال بولۇپ، "تەلەپ ۋە تەقدىم" ئۆچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

بۇرۇنقىلار ئۆزىنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ غېمىنى يېگەچكە، ئىلاھلارغا سېغىنىپ دەرد - ئەھۋاللىرىنى ئېيتىشقانىكەن. گەرچە ئۇلار قازان ئېسىپ ئىلاھلارغا خۇشامەت قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئىلاھ ئۇلارنىڭ ئوخشاش بىر دەرد، ئوخشاش بىر موھتاجلىق ئىچىدە بىرگە ئۆيۈشقانلىقىنى كۆرۈپ خۇرسەن بولاتتىكەن. ئىلاھ كۆپ ھاللاردا ئۇلاردەك ئىخلاسمەن بەندىلىرىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايدىكەن. چۈنكى ئىلاھ ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويىۋەرسە ئۆزىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

بىزچۇ؟ تەييار نېمەتلەرگە سەجدە قىلغىلى تۇرۇۋاتىمىز. بۇرۇنقىلارنىڭ تاۋاپ سەيلىسىدە ئۈمىد بىلەن تەشۋىش بىللە بولاتتى، بىزنىڭ تاۋاپ سەيلىمىزدە ھوشنى يوقاتقان خۇشاللىق بىلەن نوقۇل ئۈمىد بىرگە بولماقتا. بىز ئەتىمىز ھەققىدىكى گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى تولا قىلىپ، كۆڭۈل - كۆكسىمىز خېلى تويۇپ، كېيىندىن ئەنسىرىمەس بولۇپ قالدۇق.

ساۋساۋ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان ۋاقىتلىرىدىمۇ يىغلاپتىكەن. بىز ئۈزۈم، ئەنجۈرلەردىن مول ھوسۇل ئېلىپ، بايرام قىلىۋاتىمىز. قارىغاندا، مۇراببادىن كۈتىدىغان ئۈمىدىمىز زور ئوخشايدۇ.

## مۇھىتمۇ بىر خىل مەكتەپ

بىر مىللەتنىڭ جىسمانىي ساپاسى ئۇنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. "ساغلام تەندە ساپ ئەقىل" نۇقتىئىنەزەرى بويىچە قارىغاندا، تەبىئىي مۇھىتنىڭ روھىي سۈپەتتە تۇتقان ئورنىنى باشقا ئامىللار بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمىسا كېرەك. مىللەتنىڭ تىلى، ئېپتىدائىي دىنى، ئۆرپ - ئادىتى، مىجەزى، تەپەككۇر ئادىتى، تارىخىي رولى، ئىجتىمائىي تەقدىرى قاتارلىقلار شۇ مىللەت ياشاۋاتقان مۇھىتتىن ئايرىلمايدۇ. ھەرقانداق سۆز مۇئەييەن مۇزىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، بۇ خۇسۇسىيەت دەل شۇ سۆزنى ئىختىرا قىلغان مىللەتنىڭ تەبىئىي مۇھىتىدىن كەلگەن. ئۇ ئۆز مۇھىتىدىكى مەلۇم بىر شەيئى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزىدە ئەسلىدە بار بولغان بىۋاستە سېزىمى بىلەن ئىلغا قىلىدۇ. كۆرۈش، ئاڭلاش قاتارلىق سېزىملەر شەيئى بىلەن بولغان ئارىلىقى ۋە مۇناسىۋەت شەكلى ( ماكان، زامان ئالاقىسى )گە مۇناسىپ ھالدا ئىنكاس قايتۇرىدۇ - دە، ئۇ مۇئەييەن بەلگە ياكى تاۋۇش قۇرۇلمىسى سۈپىتىدە ئەستىن ئورۇن ئالىدۇ. بىر سۆزنىڭ قانداق تەلەپپۇز قىلىنىشى ئۇنىڭ كېيىنكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەردىن مۇستەسنا ھالدا ئېيتقاندا، شۇ سۆز ئىپادە قىلغان شەيئى بىلەن تۇيغۇلۇق ۋە ئىدراكىي مۇناسىۋەتنى يىراق ھەم تۇنجى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ. بۇنى بەزى پەيلاسوپلار "تەقلىد" ئاتالغۇسى بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئومۇمەن، بىر مىللەتنىڭ لۇغەت

بايلىقى ئۆزى ياشاۋاتقان تەبىئىي مۇھىتنىڭ ئەڭ سەممىي سىمفونىيىسى ، تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ شۇ مىللەتنىڭ مۇرەككەپ تارىخىي تەقدىرىنى ئىگىلەشنىڭ ئاچقۇچى . خەلقىمىز پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى ۋە ۋاقىت بۆرجىلىرى ئىنتايىن روشەن بولغان، سۇيى مول، ھاۋاسى ساپ، ئىسسىق - سوغۇق ئىقلىملار گارمونىك گىرەلەشكەن، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، كانچىلىق كەسىپلىرىنىڭ ئېھتىياجى ۋە بىر تۇتاش راۋاجىغا يېتەرلىك شارائىت بەخش ئېتىدىغان، قۇياشنى يالىڭاچ مەيدىسى بىلەن قۇچاقلاشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاسمىنى كەڭرى مۇنبەت قۇرغاق تۇپراقتا ياشاپ كەلگەچكە پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك گۈزەل، مۇستەھكەم ۋۇجۇد بىلەن ئاجايىپ يارقىن تارىخىي قىسمىنى ياراتقان. تىلىمىزنىڭ لېكسىكىلىق تەرەققىياتىدىكى كۆپ مەنىلىلىشىشى ، ئىنچىكە مەنە پەرقىگە ئىگە مەنداش سۆزلەرگە باي بولۇشى خەلقىمىزنىڭ تۇرغۇن، بىكىنمە خاراكتېردە ئەمەس، بەلكى يۈرۈش خاراكتېرىدە تۇياقلىرىدىن ئوت چاچراپ تۇرىدىغان جەڭ ئېتىدەك ياشاپ كەلگەنلىكىنىڭ بىر بېشارىتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزنىڭ تىلىمىز پېئىللارغا ئىنتايىن باي . پېئىل شەيئىنىڭ ئىچكى - تاشقى ئېنىق مەۋھۇم ھەرىكەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزىتىشتىن كەلگەن روھ ھادىسىسىنىڭ مەھسۇلاتى . ئىنسانىنىڭ مەنىۋى ياقتىكى زىللىقى قانچىكى ئويغانسا، ئۇ ئىچكى تەجرىبىلەرگە شۇنچىكى باي بولىدۇ، ئىچكى تەجرىبىلەرگە باي بولغان ئىنسان دۇنيانىڭ باشقىلار بايقىمىغان تەرەپلىرىنى تۇنجى بولۇپ ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. پېئىلدىكى بايلىق ھەرىكەتنى مىكرو رەۋىشتە كۆزىتىپ ئايرىۋاشلىيالايدىغان زېھنىي شوخلۇقنى ئاشكارىلايدۇ. خەلقىمىز مېۋە - شەربەتلەرگە، گۆش - مايلارغا، مەدەنلىك تاغ سۇلىرى، تۇپراق ئېلېمېنتلىرىنى ئۆزىگە يىغقان يامغۇر سۇلىرى، پەرۋاز خۇمار قۇشلار، تاپىنى ئۆرلەپ تۇرىدىغان جانلىقلارغا باي قۇرغاق تۇپراقتا ياشاپ، ئۆزىگە خاس شاش مەنىۋى ئىقلىم بەرپا قىلغان. تىلىمىزدىكى پېئىللارنىڭ ئىنچىكىلىكى ۋە دەللىكى ئەنە شۇ مەنىۋى ئىقلىمنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىدۇر. شېئىرىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، ئىشقىي ھەرىكەتلەر، بولۇپمۇ قىز - ئاياللارنىڭ مىجەز - خۇلقىغا ئائىت پېئىللارنىڭ بىر قارىسا ئوخشاپ كېتىدىغان، لېكىن نازۇك پەرقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى تالالاپ ئۇچرىتىمىز. بۇمۇ قۇرغاق ئىقلىمنىڭ سۇبيېكتتا ئىپادىلەنگەن بىر ئالاھىدىلىكى .

دېمەك، مۇھىت تىل ئۆزگىچىلىكىگە سەۋەب بولىدىغان گەۋدىلىك ئامىل بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۆزىدە ياشاۋاتقان مىللەت مەنىۋىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ئارقا كۆرۈنۈشىدۇر. مىللىي مەدەنىيەتنى ناخشا دېسەك، ئۇنىڭ مۇزىكىسى تىلدىكى مەنە قۇرۇلمىسىدۇر، تېكىستى تەبىئەتتۇر، ئۇنى مىللەت ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئورۇندايدۇ.

بىز ئادەتتە تىلنى مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچىدىكى ئاساسىي ئېقىن دەپ تونۇيمىز، شۇنداق ئىكەن، ئەنە شۇ تىلغا كېپىل بولغان تەبىئەتمۇ ئوخشاشلا مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچىدىكى مۇھىم نەرسە. مۇھىت ئەلۋەتتە تەبىئەتنىلا كۆرسەتمەيدۇ. ئۇ جەمئىيەتنى ، جەمئىيەتتىكى ئىقتىسادىي ،

ئەخلاقىي، قانۇنىي مۇناسىۋەتلەرنى، كىشلەرنىڭ مەنىۋى ساپاسى، كىيىم - كېچەكى، باغچىلار، مۇزېيلار، بىنالار، كوچىلار، كوچىلاردىكى خاتىرە ھەيكەللىرى، شوئارلار، لوزۇنكىلار، كىنو - تېلېۋىزىيە، مەتبۇئات قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلار ئەسلىدىكى ئىجتىمائىي سۇبيېكتىپ ھالەتنىڭ مەھسۇلاتىلا بولۇپ قالماستىن، يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئەۋلادلار روھىي قاتلىمىنى لايىھلەيدىغان مەكتەپتۇر. مەكتەپ مەدەنىيەت تەلىم - تەربىيىسىنىڭ مەنىۋى كۆرۈنۈشىگە ۋەكىللىك قىلسا، مۇھىت ئەنە شۇ مەنىۋى كۆرۈنۈشنىڭ ماددىي مەزمۇننى كۆرستىدۇ. روشەنكى، تېگىشلىك مۇھىتتىن ئايرىلىپ قالغان مەكتەپ تەربىيىسى ئۆزىنىڭ پاكىت خاراكتېرلىك قايىل قىلىش كۈچىنى يوقىتىدۇ. "ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش كەلگۈسنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈندۇر". بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق تارىخىي ئەنئەنىسى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى، ئارزۇ - خاھىشلىرىنىڭ مەزمۇن دەلىلى بولغان خاس مۇھىتنىڭ بەربات بولۇشى شۇ مىللەت تارىخىنىڭ پالەچ بولغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ گېنېرالى تورىم شۇنداق دېگەنىكەن:"مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان جايدا، كىشلەرنىڭ ئۆز ۋەتىنى، خەلقى ۋە تارىخىغا نىسبەتەن قىزغىن مۇھەببىتى قالمايدۇ، شۇنداقلا ئارمىيە، جەڭچىلەردىمۇ باتۇرلۇق ۋە ئۆز - ئۆزىنى قۇربان قىلىشتەك مىللىي روھ ئۆلىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ شانلىق تارىخىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندا، پۇقرالار ئۇستۇۋېشى جۇل - جۇل، ئاچ - يالىڭاچلىقتا قالغان سەرگەردانلارغا ئايلىنىدۇ. مۇنداق كىشلەردە قورساق تويغۇزۇشتىن باشقا ئىستەك بولمايدۇ".

1

شەرق ئەللىرى ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان بىرەر مەبۇد بولمىسا كۆڭلى قانائەت تاپماي كەلگەن، شۇڭا تولىمۇ قەدىمىيلىككە ئىگە شەرق تارىخىدىن ئىلاھلارنىڭ تۈرلۈك ئەۋرىشكىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. شەرق ئەللىرى ئۆزىدە بولمىغان قۇدرەت، ئىقتىدارلارنى، ئۆزىگە ھازىردا نېسىپ بولمىغان ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، سەۋەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان كۆڭۈل غەشلىكى، ھەسرەت - نادامەتلىرىنى، ۋەھىمە ئازابلىرىنى بىرلا ئىلاھنىڭ ۋۇجۇدىغا تولۇق مۇجەسسەم قىلىپ، ئۆزلىرىنى پانىي دۇنيانىڭ ئازابلىرىدىن خالىي قىلىشقان - دە، تەقدىرىنىڭ ھەرنە كەلمىشلىرىدىن ئانچە ئەنسىرىمەي ياشاۋەرگەن. ئۇلارچە، ئۆزىدە ھەل بولمىغان ھەرقانداق نەرسە ئاشۇ تەڭداشسىز قۇدرەت ئىگىسىدە بار، بۇ قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ئىشىغا ئارىلاشقىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مول ھاياتىي كۈچ، تەسەۋۋۇر ۋە گۈزەللىك ئۈنۈمىدە سېھرىي ئالەم ئاستا - ئاستا بارلىققا كېلىپ كامالەتكە يەتكەن. نەتىجىدە، بۇ ئالەم ئىسپاتلاشقا ۋە باشقا يول بىلەن چېقىلغىلى بولمايدىغان سىر بىلەن كىشلەرنىڭ دىققىتىنى قاتتىق رام قىلىپ كەلگەن.

غەرب ئەللىرىدە دەل ئەكسىچە، ئۇلاردىكى ئىلاھلار تالاي تارىخىي، دىنىي ئىسلاھاتلار نەتىجىسىدە رېئال، ئىنسانىي سۈپەتكە كىرىشكە باشلىغان. ئىسپاتلاشنى ياخشى كۆرىدىغان

غەرب ئەللىرى دىنىي كامالەت نۇقتىسىدا تۇرغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى پەننىي دەلىللەر ئارقىلىق قايتىدىن شەرھلەپ، ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا قۇلاي نۇرغۇن ۋاستىلەرگە ئېرىشتى.

شەرقتىكى ئىلاھلار بەندىلەرنىڭ چاقچىقىنى كۆتۈرمەيدىغان سورلۇك ئەلپازدا ياشاپ كەلدى. غەربتىكى ئىلاھلار بەندىلەر چاقچاق قىلسا كۆتۈرىدىغان رەۋىشتە ياشاپ، بۇنداق چاقچاقلارنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋە بەندىلەرنىڭ ئارىسىغا يۈزلەنگەن.

مانا بۇ ھال دۇنيانىڭ ئىككى مەدەنيەت قۇتۇپىدا ئوخشىمىغان ھوقۇق فورمىسىنى شەكىللەندۈردى. شەرقتە ھوقۇق چېقىلغىلى بولمايدىغان مۇتلەق نەرسە، ئۇ مەلۇم بىر كىشىگە مۇتلەق ھالدا مەنسۇپ بولىدۇكى، ئاۋامنىڭ تەقدىرى مەزكۇر ھوقۇق ئىگىسىنىڭ بىر قېتىملىق چۈشى ياكى خىيالى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. نۇرغۇن مۇنەججىملەر ۋە ئاقىللار ئەنە شۇ چۈشنىڭ مۇلايىم قۇربانلىرى. دېمەك، شەرق سۇلتانلىرى خۇدانىڭ بىرلىكىگە بولغان ئىجتىمائىي تەقلىدنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت. كۆپ ھاللاردا ھوقۇق ھوقۇقدارلارنىڭ جەمەتى تەرىپىدىن تولۇق مونوپول قىلىنىپ، ئەۋلادمۇ ئەۋلاد مىراس بولۇپ كەلگەن. غەربتە ھوقۇق بارا - بارا تارقاقلىشىپ، ھوقۇقدارنى نازارەت قىلىدىغان كۆپ قۇتۇپلۇق قۇرۇلما بارلىققا كەلگەن. بۇ دەل پارلامېنتنىڭ ئۆزى ئىدى.

بىر مىللەت ياكى بىر رايوننىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىنىڭ خاراكتېرى شۇ مىللەت ياكى شۇ رايوننىڭ دىنىي ئېتىقاد قاتلىمىدىكى روھىي ئامىلنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شەكلىگە تارتىدۇ. تەبىئەتكە پەرھىز خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتتە بولغان دىن كۆپرەك ئېستېتىك ۋە مىستېتىك مەزمۇننى كامالەتكە يەتكۈزىدۇ. تەبىئەتكە ئىستىلا خاراكتېرلىك مۇناسىۋەتتە بولغان دىن ئىدراكىي رەۋىشتە سانائەتنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

دېمەك، ئەسلىدىكى دىنىي ئېتىقاد كېيىنكى جەمئىيەت خاراكتېرىنىڭ خېمىرتۇرۇچى.

**2**

بىزمۇ شەرق دۇنياسىدىكى دىنىي كەيپىياتقا ئىنتايىن باي مىللەتلەرنىڭ بىرسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن تۈرلۈك ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي قاتلامغا ئىگە. شۇڭا دۆلەت ۋە ھوقۇق قارىشى ئالللىبۇرۇنلا بارلىققا كەلگەن ۋە زامانغا يارىشا ئەھمىيەتلىك مەزمۇنلاردا ئۆزگىرىپ كەلگەن. ھوقۇق ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئەمەلىي كۈچنىڭ جارى بولۇشىدىكى مەركىزىي سەۋەب دېگەن قاراش پەيلاسوپلىرىمىز ۋە ئەدىبلىرىمىزنىڭ كىتابلىرىدىن مۇۋاپىق شەرھى ياكى ئىپادە تاپقاندى.

ئەمما، ھوقۇق قارىشىمىز بۈگۈنكى كۈنلەردە تولىمۇ پۇچەك، تېتىقسىز، چاكىنا مەزمۇنلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشكە باشلىدى. كۆپ ھاللاردا ھوقۇق كىشىلەرنىڭ تۈتۈرۇقسىز شان - شەرەپ ئېھتىياجى، پاراۋان خۇسۇسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھوقۇق ئەسلىدە ئۆتكۈنچى بۇرچ ۋە مەسئۇلىيەت بولسىمۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئىشرەت خۇمارى گويا ئۇنى مەڭگۈلۈك باقمەندە سۈپىتىدە كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا ئېرىشكەنلەر غادايدى،

ئېرىشمىگەنلەر ئىزلاندى . تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي قانۇنىيەت پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا، ھوقۇق كۈچلۈك مەسئۇلىيەت، توغرا غايە ۋە مۇستەقىل ئىرادىنىڭ مەھسۇلى بولۇشى كېرەك ئىدى . ئەپسۇسكى ، ھازىر ئۇ ئىزلىنىپ يالۋۇرۇشنىڭ، ئېھتىيات بىلەن بوسۇق ماراشنىڭ، ئىنسانىي پەزىلەت جەھەتتىكى بەربات بولۇشنىڭ مەھسۇلاتىغا ئايلاندى . مەلۇمكى ، ھوقۇق باشقىلاردىن تىلەپ ئالىدىغان نەرسە ئەمەس ، بەلكى تارىخىي مۇقەررەرلىك كۈچى بىلەن يارىتىدىغان نەرسە .

مېنىڭ بىر ئۇستازىم مۇنداق بىر ھېكايىنى ئېيتىپ بەرگەنىدى:

بىز خېلى باي ئائىلىلەردىن ئىدۇق . ئەينى ۋاقىتتا كىچىك بولساممۇ، بەزى ئىشلار ئېسىمدىن زادى چىقىپ كەتمەيدۇ. ئائىلىمىزدە بىرقانچە چاكار بولاتتى ، ئۇلارنىڭ بەزىسى باشقا چاكارلار كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان ئىچكىرى ئۆيلەرنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى، بەزىسى ھويلا - ئارامىلارنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى . بەزى ۋاقىتلاردا ھاجەتمەن قوشنىلار تۇز، يىپ - يىڭنە قاتارلىق ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرنى سوراپ كىرەتتى . ئۆي خىزمەتچىلىرى ئادەمگەرچىلىككە ئېلىپ، ئاشۇنداق كىچىك نەرسىلەرنى بەزى ۋاقىتلاردا ئۆز ئالدىغا بېرىۋېتەتتى ، بۇنى ھويلا - ئارام خىزمەتچىلىرى كۆرۈپ قېلىپ، دادامغا ياكى ئانامغا چېقىشتۇراتتى ، ئۇلار بەزىدە بوپتۇ دېسمۇ، بەزىدە ئاچچىقلىنىپ قالاتتى - دە، چېقىشتۇرغان ھويلا خىزمەتچىسىنىڭ تۆھپىسى ئۈچۈن ئۇنى ئۆي خىزمەتكارلىقىغا ئالماشتۇراتتى ، ئەسلىدىكى ئۆي خىزمەتچىسى ئۇنىڭ ئورنىغا ھويلا - ئارامنىڭ ئىشلىرىنى قىلاتتى .

بۇ بىر ئاددىي ۋەقە، دەيتتى ئوقۇتقۇچىم خۇلاسە چىقىرىپ، شۇنداق بولسىمۇ ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ئويلاپ باقسام، ئۇ جەمئىيىتىمىزدىكى ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى سىزىپ ئەينەكتەك كۆرسىتىپ بېرەلەيدىكەن، مەيلى ئۆي ئىشلىرى بولامدۇ، مەيلى ھويلا ئىشى بولامدۇ ھەممىسىنى بەرىبىر چاكارلار قىلىدۇ، گەرچە ھويلا چاكىرى ئۆي چاكىرىنى چېقىشتۇرۇش بەدىلىگە ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا چاكارلىق تەقدىرىدە ئۆزگىرىش بولمىدى . دېمەك، قۇل ئۆزىنىڭ پېشانىسىدىكى قۇللۇق تامغىسىنى يۇيۇۋەتمەي ياكى سۈيۈپ ئېلىۋەتمەي تۇرۇپ، ئىككىنچى بىرسىنىڭ "ئورنى"نى ئىگىلىسە، ئۇ ئوخشاشلا قۇل بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ.

3

ھەقىقىي ھوقۇق ئۇنى ئۆز كۈچى بىلەن يارىتالايدىغان ھەمدە ئۆزى ئىشلىتەلەيدىغان ئادەمگە مەنسۇپ، بولمىسا سېنىڭ قولۇڭدىكى نەرسە ھوقۇقنىڭ ئۆزى بولماي، ھوقۇقنىڭ جىلۋىسى ياكى سايىسى بولۇپ قالىدۇ. بۈگۈن "ئۇلار يەپ بولاي سېمىز" دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئۆتىدىغان كىشىلىرىمىز ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس، بۇنداق ئەقىدە خەلقىمىزگە ئاپەت خاراكتېرىدە يامراۋاتىدۇ.

ئاز - تولا مەكتەپ كۆرگەن بەزى كىشىلىرىمىز خۇدانى تەرك ئېتىپ "ئۇزۇل - كېسىل ماتېرىيالىزمچى" بولۇۋالدۇ، كېيىن بىلىشىمىزچە، ئۇلار روھقا چوقۇنۇپ يۈرمىسىمۇ، ئادەملەرگە

قاراپ ناماز ئوقۇيدىكەن. بۇ ئەھۋال مەيلى زىيالىي، مەيلى كادىر بولامدۇ، ئىشچى ياكى دېھقان بولامدۇ ھەممىسىدە بار. دېھقانلار ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ بېشىدا ئۆزىنى خىزىر ياكى "قىبلە" كۆرسىتىدىغان مەخسۇس ئادەم بار بولغاچقا مەجبۇر بولغان. قانداقلا بولمىسۇن، ھۆكۈمراننىڭ زالىملىقى يەنىلا ئاۋامنىڭ قۇلچىلىقىدىن كەلگەن. قۇلچىلىق نادانلىق بىلەن قوشكېزەك.

زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، كىشلەرنىڭ "تەزىم - رەھمەت" بەجا قىلىشىپتىشى بىلەن نۇرغۇن ھوقۇقدارلىرىمىز باسما قۇدۇققا ئوخشاپ قالدى. ئۇلاردىن سۇ چىقىرىش ئۈچۈن ئاۋۋال بىر - ئىككى قاپاق سۇ تۆكمىسەك بولمايدۇ.

# تىلەمچىلىكنىڭ يىلتىزى

"نامراتلىق كىشىلەرنى خاتا ئىشلارغا ئۈندەيدۇ ."

– سېنكا

**1**

شەھىرىمىزنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقى ( نەنمېن )دا قالتىس بىر كۆرۈنۈش بار. بىر تەرەپتە مىللىي ئۇسلۇبتىكى "خەلق تىياتىرخانا" بىناسى ، بىر تەرەپتە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ۋە شىنخۇا كىتابخانا بىنالىرى ، يەنە بىر تەرەپتە ئېگىز بانكا ۋە ئىستىراخوۋانىيە بىناسى ، ئوتتۇرىدا پاكارغىنە ئەينەك پىرامىدا ۋە ئۇنى ئوراپ تۇرغان چىملىق ، چىملىق ئاستىدا يەر ئاستى سودا شەھەرچىسى . . . بۇلار ماددىي ۋە مەنىۋى ئىستېماللارنىڭ ئۆتكۈر گىرەلەشمىسىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . بىر - ئىككى يىل ئىلگىرى مەزكۇر سودا شەھەرچىسنىڭ ئۈستى ئۇزاق يىللىق تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن يېشىل ئورمان ئىدى ، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىنى بازار ئىگىلىكى ئىگىلىگەن بولۇپ ، مىسىر پىرامىداسىغا قىلىنغان ناھايىتى ئاددىي بىر تەقلىدنىڭ شاھىتى ئەينەك پىرامىدا تۇزانلارغا مىلەنگەن ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ . پىرامىدا ئاستىدا قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئەمەس ، ئەكسىچە بۈگۈنكى كۈندە مەدەنىيەتنىڭ ئالامىتى بولغان ماددىي ئىستېمال مۆجىزىلىرى قايناپ تۇرىدۇ .

ھەممىدىن قىزىقى ، ئېگىز بانكا بىناسىنىڭ بىر تەرىپىدە "خانتەڭرى جامەسى " قىسىلغان ھالدا بوي سوزۇپ تۇراتتى . بۇ بىنالارنىڭ بىرىدە كىشىلەر بۇ دۇنيانىڭ مەئىشتى ئۈچۈن پۇل ، نوپۇز تولۇپلىماقتا ئىدى ، يەنە بىرىدە ئۇ دۇنيانىڭ مەئىشتى ئۈچۈن مەشغۇل بولاتتى . جامە ئاستىدىكى دۇكاندا بولسا پانىي دۇنيانىڭ غېمى . قاراڭ ، مەدەنىيەت دېگەن شۇنداق نەرسە . ئۇ ھايات بىلەن ئۆلۈم ئارىلىقىدىكى تەشۋىشنىڭ مونتاژلىق بىرىكمىسىگە ئايلانغاندى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قۇربان قىلىش ۋە قۇربان بېرىشتىن ئىبارەت ھايات - ماماتلىق سۈرەتنى ئاشكارا نامايان قىلىپ تۇراتتى .

ئاشۇ بانكا بىناسىنىڭ ئالدىدىن ئانچە - مۇنچە ئۆتۈپ قالاتتىم ، لېكىن ھەرگىزمۇ پۇل قويۇش ئۈچۈن ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ بىرسى بولالمايتتىم . چۈنكى بىز ئەر - ئايال ئاددىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ ، ئائىلىمىز مائارىپتىكى نامراتلىق ، شەرەپ ۋە ھەسرەتنى تولۇق ئۈستىگە ئالغان ئائىلە ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى بىچارىلىكنى ، ئۇنىڭدىكى پېغاننىمۇ قوشۇپ ئۈستۈمگە ئالغاندىم .

قار چۈشۈپ تۇراتتى ، بانكا بىناسىنىڭ ئالدىدا قېلىن جۇۋا ياكى پەلتو كىيىشكەن كىشىلەر

شۇمشەرەپ تۇرۇشاتتى ، ئۇلار زايومچىلار ياكى دوللارچىلار ئىدى . ئۇلارنىڭ بىرسى ئالدىمغا كېلىپ:
– دوللار بارمۇ؟ دېدى .
– يوق ، دېدىم مەن كەسكىن ھالدا .
– زايوم بولسىمۇ ئالىمىز.
– يوق .
مەن ئۆتۈپ كەتتىم . خۇداغا مىڭ شۈكۈر، مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دوللارغا ئىگە ئادەملەرگە ئانچە - مۇنچە ئوخشىغاندىمەن . يانچۇقۇم ئۇنچىلىك ئالىي ھىممەتكە ھازىرغىچە ئېرىشىپ باقمىغان بولسىمۇ، ئاشۇ گەپلەر تۇيۇقسىز روھىي لەززەت ھېس قىلدىم، گەرچە بۇ لەززەت ناھايىتى ئەخمىقانە ۋە نادانلارچە بولسىمۇ، تۇرمۇشنى كۆزەتكەن كىشىلەرگە مەلۇمكى ، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاپقانلىرى ياشاش زۆرۈرىيىتىدىن نېرىغا ئاشمايدۇ. بانكا بىناسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، بىرنەچچە قەدەم مېڭىشىمغا ياشقىنە بىر تىلەمچى ئۆزىنى بىچارە كۆرسىتىپ قولىنى ئۇزاتتى ، ئۇمۇ مېنى خېلى يىراقتىنلا كۆزلەپ كەلگەندەك تۇراتتى . يانچۇقۇمنى ئاختۇرسام ئىككى موچەن چىقتى - دە، ئۇنىڭغا بەردىم، ئاندىن مېڭىشىمنى داۋاملاشتۇردۇم .
– پادىشاھ بولۇپ كېتەرلا، ئىلاھىم، دېدى ئۇ ئارقامدىن . مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم . مەن ئۇنىڭ چىرايىدىن سەممىي ئەمەس، مۇغەمبىرانە كۈلكىنى كۆردۈم ۋە ئۇنىڭ يېنىغا باردىم .
– ئەگەر مەن پادىشاھ بولغان بولسام، سەن تىلەمچىنىڭ كۈنىگە قالمىغان بولاتتىڭ، سەن بۇنى چۈشىنەمسەن؟– دېدىم مەن .
تىلەمچى مېنىڭ گېپىمنى تەھدىت ياكى تەئەددى ھېس قىلدىمۇ، ئەيتاۋۇر تۇرۇپلا قالدى . مەن ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىپ قالدىم .
كوچىدا كىشىلەر ئالدىراش ئىدى . قار بولسا ئاستا ۋە لەرزان چۈشمەكتە ئىدى .

2

زامانىمىزنىڭ باياشاتچىلىق تەنتەنىسىگە غەرق بولغىنىغا خېلى ئۇزاق يىللار بولدى ، ئەمما كوچا - كويلار ۋە تاۋاپ - سەيلىگاھلاردىكى ، مەسچىت - ئىبادەتخانىلار ئالدىدىكى غېرىب - غۇرۋالار، ئاجىز - مېيىپلار، پېقىر - مىسكىنلەر زادىلا ئازايمىدى ، ئەكسىچە كۆپەيدى . نەتىجىدە، بۇ، ئۇزلىرىنى مەلۇماتىق ، ئالىيجاناب ۋە ساغلام ھېس قىلىشقان بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەتەي مولچىلىق يېغىپ تۇرغان داستىخان ئالدىدا چىشلىرىنىڭ ئاراچلىرىغا كىرىۋالغان گۆشلەرنى تازىلىغاچ ۋاپادارلىق، ساداقەت ئەھدىسىدىن دېرەك بېرىدىغان شارابلارنى ئىچكەچ قىلىشىدىغان ھەر تۈرلۈك پاراڭلىرىنىڭ بىر تېمىسىغا ئايلاندى .

ئۇلار ناھايىتى ھىيلىگەر، دېپىشەتتى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ كۆزىتىش ئالاھىدىلىكىنى نامايىش قىلىپ، ئۇلار سېنى كۆرۈش بىلەنلا مۆمىن، بىچارە قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ، دۇئا - تىلاۋەتلىرى بىلەن دىلىڭنى يۇمشىتىشقا ئۇرۇنىدۇ، تەقى - تۇرقۇڭغا قاراپ مىجەزىڭنى، تەقدىرىڭنى مۆلچەر قىلىدۇ - دە، ئارزۇ - تىلەكلىرىڭگە ماس بىرەر مۇراجىئەتنى دەرھاللا ئاغزىدىن چىقىرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار سېنىڭ نەچچە پۇل بېرىشىڭنى ئويلاپ ئولتۇرىدۇ.

– ئەگەر سەدىقە بەرمەي كېتىپ قالساڭ، ئۇلار سېنى قارغىشىمۇ مۇمكىن، دەيتتى بىراۋ.

– راست، ئۇ تۇرغانلا گەپ.

– ئۇلار سەن - بىزدىن باي، ئۇلارنىڭ بانكىغا ئامانەت قويغان پۇلى سېنىڭ نەچچە ئون يىللىق مائاشىڭدىن جىق.

يېقىنقى يىلاردىن بېرى تىلەمچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت ئاجايىپ ۋەقەلەر، ئۇلارنىڭ قالتىس بېيىپ كېتىشىدىكى سىرلار، ئۇلارنىڭ ئۇستىلىقلىرى گېزىتلەرگە يېزىلىدىغان بولدى. كاتتا ئەدىبلىرىمىزمۇ ئۇلارنى قەلەمگە ئېلىشتى. ئۇلاردا پەقەت مۇنۇ گەپلەر بار: ئۇلار قالتىس، ئۇلار قارا نىيەت، ئۇلار ئىنساپسىز ۋە ھىيلىگەر.

بەلكىم، ئۇلارنىڭ گېپىدىن ئاز - تولا ئەمەلىيەت پۇراپ تۇرسا كېرەك (گەرچە ئېيتقانلىرى تەلتۆكۈس ھەقىقەت دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ). مەنمۇ زامانىمىزنىڭ ئاددىي بىر ھاياتلىق ئەھلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئادەمزات دۇنياسىدىكى يېڭى قىلىقلاردىن ئاز - تولا خەۋەردار. شۇڭلاشقا كىشلەرنىڭ يەكۈنلىرىنى ئەمەلىيەت بىلەن بەلگىلىك دەرىجىدە باغلاپ قارىيالايمەن. دەرۋەقە، زامانىمىزدىكى تىلەمچىلەر خېلى قۇۋ، ئۇلار ئۆزىگە يارىشا ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتنى تەھلىل قىلالايدۇ، ئۆزىنى تەتبىقلىيالايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ سانى كۆپەيدى. ئادەملەر دىيانەتكە بۇرۇنقىغا قارىغاندا ئانچە ئىشەنمەس بولۇپ قالدى. ئۇلار كۆپ ھاللاردا ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ۋىجداننىڭ خىتابىنى ئاڭلىيالماس دەرىجىدە پاك بولۇپ ياشايدۇ. ئۇلار ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئەيىبلىشىدىن ئانچە خەۋپسىرەپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئەرۋاھلارنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن، ئۆلۈم كۆلەڭگىسىدىن ھەرھالدا ھېيىقىدۇ. ئاخىر مەجبۇرلانغان ھالدا جۇلقى چىقىپ كەتكەن دىيانەتنى بىرە - بىرە قولىغا ئېلىپ قويىدۇ. تىلەمچىلەرنىڭ مەنپەئىتى بۇ ئازغىنە دىيانەت بىلەن پۈتمەيتتى. ئۇلار يەنە تەشەببۇسكار، ھۇجۇمكار ۋە رىقابەتكار بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇلار زامانغا يارىشا ئەقىللىق بولغان ۋە تاۋلانغان. قايسىبىر كىنودا تەسۋىرلىنىشىچە، كىشلەر زىياندىاش ھاشاراتلارغا قارشى ئەجەللىك دورىلارنى ئىشلەتكەن، ئەمما زىيانداشلار يىللارسېرى تېخىمۇ زەھەرلىك بولۇپ كەتكەنىكى، ئىنسانلارنىڭ زەھرى ئۇلارنىڭ ھاياتىغا كاشىلا قىلالماس بولۇپ قالغان، بەلكى ھاشاراتلار بولسا تېخىمۇ تاۋلىنىپ، چاقسا ئادەملەرنىڭ جېنىنى ئالىدىغان قىساسكارغا ئايلانغان. روشەنكى، زامانىمىز كىشلىرىنىڭ روھىي ھالىتى ئۇششاق مەنپەئەتپەرەسلىككە ياتىدىغان ئامىللار ۋە ئەخلاقتىن يالتايغان چارىلەرگە باي بولغانسېرى، ئۇلاردىن تىلەپ جان باقىدىغان

كىشىلەرمۇ ئۇلار بىلەن بەس كېلەلىگۈدەك ئىقتىدارنى يېتىلدۈرگەن. مەن سەدىقە بەرمىگەن ئادەملەرنى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللايدىغان يېگى بىر ئەۋلاد تىلەمچىلەرنى ئۇچراتتىم، ئۇلارنىڭ كۆزىدىن مۇغەمبەرلىك يېغىپ تۇرىدۇ، قىياپىتىدىن غېرىبسىنىش، ئارسىنىش ئالامەتلىرىنى مۇتلەق ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ئەكسىچە، ئۇلار كىشىلەرنى مات قىلىپ تاشلايدىغان تەكەببۇرلۇق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن سۆز تاشلايدۇ.

مەن بۇلاردىن ھەيران قالمىدىم، تۇيغۇم تەئەججۇپلۇك ھاللاردىن يىراق ئىدى. نېمىشقا؟ زامان مېنىڭ تۇيغۇلىرىمنى شەپقەتسىزلىك، مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك، نومۇسسىزلىقلاردىن كەلگەن يىرگىنىشلەر بىلەن تويۇندۇرۇۋەتتى. ئاز - تولا ئەقىل پەيدا بولۇشقا باشلىغان تۇنجى ياشلىق يىللىرىمدا غۇبارسىز كۆڭلۈمگە سىغمايدىغان ناپاك ئىشلاردىن ئىچىم ئاچچىق بولۇپ يۈرەتتىم، كېيىن بۇ ئاچچىقتىن مەست بولۇپ ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالاي دېدىم، گويا رەزىللىكنى سېزىدىغان نۇرانە كۆزۈم بولمىسىمۇ بولىدىغان بولدى. رەزىللىك دېگەن بۇ نەرسىلەر پۈتۈمغا پۈتلىشىپلا يۈرەتتى. مەنمۇ ئادەمزاتقا تەۋە جانلىق بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئازاب چېكىش تۇيغۇسىنى رەت قىلىپ، ھەممىدىن بىخەۋەر ياشاشقا تىرىشىپ باققان بولسامىمۇ، يېڭىدىن پەيدا بولۇپ ياشناپ تۇرغان ھۆججەيرىلىرىم زامان ناھەقلىقلىرىنى ماڭا سەزدۈرۈپ تولا چاتاق قىلاتتى. نېمە ئامال، يىللار باللىققا خاس زەكىلىكنى نابۇت قىلىپ تۇرسىمۇ، زەكىلىك ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن بىراقلا قالمايتتى، ئۇ يەنىلا زاماننىڭ ۋۇجۇدىدىكى خۇنۇك ئۆسمىلەرگە ۋە ئالللىقانداق مەۋھۇم ئالامەتلەرگە نەشتەردەك قادىلىپ تۇرۇۋالاتتى، بۇلار ئومۇمەن ئىنسان بالىسىنىڭ يالتىراپ تۇرىدىغانلىقىدىن دېرەك بەرسىمۇ، بۇنداق سەزگۈرلۈك ۋە نارەسىدىلىكنىڭ دەردىنى پاكىز يۈرەك بىھۇدە تارتاتتى، نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئارامخۇدا، يەڭگىل سوقىدىغان ۋاقىتلىرى ناھايىتى ئاز بولاتتى.

مەن تىلەمچىلىكنى ياخشى خۇلق دېمەكچى ئەمەسمەن. بۇرۇنلاردا ئەۋلىيالار ۋە دانىشمەنلەرمۇ تىلەمچىلىك قىپتىكەن. ئۇلار خىلۋەت روھىي كۆزى بىلەن مەئىشەت دۇنياسىدىكى چەكسىز قانائەتسىزلىكلەرنى، قىزىلكۆزلۈك تۈپەيلى كېلىپ چىققان تۈرلۈك ئىجتىمائىي بالايىئاپەتلەرنى، روھىي گادايلىقلارنى كۆرۈپ يەتكەندەك بولۇپ، پانىي ئالەم ئاسارەتلىرىدىن قۇتۇلۇشنى ئويلىغان ۋە ئارتۇقچە مال - دۇنيا يىغىشتىن ۋاز كەچكەن. ئۇلار ئۇچۇن يەيدىغان - ئىچىدىغانلىرى ئۇدۇللۇق بولسىلا بولىدىغان بولغان. ئۇلار خەلق ئىچىدىكى مۇقەددەس ئوبرازى بىلەن تىلىگەن ۋە ھېچقانداق خىجىللىق ھېس قىلمىغان، كېيىن بۇ ئاستا - ئاستا ئۇدۇمغا ئايلىنىپ، بىچارىلەرنىڭ جان بېقىش دەستىكى بولغان. مانا بۇگۈنكى كۈنلەردە ئۇ ھېچقانداق جىسمانىي ئەيىبى بولمىغان بىر قىسىم ھورۇن ئادەملەرنىڭمۇ ئەگگۈشتەرى بولۇپ قالغان. خەيرىيەت، ئاشۇ ئۇلۇغلار "توق كۆزلۈك"نى بەك ئاشۇرۇۋەتكەن، ئۆزىنى كارامەت خاكسار قىلىۋېتىشكەن. ئۇلار ئاددىي تەبىئەت دۇنياسىدىكى تۈرلەر ئىچىدە ئاقسۆڭەك ھېسابلىنىدىغان ئىنساننىڭ ئەقلىي ۋە

جىسمانىي قۇدرىتىگە لايىق كىشىلىك ئەمگەك نىسبۇسىنى ئۈنتۈپ كېتىشنى ئىبغىر ئالمىغان.

ئەي، روھىيەت دۇنياسىغا سەپەر قىلغان دانىشمەنلىرىمىز، سىلەر ئۆز ۋۇجۇدۇڭلاردىن قانچىلىك ئۇزاپ كېتەلىدىڭلار، قېنىڭلاردىكى شەيتاندىن قۇتۇلالىدىڭلارمۇ؟ قاراڭلار، بۈگۈنكى ۋارىسىڭلارغا، ئۇلار ئەمدى ساھابە ئەمەس، نوقۇل تىلەمچى، ئۇلارنىڭ ئالىقانلىرىغا تۇتقۇزغىنىڭلار قۇرتلاپ كەتكەن گۆش پارچىسى.

تىلەش، روشەنكى گۈزەل خۇلق ئەمەس. مىلىك ئەپسۇس، ئۇ، زامانىمىزنىڭ 90 - يىللىرىدىكى كەسپلەرنىڭ بىرىگە ئايلانماقتا. ئادەم ماددىي جەھەتتىن موھتاج بولغاندا، ئۇ، ئازابىنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى ئالدۇ، بۇنى ئۇنىڭ روھى ئېنىق سېزىپ تۇرىدۇ، ئەمما بۇنداق موھتاجلىق تۈگىمىسە، ئۇ يىلدىن يىلغا ئېشىۋەرسە روھمۇ كاردىن چىقىدۇ. روھ ماددىي ھاجەت ئۈچۈن ئۆزىنى دو تىكىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاستا - ئاستا روھىي گادايلىقمۇ باشلىنىدۇ. ۋاي ئىست، ئاللا ئۆزىنىڭ ھەربىر بەندىسىگە روھ بىلەن تەن ئاتا قىلغان. پانىي دۇنيادىن ئىبارەت بۇ كالتا كۆۋرۈكتە بەزىلەر تەن ھاجەتلىرىگە مۇۋاپىق مەنقۇلاتلارغا يېتەرلىك ئېرىشەلمەي ئۆتىدىكەن، بەزىلەر روھىيەت قەبرىسىنىڭ كۆرۈنمەس دائىرىسىدىن چىقالماي تەمتىرەپ ياشايدىكەن، بەزىلەر ھەر ئىككىلىسىدىن ناقىس بولۇپ كېتىدىكەن. بۇنداقلار ھەرقانداق زامان، ھەرقانداق ماكاندا بولۇپ تۇرغان.

ئەمدى مەن بۇ تاغدىن - باغدىن قىلغان پاراڭنىڭ بېشىدا تىلغان ئالغان ھېلىقى "توق قورساق" كىشىلەرنىڭ ئويلىنىپ بېقىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن: ئاشۇنداق يىرگىنىشلىك تۈس ئالغان تىلەمچىلەرنىڭ ماددىي بايلىقى نەگە كەتتى؟ ئۇلار قاۋۇل ۋە ساغلام تۇرۇپمۇ تىلەشنى كەسىپ ئەتتى، بۇ روھىي ناكارلىقمۇ، قانداق؟ ئۇلارنىڭ روھىنى كىم تالان - تاراج قىلدى؟ فرانسۇز مۇتەپەككۇرى ژان.ژاك رۇسسۇ "ئىنسان تۇغۇلغاندا ئەركىن ئىدى، كېيىن ئۇ ھەر جەھەتتىن بوغۇلدى" دېگەنىدى. تەبىئىيكى، ئىنسانلار مۇشۇ بوغۇلۇشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، تېخى ھازىرغا قەدەر داۋاملاشقان ئىقتىسادىي، سىياسىي كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى، باراۋەرلىك، ھوقۇق، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك دېگەن ئىبارىلەرنى كەشىپ قىلدى، ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن قانلارنى ئاققۇزدى. ۋەھالەنكى، ئىنسان زاتىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەنىدىكى ھەق - ھۆرمىتىنى ئەمەس، ئەقەللىيسى ئۆزىنىڭ بىر جاندار مەنىسىدىكى ھاياتلىقىنى قوغداش ھەم داۋام ئەتكۈزۈش ئىنتىلىشلىرىمۇ دەخلى - تەرۇزدىن قۇتۇلۇپ بولالمىدى.

راست، سىز مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئورۇنغا (بۇ ئورۇننىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ۋە ئىجتىمائىي مەنىدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر) ئىگە، سىزنىڭ پۇلىڭىز ئۈچ ۋاخ تاماققا يېتىدۇ، توي - تۆكۈن ۋە رېستۇران ئولتۇرۇشىغا ئەپلەپ بىر ئامال قىلىسىز. بىراق ساياھەتكە چىقىشقا، ئۆزىڭىز ئويلىغاندەك تەربىيلىنىشكە، ئادىمىيلىك سۈپىتىڭىزنى مۇكەممەلەشتۈرۈشكە كەلگەندە، ئەلۋەتتە، بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇل بىلەن پۈتىدۇ، سىزدە بۇلارغا يېتىشكۈدەك ئىقتىسادىي قۇۋۋەت

يوق، بولغان تەقدىردىمۇ يوللار ناھايىتى مۇرەككەپ. ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ داۋالىنىشقا توغرا كەلگەندە، پۇل مەسلىسى دەھشەتلىك مەسلىگە ئايلىنىدۇ. جۇڭگو يازغۇچىسى ئەي ۋۇ بىلەن شادىېگلار جۇڭگونىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىدېئولوگىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئۈچۈن بولۇشىغا كەتمەن چاپقانلار ئىدى، بىراق ئۇلار ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا داۋالىنىش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇلغا ئېرىشەلمىدى. ياش يازغۇچىمىز ئەسئەت ئەمەت جىگەر قېتىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇۋىدى، ھەر ھالدا ئىنسانپەرۋەر كىشىلەرنىڭ ھىممىتى ئۇنىڭغا چىقىش يولى بەردى. بىراق بۇ خەزىنىمۇ ھېچنېمىگە دال بولمىدى. نامراتلىق تەقدىرى ئۇنىڭ ئورۇق جىسمىگە ھەدەپ چاڭ سېلىۋاتقاندا، "باياشات" دەۋر قاراپ تۇردى. خوش، ئەمدى ئۆزىڭىزگە كېلىڭ. سىزنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش پەللىڭىز قانچىلىك كۆپ بەدەل ئۈستىگە قۇرۇلغان؟ مېنىڭچە، سىز ئاشۇ تۇرمۇش ئۈچۈن ۋىجدانىڭىز ئېغىر ئالدىغان نۇرغۇن يوللارنى باستىڭىز، ئۆزىڭىزنى ئەتەي خورلىدىڭىز، سىز ئاشۇنچىلىك تۇرمۇش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قاتىردىڭىز، ئاخىر چارچاپ ھالىڭىزدىن كەتتىڭىز.

بىز سىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ھەۋىسى بويىچە "خاتىرجەم ـ ئالىيجاناب" كىشىمۇ دەيلى، ئۇنداقتا، سىزنىڭ ئىززەت ـ نەپسىڭىز ئىشتىھادىن ھالقىپ ئۆتەلىدىمۇ؟ ئەگەر ھالقىغان بولسا، سىز ئەركىن پىكىر ۋە مۇھاكىمىنىڭ قانچىلىك دەرىجىسىدە ياشىدىڭىز؟ سىزدە مۇھاكىمە بولغان بولسا تىلەمچىلەر ھاياتىدىكى ساختا ئالامەتلەر ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر بولغان بولار ئىدى.

ئالىيجانابلىقنىڭ دەرىجىسى پۇلدا ۋە توقلۇقتىلا ئەمەس، پىكىردە، مۇھاكىمە بولمىغانىكەن، ئەمەلىيەتچىل پىكىرمۇ بولمايدۇ. نىھايەت پۇل، مەنسەپ دېگەنلەر ئالىيجانابلىقنى مۇكەممەل مەنىگە ئىگە قىلالمايدۇ.

خۇدا ئەلمىساقتىن بېرى شۇنداق قىلىپ كەپتۇ: مەڭزى ۋە قوۋزى پارقىراپ تۇرىدىغان زەردارلار بىلەن لەۋلىرىدىن شور ئۆرلەپ تۇرىدىغان نامراتلار ھامان مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇلار ھېچقاچان بىر ـ بىرىسىز ياشىيالمىدى. بۇ، تەقدىرنىڭ ئادالەتسىز تەقسىماتىمۇ ياكى تۇرمۇش دۇنياسىنىڭ غەيرىي تەڭلىمىسىمۇ؟ مۇشۇنداق بولۇش يوللۇقمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ پەيلاسوپلار ۋە سىياسىيونلار ھەر نېمىلەرنى دېيىشتى، بۇ ئەھۋال بەربىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋەردى. لېكىن بايلار ئۆزلىرىنى پۇلنى ۋاستە قىلىپ قوغداپ كەلدى. ئۇلار تاپتىن چىقىپ كەتسىمۇ، پۇل ئۇلارنى ئاقلىدى، شۇنىڭ بىلەن يۈزلىرىنى يورۇق قىلىپ يۈرۈۋېرىشتى، نامراتلاردا بۇنداق قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچ بولمىغاچقا، دىيانەت ۋە ئەخلاقنى دەستەك قىلىپ ياشاپ كەلدى. بۇلار قوشۇلۇپ بىر دەۋر، بىر مىللەتنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇۋازىنەتلىك قۇتۇپلارغا ئايلاندى.

زەئىپلىك ۋە رەزىللىكنى جۇل ـ جۇل كىيىملىك تىلەمچىلەر، نامرات بىچارىلەردىن ئىزدەپ تېپىش ئاسان، چۈنكى ئۇلاردىكى ئاجىزلىق، ئۇلاردىكى پاجىئە، ئۇلاردىكى خاراكتېر مېيىپلىقى، ئۇلاردىكى ئاددىي نەيرەڭ خۇددى يېقىمسىز ئۈستۋاشلىرىغا ئوخشاشلا كۆزگە ئوچۇق ـ ئاشكارا تاشلىنىپ تۇرىدۇ. بىراق ئەمەلدارلار، زەردارلار( پۇلدارلار )، ئاتالمىش زىيالىيلاردىكى زەئىپلىك ۋە

مەينەتچىلىك دىنىي ھەل، ئەخلاقىي تون، ئالىيجانابلىق رەڭلىرى، دىيانەت زىغزىقلىرى، تەلىمات ھەشەمەتلىرى بىلەن تۇسۇلۇپ قالىدۇ.

ئەمدى بىز ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى: شىر - يولۋاسلارنى ۋەھشىي دەيمىز، ئۇلار ئېچىپاقىغاندا چوڭ بولامدۇ، كىچىك بولامدۇ، قۇدرىتى يار بېرىدىغان ھەرقانداق مەخلۇقنى تەپتارتماستىن ئوچۇق - ئاشكارا ئوۋلاۋېرىدۇ، خامتالاش قىلىپ يەۋېرىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ياۋۇزلۇقى ۋە قانخورلۇقىنى ئادەملەرگە ئوخشاش ھەرخىل پەتىۋا، چىرايلىق سۆزلەر بىلەن، پەيغەمبەرلەردىن، مەشھۇر ئەربابلاردىن، داھىيلاردىن قالغان گۆزەل ئەقىدە - ئېتىقادلار بىلەن بېزەپ ئولتۇرماي، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى قانداق بولسا شۇ پېتى ياشاۋېرىدۇ، كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن چاتىقى بولمايدۇ. ئۇلار ھىيلە - مىكىر، سۈيىقەست دېگەننى بىلمەيدۇ. توغرا، ھىيلە - مىكىر ۋە سۈيىقەست خىرسقا تولغان دۇنيادا بىرخىل قورال. ھىيلە - مىكىر ئەسلى تەبىئىتى خوراپ كەتكەن ئاجىزلارنىڭ قورالى بولۇپ، ساددا، تۈز كەتكەن ئەزىمەتلەرنىڭ شۆھرىتىنى ئۇچۇرۇپ تاشلىيالىغان. بۇ بىرىپ ئاخىر ئۆزىنى ھەممىدىن ئۈستۈن چاغلايدىغان ئادەمزاتنىڭ ئۇلۇغ كەشپىياتىغا ئايلاندى.

ھەيھات، ئادەمزاتنىڭ قانخورلۇقى جۇلالىق رەڭگە نېمىدېگەن باي. مەن تىلەمچى ھەققىدە پىكىر بايان قىلغۇچىلارنىڭ "ئالىيجاناب" كىشىلەردىكى بىچارىلىككە كۆز ئاغدۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. شېكسپىرمۇ: "پارقىرىغاننىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس" دېگەنىكەن.

تىلەمچىلەر بىلەن ئالىيجانابلاردىمۇ ئاجايىپ بىر بېقىنىش بار. ئەگەر دۇنيادا "ئالىيجانابلار"غا قول تەڭلەيدىغان تىلەمچىلەر بولمىغان بولسا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ساخاۋەتكار، پەزىلەتلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئوبيېكتتىن قىسىلغان بولار ئىدى. بايلىق ھېرىسىدە يۈرۈپ، نامراتلىقتىن كۆڭلى داغ بولۇپ يۈرگەنلەر تىلەمچىلەرنى كۆرۈپ تەسەللى تېپىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ يەردە سەدىقە ئۆزئارا ئالمىشىۋاتاتتى، روھى يەڭگىللىك بىلەن ئاز - تولا سەدىقە تېگىشلىمەكتە ئىدى.

تۇرمۇش قىمار خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قانداقتۇر بىر نەرسىلىرىنى دو تىكىدۇ، بەزىلەر ئۇتىدۇ، بەزىلەر ئۇتتۇرىدۇ. بىراق ئۇتۇش - ئۇتتۇرۇش مەڭگۈ شۇ پېتى داۋاملىشىدىغان قانۇن ئەمەس. ئۇتقانلار ئۇتتۇرۇشىمۇ مۇمكىن، ئۇتتۇرغانلار ئۇتۇشىمۇ مۇمكىن، بۇنداق ئەھۋال ئۇلارنىڭ ئۆزىدە يۈز بەرمىسە ئەۋلادىدا يۈز بېرىشى مۇمكىن. بەربىر ئىنسانلار روھىي ماھىيەتكە ئىگە بولغانىكەن، ئۇ بەخت بىلەن بەختسىزلىك، يورۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق، مۇكاپات بىلەن جازا، خىيانەت بىلەن ئىزا، ئاچلىق بىلەن غىزا ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈنچى ھالەتتە ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ تۇرىدۇ. شۇڭلاشقا بىز ئۇلارنىڭ چېھرىدىن مەڭگۈلۈك تەبەسسۇمنى ئۇچرىتالمايمىز. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ چېھرىدە غەم - غۇسسە، مۇسىبەت بىلەن ھەسرەت كۆپرەك كۆزگە چېلىقىدۇ. دېمەك، شادلىق ۋە ئازابتىن ھەربىر ئىنساننىڭ تېگىشلىك نېسىۋىسى بار. ئۇنى

كىشىلەر قانچىلىك دۆلەتمەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تارتماي قالمايدۇ. مەلۇمكى، ئىنسان روھىي زىددىيەت دېڭىزىدىكى ئېكسپېدىتسىيىچى، شۇنداق ئىكەن، بىراۋنىڭ قىسمىتىنى ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە سەۋەبىدىن ئايرىپ تەھلىل قىلىش ئانچە ئادىللىق بولمىسا كېرەك، شۇنداقلا بىراۋنىڭ قىممىتىنى ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن ئايرىپ قاراشمۇ ئانچە ئاقلانىلىك بولمىسا كېرەك.

بىراۋنىڭ ئاجىزلىقىغا قاراپ ئۆزىگە تەسەللى تېپىش ئەمەلىيەتتە ئۆزىدىكى ئىرادە كۈچىنى كەمستكەنلىك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭدىكى جەڭگىۋارلىقنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

مۆھتەرەم "ئالىيجاناب" ئەپەندىلەر ۋە خانىملار، ئۆزگىلەرنى كەمستىش تەس ئەمەس، ئۆزگىلەرنى سوغۇققان مۇھاكىمە كۆزى بىلەن كۆزىتىپ، ئۇلاردىكى روھىي زەئىپلىكنى ھەقىقىي مەنىدە تېپىپ تۇرۇپ كەمستىش، مانا بۇ تەس. سىلەر ئۆزۈڭلارنىڭ روھىنى ئاختۇرۇپ بېقىڭلار ۋە ئۆزۈڭلارنى كەمستىڭلار، بۇ كەمستىشتىن يېتىلىدىغان مەغرۇرلۇقىڭلارنى تېپىۋېلىڭلار.

ئەتراپىڭىزدىكى ئەڭ پاجىئەلىك ئىشلارمۇ بىلىنەر - بىلىنمەس دەرىجىدە سىزدىكى مەسئۇلىيەت ۋە روھىي قۇۋۋەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. سىزدىكى مۇھاكىمە ھوقۇقىنى ھېچكىم تارتىۋالغان ئەمەس. سىز ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىز ۋاز كەچمىگەن بولسىڭىزلا، ئۇنى ئىشقا سېلىڭ - دە، غايىلىك پرىنسىپلار ۋە ئەخلاقىي مىزانلاردىن خۇشلىنىشىڭ.

تىلەمچىلەر پارلاقلىق ئۈچۈن رەڭ ئىزدەۋاتقان دەۋر ئۈچۈن يوشۇرغىلى بولمايدىغان جاراھەت، ئۇلاردىكى ماددىي، روھىي كەمبەغەللىكنىڭ سايىلىرى ھەممىمىزگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۇتىشىپ كەتكەن. بىز ئۇنى نوقۇل تىلەمچىلەر مەسىلىسى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئورتاق مەسىلىمىز سۈپىتىدە تەھلىل قىلىشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

1995 - يىل دېكابىر

# دۇنيادىن يىراق

## 1

پەسىللەرنىڭ پەزىلەتلىرىدە ياراتقۇچىنىڭ ھىممىتى بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەن ھاياتلىق دۇنياسىدىكى ھەربىر ھادىسىدىن بۈيۈك روھىي ئارقا كۆرۈنۈشنى كۆرگەندەك بولىمەن. بۇ ئارقا كۆرۈنۈش قانداقتۇر بىر روھىي مەركەزنى يوشۇرغان ھالدا گويا ئاللىبۇرۇن ۋايىغا يەتكەن پىرىنسىپنىڭ تەنتەنىسىگە ئۇلۇغۇۋار نەزەر بىلەن قاراپ تۇراتتى. بۇ دۇنيادىكى بارلىق پەسكەشلىكلەر، ھىيلىگەرلىكلەر، ياۋۇزلۇقلار، تەڭسىزلىكلەر كەبىي جەمئىيەت ئىللەتلىرى بىپايان كائىناتنىڭ ھەرىكىتى داۋامىدا بەربات بولۇپ، ئاشۇ ھەرىكەت پىرىنسىپىنى مەنبە قىلغان دۇنيا قاراش ۋە ئېتىقاد غەلىبە كاپالىتىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە ئىدى. دەرھەقىقەت، بىز كۆرۈۋاتقان تەبىئەتتىكى پەسىللەر ۋاقىت ئۆزگىرىشلىرىدىكى قانۇنلارنى چۈشىنىشلىك تىل بىلەن ئاشكارا قىلىدۇ. بىز بىلىدىغان قايسىدۇر قۇرۇلۇشلار ئۆرۈلۈپ، يېڭى بىنالار قەد كۆتۈرىدۇ؛ قايسىدۇر بىر كۆۋرۈكنىڭ ياغىچىنى قۇرت يەپ بۇزۇلىدۇ؛ بىز تونۇيدىغان مويسىپىتلەر ۋاقتى كەلگەندە كېتىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بوۋاق، يېڭى سىمالار مەيدانغا كېلىدۇ. روشەنكى، تەبىئەتكە قارىساق ئىجتىمائىيەتتىكى مەسىلىلەرنىڭ ئەپچىل بېشارەتلىرىنى كۆرەلەيسەن، ئويلانساق، ئۇ ھايات ھەقىقەتلىرىگە دائىر ئىخچام تەمسىلگە ئايلىنىدۇ.

شۇ تاپتا مەن پەرىشان كۈزنىڭ قۇچىقىدا تۇرۇۋېتىمەن. بۇنداق چاغلاردا شەھىرىمىزدە كۆيدۈرۈلگەن غازاڭلارنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ھاۋانى قاپلايدۇ. باھار، ياز پەسىللىرىدە مۇھىتىمىزغا زىننەت بولمىش ياپراقلار سارغىيىپ تۆكۈلگەن ھامان "ئەخلەت" قاتارىغا ئۆتۈپ قالىدۇ. ئاشۇ زەپىران غازاڭلار نېمىشقىدۇر ماڭا دەۋرىمىزدە پېنسىيىگە چىققان كادىرلاردەك كۆرۈنۈپ كېتىدۇ. شۇڭا سۈپۈرۈلۈۋاتقان ۋە كۆيدۈرۈلۈۋاتقان غازاڭلارنى كۆرسەم بەربات بولغان ئەقىدىلەر ئۈچۈن نادامەت چېكىمەن. پەسىللەردە قانۇنىيەت بار، ھېسسىيات يوق، سىياسەتتە تەرغىبات بار، يۈز - خاتىر يوق. سىياسەت قۇربان قىلىش ئارقىلىق ھاياتنى داۋاملاشتۇرالايدۇ. تەختى ئادالەت خۇرۇچلىرىدىن پۈتمىگەن سىياسەت بەئەينى ئەقىل خارابىلىرىدە ئۈنگەن ئوغرى تىكەن.

غازاڭلار سۈپۈرۈلمەكتە. سۈپۈرۈلۈپ تازىلانغان كوچىلاردا قۇۋۋەت دورىلىرىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئېلان ۋەرەقلىرى ئۇچۇپ يۈرەتتى. قايسىدۇر بىر رومانتىك كىنودىن ئالتۇندەك غازاڭغا كۆمۈلگەن ۋىنا كوچىلىرىدا سەيلە قىلىپ كېتىۋاتقان بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقنى كۆرگەندىم. مۇزارتنىڭ ھەيكىلى كۈز ياپراقلىرى ئارىسىدىكى نازۇك تىۋىشلارغا ھۇزۇر بىلەن قۇلاق

سىلىقلىشىشقا ئاندىن قىلالىدى . مۇزىكا مۇڭ ئارىلاش كۈز مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىكىنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزەتتى .

ۋادەرىخ ، بىزدە كۈز باشقىچە . . . مېنىڭ ئۆيۈم بىرىنچى قەۋەتتە بولۇپ ، ئۆيۈمنىڭ كەينىدە بىرقانچە تۈپ تاش ئالما دەرىخى بار . باھار ئايلىرىدا ئۇنىڭ چېچەكلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ . بىراق ئۇنىڭ مېۋىلىرى چىچەكتىن ئايرىلىپ ئۇۋۇتتەك بولغاندا، باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى ئالما شاخلىرىنى يىرىپ يېيىشكە باشلايدۇ، شۇڭا ئۇ مېۋىلەرنىڭ كۈزدىكى ھالىتىنى بىلگىلى بولمايلا كەلدى . راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تاش ئالما ئىكەنلىكىنى قورۇدىكى پېشقەدەملەردىن ئاڭلاپ جەزم قىلغانىدىم . بىزدىكى مائارىپ تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە شەيدا ئەۋلادلارنى قاچان تەربىيىلەيدىكىنتاك . بىز ھازىرچە بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى . . . قانداقلا بولمىسۇن شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى شالاڭ ئاشۇ بىرقانچە تۈپ تاش ئالما دەرىخى خىيال سۈرگەن چاغلىرىمدا قارايدىغان ئەمەكلىرىم . ئەپسۇسكى ، خىيالىمغا بوشلۇق ئاتا قىلغان ئاشۇ كىچىككىنە ھۇزۇرى جەننەت يەنىلا دەخلىسىز ئەمەس . ئەگەر مەن بالكوندا تۇرۇپ يىراققا ئەمەس، ئالدىمغىلا قارايدىغان بولسام، قەغەز پورۇپكىلار، سۇلياۋ( ياللتىراق ) خالتىلار، سېرىق چوڭمۇلە ئولاشقان شاپاقلار كۆرۈنىدۇ . تېخى يېقىندىلا تاۋۇز چاغىنى بولۇۋىدى ، ئايتوقاچنىڭ قەغەز قۇتىلىرى تاشلىنىپ، يۇقىرىقىلارغا تېخىمۇ "ھۆسن" قوشتى . ئۈستىدە ئولتۇرىدىغان بەزى قوشنىلارنىڭ ۋاننىسى بار، ئۇلار يۇيۇنۇپ بولغاندىن كېيىن شالاڭكىلىرىنى بالكونۇمنىڭ تۆۋىگە ساڭگىلىتىپ، يۇندىلىرىنى بىر ئەپلىك قۇيىۋېتىدۇ . يالقۇن روزى "كامالتۇروك ۋە ئۇرۇمچى" دېگەن ماقالىسىدە ( "شىنجاڭ مەدەنىيىتى"نىڭ 1998 - يىل 2 - ، 3 - ( قوشما ) سانىدا ئېلان قىلىنغانىدى . مۇھەررىردىن ) ئۆينى "ئالىي ئاپتونومىيە" دېگەنىكەن . بىراق مېنىڭ "ئالىي ئاپتونومىيەم" بالكوندىن سىرتقا قارىغىلى بولمايدىغان ئاپتونومىيە ئىدى ، چۈنكى سىرتقا قارىسامىلا يېقىمسىز كۆرۈنۈش ۋە بەتبۇي پۇراقلار تۆپەيلىدىن ئىچىم ئېلىشىدۇ . ئامال يوق، دېرىزىلەرنى ھەم يايپىمەن - دە، يېزىق شىرەيىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قايسىدۇر بىر كىتابنى قولۇمغا ئالىمەن . كاللامدا كىتاب بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى زىت دۇنيا تىكەنلىك قاناتلىرىنى ئاستا - ئاستا يېيىشقا باشلايدۇ .

ئۆيىمۇ ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسە، ئۇ، ئۆزىدىن تاشقىرى دۇنياغا دېرىزە ئارقىلىق قارايدۇ . ئۇنىڭ ئادەملەرگە ئوخشاش تىنىپ كەتكەن مەڭگۈلۈك دۇنيالىرى بولىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئولتۇرىدىغان ئادەم بولسا، ئۆيىنىڭ سوقۇپ تۇرىدىغان يۈرىكى . مېنىڭ ئۆيۈمچۇ؟ مېنىڭ ئۆيۈم جەمئىيەت ۋە ئادەملەرگە نىسبەتەن سوۋۇپ كەتكەن بىر يۈرەكنىڭ ئىگىسى ئىدى .

مەن ئۇچۇن ئۆي "ئالىي ئاپتونومىيە" ئەمەس، بەلكى غىلاپ . كىشىلەر بېلىكوفنى بىكىنمىچى ، شۇڭا ئۇ غىلابىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان، دېيىشىدۇ . بۇنداق كىشىلەر "غىلاب بەندىسى" دېگەن ھېكايىدىن باشقا يەنە چېخوف دەۋرىدىكى روسىيىنى ئوقۇپ باقسۇن .

مەن ئۆيگە كىرسەملا تۇرمۇشنىڭ بېسىملىرىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇغاندەك بولىمەن . ئىككى

ياشلىق ئوغلۇمنىڭ سەبىي قىلىقلىرى قاراڭغۇ ئۆيگە چۈشكەن نۇر سىزىقلىرىدەك ماڭا قۇياش ۋە تەبىئەتنىڭ ئىللىق مېھرىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. بۇ چاغدا، كۆز ئالدىمدا تاگورنىڭ شېئىرىي دۇنيالىرى يېيىلىپ، كېپىنەكلەرنىڭ قاناتلىرىغا، ئورمىچىلارنىڭ جۇشقۇن ناخشىلىرىغا، كەپسىز باللار پۈۋلىگەندىكى سوپۇن كۆپۈكچىلىرىگە سىڭىپ كېتىمەن.

شەھەردىكى كۆز بىلەن سەھرادىكى كۆز زادىلا ئوخشىمايدۇ. سەھرادا كۆز ئەلۋەك كېلىش بىلەن بىرگە مەنە ۋە ھېسسىياتقا باي بولىدۇ. ئۇ، زەپىران چىرايى بىلەن ئۆزىدىكى ئىچكى تىنىقلارنى تىڭشاۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇ ۋايىغا يېتىپ پىشقان رەڭگارەڭ مېۋىلىرى ۋە ھوسۇللىرى بىلەن كىشىلەرگە ئەڭ سەممىي ۋەسىيەتلىرىنى ئېيتىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. خۇددى بويىغا يەتكەن قىز ئىچ - ئىچىدىن كېلىۋاتقان تەبىئىي پۇراقلىرى بىلەن يىگىتلىك ھېسلىرىمىزغا مەدەتكار بولغاندەك، كۆزمۇ جىمجىت تارتىنچاقلىقى ۋە خۇش پۇراقلىرى بىلەن تەڭرى ئاتا قىلغان ھاياتلىقنىڭ ئۇسرىتىنى تونۇتۇپ، دىللارنى سۆيۈندۈرىدۇ. خىسلەتلىك ۋەھىيلەرنى پەيغەمبەرلەر خۇدادىن قوبۇل قىلىدۇ، شائىر تەبىئەتتىن قوبۇل قىلىدۇ، سىياسىيونلار جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلىدۇ، خۇدا دەل ئاشۇ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋەھىيلىرىنىڭ بۈيۈك تاكامۇلى.

سەھرادىكى ئاشۇ چىرايىق كۆز باللىقىمغا كاتتا مەنىلەرنى قوشقانىدى. زەڭگەر ئاسمان تېخىمۇ سۈزۈلۈپ، ئادەتتىكىدىن ئېگىزلىشىپ كېتەتتى. سەھرادىكى كۆز ئاسمىنىغا قارىساڭ، لۇغەتلەردىكى "ئەھەد"، "يۈكسەك" دېگەن ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى جالالىدىن رۇمى كەبىي سىرلىق رەۋىشتە مۇتالىئە قىلالايسەن.

ئىسسىق ئىقلىملارغا كۆچۈۋاتقان تۇرنىلار سېپى سىنىڭ نەزەرىڭنى ئەگەشتۈرۈپ، يىراق - يىراقلارغا ئېلىپ كېتىدۇ، ئاسماننىڭ كەينىدە يەنە بىر ئاسماننىڭ بارلىقىنى شۇ چاغدا غۇۋا كۆرۈپ قالىسەن. گەرچە سېنى تاغلار ۋە ئورمانلار، كۆزلۈك تېلىپ ئاران يېتىدىغان ئۇپۇق سىزىقلىرى ئوراپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەنە شۇنداق دەقىقىلەردە دۇنيانىڭ ئىنتايىن كەڭلىكىنى سېزىسەن - دە، قەلبىڭ ئارمانلارغا لىق تولىدۇ. جەسۇر ئاتلىرى بىلەن تاغ - داۋانلار ئېشىپ ئولۇسلارنى تۇتاشتۇرغان، قوۋملىرىمىزغا ئىناقلىق ۋە قۇۋۋەت رىشتىلىرىنى چاتقان ئوغۇزخان، سەئىدخان، بابۇرخان كەبىي ئاتىلار قىسسە ۋە تەزكىرىلەرنىڭ ئاراچلىرىدىن چىقىپ سەن تەرەپكە كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ.

بىراق، تۇرنىلار كېتىپ قالغاندىن كېيىن تولىمۇ كىچىك بىر مۇھىتتىكى ناتىۋان ھالىتىڭ ئەسلىگە قايتىپ، تەسۋىرلەپ بولغۇسىز مەيۈسلۈك يۈرىكىڭنى قىسىشقا باشلايدۇ.

"قىزىل قىيا" روماندا تەسۋىرلەنگەن مەھبۇس لىيۇسياڭ جازا لاگېرىدا شامالداشقا چىققاندا، تۈرمىنىڭ سۈرلۈك سەيناسىدا چۈرۈلداشقان قۇشقاچلارنىڭ تىككەنلىك سىملار تارتىلغان تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئەركىن دۇنياغا ئۇچۇپ كېتىشكەنلىكىنى ھەسرەت بىلەن تاماشا قىلىدۇ - دە، قەلبىدىكى باھار تەلپۈنۈشلىرىنى باسالمايلا قالىدۇ. مەھبۇسلۇقتا تۇغۇلغان، مەھبۇسلۇقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ ھەپسىگە تۇتۇلغان لوبۇ باش بالا تۈرمە قورۇسىغا ئېزىپ - تېزىپ

كىرىپ قالغان كېپىنەكنى قوغلىسا، باشقا مەھبۇسلار پەنجىرىدىن تىكىلىپ تاماشا قىلىشىدۇ. شۇنداق، ئىنسان ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇ، ئۆزى تۇرغان مەھكۇملۇقنىڭ قانچىلىك ۋەھشىي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاددىي ، مەنىۋى جەننەتنى قۇرۇپ چىقىشقا قادىر بولالايدۇ.

تارغىنا ياتاق ئۆيۈم مەن ھەم ئايالىم ئۈچۈن ئېيتقاندا ياتاقلا بولۇپ قالماي، يەنە كۇتۇپخانا. بەزىدە چېچىلىپ ياتقان كىتابلارنى كۆرۈپ ئايالىمۇ چېچىلىپ قالىدۇ، ئەمما ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئاشۇ كىتابلارنى رەتلەيدىغان، توپا بېسىپ كەتسە سۈرتىدىغان چىن پەرۋىشكار. شۇ تاپتا ئالدىمدىكى ئۈستەل سائىتى بىر خىل رىتىمدا چىكىلداپ ماڭماقتا. ئۇنىڭ دەقىقىلەرنى كۆرسىتىدىغان ئىسترېلكىسى پۈتكۈل سائەت يۈزىنى بىر ئايلىنىپ چىققۇچە قاراپ باقتىم، گويا يۈرىكىمنى ئاشۇ ئىسترېلكىنىڭ ئۇچىغا قاداپ قويۇپ بەردىم. يۈرىكىم چەكسىز ۋاقىت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتتى. بۇ دېڭىز ماڭا سىياسەت، تۈزۈم، مىللەت، ئىرقتىن ھالقىغان بىر ئومۇمىيلىقنى ھەدىيە قىلاتتى. بۇ ئومۇمىيلىقتا سائەتلەر دۇنيانىڭ كۆرۈنمەس ھۆججەيرىسىگە ئايلىنىپ كەتتى. مەن ئىككىگە بۆلۈندۈم. مەنىۋى ئۆزۈم خۇدانىڭ ھىماتى ئاستىدىكى 18 مىڭ ئالەمگە قاپلاندى، جىسمانىي ئۆزۈم يېزىق شىرەسىنىڭ ئالدىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. مەنىۋى ئۆزۈم بىلەن جىسمانىي ئۆزۈمنىڭ بىرلىشىپ قالىدىغان چاغلىرى بەكمۇ ئاز ئىدى. مەن مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ پۈشكىننىڭ دېڭىز ۋە ئەركىنلىك ھەققىدىكى شېئىرلىرىنى ئوقۇغانمەن، ناۋائىينىڭ مۇھەببەت شاماللىرىنى پۇرىغانمەن، پەرىدىدىن ئەتتارنىڭ كامالەت ئىزدىگەن قۇشلىرىنى تەقلىدىي سىزىپ چىققانمەن. قارىسام، قۇش ھەققىدە شېئىر يازمىغان شائىر يوقتەك تۇرىدۇ، مېنىڭ شېئىرىمدىمۇ "قۇش" دېگەن سۆز كۆپ ئۇچرايدۇ.

يەنىلا ئىقلىملار كېزىپ باھار ئىزدىگەن قۇشلار ئېسىمگە كەلدى. قۇشلارنىڭمۇ سىنىپىي كۈرەشكە تارتىلىشىدەك غەلىتە تارىخى تېخى يېقىندىلا بولدى. ئەمما قۇش بەربىر قۇش بولغاچقا، ئىنسانىيەت تاڭغان تۈزۈمنى ئېتىراپ قىلىشمىدى. ئۇلار پەسىل ئاتلاپ ئۇچۇۋېرىشتى.

جىبران خەلىل جىبران ئېيتقاندەك، قۇشلار ئىنسانلا مۇيەسسەر بولالمىغان بەختتىن بەھرىمەن بولالايدۇ. ئۇلاردا پاسپورت دېگەن نەرسە بولمايدۇ، ئۇلاردا پاسپورت ئۈچۈنلا يول ماڭدىغان ياكى پارا بېرىدىغان ئىشلار بولمايدۇ. ئۇلاردا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۆزى قانۇن تۈزۈپ ئۆزى خىلاپلىق قىلىدىغان، ئۆزى پاسىل بەلگىلەپ ئۆزى سىقىلىدىغان ئادەت يوق. ئۇلاردا تەڭرى بەلگىلەپ بەرگەن بىرلا قانۇن بار.

2

مەن سىزگە مۇجمەل كەيپىياتتا دەپ بېرىۋاتقان ئاشۇ تارغىنا ئۆينى مەنىلەر بۇرجىلىرىنى كۆرسىتىدىغان رەسەتخانام دېسەممۇ بولىدۇ. پىكىر يۇلتۇزلىرىم كۆپ ھاللاردا غەم تۇمانلىرى تۈپەيلىدىن خىرەلىشىپ قالىدۇ، ھەتتا بەزىدە چورت كۆرۈنمەيلا قالىدۇ. ئۆي سېتىۋېلىش ۋە قەرز قايتۇرۇش غوۋغالىرى ئۆيلىنىش ئۈچۈن قۇرۇپ چىققان خۇسۇسىي قورغىنىمنى پات - پات

ئىگىلىۋالدى. باشقىلارغا ئىزاھلاپ بەرگۈسىز تەڭقىسلىق لىۋىمنى چىشلەپ تۇرۇپ سىتىۋالغان كىتابلىرىمنىڭ تاشلىنىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولدى.

دېيىل كارنېگ، نامراتلىقتىن مۇزىكا چىقىدۇ، دېگەنىكەن. مۇزارت نامراتلىقى تۈپەيلى ئىنسانىيەتنىڭ چەتكە قېقىلغان ۋىجدانىنى كۆرەلىگەنىكەن. مېنىڭچە، نامراتلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ سەۋرى چېكىدىن بەك ئېشىپ كەتسە، نامراتلىقتىن مۇزىكا ئەمەس، بەلكى يۆتەل ئاۋازى چىقىدۇ.

تاشقى دۇنياغا قارىتا ھەۋسى ۋە قىزغىنلىقى ئۆرغۈپ تۇرغان ياشلار ئۆيىگە بەنت بولۇپ تۇرۇشنى خالىمايدۇ. ئۇلاردا كولومبودىكى تەۋەككۈلچىلىك قۇتراپ تۇرىدۇ. ئۇلار ماڭسام، چاپسام، ئۇچسام، يېڭى قۇرۇقلۇقلارنى تاپسام، دەيدۇ. نوقۇل بىر ئورۇنغا باغلىنىپ قېلىش ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىغا ساقايماس جاراھەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار جۇشقۇن ھېسسىياتنى خىلمۇخىل دۇنياغا سىممېترىك ھالدا قويۇپ بېرىشنى ياخشى كۆرىدۇ. دېمەك، مەنمۇ ئاشۇنداق ياشلارنىڭ بىرى. لېكىن مەن تولىمۇ خىيالچان. بىر تەرەپتىكى تامغا دۇنيا خەرىتىسى چاپلانغان، بىر تەرەپتىكى تامغا كىتاب ئىشكاپى، بىر تەرەپكە كارىۋات، بىر تەرەپكە ئاددىي كىيىم ئىشكاپى، ئوتتۇرىغا يېزىق شىرەسى قويۇلغان ئۆي بارلىق شوخلۇقلىرىنى شائىرانە تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن قىلىدىغان ماڭا ئوخشاش مۆلۈكسىز ياشنىڭ دۇنياسى.

مەن بۇ ئۆيدە كۆپ ئولتۇرىمەن، شۇڭلاشقا، بۇ ئۆينى كىيىمگە ئايلىنىپ قالغاندەكمۇ ھېس قىلىمەن. مەن ئاساسەن دېگۈدەك بۇ كىيىمنى سېلىۋېتەلمەيمەن، سالسام يالىڭاچلىقىمنى ھېس قىلىشتىن قورقىمەن. فرانس كافكانىڭ گېئورگىي سامسا دېگەن قەھرىمانى بىر كېچىدىلا قوڭغۇزغا ئايلىنىپ قېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ قاتتىق يەكلىشىگە ئۇچرايدىكەن. مەلۇمكى، بىر ئادەم بىر يەرگە باغلىنىپ ياشاۋەرسە قۇرتقا ئايلىنىپ كېتىپ، پۈتكۈل دۇنيانى قۇرتچە نەزەر بىلەن كۆزىتىدىغان، ئۆزى قىمىرلاپ ماڭغاچقا، جاھاندا راكېتا دېگەن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ ئۆيدىن چىقماي پىكىر قىلىپ يولۋاسقا ئايلىنىشى مۇمكىنمۇ؟ نەدىمۇ ئۇۋ ئوۋلاشنى بىلمىگەن يولۋاس بولسۇن!

توڭۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ كىيىمى يېلىك بولسا، ئاخىر ئۆيگە كىرىۋالىدۇ، "سىقىلغان يۈرەك كېڭىيىش ئىلاجىنى قىلالمىسا، ئىچكى دۇنيانى قېزىشقا باشلايدۇ" (ھيۇگو).

پاسپورتى يوق ئادەم دۇنيانى ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئارقىلىق چۈشىنىشكە مەجبۇر بولىدۇ. پاسپورت دۇنيادا تېخى سىياسىي قىمارنىڭ ئاخىرلاشمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بەلگە. دەل پاسپورت دېگەن نەرسە مەۋجۇد بولغاچقا، كىشىلەرنىڭ مىللەت تۇيغۇسى كۈچەيگەن، ۋەتەن ئۇقۇمىنىڭ كېڭىيىشى توختاپ قالغان، دۇنيا چۈشەنچىسى تارايغان، شۇنداق بولغاچقا، ئادەم ئاتىنىڭ باللىرى بىر - بىرىگە دۈشمەنلىك قىلىدىغان بولغان. كىشىلەر ئارا دوستانە نەزەر بىلەن

قاراش گويا زامانىمىز تارىخىغا يىراق مەۋھۇم مەسلەككە ئايلىنىپ قالغان.

مەن ۋەتىنىمدىن ئۆزگە دۇنيانى كۆرۈپ باقمىدىم. گەرچە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بىردەك قۇچاقلىغۇم كەلسىمۇ، ئۇنداق قىلالمىدىم. بۇنىڭ نىمە ئۇچۇنلىكىنى بىلەلمىگەن چاغلىرىمدا ئىختىيارسىز ھالدا دۇنيا خەرىتىسىنىڭ ئالدىغا بىرىپ قالىمەن. مانا ئالدىمدا خەرىتە، لىكىن ئۇنىڭدىن دۇنيانى ئەمەس، بەلكى دۇنيا ھەققىدىكى غۇۋا ئۇقۇمنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئەنە ئاۋۇ كۆپكۆك تۈرگىنى دىڭىز، لىكىن ئۇنىڭدىن چوڭ بىلىقنىڭ كىچىك بىلىقنى يىيگەنلىكىنى، سۇلارنىڭ شىددەتلىك نەرە بىلەن قىيا تاشلارغا ئۇرۇلغانلىقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئەنە ئاۋۇ توخۇنىڭ كۆزىدەك تۈرگانلىرى شەھەر، لىكىن ئۇنىڭدىن تۇرمۇش رىقابىتىنىڭ شەپقەتسىز مەنزىرىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. كۆز ئالدىمدىكى ھەربىر رەڭ بىر دۆلەتكە ئورتاق مىللىي ئىرادە ۋە ئەقىدە ئۇيستىگە قۇرۇلغان خوجايىنلىققا ۋەكىللىك قىلاتتى. بۇ رەڭلەرنىڭ دائىرىسى بىر - بىرى بىلەن تەڭ بولمىسىمۇ، بەزىسى زىيادە چوڭ، بەزىسى كىچىك بولسىمۇ، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ خوجايىنلىق ھوقۇقىغا ئوچۇق - ئاشكارا زەرەر يەتكۈزەلمەيتتى. خەرىتىگە ئۇزاق قاراپ كۆزۈم تورلاشقاندەك بولدى، بارلىق رەڭلەر بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ، رەڭ تۈركۈمى ئېنىق بولمىغان بىر دۇنيا مانانلىق كۆزلىرىمدە ئەگىشكە باشلىدى. مەن كۆزۈمنى بىر ئۇۋۇلۇۋېتىپ، خەرىتىگە يەنە قارىدىم. توۋا، چىگرىلارنى بىلدۈرىدىغان سىزىقلار ئاساسەن تۈز بولمايدىكەن. باراۋەر ئىرادىلەرنىڭ كېلىشىمى ياكى مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئىرادە ئۇيستۈنلۈكى بىلەن سىزىلغان پاسىللار تۈزدەك قىلاتتى. بۇنداق تۈز سىزىقلار كانادا، ئامېرىكا ۋە ئافرىقا زېمىنلىرىدا بار ئىدى. رەڭ رەسساملارنىڭ نەزەرىدە ئېستېتىك مەنىگە ئىگە بولسا، جۇغراپىيونلارنىڭ نەزەرىدە سىياسىي مەنىگە ئىگە ئىدى. مەن ئېستېتىكا ئەھلى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ۋانگوك، سىزانلارنىڭ رەسىملىرىدىن زوق ئالغاندا، رەڭ ئىچىدىن رەڭ ئاختۇرۇپ ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىم. چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا سەنئەتكارلارنىڭ رەڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئىندىۋىدۇئال دۇنياسىنى تاپقىلى بولاتتى. شۇ ئادىتىمنى بەزىدە خەرىتە ئالدىدىمۇ جارى قىلىپ تاشلايمەن. تەبىئەتتە يىلپىز جەرەن ئوۋلاپ يىسە، ئادەملەر يىلپىزنى ئوۋلاپ يىيەلەيدۇ. ئەمدى ئادەملەرنىڭ ئادەم ئوۋلىشىنى ئالساق، بۇ، ئىجتىمائىيەت سەھنىسىدىكى ھادىسىلەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالىدۇ. ھاياتلىق تۈركۈملىرى بىر - بىرىنى سىڭدۈرىدۇ، ئاپئاق قىش يىشىل كۆكلەمگە سىڭىپ كەتكەندەك، رەڭ رەڭگە سىڭىپ كېتىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ.

تەبىئەتنىڭ خاھىشى بويىچە ئالمىشىدىغان پەسىللەر قىر - داللارنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتكەندەك، تارىخنىڭ خاھىشى خەرىتىدىكى رەڭلەر ۋە سىزىقلارنىڭ ئورامىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس گېروسىنىڭ "بوز قىر ئىمپېرىيىسى" ناملىق تارىخ ئەسىرىگە قوشۇمچە قىلىپ بىرىلگەن تارىخىي خەرىتىلەرنى كۆرۈپ، ھەرقانداق خەرىتىنىڭ ئادەملەر تەرىپىدىن سىزىلىشىدەك ئاددىي ھەقىقەتنى مۇرەككەپ كەيپىيات ئىچىدە يىڭىۋاشتىن تەستىق

ئەتكەندىم.

كىشى ئۆز رېئاللىقىدا تۇرۇپ قايمۇققان چاغلىرىدا ئاسانلا ئۆتمۈش تارىخقا باغلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاللىقاچان مۇئەييەنلىشىپ بولغان تەجرىبىلەرنىڭ دولقۇنىدا ئۈزىدۇ. بىراق نامەلۇم تەجرىبىلەر كىشىگە يۈز - خاتىر قىلمايدىغان تەرىزدە كۆتۈپ تۇرغان بولىدۇ. ئۆزىنىڭ بۈگۈنىگە خوجايىن بولالمىغانلارنىڭ ئەتىسى تەشۋىشلىك تۈننى ئۆزىگە ھەمراھ قىلماي قالمايدۇ.

2 - دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، مەن كۆرۈۋاتقان ئاشۇ خەرىتىدىكى رەڭلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدە كۆپ ئۆزگىرىش بولدى. يالتا يىغىنى ۋە پوتسىدام كېلىشىمى خەرىتىدىكى رەڭلەرنىڭ ئۆزگىچە بىر تەرتىپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي قۇتۇپلار ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتتى. بىراق ئىنسانىيەت ئۆزى تۈزگەن كېلىشىم ۋە قائىدىلەردىن يۈز ئۆرۈمەي قالمايتتى، چۈنكى كېلىشىم ئۈستۈن كۈچلەرنىڭ بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنىدىن ئىبارەت ئىدى. بىز ئېيتقاندەك، 1990 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۈستۈن كۈچلەر باش قاتۇرۇپ سىزىپ چىققان پاسىللار بىكار قىلىندى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىمۇ قولىغا قەلەم ئالدى، ئۇلار بۇ قەلەمنى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى سىياھلارغا چىلاپ تۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پاسىللىرىنى سىزىپ چىقىشتى. تىنىمسىز ئىلگىرىلەۋاتقان ئىنسانىيەت ئۈچۈن بۇرۇنقى تارىخ ھامان خاتا يېزىلغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇ ئۆزگەرتىلىدۇ.

مانا، ئالدىمدىكى خەرىتە تىپتىنچ تۇرۇپتۇ، ئۇ شۇ تاپتا پىكىرلەر داۋالغۇپ تۇرغان قەلبىمدىكى دۇنياغا باققاندا، تولىمۇ ئەرزىمەس كۆرۈندى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاشۇ تىپتىنچ ھالىتى رېئال دۇنيادىكى ئۇرۇش ئوتلىرى ۋە ئۇنىڭدىن قېلىۋاتقان جاراھەتنى مەڭگۈ ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. مەن خەرىتىگە قاراپ دۇنيا ئىزدەيمەن، خەرىتە مېنىڭ پىكىرلىك قەلبىمگە قاراپ مەنە ئىزدىمەكتە. ئېنىقكى، مەنىلىك بىر دۇنيا ھامان مېنىڭ ئىسسىق قان ئۇرغۇپ تۇرغان ئالمىدەك يۈرىكىم بىلەن بىللە تۇغۇلىدۇ.

خەرىتىدىكى پاسىللار ماڭا قان ئېقىپ تۇرغان جىلغىدەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. "مەن ئافىنا پۇقراسى ئەمەس، بەلكى دۇنيا پۇقراسىمەن" دەپ توۋلىغان سوقرات ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھايات بولسا، "پاسىل"دىن ئىبارەت قانلىق جىلغا ئالدىدا توسۇلۇپ قالار بولغىيمىدى؟!

سوقرات ئادالەتسىز قانۇن تەرىپىدىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلدى. مانا بۇ قانۇننىڭ قانۇنسىزلىقى. لېكىن سوقرات قېچىپ كېتەلەيدىغان تۇرۇقلۇق، قانۇن دېگەن ئۇقۇمنىڭ مۇقەددەسلىكى ئۈچۈن ئۆلۈمگە رازى بولدى. بۇنى نېمە دەيمىز؟ مانا بۇ قانۇننىڭ ۋىجدانى. قانۇن بىلەن ۋىجدان بىر - بىرىنى تولۇق چۈشەنمىدى، شۇڭلاشقا ئىنسانلار تۈزگەن قانۇنلار ھەقىقەتنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالمىدى.

ئىنساننىڭ شەخسىيتى تەنها بولىدۇ، لېكىن ئىنسانىيەتچىلىك تەنها بولمايدۇ، شۇڭلاشقا ئىنسان ئۆزىدىن ھالقىپ پائالىيەت قىلىشقا موھتاج. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بارلىق كىشىلەر بىر -

بىرىنىڭ دوستلۇقى ئارقىلىق ئۆزلۈكنى كېڭەيتىدۇ ۋە مۇشۇ كېڭىيىشنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىدە ئورتاقلىقنى يارىتىدۇ. مانا بۇ تەبىئىي ئىنسانىنىڭ ئىجتىمائىيلىقى.

مەن بىر ئۇيغۇر يىگىتى، بىراق مەن بۇ يەردە تولىمۇ يىراق ئامېرىكىدا ياشىغان ۋالت ۋېتمان بىلەن ئورتاقلىق تاپالايمەن. ئۇ كۈيلىگەن تەبىئەتنىڭ ئاۋازىنى كىچىكىمدىن تارتىپ 12 مۇقامدىن ئاڭلاپ چوڭ بولدۇم. ئىنسانىيەتنى باغلاپ تۇرىدىغان رىشتە ئەنە شۇنداق چىگىلىدۇ. ئەلىشىر ناۋائىي بىز "ئىنتېرناتسىئونالىزم" ( بەينەلمىنەلچىلىك ) دەپ ئاتايدىغان دۇنياۋى رىشتىنى خوتەن يىگىتى فەرھاد ۋە ئەرمىنىيە گۈزىلى شېرىننىڭ مۇھەببىتى ئارقىلىق يۈكسەك پەللىگە يەتكۈزگەن ئەمەسمىدى؟!

ناۋائىي پاسپورت ھەققىدە بىرنەرسە دېمىگەن، چۈنكى ئۇ زامانلاردا مەنۋىيەتنى يۈگەنلەيدىغان زامانىۋى چەكلەر كۆپ ئەمەس ئىدى. ناۋائىينىڭ قەلىمى ئاستىدىكى فەرھاد زامانىمىزدا بولىدىغان بولسا، پاسپورت ئالالمىغان بولاتتى - دە، بىستون تاغلىرىنى يېرىپ، سۇغا تەشنا خەلقنى خۇرسەن قىلالمىغان بولاتتى.

مەن بۇ يەردە غايىۋى بىر دۇنيانى چۈشەۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئەمەلگە ئېشىشتا رېئال ئاساسلىرى تولۇق تۇرۇپ، مەڭگۈلۈك ئارمان سۈپىتىدە ئاداپ كەتكەن كىشىلىك ئىستىكىم دۇنيانى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈش ھەققىدە سۆز ئېچىۋاتىمەن. بۇ، نورمال بىر ئىنساندا بولىدىغان ئەڭ ئاددىي تەلەپ بولۇپ، ئۇ، قاندۇرۇلمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئىززەت - ھۆرمىتىڭنى قولدىن بېرىپ قويغان بولىسەن.

كىچىكىمدە ئانام، ئۇ تام بەك خەتەرلىك، ئۇنىڭغا ياماشمىغىن، دەيتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا يامىشىپ، ئۇنىڭ كەينىدىكى نەرسىلەرنى كۆرەتتىم. ئانام مېنى، ئۇ تاغلار بەك يىراق، بارغۇچە ھېرىپ قالىسەن، دەپ ئاگاھلاندۇراتتى. لېكىن مەن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي دوستلىرىم بىلەن بىرگە شۇ تاغلارغا بېرىپ، تاغلارنىڭ كەينىدە تاغ بارلىقىنى بىلگەنىدىم.

ھېكمەت: ئولتۇرۇپ تۇرۇپ بىلگەن بىلىملەرگە قارىغاندا، ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇپ ئالغان بىلىملەر جانلىق بولىدۇ.

تەلەپچان ئادەملەر رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسىگە كۆپرەك ئۇچراپ، ئاخىر جىمغۇر بولۇپ قالىدۇ. يىگىتلەردىن زىلۋا بوي، شوخلۇق كۈتىدىغان قىزلار بۇنداق جىمغۇرلۇقنى چۈشەنمەيدۇ. پىكرىي شوخلۇقنىڭ سۆرۈن پوستى بولمىش جىمغۇرلۇق ھازىرقى ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئارقىلىق قولغا كېلىدىغان ئامەتتىن قۇرۇق قالىدۇ.

بىراۋ دېڭىزدىن شۇنداق سوراپتۇ:

ئەي دېڭىز، سېنىڭدە زادى ئوت يوق تۇرۇقلۇق نېمىشقا قايناپسەن؟ قايناپ تۇرۇقلۇق سۈيۈلۈك نېمىشقا سوغۇق؟

ئەي دەردلىك ئىنسان، شۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ؟ سەن قورقىدىغان دوزاخ ئوتى دەل مېنىڭ ئاستىمدا

كۆيىدۇ، شۇڭا قايناپ - تېشىپ تۇرىمەن، ئوت بەك ئازابلىق بولغاچقا سۈيۈم سوغۇق.

دوستلار، مېنىڭ جىمغۇرلۇقۇمنى كەچۈرۈڭلار!

3

مەن مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرىنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. مۇستەقىل خاراكتېر ۋە دۇنيا قاراش يېتىلدۈرگەن كىشىلەر كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى خاس مەنىۋى دۇنياسى بىلەن يۇغۇرۇپ، ئۆزىگە لايىق قىممەتنى ھېس قىلالايدۇ. سەممىي يازغۇچىلار ئۆزلىرى ئۇچراتقان يېڭى نەرسىلەر بىلەن قەلبى ئوتتۇرىسىدا روي بېرىۋاتقان زىددىيەتلەرنى ئەينەن خاتىرىلەپ ئوقۇرمەنلەرگە تاپشۇرىدۇ، بۇ جەرياندا ئۇلار ساددا كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان تەئەججۈپلىرىنى يوشۇرمىغان بولىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئىچىدە گيوتىنىڭ "ئىتالىيە مەكتۇپلىرى" مەندە ئالاھىدە تەسىر قالدۇردى. ئەدەبىي گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئوچىقى ھېسابلىنىدىغان ئىتالىيە گيوتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، گويا پايانسىز كەتكەن سەنئەت مۇزېيىدەك كۆرۈنگەندى، بۇ يەرنىڭ كەچكى شەپىقى، بولزانۇ كوچىلىرىدىكى قايناق بازارلار، چىركاۋ تاملىرىدىكى ھەيۋەتلىك دىنىي رەسىملەر گيوتىنىڭ ئۆز - ئۆزىنى يېڭىۋاشتىن بايقىشىدىكى ئوبيېكتلاردىن بولغانىدى. ئىتالىيىدىكى ئىككى يىللىق زىيارەت گيوتىنىڭ ئىجادىيىتىدە كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغانىدى.

كىتاب ئوقۇش ياخشى ئادەت، بىراق ئەمەلىيەتچىل پىكىرلەر نوقۇل كىتاب ئوقۇشتىن كەلمەيدۇ، كىتاب دۇنيانى ھەرىكەت جەريانىدا كۆزىتىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ياخشى دوست، ئۆزىمۇ توختاپ قېلىش بىلەن بىرگە دۇنيانى تۇرغۇن ھالەتتە چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۆيىقۇ دورىسى. قەدىمكى رىمنىڭ مۇتەپەككۇرى سېنىكا ساياھەت قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىنكار قىلغاندەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ياشلىق چاغلىرىدا كۆپ جايلارنى كەزگەن. ھىندىستاندا موغۇل ئىمپېرىيىسىنى قۇرغان كاتتا ئەربابىمىز زوھۇرىددىن مۇھەممەد بابۇر "بابۇرنامە" دېگەن ئەسىرىدە ئىقلىملار ۋە تەبىئەتكە بولغان شەيدا قەلبىنىڭ دۇردانە ھېكمەتلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. بىز قەيت قىلىۋاتقان بۇ شەخسلەر ئاخىرلىشىپ قېلىۋاتقان مۇشۇ ئەسىرىمىزدىن خېلى ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر. 20 - ئەسىردە ياكى 20 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا چەت ئەللەرنى زىيارەت قىلىش ئومۇمىي يۈزلىنىشكە ئايلاندى، ھەتتا ساياھەتچىلەرنى جەلپ قىلىش ئارقىلىق ئۆزە تۇرىدىغان بىر قىسىم دۆلەتلەرمۇ بار بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر لىنىيىلىرىنىڭ دۆلەتلەرنى تۇتاشتۇرۇشى يەر شارىنى كىچىكلىتىۋەتتى. دەرۋەقە، بۈگۈنكى شارائىتتا بىر رايوننىڭ تىنچلىق، تەرەققىيات مەسىلىسى پۈتكۈل دۇنيا بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ قالدى. بىر رايوننىڭ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقى، سىياسىي مۇھىتى، تەبىئىي مۇھىتى، دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش - قويماسلىقى پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئورتاق مەسىلىسىگە ئايلاندى. بۇنىڭغا قاراپ دۇنيانى كىچىك دېمەي ئامال يوق.

ئەمما، دۇنيا بىز ئويلىغاندەك ئۇنچە ئاددىي ئەمەس. چۈنكى دۇنيانىڭ ھەقىقىي رۇخسارى بىزدىن يىراقتا. بىز ئۇنى پەقەت رەڭ ۋە ئۈن بىلەن قوشۇلغان تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن، تەشۋىقات ئېھتىياجىدىن كېلىپ چىققان ئاخباراتلاردىنلا كۆرەلەيمىز. بىز ئۆزىمىزدىن تاشقىرى دۇنيانى ئۇقۇم، غايە، مەسىلەكتىن ئىبارەت يات كۆزەينەك ئارقىلىق كۆرۈپ كەلدۇق. شۇڭا، دۇنيانى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ دىتلاپ بېقىشتىن تولىمۇ يىراقتىمىز. بىز ئويلىغان نيۇ - يورك، توكيو دېگەنلەر ئاي شارىدىنمۇ يىراق. بىزنىڭ بۇ يەر گارسىيە ماركوسنىڭ "يۈز يىل غېرىبلىق" ئەسىرىدىكى ماكاندو كەنتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. جاھان كۆرمىگەن ئادەملەرگە چەت ئەلنىڭ نەرسىلىرى سىرلىق ھەم ئەتىۋار نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. خۇددى دىيارىمىزدىن ئاپىرىپ سېتىلغان تۈرك ئاتلىرى تاڭ پادىشاھىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغاندەك، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پەلتولىرى، ھەرەمنىڭ خورمىلىرى، گېرمانىيىنىڭ شلەپىلىرى بىزنىڭ ئەڭ مەلۇماتلىق كىشىلىرىمىزنىڭ روھىنى زىلزىلىگە سالدى. "يۈز يىل غېرىبلىق" رومانىدىكى سىگان كىشىسى مېرگادىس ئېلىپ كەلگەن ماگنىت ماكاندو كەنتىدىكى لاخشىگىر، مەش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۆزىگە - دۈمدە قىلىۋېتىپ، خالايىقنى ھەيرانۇھەس قىلىۋېتىدۇ. "ئىلىم - پەن ئارىلىقنى قىسقارتتى، دەيدۇ مېرگادىس، پات ئارىدا كىشىلەر بوسۇغىدىن چىقمايلا دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىدە بولۇۋاتقان ئىشنى كۆرەلەيدىغان بولىدۇ". مېرگادىس بۇ گەپنى دەۋاتقاندا، ئېزىلىش، تالان - تاراج ۋە كەمسىتىش ئىچىدىكى لاتىن ئامېرىكىسى ئۆزىنىڭ بىچارە ھاياتىنى داۋام قىلدۇرۇۋاتاتتى.

بۈگۈنكى لاتىن ئامېرىكىسى غېرىب ئەمەس، ئۇ ئەمدى ھەرگىزمۇ ماگنىتقا ھەيران قالمايدۇ، ئەكسىچە ئۇلار يېڭى - پارلاق ئىستىقبالى ئارقىلىق باشقىلارنى ھەيران قالدۇرماقتا. بۈگۈن ئۇلاردا دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ ياراتقۇچىلىرى ئەڭ كۆپ، ئۇلارنىڭ پۈتبول تارىخىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلىرى "ئىللىئادا"، "ئودىيسسا" جەڭنامىلىرىدەك قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە.

بىزدە بىرەر يازغۇچىنىڭ بىرەر پارچە ئەسىرى چەت ئەلدە ئېلان قىلىنىپ قالسا ھاياجانلىنىپ كېتىمىز. بىز ئۆزىمىزنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشىمىزنى بەك ئارزۇ قىلىمىز، ئۆزىمىز ئۆزىمىزنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايمىز. كونسېرتلىرىمىزدا بىر - ئىككى نەپەر چەت ئەللىك ئولتۇرۇپ بەرسە، ئۇلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ سۈرەتكە ئالىمىز. بىزگە چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ شەكلەن قىسمىلا كىرىدۇ، ئىجادچان روھى كىرمەيدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى نېمە ئۈچۈن؟

بىر ئېغىز گەپ بىلەن جاۋاب بەرگەندە، بىكىنمە رايون كىشىلىرىگە نىسبەتەن چەتتىن كەلگەن بۇيۇملار سېھرىي كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

بىكىنمىچىلىك باشقىلار ئېيتقاندەك، تارىخنىڭ مەھسۇلىمۇ؟ بىز بۇنداق دېگۈچىلەردىن: "سىز دەۋاتقان تارىخ قانداق تارىخ" دەپ سوراشقا مەجبۇرمىز. بىز ياشاۋاتقان بۇ رايوننىڭ تارىختا مەدەنىيەت دوقمۇشى بولۇپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنى ھېچكىم رەت قىلالمايدىغۇ؟ جۇڭگودا تارىخ

دېگەن ئۇقۇم ئۆزىنى ئاقلاش ۋە تەسەللى بېرىشنىڭ گۈماشتىسى بولۇپ قېلىشتىن خالىي بولالماي كەلدى.

بىر قېتىم كىتابخانىغا بارغاندا جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ چەت ئەل زىيارىتى ھەققىدە يازغان ئەسەرلىرى مەجمۇئەسىنى كۆرۈپ قالدىم. بۇ يازغۇچىلار ۋاڭ مېڭ، ليۇ شىنۋۇ، جاڭ جيې، جاڭ كاڭكاڭ قاتارلىقلار ئىدى. مەن ۋاڭ مېڭنىڭ شىنجاڭ تېمىسىدىكى ئەسەرلىرىنى ياقتۇراتتىم، شۇڭلاشقىمىكىن، ۋاڭ مېڭنىڭ كىتابىنى قولۇمغا ئالدىم. كىرىش سۆزىنى ئوقۇپلا ياقتۇرۇپ قالغاندەك بولدۇم - دە، سېتىۋالدىم. كىرىش سۆز 1959 - يىلى يانۋاردا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور شۇ چاغقىچە جەمئىي 40 قېتىم چەت ئەلگە چىققانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەنىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، دەي خۇيىيىڭنىڭ ئامېرىكىدا تۇرۇپ يازغان مەكتۇپلار توپلىمىنى كۆرگەنىدىم. جاڭ شيەنلياڭ قاتارلىق نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ چەت ئەلگە لېكسىيە ئوقۇغىلى چىققانلىقىنى ماتېرىياللاردىن كۆرگەنمەن. دېمەك، ئۇلار ئۇچۇن چەت ئەل قوغۇنلۇقنىڭ يولى ئىدى.

بىزدە ئۇنداق ئىشلار يوق دېسەك، "مېتافىزىك" خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولىمىز. بىز چەت ئەللەرگە زىيارەتكە چىققان يازغۇچىلارنى بارماق بىلەن ساناپ بېرەلەيمىز. ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارزۇسىدىكىلەر چەت ئەلگە ئوقۇشقا چىقماقچى بولغانلارغا مۆجىزىگە قارىغاندەك قارايدۇ، ئۇلارنى ئالاھىدە ماتېرىيالدىن ياسالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

يازغۇچى زوردۇن سابىر 1997 - يىلى كۈزدە ئىچكىرىگە قىلغان سەپىرىمىزدە ماڭا چەت ئەلگە چىقىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى، ئەمما پاسپورتى بولمىغاچقا بارالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ ھەسرەتلەنگەنىدى. ئىزدىنىش روھىغا باي بۇ ئۇستاز يازغۇچىمىزمۇ بىز بىلەن خۇددى قېيىدىغاندەكلا ئۇشتۇمتۇت خوشلىشىپ، پاسپورت تەلەپ قىلمايدىغان يەرگە كەلمەسكە كەتتى.

زوردۇن ئاكىنىڭ ۋاڭ مېڭ بىلەن يېقىن ئاغىنە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۆتكەن يىلى كۈزدە بېيجىڭدا زوردۇن ئاكا بىلەن مەھمۇت مۇھەممەت ئىككىسى ۋاڭ مېڭنى ئالاھىدە يوقلاپ كېلىشكەنىدى، ۋاڭ مېڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا كېلىپ بىز بىلەن چۈشلۈك تاماق يېگەندە، زوردۇن ئاكا بىلەن ۋاڭ مېڭ ئىككىسى چاقچاقلىشىپ يانمۇيان ئولتۇرۇشقانىدى. مانا بۇ ئىشلارغىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە بىر يىل بولۇپ قاپتۇ. ۋاڭ مېڭ ئەپەندى زوردۇن ئاكىنىڭ ۋاپاتىنى بەلكىم ئاڭلىغاندۇ، بىراق چەت ئەلگە 40 قېتىمدىن ئارتۇق زىيارەتكە چىققان بۇ مەشھۇر زات زوردۇن ئاكىنىڭ ماڭا ئېيتقان ھەسرىتىنى بىلەمدىغاندۇ؟ بەلكىم ئۇ بۇنى بىلسە ھېسداشلىق قىلار ئىدى، چۈنكى ۋاڭ مېڭ جاپا تارتقان ئىسيانكار زىيالىي.

زوردۇن ئاكا، بىز ئاۋۋال ماۋدۇن مۇكاپاتىنى ئېلىشقا تىرىشىشىمىز كېرەك، نوبېل مۇكاپاتىنى ئېلىش كېيىنكى ئەسىردىكىلەرنىڭ ئىشى، دەيتتى. بىراق ماۋدۇن مۇكاپاتىنى

باھالىغۇچىلار بىزدىكى ئەدىبلەرنى ئويلاشتىمۇ - يوق، بۇنى تېخى بىلمىدۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە خەنزۇ تىلىدا بىۋاستە ئەسەر يازىدىغان غوللۇق يازغۇچىلارنىڭ تايىنى يوق.

قارىغاندا، ئالدىمىزدىكى مەسىلە مۇكاپاتقا ئېرىشىش مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى تەرەققىي قىلىش پۇرستىنى قولغا كەلتۈرۈش مەسىلىسىدىن ئىبارەت بولسا كېرەك. شۇ چاغدىلا ئىقتىسادىي بېكىنمىچىلىكتىن تارتىپ روھىي بېكىنمىچىلىككە قەدەر ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرەلەيمىز. بەزىدە بېكىنمىچىلىك تەبىئىي بولمايدۇ، ئەكسىچە سۈنئىي ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بولىدۇ. بىز بۇنى چۈشىنىشىمىز ۋە چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك.

"ئاساسىي قانۇن" ھەربىر پۇقراغا باراۋەر ھوقۇق بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغانىدى. ئاشۇ ھوقۇقنىڭ ئىچىدە كىشىلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پۇرسەتنىڭ باراۋەرلىكىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە قانۇننى قانۇن تارماقلىرىلا ئىجرا قىلىدۇ، دېسەك خاتا بولىدۇ، چۈنكى قانۇن تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان كىشىلەرمۇ نان يەيدىغان كونكرېت ئادەملەردىن ئىبارەت. دۇنيا تارىخىدا قانۇننىڭ مۇكەممەللىششى ئىككى باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن، بىرى، قانۇن ۋە قانۇن مۇئەسسەسەلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، يەنە بىرى، قانۇننى ئىجرا قىلدۇرۇش ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنىڭ كۈرەش قىلىشى. قانۇن تۈزۈلسىمۇ ئۇنىڭ ھەققانىي يۈرگۈزۈلۈشىنى نازارەت قىلالايدىغان، قانۇن ئۈچۈن كۈرەش قىلالايدىغان خەلق بولمىسا، قانۇن مۇئەسسەسەلىرى چىرىپ كېتىدۇ. جۇڭگودا قانۇننىڭ بارلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ، بىراق قانۇن روھىنىڭ بارلىقىغا بىرنېمە دېمەك تەس. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ھېلىھەم دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى تەكىتلەۋاتامدۇ؟!

ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە رايونلار ئوتتۇرىسىدا كېلىپ چىققان زور پەرقنى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىك ۋە تارىخىي سەۋەبلەر بىلەن ئىزاھلاشقا بەك كۆنۈپ كەتتۇق. بىراق قانۇننىڭ ئىجرا بولۇشىدىمۇ رايون پەرقى بولۇشى كېرەكمۇ؟ قانۇن بۇنىڭدا "ھەئە!" دەپ جاۋاب بەرمەيدۇ، ئەلۋەتتە.

قانۇن ئابستراكت مەزمۇندىن ئىبارەت. قانۇن روھى ئادەم سۇبيېكتىغا ئايلانغان ھەرىكەتتىن ئىبارەت. قانۇن قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن كونكرېتلىشىدۇ. شۇنداق ئىكەن، قانۇن دۆلەتنىڭ باش تېمىسى بولغان خەلقنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلۇشى، ئۇ، خەلقنىڭ روھىي ساپاسى تەرىپىدىن يۈكسەلدۈرۈلۈشى كېرەك. ئەپسۇسكى، بىزدە خەلق تۈرلۈك ھوقۇقنىڭ جاپاكەش دەۋاگەرلىرى سۈپىتىدە قانۇن دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا تەلمۈرۈپ تۇرماقتا.

4

ئۈچ يىل ئىلگىرى قۇددۇس ھاپىز جامائەتنىڭ غۇلغۇلا قىلىشى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن تىلشۇناسلىق ساھەسى بويىچە ستوكھولمدا چاقىرىلغان خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىپ كەلدى. شۇ چاغدا شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بۇ ھەقتە مەخسۇس خەۋەر بېرىپ قۇددۇس

ھاپىزنى "مەھمۇد قەشقەرىيدىن كېيىن بىزدە مەيدانغا كەلگەن ئىككىنچى بۈيۈك تىلشۇناس" دەپ تەرىپلىدى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ قۇددۇس ھاپىزنىڭ ئىلمىي پائالىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنى تەشۋىق قىلىشى خۇشاللىنارلىق ئىش، قۇددۇس ھاپىزنىڭ جاپالىق شارائىتتا ياراتقان بىر قىسىم ئىلمىي نەتىجىلىرىنى ھەقىقەتەن تەشۋىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. بىراق ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھا ئويلانمايلا قىلىنغان تەۋەككۈلچىلىكنى ئاشكارىلاپ قويىدى. "مەھمۇد قەشقەرىي كىم؟ ئۇ، تىلشۇناسلىقتا نېمە ئىشلارنى قىلدى؟ ئۇنىڭ تۈركولوگىيە ئىلمىدىكى ئورنى نەدىن كەلگەن؟" ئاۋۋال بىز ئاشۇ مەسىلىلەرگە قانائەتلىنەرلىك ئىلمىي جاۋاب تېپىشىمىز، ئاندىن قۇددۇس ھاپىزنىڭ شۇ چاغدىكى دىسسېرتاتسىيىسىنىڭ ئىلمىي ۋەزنىنى خەلقئارا نۇقتىدا تۇرۇپ باھالىشىمىز، ئەگەر مۇۋاپىق كەلسە يۇقىرىقى باھانى بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. بىز ئەدىبلىرىمىز ۋە ناخشىچى - مۇزىكانتلىرىمىزغا "تالانتلىق"، "مەشھۇر" دېگەن ناملارنى توپ باھادا باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىۋېرىدىغان بولۇپ كەتتۇق. ھېلىمۇ بىز "ئۇلۇغ"، "تالانتلىق" ئادەملىرىمىزنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاسمانغا چىقىپ كەتمىدۇق. بەلكىم ھەممىمىز ئاشۇنداق كىشلەرنىڭ ئارىمىزدىن كۆپلەپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلىساق كېرەك. بىراق ئۇنداق گۈزەل رېئاللىقنى ھەقىقىي ئارزۇ قىلىدىغان كىشلەر تالانت بارلىقىنى كېلىشتىن ئىلگىرى يارىتىشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى ئويلىشى زۆرۈر.

بىز گاھىدا ئۆزىمىزنى زىيادە ماختاپ كېتىمىز. مەھمۇد قەشقەرىيدىن پەخىرلەنگىنىمىزدە: "كىمنىڭ بار مۇشۇنداق ئالىمى قېنى؟" دەپ ناخشا توۋلىدۇق. باشقىلارنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى ئويلاشمىدۇق. گاھىدا ئۆزىمىزنى كەمسىتىپ ئادەم قاتارىغا ئالماي كېتىمىز. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئاناتومىيە ۋە بىئولوگىيە ئالىملىرى روھىي قاتماللىقنىڭ گېنىتىك ئەنئەنە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان كەشپىياتلارنى ئوتتۇرىغا چىقارغىنى يوق. ئۇنداق بولغاندا، تارىختىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنى ئەيىبلەشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى. شۇنداقلا ئاق تەنلىكلەر تەرىپىدىن قۇل قىلىنغان نېگرلاردىن سوينىكا، مىكائىل جېكسون، ماندېلا قاتارلىقلارنىڭ چىقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى. روشەنكى، بىزدىمۇ تۇغما قاشاشاقلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. روھىي قاشاقلىق ۋە بىكىنمىچىلىك يەنىلا جەمئىيەتنىڭ ئىنسان تەبىئىتىگە خىلاپ ھالدا ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىدۇر.

قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، قارىغۇلارچە يەكلەش، ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى بىلمەي لاپ ئۇرۇش، ئاسماننى قۇدۇقتىن چىقماي كۆزىتىش، بۇرنىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈش، دوپپىسىنى ئەكەل دېسە كاللىسىنى كېسىپ كېلىش، يۇرتۋازلىق، مەھەللىۋازلىق، غەيۋەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق، چېقىمچىلىق، يالغانچىلىق قاتارلىقلار سىياسىي، ئىجتىمائىي بىكىنمىچىلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىللەتلەردۇر.

بېكىنمە رايون خەلقلىرى ئۈچۈن يەرشارى ئىللىق ئائىلە بولماستىن، بەلكى سىرلىق لاگېر، بۇنداق يەردىكى خەلقنىڭ تارىخنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان كۈچ بولمىقى ئاسانغا توختىمايدۇ، ئۇلار كۆپ ھاللاردا ۋەزىيەتنىڭ تەجرىبە ماتېرىيالىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئۆزۈمنى ئالسام، چەت ئەللەردە ئىلىم تەھسىل قىلىشنى، بىلىم ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىدىغان 21 - ئەسىرگە دۇنياۋى ئاڭغا ئىگە زىيالىي سۈپىتىدە كىرىشنى ئىنتايىن ئارزۇ قىلىمەن.

مەن پۈتكۈل دۇنيانى، ئىنسانىيەتنى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى سۆيىمەن. بىراق بۈيۈك مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىتابىنى ئوقۇپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىگە قاملىنىپ قېلىشنى خالىمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانى كۆرۈشۈم، ئايلىنىشىم، ھەربىر يېڭى نەرسىنىڭ ئىلھامى ئارقىلىق ئىدىيەمنى تۈزىتىشىم، ئۆزۈمنىڭ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان خاس تەپەككۇرۇمنى قۇرۇپ چىقىشىم كېرەك.

"سۆيۈ ھەم سۆيۈل، بەخت دېگەن ئەنە شۇ" دېگەن گەپ بار. مەن ياشلىقنىڭ ھارارىتى تېپىپ تۇرغان ئىسسىق لېۋىمنى كۆزنىڭ سوغۇق ھاۋاسىغا سوزدۇم.

1998 - يىل ئۆكتەبىر

# ئەزمەتلەرنى نەدىن تاپىمىز؟

— نىتزىنىڭ "زاراتاستىر شۇنداق دىيدى" ناملىق ئەسىرىگە ئىشارە:

فرىدرىخ نىتزى بىزدە تونۇشتۇرۇلغان ئازغىنا پارچە ئەسەرلىرى بىلەن پاكىز ئىنسانلىلىققا تەشنا ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ئانچە نامەلۇم ئەمەستۇر. تەپەككۇرنىڭ بۇ تىنچىق ئاخشاملىرىدا شۇۋىقەدىرگە ئىنتىزار كىشلىرىمىز "زاراتاستىرنىڭ مۇقەددىمىسى"، "نىتزى ئەقلىيەلىرى" ئارقىلىق گېرمان پەلسەپىسىنىڭ دىڭىزىدىن بىرقانچە قەترە مەلھەم تاپتى. گېرمان خەلقى بىر قېتىملىق ئەسەبىي ئۇرۇشنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىدىن كېيىن ئېغىر چۈشكۈنلۈك ئازابىنى تارتتى. مۇشۇ ئەسىردە گېرمانىيە ئىككى پارچىغا بۆلۈۋېتىلدى. گيوتى، شىللېر، گېگىللارنىڭ گېرمان مىللىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان غۇرۇرى ۋە ئىنسان ھېسلىرىنى ئويغاتقۇچى پىكىرلىرى تامامەن تىرىك روھ سۈپىتىدە ئېغىر خورلۇققا ئۇچرىدى. بۇ روھ گېرمان خەلقىنىڭ بۆلۈنگەن ھالەتتىكى مۇنقەرز قىسمىتىنى كۆرۈشنى قەتئىي خالىمايتتى. چۈنكى ئۇلار ئىنسانىنىڭ غۇرۇرى، مەنىۋى كامالىتى، مىللىي ئاڭنىڭ سەلتەنىتى، دۆلەتنىڭ قۇدرىتى ھەققىدە شۆھرەتلىك قۇرلارنى يېزىشقانىدى. ئاشۇنداق ئۇلۇغ پىكىر ئىگىلىرىنىڭ ۋەتىنى ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. لېكىن بۇنداق بۆلۈنمە ھالەت ئۇزاققا بارمىدى. كىشلەر يېقىندىلا بېرلىن شەھرىنى ئىككىگە بۆلۈپ تۇرغان بېتون تامنى يەنە شۇ گېرمان خەلقىنىڭ ئۆز قولى بىلەن پاچاقلاپ تاشلىغانلىقىنى كۆردى. بېرلىن تېمىنى چېقىشقا باللارمۇ قاتناشتى. ئۇلار ۋەتەنىنىڭ ئىستىقبالىغا پۈتلىشىدىغان توسۇقلارنى يارغۇچى كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە تارىخ سەھنىسىدىكى تېگىشلىك رولىنى ئېلىشتى. ئەڭ مۇھىمى، كېلەچەكنى ھەممىدىن مۇھىم بىلىدىغان گېرمان خەلقى ئۆز باللىرىغا غۇرۇردىن بىر قېتىملىق جانلىق دەرس ئۆتۈشنى ئۇنتۇپ قالمىدى.

كىشلەر يەنە ئارقىدىنلا بۈگۈنكى ياۋروپا سەھنىسىدە گېرمان خەلقىنىڭ ھەيرەتتە قالدۇرغۇچى تېتىك جەۋلانىنى كۆردى. ئۇلار ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەشەببۇسكارلىق ئورنىنى تېزلا تېپىۋالدى ۋە 21 - ئەسىر ھارپىسىدىكى ئىقتىسادىي ئۇرۇش دەۋرى غالىبلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

تارىختا مۇتلەق تەلەيلىك مىللەت بولغان ئەمەس. بىر مىللەتنىڭ جاسارىتى، غالىبلىقى ۋە ئۆتكۈرلۈكى دەل ئۆزىدىكى ئۇلۇغلۇق سەۋەبلىك گاھىدا تارىخنىڭ ئۇزۇن مۇساپىلىق ھاقارەتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇلۇغلۇق دەل ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ئىچىدە بىر مەھەل ئارام ئېلىپ، كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئۆزىنى قايتىدىن لايىھىلەيدۇ - دە، يېپيېڭى قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۆزىنىڭ شۇ خىل ئۇلۇغلۇقنى جاپالىق يىللاردا يىتتۈرۈپ قويغان مىللەت تەزكىرىلەرنىڭ بىرقانچە قۇرىغا ئىگە بولالايدۇ، خالاس. كېلەچەك ھەرگىزمۇ ئۇنىڭغا مەنسۇپ ئەمەس.

گېرمان خەلقى ئېغىر قولدىن بېرىش دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى، لېكىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى. نېمە ئۈچۈن گېرمان خەلقى جىق مۈلۈكلەردىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئەجدادلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىدىن ئايرىلمىدى؟ ئۇلار پىكىر قىلىشنى، ئىجاد قىلىشنى، ئەمگەك قىلىپ بايلىق يارىتىشنى تاشلاپ قويمىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۇلار بىر پەلسەپە مىللىتىگە خاس ئەنئەنىسىنى ھەرقانداق شارائىتتا ئۈزۈپ قويمىدى، ئەكسىچە، زامانغا يارىشا تەرەققىي قىلدۇردى.

گېرمان مىللىتى باشقىلاردىن خەير - ساخاۋەت كۈتۈشكە ئىنتايىن ئۆچ. ئۇلار باشقىلاردىن تەمە قىلىپ باقمىدى، تۈگىمەس بايلىقنىڭ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستى، جىسمانىي كۈچى، ساپ گېرمان غۇرۇرىغا يوشۇرۇنغانلىقىدىن قىلچە گۇمان قىلمىدى. "يوقالسۇن ئاجىزلار!" مانا بۇ، بىز سىزگە تونۇشتۇرماقچى بولغان بۈيۈك گېرمان پەيلاسوپى نىتزىنىڭ سۆزى. نىتزىنىڭ پەلسەپە دۇنياسىدىن بىر خىل ئەركەكچىلىك، مەردانىلىق، بۇزۇپ قايتىدىن يارىتىش روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ جۈملىلىرىدىن ئافراسىياپ، ئاتىللا ۋە بابۇرلارنىڭ سىماسى چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ پەلسەپىسى ئاياللار تېپىدىكى نازۇك مىجەز، ئەۋرىشىم، زەردى يوق ئەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، خاراكتېر جەھەتتىن تولۇقلاش قىممىتىگە ئىگە. 20 - ئەسىردىكى ئىشخانا مەدەنىيىتى ئەرلەرنى ۋۇجۇدىدىكى ئەركەك تۈكلەردىن مەھرۇم قىلدى. ئەر ۋە ئاياللارغا بولغان ئىش تەقسىماتىنىڭ ئوخشاش بولۇشى، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى روشەن خاراكتېر پەرقىنى يوق قىلىۋەتتى. ئاياللار ئۆزىدە يوق بولغان قەيسەر تەۋەككۈلچىلىكنى تاپالمايدىغان، ياۋايىلىقىقا سېزىك روھي دۇنياسىنى قاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى.

زامان تەۋەككۈل قىلىشتىن قورقىدىغان، تىرىك ۋاقتىدا قەبرىسى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان، ئۆز رىزقىنى باشقىلارنىڭ ئېتىبارىدىن ئىزدەيدىغان غىلجىڭ ئەرلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. ھوقۇق دەرىخىنىڭ ئاستىدىن يىگىلەپ تۆكۈلۈپ قالغان غورىلارنى ئىزدەپ جان باقىدىغان، شۆھرەت ئىگىلىرىنىڭ يېنىدىن مەدەت تىلەيدىغان بازار چۈشەنلىرى ھالال داستىخانلاردىكى تائاملارنىمۇ بۇلغاپ تاشلىدى، بۇنداق ئەخلاق كرىزىسى نەدىن كېلىدۇ؟

ئۆتكۈر مەسىلىلەرنىڭ تەييار جاۋابى بولمايدۇ. تەييار جاۋاب سىز ئۆزىڭىز دۇچ كەلگەن تۈگۈنگە دال بولالمايدۇ. ھەركىم ئۆز مەسىلىسىگە ئۆزى جاۋاب تېپىشى كېرەك. سىز پىكىر قىلىشقا ئىنتىلىسىڭىزلا، جاۋابقا ئېرىشتۈرىدىغان تۈرتكىنى تاپالايسىز.

روھي ئاجىزلىق بارلىق مۇنقەرزلىكنىڭ ئانىسى. شۇڭا ئىنسان ئۆز تەقدىرى ھەققىدىكى بۈيۈك قۇرۇلۇشنى خاراكتېر تەربىيىسىدىن باشلىشى كېرەك. بىر مىللەت ياكى بىر دۆلەتمۇ ئۆز پۇقرالىرىنىڭ خاراكتېر مۇكەممەللىكى ۋە ئەخلاق گۈزەللىكى ئۈستىگە قۇرۇلسا، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچى تەڭداشسىز بولىدۇ. ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئويلاش، پىكىر قىلىش ۋە ئىجاد قىلىش جەھەتتىكى نورمال خاسلىقىنى ھالاك قىلىپ تاشلىغان پادىشاھ ئېغىر ئەقىل نامراتلىقى ئىچىدە ۋەيران بولىدۇ.

ستاتىستىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ھازىر بىزدە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ نېمىنى يەيدىغانلار ناھايىتى كۆپ. بىراق ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئويلاندۇرۇش قىممىتىگە نېمە ئۈچۈن نامرات؟ نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تالايلىرى نە بىر تارىخىي ئابىدە، نە بىر يېڭى مەدەنىيەتنىڭ باشلىنىشى، نە بىر غۇرۇرنىڭ سەلتەنىتى بولالمىدى؟

مەسىلە بىزنىڭ پەلسەپە نامراتلىقىمىزدا. بىزدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىكلىگەن دۆلەت ۋە ھوقۇق، قانۇن ۋە ئەخلاق توغرىسىدىكى ئىلمىي تەلىمات ئەنئەنىسى ئۈزۈلۈپ قالغان، ئۇنىڭ ئورنىنى ئىجاد رەۋىشى كەمچىل شېئىرىيەت تەلقىنى ئىگىلىگەن. ئاخىر، شائىرلىرىمىز ساپاسىنىڭ بۈگۈنكى زاۋالى يېتىپ كەلگەن.

بىز مىسكىنلىك ۋە گۇمراھلىقتا پاتقان، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇنبەتلىكىدىن مەھرۇم بولغان مەدەنىيەتتىن قانداق قۇتۇلىمىز؟

ئارىمىزدىكى ھەربىر شەخسنىڭ غۇرۇرىنى، ھەربىر شەخسنىڭ دۇنياغا كىلىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك بولغان ئەڭ ئەقەللىي قەدىر ـ قىممىتىنى دەخلىسىزلىك مۇھىتىغا باشلىيالىساقلا، مەدەنىيىتىمىز ئۆلۈك سۇدەك بېزەپ قىسمىتىدىن خالاس بولىدۇ.

فرىدرىخ نېتزىنىڭ "زارا ئاستېر شۇنداق دەيدۇ" ناملىق ئەسىرىدە بىزگە لازىملىق ئاشۇنداق خۇرۇچلار بار. لۇشۈن ئەپەندىنىڭ بەدىئىي قېنىدا نېتزىنىڭ ئىرسىي ئامىللىرى روشەن تېپىلىدۇ.

نېتزى شۇنداق ئادەم:

ئۇ، ھاسا تاياقتا تايىنىپ كېتىۋاتقان توكۇرنى كۆرسە ھاسا تاياقنى تارتىۋالىدۇ.

نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىسەن؟

دۇنيادا ھاسا بولغاچقىلا توكۇرلار كىلىپ چىققان. سىلەر توكۇرلارنىڭ ھاسىسىنى تارتىۋېلىڭلار، شۇ چاغدىلا ئۇلاردا ساغلام پۇت كۆكلەپ چىقىدۇ.

نېتزى بۈركۈتنىڭ نوچىلىقىنى چۆلدىن ئايرىپ قارىمايدۇ. سىز ئۇنىڭ ئەسرى بىلەن پات ئارىدا يۈز كۆرۈشىسىز.

1999 - يىل فېۋرال

# ئەيىبسىز ئەيىبدارلىق

ماۋزۇدىن ئىككى خىل مەنە چىقىدۇ. بىرى، ئەيىبدار بولۇشنىڭ ئۆزى ئەيىبسىزلىكتۇر دېگەن مەنە، لېكىن بۇ بىر قاراشتىلا مەلۇم بولىدىغان تاشقى مەنىدۇر؛ يەنە بىرى، ھېچقانداق ئەيىب يوق تۇرۇپ ئەيىبدار بولۇپ قېلىش دېگەن مەنىدە. بىز كېيىنكى مەنىنى بويلاپ ئىچكىرىلەشنى مەقسەت قىلدۇق.

**1**

مۇقەددەس كىتابلاردىكى رىۋايەتلەرگە كۆرە ئىنساننىڭ زۇۋۇلىسى تۇپراقتۇر. ئەمما بۇ زۇۋۇلغا ئىرادە قىلغۇچى قۇدرەت ئىگىسى ئاشۇ زۇۋۇلدىكى ماھىيەتنىڭ زاتىنى بېشارەتتىدۇر. بۇ يەرگە كەلگەندە سۆز ئۇستىسى ۋە مەنىلەر غەۋۋاسى ھۇسەيىنخان تەجەللىنىڭ ئىككى مىسراسى ئېسىمىزگە كېلىدۇ:

"دىل سۇۋەيداسى قارادۇر، ھەق نەزەرگاھى ئۇ شۇل،
شاھىدى سىررى ئىلاھىي ئول قاراغا يارغار"

(ئىزاھات: تەجەللى: "قەسىدە"، "ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر" 1981 - يىل نەشرى.)

نەسرىي يەشمىسى:

"ئىنساننىڭ كۆڭۈل نۇقتىسى قاراڭغۇ تەن ئىچىگە ئورۇنلاشقان، تەڭرى شۇ يەرگە نەزەر سالىدۇ، تەڭرىنىڭ يوشۇرۇن ھېكمەتلىرىنىڭ شاھىتى پەقەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ساقلانغان".

بۇ يەردىكى تەن - تۇپراق پانىيدۇر، كۆڭۈل - روھ باقىيدۇر. ئەپلاتون ۋە گېگىللارنىڭ مۇتلەق روھ تەلىماتى بويىچە قارىغاندا، باقىيلىقتا ياتىدىغان پەزىلەتلەر ياخشىلىق تائىپىسىگە كىرىدۇ، بۇ بىرىنچى خىل ماھىيەت بولۇپ، يادرو ئەھمىيەتكە ئىگە. پانىيلىقتا ياتىدىغان ئېلېمېنتلار خۇنۇكلۇك تائىپىسىگە كىرىدۇ، بۇ ئىككىنچى خىل ماھىيەت بولۇپ، ساختا ماھىيەت ھېسابلىنىدۇ. خۇنۇكلۇك ياخشىلىقنى دەۋر قىلىپ يۈز بېرىدۇ ۋە ئۆز نۆۋىتىدە ياخشىلىققا يەم بولىدۇ. ياخشىلىق بىلەن خۇنۇكلۇك (يامانلىق) كۆرۈنۈشتە ئىككى خىل تائىپە بولسىمۇ، ماھىيەتتە بىر نەرسە ياكى بىر نەرسىنىڭ ئىككى تەرىپىدۇر. بۇ ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە يۈزلىنىدۇ. شۇنداق بولغاندا، ياخشىلىق باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش (ئېپتىدا ۋە ئىنتىھا). يامانلىق ياخشىلىق ئۈچۈن مەۋجۇد ماھىيەت بولۇپ، ياخشىلىق شۇنىڭ تۈپەيلى مەڭگۈ ئۆزى ئۈچۈن تەرەققىي قىلىش جەريانىغا ئايلىنىدۇ.

تۇپراقنى ئالايلى، تۇپراق نۇرنىڭ چۈشۈش نۇقتىسى ۋە قايتىشتىكى قاچىش نۇقتىسى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇپراق ئامىللارنىڭ قاتما ھالىتى ، ئۇنىڭدا ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى مەۋجۇد .

كۆڭۈل مۇقەددەس ئىرادىنىڭ زەررىسى سۈپىتىدە تۇپراقتىن نىشان تاپتى ۋە ھەقىقىي زات ئەمەلگە ئاشتى . تەڭرىنىڭ مەنىسى ئوچۇق( زاھىر ) ۋە يوشۇرۇن( باتىن ) بولدى . مۇقەددەس كىتابلاردىكى ھېكايەتلەر ئاشۇ ھەقىقىي زاتنىڭ سىمۋولىدۇر، خالاس. مۇتلەق مەنە ـ ھەقىقىي زاتقا نىسبەتەن ھەرقانداق تەرەپ پەقەت سىمۋولدۇر. سىمۋول ھەقىقىي زاتقا نىسبەتەن چەكلىك ئۆزلۈك، مۇتلەق بولمىغان شەيئىلەرگە نىسبەتەن مەنىسى جۇش ئۇرغان ئۆزلۈك .

ئالەمنىڭ زۇۋۇلىسى نىمە؟ ئىلاھىيەتچىلەر ھەقىقىي زاتقا چىتىپ جاۋاب بىرىدۇ:

ھەزرىتى ئادەم بىنا بولغاندا مەن بىللە ئىدىم .

ھەق روسۇل مىراجغا چىققاندا مەن بىللە ئىدىم .

— مەشرەپ

ئادەم ئاتا بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرى ئارىسىدا قانچىلىك قەرنە ئۆتتىكىن؟ مەشرەپنىڭ ئۆمرى شۇنچە ئۇزاقمۇ؟ مەشرەپ ئىستىمال قىلىۋاتقان "مەن" دىگەن ئىبارە مەشرەپنىڭ خاس ئۆزلۈكىنى كۆرستەمدۇ؟ مەشرەپ "مەن" دىگەندە، ئۇ شۇ ھامان پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئايلىنىدۇ. شۇنداق ئىكەن، مەشرەپ بۈگۈنمۇ بىز بىلەن بىللە، بىر دەقىقىنىڭ ئۆزىدە كىمدۇر بىرسى پۇل ساناۋاتقان، كىمدۇر بىرسى ئىستىقامەت قىلىۋاتقان بولىدۇ، كىمدۇر بىرسى تۇغۇلۇۋاتقان بولسا، كىمدۇر بىرسى سەكراتتا بولىدۇ. مەشرەپ لەھزە ئىچىدە ھەممە ئىنساندۇر.

دىمەك، مەشرەپ "مەن" دىگەندە، ئادەمنىڭ زۇۋۇلىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ زۇۋۇلا پانىي بىلەن باقىينىڭ بىرىكمىسى ، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ بىرگەۋدىسى ئىدى .

كىشىلەر چەكلەنگەن مىۋە ھەققىدىكى ھېكايىنى ئوبدان بىلىدۇ. بۇ ھېكايە شەرق ۋە غەرب خەلقىغە ئومۇمەن تونۇش . بىراق ئاشۇ مىۋىنىڭ نىمە ئۈچۈن چەكلەنگەنلىكى ھەققىدە غەرب ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس .

چەكلەنگەن مىۋە ئەقىلدۇر. ئەگەر ئادەم ئۇنى يىمىسە ئۇنىڭدا خۇداغا ئاسىيلىق كۆرۈلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم ئەقىل مىۋىسىنى يەپ قويۇشتىن ئاگاھلاندۇرۇلغان مانا بۇ غەربتىكى كۆپىلىگەن ئىلاھىيەتچىلەرنىڭ شەرھى .

چەكلەنگەن مىۋە چەكلەنگەن ئەقىل ئەمەس . ئۇ، ئادەمنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى باشقۇرۇشى ۋە سەۋر كۈچى ھەققىدىكى سىناق . چۈنكى ھەر كىمدە ئۆزىنى بىلىش ئاساسىدىكى باشقۇرۇش بولمىسا، ئەركىنلىكنىڭ مەنىسى بولمايدۇ. ھەر كىم ئۆزىنىڭ چىكىنى توغرا تونۇغاندا ئەركىنلىك قان ـ ياشسىز ھالدا ئەمەلگە ئاشىدۇ مانا بۇ شەرق ئىلاھىيەتچىلىرىنىڭ پىكرى .

خۇدا بىلەن ئادەمنىڭ تەسۋىرى ھەققىدىكى ھەرخىل ئەقىدىلەر ۋە باياnlar 19 ـ ، 20 ـ ئەسىرلەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشمايدىغان مەسلەكلەرنى شەكىللەندۈردى .

خرىستىئانىزم غەرب كىشىلىرىنىڭ ئېتىقادى سۈپىتىدە ماددىي مەئىشەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەسىرىنى كېڭەيتتى . ئۇ شۇنداق قارايدۇ:

خۇدا مەۋجۇد . بىراق ئۇ بىزنىڭ مەئىشەتلىرىمىزگە ۋە ئىشرەتلىرىمىزگە ئارىلاشمىسۇن .

روشەنكى ، غەربلىكلەرنىڭ خۇداسى پەقەت بىرخىل سىمۋول سۈپىتىدىكى مەۋجۇدلۇققا ئايلاندى . ئىنساندىكى ئەركىنلىك ھەۋىسى چەكسىز ئىسپاتلىنىدىغان جەريان دەپ قارالدى .

كوممۇنىزم غەرب - شەرق ئىدېئولوگىيىسىدىكى ئوپتىمىزم ئاساسىدا شەكىللىنىپ، ئىلاھىيەتكە دائىر مەزمۇنلارنى سىقىپ چىقارغان . ئۇ، شۇنداق دەيدۇ:

خۇدا مەۋجۇد ئەمەس . ئادەملەر بىردىنبىر سۇبيېكتىپ سۈپىتىدە ئوبيېكتىپ دۇنياغا خوجايىنلىق يۈرگۈزىدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەبىئەت زوروريەتلىرىنى چۈشىنىشى كېرەك . ئادەمنىڭ پائالىيىتى سوتسىيال ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . تارىخ مەلۇكسىزلەر بىلەن مەلۇكدارلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ جەريانى . ئادەم تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى . ئادەم تەبىئەتنى ھامان بىلىدۇ .

روشەنكى ، بۇ يەردىكى ئادەمنىڭ تەبىئەتنى بىلىشى قىسمەنلىكنىڭ ئومۇمىيلىقنى بىلىشىدىن ئىبارەت . كوممۇنىزم تەلىماتى بويىچە، خۇسۇسىيلىق ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ يىلتىزى .

ئىسلامىزم: بىرلا خۇدا مەۋجۇد . شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتىدە خۇدا بەلگىلىگەن قانۇنىيەت بار . ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتى ئاشۇ قانۇنىيەتنىڭ توغرا ئىنكاسىدىن ئىبارەت بولۇشى لازىم . ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىشى ئالەملىك قانۇنىيەتنى تېپىش ئاساسىدىكى مۇقەددەس يۈكسىلىش ، دەپ قارايدۇ .

مەلۇمكى ، تەبىئەت قانۇنلىرى ۋە جەمئىيەت قانۇنلىرى مۇقەددەس قانۇنىيەت ئۈستىگە دەسسەپ تۇرىدۇ، ئاشۇ قانۇنىيەتنى بىلىش يولىدىكى ئىلگىرىلەش ئىنسانىيەتنى بەختكە ئېلىپ بارىدۇ .

يۇقىرىقىلارنى ئىخچاملاپ كۆرسەتكەندە مۇنداق بولىدۇ:

خرىستىئانىزم: خۇدا بار، بىراق ئۇ ئىجتىمائىي قانۇنلاردىن مۇستەسنا .

كوممۇنىزم: خۇدا يوق ، پەقەت ماددىلا بار .

ئىسلامىزم: بىرلا خۇدا بار، ئىنسانلار خۇدانىڭ قانۇننى تونۇغۇچى ۋە ئىجرا قىلغۇچى . جەمئىيەت قانۇنى ئاشۇ قانۇننىڭ ئىنكاسى .

ھېچقانداق ئىجتىمائىي قانۇن بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا تەبىئەت قانۇننىڭ مەۋجۇدلۇقنى ئەسكە ئالالمايمىز . بىراق تەبىئەت قانۇنلىرىدىن ئىلگىرىچۇ؟ ئىنسانلار بۇلارنى تاللىشىپ يۇقىرىقىدەك بۆلەكلەرگە ئايرىلغان .

بىز چەكلەنگەن مېۋە ھەققىدىكى قىسسىنى ئالساق، غەرب ۋە شەرقلىقلەرنىڭ نەزەرىدە،

ئادەم ئاخىر چەكلەنگەن مېۋىنى يېدى ، لەنەتكەردى بولدى . بۇنىڭغا شەيتان ۋاستە بولدى . شۇنىڭ بىلەن شەيتان لەنەتكەردى بولدى . ئادەم جەننەتتىن قوغلاندى . مانا بۇ جازا ئۇقۇمى . بىراق ئادەم نەگە قوغلاندى؟ باقىيدىن پانىيغا قوغلاندى . مۇقەددەس روھ تۇپراق بىلەن يۇغۇرۇلغاندا پانىيلىق ۋۇجۇدقا كەلگەندى . دېمەك ، ئادەم مەڭگۈ قوغلىنىش جەريانىدا، ئۇ مۇشۇ جەريانىدا باقىيلىققا قاراپ ماڭىدۇ. دۇنيادىكى ئەقىدىلەردىن دېرەك بېرىدىغان بەلگىلەر نېمىشقا ياي ۋە يۇملاققا باي؟ نېتزىنىڭ: "زاراتاسترا شۇنداق دەيدۇ" دېگەن ئەسىرىدىكى يىلان بۈركۈت بويىندا ھالقا شەكلىدە ئۇچرايدۇ ئەمەسمۇ؟

بىز بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز: ئادەم تۇپراقتىن يارالدى ، ئۇ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغان تەبىئەتكە ئىگە بولدى . گۇناھ ئۆتكۈنچى ، پانىي ماھىيەت؛ مەغپىرەت بولسا ئاخىرقى ماھىيەت بولۇپ، ئادەم باقىيلىقتا ئاقلانغان بولىدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ يارىلىشىمۇ مەغپىرەت ئەمەسمۇ؟

رىم مۇتەپەككۇرى سىسرو مۇنداق دېگەن: "ئادەمنىڭ ئۆزى ئەيىبلىك ئەمەس، ئۇنىڭ قىلمىشى ئەيىبلىك".

ئادەمنىڭ زۇۋۇلىسىدا گۇناھتىن ئىبارەت پانىي ئېلېمېنت بار. شۇڭلاشقا، گۇناھتىن ئىلگىرى قانۇن تۈزۈلۈپ بولغان بولىدۇ. ئاشۇ قانۇن بىلەن گۇناھ بىر - بىرىگە تاناسىپ ھالدا ئىنساندىكى پىكرىي مەۋجۇدلۇقنى ، يەنى ئازغۇنلۇق ئىچىدىكى تىنچ ئىلگىرىلەشنى دىئالېكتىك رەۋىشتە روياپقا چىقارغان.

2

شەرق ئىبرەتلىك دۇنيا. ھەربىر ئىبرەت بىر ھېكمەتكە ھاملىدار. بىراق ئىبرەتلەردىن تۇغۇلغان ھېكمەتلەر ئاۋامنىڭ قېنىغا ئايلىنالمىغان، بۇ ئەھۋال شەرق كىشىلىرى توغرا قانۇنىي ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ كەتكەندىن كېيىنكى ئەسىرلەردە كۆرۈلدى . شەرق دۇنياسىنىڭ قەدىمكى پارلاق گۈللىنىشىنىڭ توختاپ قېلىشى بۇنى چۈشەندۈرىدۇ. توغرا قانۇنىي ساۋاقلار بىلىش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تاكامۇللىشىش جەريانىدا كېتىپ بارغان بولىدۇ. سۇبستانسىيە ( زات ) نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاللىبۇرۇن ۋايىغا يەتكەن بولىدۇ.

شەرق پەيغەمبەرلەر ۋە دانىشمەنلەر تۇغۇلغان جاي . بىراق ئۇلارنىڭ ئىدىيىلىرىنى كېيىنچە غەرب پەيلاسوپلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ مەنىۋى تەجرىبىسى نۇقتىسىدىن زامانىۋى شەكىلدە ياساپ، ئۆز دەۋرىدىكى روھىي كرىزىسلارغا مۇناسىپ كېلىدىغان مىراسقا ئايلاندۇردى . نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسىگە تەرەت قىلىپ قويىغان قوۋم كېيىن ئۆزى گىرىپتار بولغان قوتۇر كېسىلىنى ئاشۇ تەرەتلىرىنى سۈرتۈپ ساقايتقاندەك ، ئىنسانلار ئۆز دەۋرىدە دۇچ كەلگەن ئىللەتلىرى ۋە بۇ ئىللەتلەر تۈپەيلى تارتقان كۈلپەتلىرىدىن تەقدىرىي كېسەللىكلىرىگە شىپا بولغۇچى مەلھەملەرنى ياسىدۇ. گۇناھى ئەزىملەر دوزاختا پاكلانغاندىن كېيىن، ئاندىن جەننەتكە كىرىدۇ.

مەلۇمكى ، جەننەت ئۈستىدە، دوزاخ ئاستىدا، بۇ ئاچچىق يىلتىزدىن تاتلىق مېۋە دېگەندەك بىر گەپ .

شەرق دانىشمەنلىرى گۇناھ ۋە جازا ھەققىدە ئاقلانە تەبىرلەرنى بەرگەن، بىز ئۇلارنىڭ شېرىن زابانىغا سەمە بولۇپ باقايلى:

بىر ئايال زىنا قىلىپ قويۇپ، قاتتىق پۇشايمان قىلىپتۇ ۋە ئەھۋالنى زاتى مۇبارەك دانىشمەنگە ئېيتىپتۇ:

– ئى زاتى مۇبارەك، مەن زىنا قىلىپ ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزدۈم .

زاتى مۇبارەك ئاڭلىمىغانغا سېلىپ باشقا تەرەپكە قارىۋاپتۇ. ئايال سۆزىنى تەكرارلاپتۇ.

زاتى مۇبارەك يەنە قارىماپتۇ. ئايال سۆزىنى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىغاندا، زاتى مۇبارەك ئېيتىپتۇ:

– بويۇڭدا بارمۇ؟

– بار.

– ئۇنداقتا بوشىنىپ بولۇپ كەلگىن . شۇ چاغدا جازا بېرەيلى .

ئايال بوشىنىپ زاتى مۇبارەكنى ئىزدەپ كەپتۇ. زاتى مۇبارەك:

– بالاڭغا قارايدىغان بىرەرسى بارمۇ؟– دەپ سوراپتۇ.

– يوق ،– دەپتۇ ئايال .

– ئۇنداقتا پەرزەنتىڭ ئىككى ياشلىق بولغاندا كەلگىن .

ئايال بالىسى ئىككى ياشقا كىرگەندىن كېيىن زاتى مۇبارەكنى ئىزدەپتۇ. زاتى مۇبارەك پىكرى ئۆلپەتلىرى بىلەن ئولتۇرۇشقانىكەن. زاتى مۇبارەك ئەھۋالنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۈلپەتلىرىدىن سوراپتۇ:

– ئۇنىڭ بالىسىغا ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلار بارمىكىن؟

بىراۋ ئاتىدارچىلىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. ئايال شۇ دەۋرنىڭ قانۇنى بويىچە تاشبوران قىلىنىپتۇ.

بۇ قىسقىغىنە ھېكايىدە قانۇنىي مۇقەددەسلىك مەزمۇنى ۋە مەغپىرەت ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇ. زاتى مۇبارەك ئايالنىڭ ئىنكاسىنى نىمە ئۈچۈن ئاڭلىماسقا سالدۇ ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جازانى كەينىگە تارتىدۇ؟

ئايال ئۆز گۇناھىنى تونۇغان. ئۆز گۇناھىنى تونۇغانلار ئۈچۈن سوت ئۇنىڭ ۋىجدانىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئۇ، مۇشۇ ئاساستا توغرا قانۇننى تاپىدۇ. مەغپىرەت گۇناھىنى تونۇغانلار ئۈچۈن بېرىلگەن مۇكاپات. ئايال ئۆز گۇناھىنى قايتا - قايتا دەۋا قىلدى، ئايالدا گۇناھقا نىسبەتەن بىلىش كۈچەيدى. مەلۇمكى ، مەغپىرەتمۇ ئاشتى. ھېكايىدە گۇناھ بىلەن قانۇن ئوتتۇرىسىدىكى ئىپىك ئىنسانىي باغلىنىش ۋايىغا يەتكەن بولۇپ، زاتى مۇبارەكنىڭ خۇدا ئالدىدىكى يۈكسەك ئۆزلۈكى بىلەن ئايال ( بەندە ) ئالدىدىكى ئادىمي ئۆزلۈكى بىللە

نامايان بولىدۇ. بۇ ئىش دانىيىلىك مەۋجۇدىيەتچى پەيلاسوپ كېرگىگارتنىڭ: "ھەرقانداق گۇناھ پەقەت خۇدانىڭ ئالدىغا كەلگەندە مەۋجۇد" دېگەن سۆزنى ئەسكە سالىدۇ.

زاتى مۇبارەك قانۇنىدىكى مۇقەددەسلىكنى ئىنسانلارغا بولغان سۆيگۈ ۋە شەپقەتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ھالدا بىجىرىدۇ.

كىشىلەرنىڭ سەمىگە سېلىش لازىمكى، ئىنسانپەرۋەرلىك زىددىيەتلىك ۋە تەشۋىشلىك مۇھىتتا گەۋدىلىنىدۇ، ئۇ ھەرگىزمۇ مۇتلەق خاتىرجەم مۇھىتتىكى تولۇق گۈزەل سەمەرە ئەمەس. بىز بۇنداق ئىنسانپەرۋەرلىكنى دوستويېۋسكىينىڭ ئەسەرلىرىدىن كۆپ ئۇچرىتىمىز. "جىنايەت ۋە جازا" رومانىدىكى راسكېلنىكوف ۋىجدانىنىڭ دەھشەتلىك سوتىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىر ئۇنىڭ دېلوسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ساقچىلارغا ئۆز جىنايىتىنى ئۆزى ئىنكاس قىلىدۇ. توۋۋا قان - ياشلىق ئازابتىن ئېچىلغان رۇجەك بولۇپ، ئۇ، مەغپىرەتنىڭ شولىسىدا سۇس يورۇپ تۇرغان بولىدۇ.

ئىنسانلار بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئەمما دۇنيا ھەرىكەتتە بولغاچقا، بىلىشنىڭ ئەمەلىيەتكە بولغان مۇۋاپىقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ قىيىنلىقى كېلىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن بىلىش دېگەن سۆز بىلمەيدىغان تەرەپلەرنى بىلىش دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدىغان بولدى. ئىنسانلار ئالەمگە نىسبەتەن خاسلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇكەممەل بىلىشنىڭ جەريانىنى مەڭگۈ ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ يەردە بىلىش ۋە بىلمەسلىك دېگەن ئىككى سۆز بار بولدى. ئىنسان زىددىيەتلىك ئامىللارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولغاچقا، ئۆزى ھەققىدىكى بىلىشنى ئەتراپلىق ۋە تەكشى ئېلىپ بارالمىدى. ئىنسانشۇناسلارنىڭ مەلۇماتىدىن كۆرە ئىنسانچىلىق كۆپ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ.

1. نەپس ( يەپ - ئىچىش، جىنسىي ئىستەك، بىلىش ئىستىكى )
2. گۇناھ ( ئۆز بېشىمچىلىق، ھورۇنلۇق، ھەسەت )
3. روھ ( ئېتىقاد روھى، قىزىقىش روھى، مۇھەببەت روھى )

يۇقىرىقىلار نورمال بىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي بولىدىغان تەبىئەتلەردۇر. ئۇلارنى بىر ۋاقىتتا قاندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. ئۇلاردىن قايسىدۇر بىرى يەنە بىرى ئۈچۈن شەرت بولغاندىلا، ئاندىن نورمال قىنىش كېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت جەريانىدا بىر - بىرىگە ئايلىنىدۇ. بىز كىشىلىك مۇناسىۋەت ۋە ئالاقىدە يۇقىرىقىلارنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە كۆزدە تۇتماي قالمايمىز. توغرا ئەخلاق ۋە ھاياتىي كۈچكە ئىگە قانۇن ئۇلارنى تەتقىق قىلىدۇ ھەم مەلۇم دەرىجىدە نەزەرگە ئالىدۇ. ھازىرغىچە ئىنسان تەبىئىتىنى تولۇق ئىنكار قىلىۋېتىدىغان قانۇن چىقمىدى ياكى چىققان بولسىمۇ، ئادالەت شوئارىنى توۋلىماي قالمىدى. جاھان مۇنبىرىگە نەزەر سالساق، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارمۇ "ئادالەت" سۆزىنى شوئار قىلىشقان.

ئىنساننىڭ ئۆزى مۇرەككەپ بولغاچقا، بىلىشمۇ مۇرەككەپ بولغان، بىلىش جەريانىدا خاتالىششنىڭ بولۇشمۇ نورمال ھادىسىگە ئايلانغان. ئۇلۇغ ئالىم برونو: "يەر شارى قۇياشنى

ئايلىنىدۇ" دېگىنى ئۇچۇن كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن. بىرونونى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلغان نەرسە قانۇن ئىدى، كېيىن (تېخى بىر قانچە يىل ئىلگىرى) بىرونو يەنە قانۇن تەرىپىدىن ئاقلاندى. ئۇنداقتا، بىرونونى ئۆلۈمگە بۇيرۇغان قانۇن بىلەن ئۇنى ئاقلىغان قانۇننىڭ قانداق پەرقى بار؟ بۇ يەردە كىشلەرگە "بىلىش" ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغان "جاھالەت" دېگەن سۆزنى ئەسلىتىپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. مەلۇمكى، تارىخ كىشلەر ئويلىغاندەك ئاقىل نەرسە ئەمەس، ئۇمۇ پات - پات خاتالىق ئۆتكۈزىدۇ. تارىخ ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇساپىدە پات - پات تەلۋىلىك قىلىدۇيۇ، ئەمما دەرھال خۇلاسە چىقىرىۋالىدۇ. لېكىن بۇ خۇلاسە نۆۋەتتىكى مۇساپىلەردە ھەممىگە قادىر ئەڭگۈشتەر بولالمايدۇ. يەر شەكلى خەرىتىلىرىدىن مەلۇمكى، تۈپتۈز ئاققان دەريا يوق دېيەرلىك.

دېمەك، توغرا بىلىش بار بولغىنىدەك، ئادالەتلىك قانۇن بار بولدى، خاتا بىلىش بار بولغىنىدەك، ئادالەتسىز قانۇن بار بولدى.

3

قانۇن بولغانىكەن، گۇناھ مەۋجۇد بولغان بولىدۇ، مەسىلە قانۇننىڭ تۈزۈلۈشىدە، جەمئىيەت قانۇنلىرىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئۇستۇنلۇكتە تۇرۇۋاتقان مۇئەييەن كۈچ يېتەكچىلىك قىلىدۇ. جەمئىيەتتىكى بىر - بىرىگە قارشى كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك نىسپىي ئەھۋال، كۈچ پەرقى زىددىيەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى. شۇنداق ئىكەن، قانۇننىڭ مەزمۇنى بىلەن خاراكتېرى ئۇستۇن كۈچنىڭ ئالەم روھىغا بولغان مەيدانىغا باقىدۇ.

كۈچ پەرقى قانداق شەكىللەنگەن؟ بۇنى جەمئىيەتشۇناسلار ۋە تارىخچىلارنىڭ قۇرلىرىدىن ئىزدەيلى ۋە ئۆزىمىزمۇ دىئاگنوز قويۇپ باقايلى.

فرانسىيە مۇتەپەككۇرى ژانژاك روسسو ئارىستوتېلنىڭ:"ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر ئەمەس، بەزىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا ھۆر، بەزىلەر تۇغۇلۇشىدىنلا قۇل" دېگەن ھۆكۈمىنى نەقىل قىلىپ مۇنداق تولۇقلىغان:"دەرۋەقە، قۇللۇق تۈزۈم ئاستىدا تۇغۇلغانلار تۇغۇلۇشىدىلا قۇل بولىدۇ، قۇللار مەھكۇملۇق ئاستىدا ھەممىدىن مەھرۇم بولىدۇ، ھەتتا ئاسارەتتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىدىنمۇ مەھرۇم بولىدۇ".

ئامېرىكىنىڭ نېگىر يازغۇچىسى ئالېكسى خاللى ئىرقىي تەڭسىزلىككە قارشى ئىدىيىدىكى "يىلتىز" ناملىق ئەسىرىدە كونتاكېنتى باشتا قۇل ئەمەس ئىدى، كېيىن قۇللۇققا مەھكۇم بولدى، نەتىجىدە، ئۇنىڭ باللىرىمۇ قۇللۇققا گىرىپتار بولدى. ئابراھام لىنكولن دەۋرىدە قۇللۇق تۈزۈم بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇللۇق تامغىسىدىن قۇتۇلدى.

ئارىستوتېلنىڭ ئادالەت غايىسى تەڭلەر يەنى ئەركىن پۇقرالارغا قارىتا ئېيتىلغان. ئارىستوتېلچە بولغاندا، قانۇن ئۆز نۆۋىتىدە ئىجتىمائىي ئەخلاقنى ھەرقايسى تەبىقىلەرگە تەقسىملەپ بېرىدۇ. يەنى ھۆكۈمران دائىرىلەر ئۈچۈن شجائەت ياخشى پەزىلەت. روشەنكى، بۇ

يەردىكى تەڭلىك ئىدارەت بىلەن ئىتائەتنىڭ چەك بىسىشىدىن كەلگەن.

ئارىستوتېلنىڭ تەبىقە ئەندىزىسى بۇگۈنكى شارائىتتا ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈلگىنى يوق. ئىنساننىڭ تەبىئىتى ۋە ئەقلى قۇللۇقنا قارشى. بىراق ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرگەن قۇللۇق كىشىلەردە ھېچقانداق ئاساسسىزلا گۇناھ تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈردى، ئۇلار توغرا ئىش قىلسىمۇ يۈرىكى پوكۇلداپ تۇردى. ھەقلىق ئىشلارغا دادىل قول تىقالمايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسى ھەققىدە گەپ ئېچىشتىن ئەنسىرەيدۇ. ئادەملەر ئىلاھ ئالدىدىكى گۇناھ تۇيغۇسىنى ئۆزى ئارقىلىق ياكى ئىلاھنىڭ شەپقىتى ئارقىلىق يوقىتالايدۇ. بىراق ئادەملەرنىڭ كۈچ ئۈستۈنلۈكى ئارقىسىدا تۈزۈلگەن قانۇن ئالدىدىكى گۇناھ تۇيغۇسىنى يوقىتىش تەس. ھاياتتا ئادەملەرنى بىرلەشتۈرگۈچى ئاساس يوق ئەمەس، بار. بىراق بۇ ئاساس بۇرمىلانغان شارائىتتا، تەڭسىز قانۇنىي تەرتىپ ئۈزە تۇرغان بولىدۇ. بىز بۇنداق ئەھۋالنىڭ تەمسىلىنى فرانس كافكانىڭ "ھۆكۈم" ناملىق ھېكايىسىدىن كۆرۈۋالايمىز. ياش سودىگەر گېئورگىي بوندمان بىلەن ئۇنىڭ تەرسا، ھاكىممۇتلەق دادىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەركۈز ئەسەر سۇژېتىنىڭ مەزمۇنى. ئاتا زەي - قاراڭغۇ ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇپ ئوغلىنى باشقۇردۇ، ئوغلىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش قىلىشى، دوست تۇتۇشى، توي قىلىشىنى چەكلەيدۇ. ئاخىردا ئۇ ئوغلىنى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلۈۋېلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئوغلى بۇيرۇقنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلىدۇ. قارىماققا بۇ بىمەنە ھېكايە. ئەمما ئۇنىڭدىن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ سۈرىتىنى ئەينەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئاتا بۇيرۇق قىلدى، ئوغلى شەرتسىز ئىجرا قىلدى. بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى بىر تەرەپ قىلدى. بۇ نەدىن كەلگەن قانۇن؟ ئوغلىدا راستىنلا گۇناھ بارمۇ؟ ئۇ، ئاتىسىنىڭ ئالدىدا گۇناھسىز ھالدا تۇرۇپ ھۆكۈم قوبۇل قىلدى.

گۇناھ دېگەن نېمە؟ ئۇ، ھاكىممۇتلەقلىق پەيدا قىلغان تاتۇق.

X X X

كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئادالەت ئالدىدىكى بۇرچىنى تونۇغاندا، ئۇلارنىڭ ئويلىنىش ھوقۇقىنىڭ ئۆزلىرىگە تولۇق مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدىغان ساغلام روھىي ھالەت تىرىلىدۇ، ھەقىقەت سۈمۈرغىنىڭ تۇخۇمى كۆزلەرگە ئايان بولىدۇ.

ھېكمەت: ئادالەتسىزلىك ئالدىدا بۇرچكار بولغان ھاكىمدىن ئادالەت ئالدىدىكى بۇرچىنى ھېس قىلغان قۇل گۈزەلرەك بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەيىبدارلىقى ئىنسانىيلىققا يېقىنراق.

1998 - يىل نويابىر

# ئەنئەنە ۋە تارىخ ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

***ئاپتوردىن:*** *80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا "گۇڭگا شېئىر" ھادىسىسىنى يىپ ئۇچى قىلغان ھالدا مەدەنىيەت ساھەسىدىكى كىشىلىرىمىز ئەنئەنە ۋە ۋارىسلىق ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشقانىدى. غۇلغۇلىنىڭ مەزمۇنى گەرچە ساددا بولسىمۇ، ئۆزىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپىتى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى ئويلىنىشىمىزنىڭ پىلتىسىگە يېقىلغان تۇنجى قېتىملىق ئوت بولۇپ قالدى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا نۇرغۇن كىشىلەر ئەنئەنىنى ئاساسەن ئۆتمۈشنىڭ باغرىدا دۆۋىلىنىپ ياتقان جۇغلانما دەپ چۈشەندى ھەمدە ياشلارنىڭ دەسلەپكى تەۋەككۈلچىلىكى ۋە سىناقلىرىنى نېگىلىزم (ئىنكارچىلىق)نىڭ چارمىخىغا مىخلاشقا ئۇرۇندى. مەزكۇر ماقالە دەل ئەنە شۇ ۋاقىتتا يېزىلغان بولۇپ، مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئېلان قىلىنمىغانىدى. بۈگۈنكى كۆزۈم بىلەن قارىغاندا، ماقالىدىكى قاراشلار تېزىسلاشقان ھالەتتىكى بىخلانما ئىدىيىلەر بولسىمۇ، يىرىك تارىخىي رومان "ئويغانغان زېمىن" شۇنداقلا "بالدۇر ئويغانغان ئادەم"، "ئابدۇقادىر داموللا ھەققىدە قىسسە" قاتارلىق ئوبرازلاشتۇرۇلغان تارىخىي ئەسلىمىلەر جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن، جەمئىيەتتە تارىخ بىلەن تارىخىي شەخس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە بۇ مۇناسىۋەتنىڭ ھازىرچە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان خاراكتېرى ھەققىدە ئازدۇر - كۆپتۇر بىلىش شەكىللىنىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، مەلۇم دەرىجىدە ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە دەپ قارايمەن. ئەمما دەۋر تارىخ، تارىخىي شەخس، ئەنئەنە، مەدەنىيەت، سىياسىي - ئىقتىساد قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەردە پىشقان، ھازىر جاۋاب، ئۆتكۈر نەزەرلىك پىكىرلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن بارلىققا كېلىشىگە جىددىي تەقەززا بولماقتا. مەن ئەينى ۋاقىتتا چېلىققان بۇ "سەرگەردان شولا"نى ئۆز سالاپىتىگە ئەھمىيەت بېرىشكە ئۈلگۈرمىگەن ئەينەن بىر تەرىزدە ئوتتۇرىغا سۇندۇم.*

★ ★ ★

قەدىمكى يۇناننىڭ بىر پەيلاسوپى: "قۇياش ھەر كۈنى يېڭى" دېگەنىكەن. روشەنكى، بىز كالېندار ۋارىقىنى بىر قېتىم ئۆرىگىنىمىزدە، ئۆزىمىزنىڭ مۆئەييەن ماكان، زامان بىلەن بولغان پىسخىكىلىق ۋە فىزىكىلىق مۇناسىۋىتىمىزنى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە بىر تەرەپ قىلغان بولىمىز. بۇ جەرياندا "بۈگۈن" دېگەن ئۇقۇم ئۆتمۈشكە قارىتا ئىنكارلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزىنىڭ ئىچكى قاتلىمىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ. ھەربىر قەدەم بىر ئويلىنىشنى مەزمۇن قىلىدۇ. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ھەربىر بۇرۇلۇش ئۆتمۈشكە قارىتا ئويلىنىشنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ، تەرەققىياتنىڭ سان ئۇقىدا ئۆز يۆنىلىشىنىڭ ئىزلىرىنى قالدۇرىدۇ. ئالايلى، "يۇت" ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، يول مېڭىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى بىردىنبىر ۋاستىسى ئىدى، كېيىنچە بەزى ھايۋانلار

( ئات، ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلار ) قوشۇمچە ۋاستە بولدى، بارا - بارا قۇرۇقلۇق، سۇ ۋە هاۋادىكى ھەرخىل قاتناش ۋاستىلىرى مەيدانغا كېلىپ "مېڭىش"نىڭ ئۇقۇم مەزمۇنى ئاستا - ئاستا بېيىدى. ئەمدىلىكتە، ئۇ ئالەم قاتنىشىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تېخىمۇ كېڭەيمەكتە. بۇ جەريان ناھايىتى ئاددىيدەك كۆرۈنسىمۇ، ھادىسىلەر دېڭىزىنىڭ بىر تامچىسى سۈپىتىدە بىر پۈتۈن تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك ئامىللارنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرىدۇ. بىز "پۇت" بىلەن "چاق"نىڭ مۇناسىۋىتىگە قاراپ باقايلى: "پۇت" ئادەمنىڭ "مېڭىش" ( ئالاقە، ھەرىكەت ) ئېھتىياجى بىلەن تۇغما مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، "چاق" ئۇنىڭ تەقلىدىيەتلىك تۈرلىنىشىدۇر. "چاق"نىڭ سۈبيېكتىپ بىلەن بولغان ئالاقىسى "پۇت" نىڭكىدەك بىر تۇتاش ۋە تەبىئىي بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ سۈبيېكتىپقا بويسۇنۇپ ئۇنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن ئىككىلەمچى رول ئوينايدۇ.

دېمەك، "پۇت" بىلەن "چاق" نىڭ ھەرىكەت شەكلى جەھەتتىكى ئىنكارلىق مۇناسىۋەت ماھىيەتتە مېڭىشنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى راۋاجىمۇ دەل ئاشۇنداق رەۋىشتە داۋاملىشىدۇ. ئادەم ۋاقىتنىڭ چەكسىز ئېقىنىدا ئۆز - ئۆزىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي تۈسنى يەڭگۈشلەيدۇ، تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شەكلىنى يېڭىلايدۇ. روشەنكى، تەرەققىيات دېگىنىمىز، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان ئالاقىسىنىڭ يا ئۇ خىل، يا بۇ خىل ئۆزگىرىشىنى بەلگە قىلىدۇ. ئەنئەنە گويا تەرەققىياتقا نىسبەتەن بىر مەنداش سۆز بولۇپ، ئۇ "تۈنۈگۈن"گە ئايلىنىۋاتقان "بۈگۈن"، "بۈگۈن"گە ئايلىنىۋاتقان ئەتە. ئۇ، مۇشۇ يول ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، دائىرىسىنى كېڭەيتىپ بارىدۇ، مەنىسىنى تولۇقلايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەنئەنە ئاڭنىڭ ئىچكى قاتلاملىرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھاياتىي كۈچ بولۇپ، رېئاللىق ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. گېگىل تارىخ ھەققىدە توختالغاندا: "تارىخ مۇئەييەن زامان ئىچىدە سىرتلاشقان روھ" دېگەنىدى. ئەنئەنىنى تارىخ بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ قارىغىنىمىزدا، يۇقىرىقى سۆزلىرىمىزنىڭ ئىلمىيلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

بىزدە "تارىخ ئادىل ھۆكۈم قىلغۇچى"دېگەن گەپ بار. دەرۋەقە، مەلۇم بىر دەۋردە بەزى نەرسىلەر ئىجابىي تەرىزدە، بەزى نەرسىلەر سەلبىي تەرىزدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئەمما ئۇ كېيىنكىلەرنىڭ نەزىرىدە باشقىچە سۈپەتكە نائىل بولىدۇ. ستالىن ۋە بۇخارىن قاتارلىق تارىخىي شەخسلەر بۇنىڭ ئوبدان مىسالىدۇر.

تارىخنىڭ باھاسى ماھىيەتتە، ئەنئەنىنىڭ ئەنئەنىگە بولغان باھاسى بولۇپ، ئۇ، خەلقنىڭ خاھىشى ۋە ئىنسان تەبىئىتىنى ئۆلچەم قىلىدۇ. مەلۇمكى، ياۋروپادىكى ئەدەبىي ئويغىنىش ھەرىكىتى بۇرۇنقى ئەنئەنە ئۈستىدىكى چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە كەسكىن تەنقىدىي پوزىتسىيىدىن تۇغۇلغان.

ئەپسۇسكى، بىز تېخى ئويلانمىدۇق. ئۆتمۈشنىڭ شان - شۆھرىتى بىزنى غەرق مەست قىلىۋەتتى. باشقىلار قانچىلىك ئىلگىرىلىمىسۇن ئۇلارنى قالاق ۋە زەئىپ ھالىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزگە تەڭ قىلمىدۇق. ھەتتا ئۆز تارىخىمىزنىڭ ئىگىسىمۇ بولالماي باشقىلارنىڭ بىز توغرۇلۇق ئېيتقانلىرىغا ھەمدۇسانا ئوقۇدۇق. ئۆتمۈش ھەققىدىكى شېرىن ئەسلىمىلىرىمىزنى ئۇلارنىڭ ئالقىنىدىن ئىزدىدۇق. ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخى نۇرغۇن شان - شۆھرەت بىلەن تولغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە نۇرغۇن داغلارنىمۇ يوشۇرغان بولىدۇ. ناۋادا پەخىرلىنىش بىلەن يۈيۈشنىڭ بىرلىكى بولمايدىغان بولسا، بۇ ھەقتە پەلسەپۋى ۋە ئەخلاقىي يەكۈن چىقىرىلمايدىغان بولسا، بۇ ئالدى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋشنىڭ مەنىۋى ئاساسىنى يوقاتقانلىق بولىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىر قىسىم تارىخىي مىراسلىرىمىز رەتلىنىپ نەشر قىلىندى. تارىخىي جەھەتتىكى تەتقىقات راۋاجلىنىپ، تارىخىمىزدىكى ھەرقايسى دەۋرلەرنى مەلۇم دەرىجىدە يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان ئەسەرلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ، پېشقەدەم ئالىملىرىمىز، تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن نەتىجە، تارىخ ئۇلارنى ھەرگىز ئۇنتۇمايدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنىڭ بىلەنلا ئۆتمۈشنى تونۇش چوڭقۇرلاشقان بولمايدۇ. بۇ ناھايىتى زور ئېھتىياجنىڭ بەدىلىگە كەلگەن قىمىرلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە، ئۇ ئاز ساندىكى ئويغاق زىيالىيلارنىڭ ئېڭىدىكى نەرسە بولۇپ قالدى. كۆپلىگەن ياشلار ساۋساۋ ھەققىدە ھېكايە ئېيتىپ بېرەلىسىمۇ، بابۇرنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدۇ. تارىخ ئاستا - ئاستا قىزىلىۋاتقان بولسىمۇ، ھازىرقى ئەھۋالنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ يەنىلا ئاچقۇچى يوقاپ كەتكەن يەر ئاستى ئۆيىگە ئوخشايدۇ. تارىخنىڭ يورۇۋشى بۈگۈن ۋە كېلەچەكنىڭ يورۇۋشىدىن ھەمدە مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنە ھەققىدىكى توغرا تونۇشنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. مېنىڭچە، "تارىخ"، "مەدەنىيەت"، "ئەنئەنە" دېگەن ئۇقۇملار بىر - بىرىگە ئاساسىي جەھەتتىن مەنداش كېلىدۇ. ئەنئەنە مەدەنىيەتنى يادرو قىلغان مەنىۋى ھالەتنى كۆرسىتىدۇ. تارىخ بۇلارنى ئۆزىنىڭ ئامىللىرى قىلىپ داۋاملىشىدۇ. شۇڭا "تارىخ ئۇقۇمنى توغرا چۈشىنىۋالالىساقلا "ئەنئەنە"نىڭ جانلىق نەرسە ئىكەنلىكى روشەنلىشىدۇ. "فائۇست"تا مۇنداق مىسرالار ئۇچرايدۇ:

ھەر قەدەمدە ئىستەر ئادەم شادلىق ۋە ئازاب،

بىراق ھەر چاغ ھەممىسىدىن تاپماس قانائەت.

ئادەم ئۆزىنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتكەنسېرى ئۆزىمۇ ئۆزگىرىپ بارىدۇ. ئۆزگەرگەن ئېڭى ئەسلىدىكى شارائىتنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ ھەقتە ۋولس: "ئىنسانىيەت تارىخى ماھىيەتتە ئىدىيە تارىخى" دېگەنىدى. بۇ، ئىتالىيىلىك يېڭى گېگىلىزمچى كىروچېنىڭ: "تارىخ ھەربىر شەخسنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت" دېگەن سۆزى بىلەن ۋارىيانتداش كېلىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، تارىخ ئارقىغا تاشلانغان يىللارنىڭ خاتىرىسى دەپ قارالسا، ئۇ سۆڭەكتەك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ ھەم ئەجدادلارنىڭ خاتىرە تېشى، ھەم ئەۋلادلارنىڭ يولخېتى. دېمەك، ئۇ تىرىك نەرسە.

بىزدە ئۆتكەنلەرنى قەدىرلەش ئۈستىكى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن توغرا يول تاپالمىدۇق. بۈگۈن ئۈچۈن ئۆتمۈشتىن گىرىم ئىزدىدۇق. تارىخ تەتقىقاتىمىز ئاساسەن دېگۈدەك يىلنامە خاراكتېرىنى ئېلىپ قالدى. ئۇلۇغلارنىڭ ئىدىيىسى، سەرگۈزەشتىلىرى، تۆھپىلىرى، تارىختىكى ئورنى تەتقىق قىلىنمىدى. ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە لايىق كېلىدىغان، ئۇلارنى خەلقپەرۋەر روھ بىلەن تەربىيىلەيدىغان ئوقۇشلۇقلار يېزىلمىدى. بۇلارنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، ھەتتا يىلنامە خاراكتېرىدىكى تارىخنامىلەرمۇ ئىزچىللىققا ئىگە بولمىدى. بۇنىڭدا ھەرخىل ئىجتىمائىي سەۋەبلەر بولسىمۇ، تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بەرىبىر چېكىنىش ۋە كېچىكىشتىن ئىبارەت. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، تارىخنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇپەسسەل ۋە ئۇزۇل ـ كېسىل پرىنسىپلىرى يوق؛ تارىخ ھەربىر زامان تەرىپىدىن مۇستەقىل چۈشىنىلىدۇ، شەرھلىنىدۇ، ھەل قىلىنىدۇ. بىزنىڭ تارىخىي تەتقىقاتىمىز ئەسلەش بىلەنلا چەكلەندى، ئەينى يىللارنىڭ قۇپقۇرۇق ئىزناسىلا بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى مەنىۋى قىياپىتىمىز گەۋدىلەنمىدى. تارىخقا بۈگۈنكى زامان مەدەنىيەت يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىلمىي باھا بېرەلمىدۇق. تارىخ شۇنداق نەرسىكى، ئۇنىڭدا ئۆتمۈش، بۈگۈن ۋە كېلەچەكنىڭ پۈتۈن قىياپىتى ئەكس ئېتىدۇ. ئۆتمۈشنىڭ ئۆزىلا تارىخ بولالمايدۇ، بەلكى كەلگۈسنى يارىتىشقا قادىر بولالايدىغان رېئال روھىي ھالەتنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ھەقىقىي تارىختۇر. شۇڭا "بارلىق تارىخنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى زامان تارىخىدۇر" (كروچ). "ھەرقانداق تارىخ ئىدىيە تارىخىدۇر" (كوللىڭۋۇئود). ئەگەر بىرەر ئىدىيىۋى جەريان ھاسىل قىلغان ئىچكى تەرەپ تولۇق نەزەرگە ئېلىنمىسا، تارىخنىڭ نېگىزىنى تونۇش تەس.

ئۇنداق بولسا، بۈگۈنكى رېئاللىق روھىي ھالەت تارىخى ۋە پەلسەپىۋى نۇقتىدىن تەتقىق قىلىندىمۇ؟ نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن! بىزدە تېخى تارىخ ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە بولغىنى يوق، شۇڭا ئەنئەنە ھەققىدە توغرا تونۇشنىڭ بولۇشىدىن سۆز ئېچىشمۇ قىيىن. ئۆزىنىڭ دۇنياۋى ھاياتتىكى رېئال ئورنىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئەنئەنە ھەققىدە گەپ ئېچىشنىڭ ئۆزى كەلگۈسىدە تارىخ ئۈچۈن ئېيتقاندا، "تەۋەرۈك ساددىيلىق" (ئىزاھات: "تەۋەرۈك ساددىيلىق" چېخ سىياسىي، دىنىي ئەربابى يان گوسنى كاپىرلىقتا ئەيىبلەپ ئوتتا كۆيدۈرۈۋاتقاندا، بىر ساددا دىل موماي مۇ ساۋابلىق ئۈچۈن گۈلخانغا بىر قۇچاق ئوتۇن تاشلىغانىكەن، شۇ چاغدا يان گوس يۇقىرىقى سۆزنى ئېيتقان. "فائۇست"تىكى ئىزاھاتتىن ئېلىندى.) بولۇپ قالىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئاجايىپ قىممەتلىك نەرسە بار، بۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ. ئەمما ئۇنى قانداق تونۇش، قانداق تونۇتۇش، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش مەسىلىسى ھەل بولماي كەلدى. "تۈركىي تىللار دىۋانى"دىكى ئىپتىدائىي ئوۋ قوشاقلىرىدىن بۈگۈنكى "گۈڭگا شېئىر"لارغىچە بولغان پۈتكۈل ئەدەبىيات قايسى خىل ئىدىيە ۋە ئېتىقادنىڭ مەھسۇلى بولمىسۇن، بىر سىستېما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسى دەل مۇشۇ ئۆزگىرىشلەر

تۆپەيلىدىن كۆپ قاتلاملىقلا ۋە بىرقەدەر مۇرەككەپلىككە ئىگە. ئۇنىڭ يوروۇتۇلۇشى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئەسىرلەرگە مايىك بولالايدىغان ئالاھىدە بىر تالانتنىڭ بارلىققا كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى تالانت پەۋقۇلئاددە ئېنېرگىيە مەنبەسىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېلەچىكىنى يىغى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلالايدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۇسۇپ خاس ھاجىپنى ئالساق، ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مەدەنىيىتىنىڭ روھىنى ئۆز ئەسىرىدە مۇجەسسەم قىلىپ شانلىق مۆجىزە ياراتتى. روشەنكى، "قۇتادغۇ بىلىك"نى تەتقىق قىلىش ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ سالماق بىر نۇقتىسىنى تەتقىق قىلىش بولۇپ، بۇنىڭدا "قۇتادغۇ بىلىك" مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇنقى نەچچە مىڭ يىللىق ئاساسلار ئاشكارىلىنىدۇ.

مورگان:"دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى تارىم دەريا ۋادىسىغا كۆمۈكلۈكتۇر، قاچانكى شۇ ئاچقۇچ تېپىلىدىكەن، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ سىرى ئېچىلىدۇ" دېگەنىدى. بۇ ئاچقۇچ ئىلمىي ھەقىقەت ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلالايدىغان شىر يۈرەك ئادەملەر تەرىپىدىن تېپىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئەجدادى ۋە ئەۋلادىغا قاتتىق مەسئۇل بولالايدىغان، ئۆزىنىڭ ھەربىر دەقىقىسىنى تارىخنىڭ خۇداسىغا ئايلاندۇرالايدىغان جاسارەتلىك خەلق تەرىپىدىن تېپىلىدۇ. ھايات ئەنە شۇنداق تەقەززالىق ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا، پەننى دەپسەندە قىلىدىغان، بىر - بىرىنى ساتىدىغان، نوپۇزچىلىق قىلىپ "ھەقىقەت" تۇرغۇزۇپ بېرىدىغان خاھىشلار ئەۋجىمەكتە.

دانىيىلىك براندىس:"روھىي جەھەتتىكى گاسلىق گاچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ" دېگەنىدى. ئۇنداق خاھىشتىكىلەر دەل مۇشۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەتتۇر. ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ پەرىشتىلىرىنى ئەنە شۇنداق نادانلارنىڭ ئارىسىغا تۇغۇۋەرسە، ئۇلارمۇ ئەنە شۇنداق بەندىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق!

بىزدە تالانت يوق ئەمەس، ئەمما تالانتنى بايقاش يوق. تالانتنى ئاسرايدىغان، پەرۋىش قىلىدىغان روھ يوق. سەبىيلەرنىڭ ئەركىلەشلىرىگە زوقلىنىپ تىكىلىدىغانلار يوق. نوقۇل ھالدا ئۆتمۈش بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئەنئەنە چۈشەنچىسى شېپى كەلتۈرۈلمۇۋەرسە، كەلگۈسى زامانغا كۆز تىكىپ يىغى بۇلاق كۆزلىرىنى ئىزدەۋاتقانلارمۇ پېشىنى قاقىدۇ.

ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، مائارىپ ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت كرىزىسقا دۇچ كەلمەكتە. تۈزۈلگەن كونسېپىك ۋە كىتابلار ئالىي مەكتەپ مۇنبىرىدە 20 - 30 يىل سارغىيىپ تۇرۇپ جان باقىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇنىڭدىكى ئىبارىلەر ھېسابسىز تەكرارلىنىپ بوپۇنتۇرۇۋقا ئايلىنىدۇ. ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە بولسا، مونەك بولۇپ كەتكەن تەبىرلەرنى باللارنىڭ ئېڭىغا تاڭىمىز، ئۇلار ئۆگىتىپ قويۇۋشتەك بىر تەرەپلىمە مېتودولوگىيىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، ئۆزىگە خاس تەپەككۇر شەكلىنى يوقىتىدۇ. جەمئىيەت يېڭىلىققا موھتاج بولغانسېرى، يېتىشىپ چىققان كۆچلەر كونا رامكىلارنىڭ ئىچىدە تېپىرلايدۇ.

تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب بۇرچنى زىممىسىگە ئالغان مائارىپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ

ئەكسىچە بولغان نەتىجىگە ئىگە بولماقتا. سەھنىلەردە، تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدا كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئامىللار ئاز - تولا بولسىمۇ، ئىجابىي نومۇرلارنىڭ ئازلىقى قاتتىق مەيۈسلەندۈرىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، "ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى" ئۆز بېشىنى قاتتىق سىلكىۋەتسە بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بىزدە مۇشۇلارنى ئويلاپ ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر باسىدىغان ئادەملەر قانچىلىك باردۇ - ھە؟ بۇ، قايسى ئەنئەنىنىڭ مەھسۇلىكىن؟ ئويلىنىش كېرەك، ھەممە نەرسە ئۈستىدە يېڭىۋاشتىن ئويلىنىش كېرەك! بۇ ئويلىنىش كۆز ئېچىپ ئەتراپقا باققاندىلا ھەقىقىي ئىشقا ئاشىدۇ. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەدەنىي، ئىقتىسادىي ئالاقە كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان، يەر شارى خاراكتېرىدە كېڭىيىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، سېلىشتۇرما مەدەنىيەتشۇناسلىق توغرىسىدا ئىزدەنمەي بولمايدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا قارىتا پاراللېل تەتقىقات، تەسىر تەتقىقات، ئۇنىۋېرسال تەتقىقات قاتارلىق سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇللىرى ئارقىلىق تەھلىل يۈرگۈزۈشىمىز، بۇ ئارقىلىق مۇستەقىل ئورنىمىزنى بايقىشىمىز لازىم. بۈنىڭ ئۈچۈن ھەرقايسى ئەللەر ئەدەبىياتىنى پىششىق بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. لېكىن بىز تېخىچە ھومېردىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان ياۋروپا ئەدەبىيات سىستېمىسىنى ئانچە ئۇقمايمىز. ئاسىيا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتى بىز ئۈچۈن تېخىچە مەۋھۇم. بىزدە ئەپلاتون، ئارىستوتېل، شېكسپىر، روسسو، نېتزى، سارتېرى، فرېئود قاتارلىقلارنى بىلىدىغانلاردىن قانچىسى بار؟ مۇشۇلارنى بىلگەن بولساق ئۆزىمىزنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگەن بولاتتۇق.

ئارىستوتېل بىلەن فارابى، شېكسپىر بىلەن ناۋائىي، روسسو بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى سېلىشتۇرغىلى، ئۇلارنىڭ دۇنياۋى ئورنىنى تونۇتقىلى تامامەن مۇمكىن بولاتتى. نېمە قىلىش كېرەك؟ شجائىتىمىز بولسىلا بۇ سوئال ھېلىمۇ كېچىككەن بولمايدۇ.

1989 - 1996 - يىللار

# ئۈنۋان: قاچا بىلەن داشقازان مۇناسىۋىتى

*نېمىس مىللىتىنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مائارىپ ئارمىيەدىن بەكرەك مۇھىم.*

– كارل ياسسپېرس ( گېرمانىيە پەيلاسوپى )

كىمدۇر بىرسى: "ھەممە نەرسە شۇ پېتى" دېگەنىكەن. بىر قارىسا بۇ گەپ شەيئىلەردىكى تەرەققىياتنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان جاھىللارنىڭ گېپىدەك قىلىدۇ، ئەمما سوغۇققانلىق بىلەن قارىسا، ئاز ـ تولا ماھىيەت بار، تاج كىيىپ يۈرگەنلەر بولمىسىلا، پادىشاھلار يوقالدى، دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھانە سالاھىيەتنى تاجنى بەلگە قىلىپلا كۆرگىلى بولمايدۇ. ھازىر ھەممە نەرسە زامانىۋىلاشتى، ئۇلارنى قاراپلا پەرق قىلىش تەس، شۇڭا تاجدارلارنىڭ تاجنى ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئىزدەپ يۈرۈش بىمەنىلىك. "تاج" ماھىيەتلىك مەزمۇننى يوقاتمىدى، پەقەتلا ئېنىق ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان شەكلىنى يوقاتتى. پارقىراق مېتاللاردىن ياسالغان تاجلار گەرچە مۇزېيلاردىن ئورۇن ئالغان بولسىمۇ، تۈرلۈك شەكىلسىز تاجلار ئاۋۇپ كەتتى. بۇ مودا دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ كىيىدىغان ئورگانلىرى ۋە ئۇسۇللىرى كۆپىيىپ كەتتى. شەكىلسىز تاجلار شەكىلسىز باشلارغا كىيىلمەكتە. بۇنداق بولغاندا تاجدارلار ئوتتۇرىسىدا "ئۈرۈش"مۇ يۈز بەرمەيدۇ، ھەسەت ئوتلىرى ئۆز ئوچىقىدا يېنىپ، ھەرھالدا باشقىلارنىڭ پېشىگە ئالدىراپ تۇتىشىپ كەتمەيدۇ. بىز سورۇنلاردا تاجدارلارنىڭ خۇشخۇي، ئوڭلۇق، پېقىرانە قىياپىتىنى كۆرىمىز، ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى تاجدارلارغا خاس ھۇزۇرى ئەشرەپلەرنى كۆرمەيمىز. ئاخىر، شۇنداق بولسىلا كۇپايە بولىدىغان بولدى. چۈنكى بىز ئادەتلىنىپ كەتتۇق. بىز ھەرقانداق ئىشقا پەقەت كۆزنۈپ كەتسەكلا، شەرىئەتنىڭ ئىلغار ماددىلىرى سۈپىتىدە گۈزەل خۇلق دەپتىرىگە كىرگۈزىمىز.

ئۈنۋان زامانىمىز كەسپدارلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاج. ئۇنى كىيىپ يۈرگىلى بولمىسىمۇ، كۆتۈرۈپ يۈرگىلى بولىدۇ. ھازىر كىيىپ يۈرگەنگە قارىغاندا كۆتۈرۈپ يۈرۈش ئاقىلانىراق، چۈنكى بۇنداق تاجلار باشقا كىچىك كېلىشىمۇ مۇمكىن، چوڭ كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈنۋان كىيىپ يۈرىدىغان تاج ئەمەس، ئۇ، زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ شەرەپ ۋە نومۇس تۇيغۇسىغا ئۇيغۇنلاشقان ھالدا كىنىشكىغا نەقىشلىنىدۇ. ئۇ، كىشىلەرگە نامۇناسىپ بولغاندىمۇ سەت كۆرۈنۈپ دەرھال چېلىقىپ كېتىدىغان ئىشلار بولمايدۇ.

ئادەملىرىمىز پىكرىگە گاداي بولسىمۇ شەرەپ تۇيغۇسىغا ئىنتايىن باي. بۇنىڭدىن بىز قانداق پەخىرلىنىشنى بىلمەيلا قالىمىز. ئادەتتە ھەر يىلى ئۈنۋان باھالاش ھەرىكىتى يېتىپ كېلىشى بىلەنلا كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى بىردىنلا ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. يېپىق ھالەتتىكى مۇناسىۋەت ئاشكارا ھالەتكە ئۆتۈپ، سوۋغا ـ سالام ۋە تەبەسسۇملارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەنىلىرى بالاغەتكە يېتىدۇ. كىشىلەر بۇ خىل ئەتەيلىكنى ناھايىتى روشەن بىلىپ

تۈرسىمۇ توغرا چۈشىنىدۇ. چۈنكى خىجىللىق بىلەن قىزىرىش زامانىنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسىگە ماس ھالدا قالاق ئەخلاقىي سىزىمگە ئايلىنىپ كەتتى. سۆھبەتلەردە، رادىئو - تېلېۋىزىيە ۋە مەتبۇئاتلاردا لەنەت ئوقۇلىدىغان شەخسىيەتچىلىك قانچە قىسىپمۇ قىسقىلى بولمايدىغان كۆكيۆتەلدەك ئۆزىنى ئاشكارا قىلىشقا باشلايدۇ، ھەتتا كىشىلەر ئۈزاقتىن بېرى تەقىپلەنگەن بۇ تەبىئەتنى ئۆزئارا تەڭكەش قىلىۋاتقاندا، تۆت ئەتراپقا تەشۋىش ئارىلاش قاراپمۇ يۈرمەيدۇ، بەلكى لەززەت ھېس قىلىدۇ.

باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ مەكتەپلەردىكى، جۈملىدىن تېخنىكوم ۋە ئالىي مەكتەپلەردىكى ئەھۋاللارغا قاراپ باقايلى. چۈنكى بۇنداق مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، شەيئىلەرنى كۆزىتىدىغان ئۇسۇل ۋە پوزىتسىيىنىمۇ خاسلاشتۇرۇپ يېتىلدۈرىدىغان ئالاھىدە ئورۇن. بۇنداق ئورۇننىڭ قىياپىتى جەمئىيەتنىڭ قىياپىتىنى دىئالېكتىك مەنىدە كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇنۋان باھالاشنىڭ شەرتلىرى ھەر يىلى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش ئالدى بىلەن يۇقىرى ئورگان چۈشۈرگەن ھۆججەتتە ئەكس ئېتىدۇ. ھۆججەتنىڭ مەزمۇنلىرى ھەر قايسى مەكتەپلەرنىڭ جىددىي تەقەززاسىغا ماس ھالدا ئىستراتېگىيىلىك مەنىدە تەتبىقلىنىدۇ، ئاندىن فاكۇلتېت، كافېدراللاردا نەچچە قاتلام تەتبىقلىنىدۇ. بەلكىم پىرامىدا شەكلىدىكى باشقۇرۇش سىستېمىسى دېگەن مۇشۇ بولسا كېرەك. بۇنداق سىستېمىدا يۇقىرىنىڭ يارلىقلىرى تۆۋەنگە چۈشكەنسېرى ئەسلىدىكى مەنىسى مۇجمەللەشتۈرۈلگەن ئۇچۇرغا ئايلىنىپ قالىدۇ. تۆۋەننىڭ سادالىرى پىرامىدانىڭ ئەك يۇقىرى قاتلىمىغا بارغۇچە ھالسىراپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش يۇقىرى بىلەن تۆۋەن ئۆچۈن ئېيتقاندا، بىر غايىۋى دۇنيادىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ. روشەنكى، بۇ يەردىكى "چۈشىنىش" ھەقىقەت مەنىسىگە ئىگە. جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ھەقىقەت ئاسان تىلغا ئالغىلى بولىدىغان نەرسە بولماي كەلگەن، ئۇ، ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان "يوسۇن" ۋە "ئەدەپ" لەر ئارىسىدا پانىيلارغا مەنسۇپ بولمىغان.

ھازىرغىچە ئۇنۋان باھالاشتىن ئىبارەت ئۇدۇم ئۆزگەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن باھالاشنىڭ يوسۇنلىرى ئۆزگىرىپ تۇردى، ھەتتا ئۇ قوغلىشىپ ئۈلگۈرگىلى بولمايدىغان مودىغا ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا ئۇنۋان باھالاش شەرتلىرىنىڭ ھەر قېتىملىق ئۆزگىرىشى ئۆز رىزقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان خادىملارغا يېڭى مەسىلە بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بۇ مەسىلە تورنى قايتىدىن توقۇش زۆرۈرىيىتىنى تۇغدۇرىدۇ. رەھبەرلەر بىلەن زىل بارىدى - كەلدى باشلىنىش بىلەن بىرگە، خىزمەتداشلار ئارا رىقابەت، جەڭگى - جېدەل، تۆھمەتلەرمۇ بارلىققا كېلىدۇ. ماقالىسى يوقلار ئاز - تولا قەلەم تۇتىدىغانلار ۋە تونۇش مۇھەررىرلەرگە ئىلمىي كامىللىق جەھەتتىكى ھاجىتىنى ئىزھار قىلىدۇ، ئۆزئارا تايىنىش ۋە تولۇقلاش خاراكتېرىدىكى زاكازلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ئاخىر ئاشۇنداق تۈرتكە بىلەن ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا بىر - ئىككى پارچە ماقالىنىڭ

ئاپتورى بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىمىز بىلمىگەن ھالدا بىرەر بالىنىڭ دادىسى بولۇپ قېلىشنى ئېغىر ئالىدىغان روھىي تىپىك ھەرھالدا ئارىمىزدىن يوقاپ كەتمىدى. ئەمما باشقىلارنىڭ مەنىۋى "پۇشتى"غا ئۆز فامىلىسىنى ماركا قىلىپ چاپلاش بىۇگۈنكى جۇڭگودىكى كاتتا كەشپىياتلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك.

"ئۇنىۋان" دېگەن سۆزنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسىنى ئاختۇرۇپ باقماپتىمەن، بەلكىم ئۇنىڭ ئايرىم ئىلمىي شەرھىسىمۇ بولسا كېرەك. مېنىڭچە، بىز ئىستېمال قىلىۋاتقان سۆزلەرنى "ئىزاھلىق لۇغەت" لەردىن تاپقىلى بولسىمۇ، لېكىن بىزنىڭ ئېرىشكەن مەنىلىرىمىز پىكىر مونوپولىيىسىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان تۆت چاسا كىتابقىلا ئۇيغۇن كېلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكى سۆزلەرنىڭ لۇغەتتىكى مەنىلىرىنى مۇئەييەن ئارخېئولوگىيىلىك جۇغلانمىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. مەسىلەن، "پروفېسسور" دېگەن سۆزگە لۇغەتلەردە تۈز، ساددا، بىۋاستە شەرھى بېرىدۇ. ئەمما ئۇنى كىمدۇر بىرسى: "ئوقۇغۇچىلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىمەن دەپ جەمئىيەتكە سوئال قويۇشنى ئۇنتۇپ كەتكەن سوغۇققان ئادەم" دېسە، بۇنىمۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە ئىس - بۇسى چىقماي ئۆتۈپ كېتىدىغان پروفېسسورلارمۇ ئاز ئەمەس. مەن "ئۇنىۋان" سۆزىگە تەبىر بېرىپ ئولتۇرمايمەن، ئەمما مەن ئۇنىڭ كەسپىي خادىملارنىڭ تاماق قاچىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلمايمەن. بىر ئادەم يۇقىرى ئۇنىۋانغا ئېرىشسە، ئۇنىڭ ئازراق مائاشى ئۆسىدۇ، ئاشۇ ئۆسكەن قىسمى بىلەن پەسىلدە بىر قېتىم كەش ئېلىپ كىيگىلى، يەنە ئۆي - تۇرالغۇ جەھەتتە نىسبەتەن ياخشى ئىمتىيازغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، تېخى پەخىرلەنگىلى، ماختانغىلى بولىدۇ. 1 مىليارد 200 مىليون ئادەم قاتناشقان نان ئىنقىلابى دەۋرىدە ئاشۇنچىلىك ئىمتىيازغا ئېرىشىش كولۇمبۇنىڭ نەتىجىسى بىلەن تەڭ تۇرسا كېرەك. دېمەك، ئۇنىۋان مەسىلىسى كۆپ تەرەپلىمە ھۇجۇمدىن تەركىب تاپقان، ئۇنىڭغا ئادەمزات ئىجاد قىلغان نۇرغۇن تەدبىر ۋە ۋاستىلەرنى تاللىماي تۇرۇپ ئىشلىتىش مۇمكىنلىك دائىرىسىدىن ھالقىپ، قېپىيالىغاچ رېئاللىق بولۇپ قالدى.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى بىز ئورتاق بىلىدىغان پاكىت. ئۇنداقتا، ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزگەرمەيدۇ. قەدىمكى گرېكلار:"خاراكتېر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ" دەپ ھۆكۈم قىلغانىكەن. ئەمما جۇڭگودا تەقدىر ئادەمنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. جۇڭگو جەمئىيىتى ۋە مائارىپى بىر ئۆسمۈر چوڭ بولۇپ ئادەم بولغۇچە ئۇنىڭ خاراكتېرىنى ئاللىبۇرۇن بىكىتىلگەن ئورتاق قېلىپ بويىچە قۇيۇپ، تەقدىرىنى پىچىپ بولىدۇ. چۈيۈەن شائىر بولۇش بىلەن بىرگە، دۆلەتنىڭ ئەمىر - مەرۇپلىرىغا تەكلىپ بەرگەن چوڭ ئۆلىما. ئۇ ئاخىر ئورىدىدىن ھەيدەپ چىقىرىلىپ، پىغانىنى باسالماي "جۇدالىق زارى"نى يازغان ۋە ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلگەنىدى. دۇفۇ ھۆكۈمرانلارنى ئەيىبلەپ شېئىر يازغان. لى بەي ھۆكۈمرانلارغا پەرۋا قىلماي مەي ئىچىپ يۈرگەن. ئۇلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ فېئودالىزم تاكى غەربلىكلەر كېلىپ جۇڭگونىڭ

قىلىن ئىشىكلىرىنى قاققىچە بەخىرامان ياشاۋەرگەن. شۇڭلاشقا جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەق گېپىنى ئاختۇرالماي تەركىيدۇنيا بولۇپ كېتىشتەك چۈيۈەنچە ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ تارىخى بولۇپ قالغان. سوكۇت قىلىش ئەنە شۇ تارىخ يېتىشتۈرگەن ھايات پەلسەپىسى بولۇپ، بۈنى جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوكۇت قىلىش دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

"ئەڭ ياخشىسى ، سىڭگەن نېنىڭنى يە"  مانا بۇ، جۇڭگوچە ھايات پەلسەپىسىنىڭ يەنە بىر ماددىسى. ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق، چېقىمچىلىق، تۆھمەت، شىكايەت قاتارلىقلار ئازراق شاكىلات يالىتىلىپ، يۇقىرىقى پەلسەپىنىڭ پەشتاختىسىغا چىرايلىق تىزىپ قويۇلىدۇ. شاكىلاتنىڭ ماتېرىيالى نەدىن كەلگەن دېسەڭلار، چاقناپ تۇرغان "ئەدەپ"تىن كەلگەن. ئاخىر، رىزقىمىزنى كولىۋېپ تۇرۇپ "ئەدەپ" بىلەن تالىشىش غەيرىي تۈيۈلمايدىغان قائىدىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

مەلۇمكى، ئۇنىۋان ئىشخانىسى  بىر تەشكىلىي ئىمتىياز سۈپىتىدە پىرامىدانىڭ بىرەر قاتلىمى ياكى بىرەر بۇرجىكىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ، بىر پۈتۈن پىرامىدانىڭ مۇستەھكەم زەنجىرىدىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان بىر ھالقا بولسىمۇ، ئۆزىگە خاس ئىچكى سىستېمىغا ئىگە. بۇ سىستېما يۇقىرى - تۆۋەن ئورگان ۋە يورۇشلەشكەن ئىمتىھان مەركىزىدىن تەركىب تاپقان. بۇ ئورۇن دۆلەتنىڭ كادىرلار ۋە كەسپىي خادىملارغا دائىر سىياستىنىڭ ئىجراچىسى لاياقىتىدە كۆپرەك دۆلەت سىياستى ۋە ئىقتىسادى ماكرولۇق پىلان ۋە تەڭشەشلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. كەسپىي خادىملارنىڭ ئىلمىي لاياقەت كۆلىمىنى ئاشۇ پىلانلار ئاساسىدا تۈزۈملەشتۈرىدۇ ياكى تۇراقلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىۋان ئۇنىۋان خىزمىتىگە ئالاقىدار ئورگانلار ئۈچۈن مۇئەييەن پىلان ۋە يۆنىلىش ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسىي ۋەزىپىگە ئايلىنىدۇ. ئۇنىۋانغا ئائىت بەلگىلىمىلەر خادىملارنىڭ ئىلمىي لاياقىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، ئۇنىۋان شەخسلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ماددىي ياماق بولىدىغان ئىقتىسادىي مەسىلىگە، ئاندىن نوپۇز، دەرىجە، شان - شەرەپ مەسىلىسىگە ئايلىنىدۇ.

ئۇنىۋان باھالاش شەرتلىرى سىياسەت ۋە پەرمانلارغا ئالدىنى قىلىپ قوبۇلخانىدىن قايتىدىغان قانۇنچاق. بۇ قانۇنچاق يۇرگۈزۈلۈش ئوبيېكتىغا نىسبەتەن "قانۇن" مەنىسىگە ئىگە، ئەمما ئۆزى تۈغۇلغان ئورگانغا نىسبەتەن سىياسەت مەنىسىگە ئىگە. شۇڭا كەسپىي خادىملار غىڭ قىلماي تۇرۇپ ئۇنىڭ شەرتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەييار. ئۇنىڭ شەرتلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئىلىم ئەھلى بولغاندىن كۆرە، پۈرسەتپەرەس بولغان تۈزۈك. پۈرسەتپەرەسلەر باشقىلار ئانچە بىلىپ كەتمىگەن خالتا كوچىلار بىلەن نىشانغا تېزرەك يېتىپ بارىدۇ. ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىلىرى نىشانغا ھەرھالدا كېچىكىپ يەتسىمۇ، يەنىلا نەتىجىسى پۈرسەتپەرەسلەر بىلەن ئوخشاش بولۇپ چىقىدۇ. داشقازاندىن ئالىدىغان نېسۋىسى تەڭ بولىدۇ. ئاخىر ھەقىقىي ئىلىم ئەھلى ساختا ئىلمىي نوپۇزنىڭ ھەقىقەتكە بولغان بېسىمىنى بىۋاستە تېتىغان تراگېدىيىلىك شەخس سۈپىتىدە ئېغىر ئوي -

خىياللىرىنى مەڭگۈ لەيلەپ چىقماس چۆكمىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ئامېرىكا قىتئەسىنى بايقىغان دەپ مەدھىيىلەنگەن كولۇمبۇ قاراڭغۇ ئەسكى ئۆيدە غېرىبانە جان ئۈزگەن. تارىخنىڭ مېۋىسىنى ياراتقانلار دەل شۇ مېۋىلەرنىڭ شۆپۈكلىرى ئارىسىدا خورلۇقتا قالىدىغان ئەنئەنە ھەربىر ھالال مېھنەت ئىگىسىگە يات ئەمەستۇر.

بىز بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ تۆھپىسىگە باھا بەرگەندە، ئۇنىڭ ئۆتكەن دەرسىنىڭ ۋاقىت مىقدارىغا نەزەر سېلىپ، دەرسىنىڭ سۈپىتىگە ۋە ئىلمىي قىممىتىگە كۆز يۇمدۇق. ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسنى ئاڭلاپ باقمىغان باشقىلارنىڭ پەرەز ۋە سېزىمىگە ئەھمىيەت بېرىپ، بىر يىل ياكى يېرىم يىل دەرسنى ئاڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنكاسىنى دىققەتتىن ساقىت قىلدۇق. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلار ئىچىدىكى تەسىرى، ئوبراز دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ قويمىدۇق. بىز بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرىگە باھا بەرگەندە، ئۇنۋان باھالاش شەرتلىرىدە كۆرسىتىلگەن سانغا ۋە نۇقتىلىق مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىش تەلىپىگە سېلىشتۇردۇق، ئەمما ماقالىنىڭ ئىجادىيلىقى، يېڭىلىقى، ئىلمىي قىممىتى، ئۈچۈر قىممىتى، تەسىرچانلىقى بىلەن ھېسابلاشمىدۇق. بۇ ئەھۋال ئادەمگە "قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل" دېگەن تەمسىلنى تەبئىي رەۋىشتە ئەسلىتىدۇ.

جەمئىيەتىمىزدە ھازىرغىچە، بەدىئىي ئىجادىيەت كەسپىي ئۇنۋان شەرتلىرىدىكى ئىلمىي ئەمگەكنىڭ دائىرىسىگە كىرگۈزۈلمىدى. تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشىدا ئىشلەنگەن تەجرىبىلەر ئىلمىي ئەمگەك قاتارىدا سانالغانىكەن، بەدىئىي ئىجادىيەتمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئوقۇتۇشىدا قانۇنىيەتلىك ئىلمىي تەجرىبىلەر ئىشلەنمەيدۇ، ئەمما بەدىئىي ئىجادىيەتمۇ مۇئەييەن نەزەرىيىۋى سىستېمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەربىيە شەكلىگە ئايلانغانىكەن، ئېستېتىك كەچۈرمىشنىڭ زېمىنى بولغان روھىيەتتە بولىدىغان مۆرەككەپ، ئىنچىكە ھادىسىلەرنى بەدىئىي تەپەككۇر زوقى تەرىقىسىدە ئوقۇغۇچىلارغا نامايان قىلىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئالاھىدە بىر خىل تەجرىبە شەكلى. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شائىر سىماس ھېنى شىمالىي ئىرېلاندىيەتتىكى ئۇنۋېرسىتېتىنىڭ ئىستىلىستىكا پروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلىنغان. بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ بەدىئىي تالانتى ئۇنىڭ نەزەرىيىسىدىن بەكرەك تەسىرى قۇۋۋەتكە ئىگە.

ئۇنۋان باھالاش دۆلەتنىڭ ئىلىم ـ پەن، مەمۇرىيەت سىياسىتىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان بىرخىل ئىجتىمائىي خىزمەت، شۇنداقلا بىرخىل ئىلمىي پائالىيەت. خىزمەت ئىلمىيلىك ئۈستىگە قۇرۇلغاندا ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ. ئىلمىيلىك ئۆزىچە بارلىققا كەلمەيدۇ، ئۇ، ئىختىساس ۋە تالانت ئىگىلىرىگە بولغان مەسئۇلىيەت، كۆزىتىش، ئىزچىل تەتقىقاتلار ئارقىسىدا شەكىللىنىدۇ. روشەنكى، ئۇنۋان ئىشخانىسىنىڭ خادىملىرى، شۇنداقلا ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى ئادەم، خىزمەت، تەتقىقات قاتارلىقلارنىڭ ماس قەدەملىك تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى لىللا نۇقتىدىن توغرا باھالىيالايدىغان، ئىلىم ساھەسىدىكى يېڭىلىقلارنى، جەلپكار نۇقتىلارنى ئۆز ۋاقتىدا

چۈشىنىپ ماڭىدىغان كىشىلەردىن بولۇشى كېرەك. ئەپسۇسكى، بۇ ساھەدە كىتاب ئوقۇمايدىغان، ژۇرنال كۆرمەيدىغان، ھەدېسلا خىزمەتنىڭ مېخانىك تەلىپىگە ئەگىشىپ كۈن كەچۈرىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار.

ئىلىم - پەننىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان خوجىلىقى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا مۇتلەق بولمايدۇ، ئەمما خىزمەت ۋە ئىلمىي نوپۇزلارغا باھا بېرىدىغان ئۇنۋان ئىشخانىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلمىسى ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش چارىلىرىنى مۇتلەق دەپ چۈشەنسە تېخىمۇ بولمايدۇ. چارە ھامان سىياسەت خاراكتېرىدىن چىقىپ كېتەلمەي كەلدى، لېكىن ئىلىم دۇنياسىنىڭ ئۆزىگە خاس غۇرۇرى، ۋىجدانى ۋە كۆپ ئادەملەر چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان ھەقىقەتى بولىدۇ، ئۇنۋان ئىمكانقەدەر ئاشۇ تەرەپلەرنى يورۇتۇشقا تىرىششى كېرەك.

ئۇنۋان مەسلىسى ھەققىدە توختالغاندا، ئۇنۋان ئىمتىھانىدىن چەتنەپ ئۆتكىلى بولمايدۇ. مەن ئىمتىھاننىڭ ئادەم بايقاش ئىقتىدارىغا ئانچە چوقۇنۇپ كەتمەيمەن، لېكىن ئىمتىھاننى ئىنكارمۇ قىلمايمەن. چېرچىلل ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلۇغ داھىي بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭى نىكسۇن چېرچىلل ھەققىدە توختالغاندا، جۇڭگولۇق بىر مائارىپچىنىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن: "بىزنىڭ تۈزۈمىمىزدە، بىز خەلق ئاممىسىغا ياخشى تەربىيە بېرىمىز، لېكىن چېرچىللىرىمىزنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىمىز". بۇ يەردە ھېلىقى مائارىپچى دەل ئىمتىھان تۈزۈمىنى كۆزدە تۇتقانىدى.

بىزدە ئۇنۋان تەشكىلىي ئورگىنى بەكرەك مەركەزلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، بيۇروكراتلىق ئېغىر. مۇۋەپپەقىيەتلىك بىر ئۇنۋان نۇرغۇن بوسۇقلاردىن ئاتلاپ ئۆتىدۇ، بىز بۇ بوسۇغىلارنى "توسۇق" دېسەك جايىغا چۈشىدۇ. بىر كەسپىي خادىم ئۆز ئۇنۋانىغا مۇناسىۋەتلىك رەسمىيەتلەرنى بېجىرگىچە ۋە بىر قاتار "توسۇق"لاردىن ئۆتكۈچە يۈرىكى قىنىدىن قوزغىلىپ، نېرۋىسى ئاجىزلاپ، بېلىنىڭ سۆڭەكلىرى يۇمشاپ، غۇرۇرى پېتىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگوچە زىيالىي بولۇشنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ. پۈتكۈل جەمئىيەتكە تونۇلغان بىر كەسپىي خادىم ئۇنۋان باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرىغا ئۆزىنى چۈشەندۈرەلمەي ئاۋارە بولۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ ئالامەتلەر بيۇروكراتلىقنىڭ مەھسۇلى. بىز بۇنىڭ ئىمتىھانىدىكى ئىپادىلىرىگە قاراپ باقايلى:

بىزدە بىر ئىمتىھان مەركىزى دۇنياغا كەلدى. دېمەك، جۇڭگودىكى سان - ساناقسىز ئورگانلارنىڭ قاتارىغا يەنە بىر ئورگان قوشۇلدى. باشقۇرۇش زامانىۋىلاشقانسېرى كىرىپ - چىقىدىغان ئىشكىلەر كۆپەيدى. ئۇنۋانغا ئىلتىماس قىلغۇچى كەسپىي خادىملار چەت ئەل تىلى ئىمتىھانىغا قاتنىششى كېرەك. بۇ ئەلۋەتتە لاياقەتنى سىناشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئۆتكەل. بىراق بۇ ئۆتكەلگە بولغان ساداقەت شۇنداق خۇراپىيلىشىپ كەتتىكى، چەت ئەلدە ئىلىم تەھسىل قىلغانلار، WSK، TOEFL دىن ئۆتكەنلەر، داڭلىق تەرجىمانلارمۇ بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلدى. تەرجىمانلارنىڭ يېرىك ئىلمىي نەتىجىلىرى نەزەرگە ئېلىنمىدى. ئىقتىدار كۆپ

قاتلاملىق بولىدۇ. سوئال چىقارغانلار يىرىك تەرجىمشۇناس بولالماسلىقى مۇمكىن، بىر داڭلىق تەرجىمان ئىمتىھاندا كارامەت كۆرسىتەلمەسلىكىمۇ مۇمكىن. ئۇنداقتا، ئىقتىدارنى نىمە بىلەن ئۆلچەش كېرەك؟ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ نەزەرگە ئېلىنماسلىقى چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر ئىش. ئىمتىھان سوئاللىرىدا ئەكس ئەتكەن تەلەپمۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغىماي قالمايدۇ، بەزى سوئاللارنىڭ تەلىپى تىلشۇناسلارغا ماس كېلىدۇ. بىر تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى ئىزاھلاپ بەرگىلى بولمىغاندىمۇ، ئۇ ئىپادىلىگەن مەنىنى ئىنچىكە چۈشىنىش مۇمكىن. قەلبىنى چۈشىنىش يۈرەكنى يېرىپ كۆرۈشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇ تىلى ئىمتىھان سوئاللىرى بىلەن ئىنگلىز، رۇس، ياپون تىللىرى ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ سالمىقىدا روشەن پەرق بار. ئومۇمەن، مەدرىسچە ئىمتىھان سوئالىنىڭ جانلىق ئەمەلىي ئىقتىدارنى قۇربان قىلىشقا ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئاقىۋەتلەر بىز پات - پات ئۇچرىتىپ تۇرىدىغان پاجىئەلەرنىڭ بىرىدۇر.

خوش، ئۇنۋان ھەقىقىي ئىقتىدارغا قارىتا ئېچىۋېتىلگەن ئىشىكمۇ؟ مەن شۇنداق بولۇشى كېرەك، دەپ قارايمەن. ئەمما تولۇق شۇنداق بولىدۇ دېيىشكە بولمايدۇ، ھازىرچە ئاز - تولا شۇنداق بولىدۇ دېگىلى بولار. مېنىڭچە، ئۇنۋان ئىلمىي ھەقىقەتنى ئەكس ئەتتۈرگەندىن كۆرە، بىر ئادەمنىڭ ياش قۇرامىنى، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ نان تەقەززالىقىنى، قىسقىسى، قاچا بىلەن داشقازان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مانا بۇ، مائارىپىمىزدىكى ئەخلاقىي قىياپەتنىڭ بىر كەسمە يۈزى. بۇ يۈزنى كۆرۈپ يەتكەنلەر ئۇيغۇر خەلق چۆچىكى "ئالتۇن كەش" تىكى مۇنداق بىر ۋەقەنى ئەسلەپ قېلىشى مۇمكىن:

بىر ئانىنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ، بىرى ئۆز، يەنە بىرى ئۆگەي ئىكەن. ئۆز قىزى ھۇرۇن، ئۆگەي قىز ئىشچان ئىكەن. ئۆگەي قىز ئىشچان ۋە ئەخلاقلىق بولۇشقا قارىماي، ئۆگەي ئانا ۋە ئۇنىڭ قىزىنىڭ ھاقارەت - خورلۇقلىرىغا ئۇچراپ تۇرىدىكەن. ئۇلار ياشىغان يۇرتنىڭ شاھزادىسى بىر پاي ئالتۇن كەشنى تېپىۋېلىپ، بۇ ئالتۇن كەش كىمنىڭ پۇتىغا كەلسە، شۇنى نىكاھىمغا ئالىمەن، دەپ يارلىق چۈشۈرۈپ، ئوردا مەھرەملىرىنى خەلق ئارىسىغا ئەۋەتىدىكەن. ئۆگەي ئانا ئۆز قىزىنىڭ بەختى - تەلىيىنى كۆزلەپ، ئەسلى ئالتۇن كەش پۇتىغا كېلىدىغان ئۆگەي قىزنى يوشۇرۇپ قويۇپ، ئالتۇن كەشنى ئۆز قىزىغا كىيدۈرۈپ باقىدىكەن. ئالتۇن كەشنى ئۇنداق - مۇنداق كىيگۈزۈپمۇ پاتقۇزالماي، پۇتلىرىنى شىلىپ كىيگۈزۈپتۇ.

كەسپىي خادىملارنىڭ نەزىرىدە ئۇنۋان ئاشۇ ئالتۇن كەشكە ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇ كەشمۇ پۇتلارنى شىلىپ كىيگۈزۈشتىن خالىي بولالمىدى.

1997 - يىل ئىيۇل

# مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ ياتلىشىشى

تىنىمسىز ئىجتىمائىي غوۋغالار كۆپ ھاللاردا بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تارىخشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق مەسىلىلىرىگە سۆرەيدۇ، بۇ مەسىلىلەر پۇرقىراپ قايناپ تۇرغان قىلىن ئىس - تۈتەكلەر تەرىقىسىدە ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى ئېكولوگىيىلىك بالانسنى غۇۋۋالاشتۇرۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاشۇ ئېكولوگىيىلىك بالانس ئۈستىگە قۇرۇلغان مەدەنىيەتنىڭ گۈزەل سۈيىھلىرىنى، ئەپسانە ۋە شېئىرلارنى، ئاۋازسىز مۇزىكىلارنى ئوچۇق كۆرەلەيمىز ياكى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىمىز. بىز تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ غۇبارسىز گۈلنى پراگماتىزملىق مەنپەئەت نۇقتىسىدىن ئۈزۈۋاتقىنىمىزدا، ئۇنىڭ ئىنسان غايىلىرىنىڭ پەرۋىشكارى سۈپىتىدىكى سۈزۈك شەبنەملىرى تۆكۈلۈپ كەتكەن بولىدۇ. سانائەتنىڭ نېرۋىنى قوچۇۋېتىدىغان ئاۋازلىرى تۈپەيلىدىن جۈدەپ كېتىۋاتقان سەنئەت ئىلاھى ئېستېتىكىنىڭ كۈنسېرى چۆللىشىپ كېتىۋاتقان رەستىلىرىدە ئۈنتۈلغان شەبنەملەرنى كۆتۈرۈپ يۈرمەكتە. قېرىسمۇ بالا پېتى قېرىيدىغان شائىرلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ قۇياشى ھەر كۈز ئاشۇ كىچىككىنە شەبنەمدىن كۆتۈرۈلىدۇ.

تەبىئەت بىلەن ئادەم مەدەنىيەت بالانسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ھەم ئىزاھلايدۇ ياكى بىر - بىرىگە ئاغدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ مەنىسى ۋە يۈكسەكلىكىنى دەل ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيىتى ئارقىلىق يارىتىدۇ، چۈشىنىدۇ. ئىنسان ئەڭ باشتا تەبىئەتكە نىسبەتەن تەسەۋۋۇرلۇق ئىنكاس قايتۇرغانلىقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى سەزگەنىدى. كېيىن ئۇ ياشاش ۋە قوغدىنىش يۈزىسىدىن مەنپەئەتدارلىق خۇسۇسىيىتىنى تونۇدى، ئۇنى قاندۇرىدىغان نۇرغۇن ئەقلىي بايقاشلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، ئۆزىگە نىسبەتەن پايدىلىق ۋاستىلەرنى كۆپەيتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مەدەنىيەت بالانسى ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتى، مۇھىتى، تۈپ شارائىتىنىڭ يامان سۈپەتكە ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشكە باشلىدى. بۇنداق ۋەھىي ئۆزىنىڭ قورقۇنچلۇق دەلىللىرى بىلەن ئاتموسفېرانى پۈتۈنلەي قاپلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرى يەنىلا پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئىنسانلارغا پايدىسىز يوقىتىشلارنى داۋام قىلدۇرماقتا.

ئاندىرو توماس: "ئىنسانلارنىڭ خاتالىشىش تارىخى ئويىنلىپ تېخى ئاياغلاشمىغان پاجىئەلىك كومېدىيىدۇر" دېگەنىدى. مەزكۇر پاجىئەنىڭ كومېدىيىلىك تۈسكە ئىگە بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئىنسانلار تارىخىدىكى ھەر بىر پەيغەمبەر ياكى ھەر بىر دانىشمەن ھەر خىل نۇقتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ كەلگەن بولسىمۇ، خاتالىشىش تېخى ئاياغلاشمىدى.

شۇڭلاشقا نەتىجىلەرنىڭ تارىخى قانچىلىك ھەجىمدە يېزىلسا، خاتالىق ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ تارىخمۇ شۇنچىلىك ھەجىمدە يېزىلىشى كېرەك. لېكىن ئادەملەر نەتىجىلىرىگە قالتىس خۇشتارلىقى بىلەن تارىخنى زەپەرنىڭ رەڭدار نەقىشلىرىدە زىننەتلەپ يازدى. بەلكىم تارىخ ئىلىمنىڭ ئاگاھلاندۇرۇش قىممىتىگە سەل نامرات بولۇشىدىكى سەۋەب مۇشۇنىڭدا بولسا كېرەك.

خاتالىقنى تونۇپ يېتىش ھەرگىزمۇ كەينىگە قايتىش، پۇشايمان ھالىتىدە تۇرۇپ قېلىش ئەمەس، بەلكى داۋاملىق ئالدىغا مېڭىش، ساغلام ھايات ئىمكانىيەتلىرىنى، جىنايەتسىز ئەقىل يۈرۈشلىرىنى، ئەندىزىلەرنىڭ مۇۋازىنەتلىك ئۆتمۈشلىرىنى چەكسىزلىك پەللىسىگە يەتكۈزۈشتۇر. بىراق ھازىر مەۋجۇتلۇق شەكىللىرى ۋە جانلىقلارنىڭ تەبىئىي شاللىنىش قانۇنىنى بۇگۈنكى ئىنسانلارنىڭ بىنورمال ئەقلىچىلىق چوقۇنۇشى مونوپول قىلىۋالغاندەك تۇرىدۇ. بۇنداق مونوپولىيە جەمئىيەت ساھەسىدە ئەڭ مەركەزلىك ئەكس ئېتىپ، بىرەر كۈچلۈك تۈزۈم، بىرەر كۈچلۈك فورماتسىيە ئاجىز بولسىمۇ، ھاياتىي كۈچكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەندىزە ياكى جامائەتلەرنى، يېڭىدىن بىخ سۈرۈۋاتقان پارلاق ئىجتىمائىي غايىلەرنى چەكلىمەكتە. شۇنداق ئىكەن، جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلىمىغا، ھەر قايسى ساھەلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي تۈرلەرنىڭ شەرتلىشىش ھالىتى، ئەركىن رىقابىتى كاردىن چىقىدۇ - دە، ئاخىر داۋاملاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان غەيرىي تىپلىق ئىجتىمائىي ئىۋولوتسىيە كېلىپ چىقىدۇ. ئەركىن رىقابەت يۈرگۈزۈلمىگەن جەمئىيەتتىكى ئادەملەر كۆپ ھاللاردا بۇزۇلغان ھۈجەيرىگە ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق مەۋجۇدلۇق قەۋەتىدىكى رولى تۈگەيدۇ، ئىنكاس بىلدۈرمەيدۇ، نەتىجىدە، جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىدىكى خامۇشلۇقنى ھەتتا پالەچلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئاۋۋال بىز جەمئىيىتىمىزنىڭ مەنىۋى قىياپەتلىرى، مۇناسىۋەتلىرى، ماددىي ئىستېمال يۈرۈشلىرىنىڭ مەنىۋىيەتكە يەتكۈزگەن خىلاپەتلىرى ئۈستىدە رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا توختىلايلى، ئاندىن بۇ ئارقىلىق تەبىئىتىمىزگە، سەنئىتىمىزگە، سەنئىتىمىزدىكى تەربىيەت، مەدەنىيەت سەممىيىتىمىزگە ئۆتەيلى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىگىلىك جەھەتتە دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان رايون بولۇپ، ئىقلىمى ئاساسەن قۇرغاق بولۇش، تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىشتەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. دەريا - كۆللەر، بۇلاقلار، قار - يامغۇرنىڭ ياردىمىگە تايىنىدىغان سۇ ئىنشائاتلىرى ۋە سۇغۇرۇش سىستېمىلىرى بۇ رايوندىكى ئىگىلىكنىڭ ئەنئەنىۋى نېگىزىنى شەكىللەندۈرگەن. رايونىمىزنىڭ تېررىتورىيىسى كەڭ بولۇش بىلەن بىرگە ئېلېمېنتلىق تەركىبكە باي يەر ئاستى بايلىقى ئىنتايىن مول بولۇپ، نېفىت زاپىسىنىڭ موللۇقى، قىممەت باھا مەدەنلەرنىڭ كۆپ خىللىقى بىلەن دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۇ گۆھەر زېمىن ئۆزىنىڭ ھېسابسىز بايلىقى ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسى بىلەن دۆلىتىمىز جۇڭگونىڭ ئېغىر سانائىتى ۋە دۆلەت

مۇداپىئە سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاجايىپ زور تۆھپىلەرنى قوشماقتا. رايونىمىزئىقلىم ۋە يەر تۈزۈلۈشى، تاغ - دەريالارنىڭ ئورۇنلىششى، تۇپراق قاتلىمى ۋە تەركىبى، ھۆل - يېغىن مىقدارى جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ سىستېمىنىڭ ھەر بىر بۆلىكى بىر پۈتۈن ئىگىلىك بەلۋېغىنىڭ تۈرلۈك نۇقتىلىرىنى ياراتقان. بۇ نۇقتىلار ئۆزىگە خاس ئىچكى ئەۋزەللىك بىلەن بىر - بىرىنى تولۇقلاپ، رايونىمىزنىڭ يەرلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي، تارىخىي مەۋجۇدىيىتىگە سەۋەبچى بولىدىغان قاتناش سىستېمىلىرىنى، شەھەر - بازارلارنى، سودا تورلىرىنى، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق مەيدانلىرىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تولۇقلاش مۇناسىۋەتلىرىنى، گۈللەنگەن قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى، ئورتاق تىل، ئورتاق يېزىق ئاساسىدىكى مەنىۋى مىراسلارنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. بىزنىڭ ئەپسانە - رىۋايەتلىرىمىز، قىسسىلىرىمىز، شېئىرلىرىمىز، مۇقاملىرىمىز، ھېكمەتكە باي تۇرمۇش شەكىللىرىمىز ئەنە شۇ جۇغراپىيىلىك تەبىئىي، ئىجتىمائىي مۇھىتنى، بۇ مۇھىتنىڭ تارىخىي دەۋرلەردىكى مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرەلەيدۇ، بىزنىڭ مىجەز - خۇلقىمىز، تىلىمىز، تىلىمىزدىكى مەنە ۋە ئىنتوناتسىيە، ناخشا - كۈيلىرىمىزدىكى تېمپلار ۋە ئۇدارلار، ھەرىكىتىمىزدىكى ھالەتلەر، ئاش - تاماقلىرىمىزدىكى كۆپ خىللىقلار ۋە تەملەر، تارىخىمىزدىكى ئامەت ۋە ئاپەتلەر مۇشۇ مۇقەددەس زېمىننىڭ ھىدى، تەپتى، ھاۋاسى، تۇزى، سۈيى، شاملى، قۇياشى، ئېيى ۋە يۇلتۇزلىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. شۇڭا ئۆزىمىزنى چۈشىنىش مۇشۇ زېمىننى چۈشىنىشتىن ئايرىلالمايدۇ. قاچانكى بىز ئۆز مەدەنىيىتىمىزگە توغرا شەرھى بېرەلىسەك، بىزنى قۇچاقلاپ تۇرغان بۇ زېمىننىمۇ چۈشىنىمىز. شۇچاغدىلا بۇ زېمىن ئۆتمۈشتىكى پارلاق دەۋرلەردىكىدەك قايتا گۈللىنىدۇ.

بۇ يەر 21 - ئەسىرگە دېھقانچىلىق بىلەن كىرىپ يەنە دېھقانچىلىق بىلەن چىقىپ كېتىدىغان بولدى. دەرۋەقە، بەزى تاشقى ئۆزگىرىشلەر دۇنياغا كەلدى. يېڭىدىن ئاۋات شەھەرلەر بەرپا بولدى، تۆمۈر يول ۋە ھاۋا يوللىرى بۇ زېمىننى يىراق شەھەرلەر بىلەن تۇتاشتۇردى. نۇرغۇن ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى، كان، نېفىت ئورۇنلىرى پەيدا بولدى، پايانسىز يېزىلار سانائەتنىڭ جىددىي تەقەززاسى بىلەن تۇتاشقاندىن كېيىن، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ مۇنتىزىم كونتروللۇقىغا ئۆتتى. بۇ خىل ھالەت 80 - يىللاردىن باشلاپ تېز تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. ئىقتىسادىي ئىسلاھات دەۋرى يېتىپ كېلىپ، نۇرغۇن سودا بازىلىرى پەيدا بولدى. بازار ئىقتىسادىنىڭ يولغا قويۇلۇشى بۇ بازارلارنى جانلاندۇردى، كېڭەيتتى ۋە تېز سۈرئەتتە كۆپەيتتى. سىرتقى رايونلارنىڭ سودا ۋە يېنىك تېپتىكى سانائەت شىركەتلىرى قىزغىن جەلپ قىلىندى. دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ۋە سايمانلىرى، خىمىيىلىك ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق، يېڭى يېتىشتۈرۈلگەن زىرائەت ۋە مېۋە سورتلىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۈسكۈنىلىرى، يەرلىك ئۇسۇلغا يات زامانىۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرى، ئەرزان باھالىق كىيىملەرنى توپ سېتىش ئورۇنلىرى، ئۆزگىچە تەشكىللەش ۋە باشقۇرۇش

قۇرۇلمىلىرى ئەلمىساقتىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ـ سېتىقلارنى شىددەت بىلەن شالالاپ تاشلىدى . بۈگۈنكى دېھقانىنىڭ يەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مەزمۇنى تارىختىكى ھېچقانداق دەۋردىكىگە ئوخشىمايدۇ . سودا ـ سانائەتنىڭ جىددىي ئېھتىياجى دېھقانلارنى پاختا، يىپەكنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان يېزا ئىگىلىكىگە مۇستەھكەم باغلىدى . ئۇ ئالدى بىلەن سانائەتنى شەرت قىلغان پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىشى ، ئاندىن كۈندىلىك ھاياتنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى بولغان بۇغداي، قوناق قاتارلىقلارنى ئويلىشى كېرەك . بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋەت ئۆتكۈرلەشتى . شەھەرنىڭ يېزىغا بولغان بىۋاستە تەسىرى ئومۇملاشتى . شەھەر ئۆزىنىڭ بارغانسېرى زورىيىۋاتقان ئېگىز بىنالارغا تولۇۋاتقان ئېغىر گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن پۈرقىراپ ئىس چىقىپ تۇرغان ئاغزىنى يېزىلارغا سوزماقتا . شەھەرلەردە ئىشلەنگەن سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇتلار تۇپراقنىڭ تەركىبىنى بارغانسېرى ئۆزگەرتتى . ھاشاراتلارنىڭ ياشاش ئىقتىدارى خىمىيىۋى دورىلارنىڭ كۈچىگە قارشى ئېشىپ، خەۋپلىك ئەلپازغا كىردى . كىشىلەر بارغانسېرى ئۆزىگە نىسبەتەن قۇلايسىز شارائىتقا كىردى . ئۇلارنىڭ ئويلاش، پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى ئۆزگەردى ، ئىندىۋىدۇئال تەلەپلىرىدىن مۇستەسنا ھالدىكى قىممەت قارىشى گاڭگىراپ تۇرغان مېڭىسىگە يېپىشتى . يېزا جامائەتلىرىدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەرنى "نېگىز" دېگەن ئۇقۇمغا مەركەزلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى . بۇ يەردىكى نېگىز شەيئىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى مەزمۇنىنىڭ تۈپ ئاملىنى كۆرسىتىدۇ . ھەر قانداق بىر جەمئىيەت مەيلى تەرەققىي قىلغان بولسۇن ياكى ئارقىدا قالغان بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ تۈزۈلمىسى ئىلغار بولسۇن، ياكى قالاق بولسۇن، مۇئەييەن بىر نېگىزگە ئىگە بولماي قالمايدۇ . دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ، قول ھۈنەرۋەنچىلىككە تايىنىش بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي نېگىزى ، بىكىتىلگەن ئاك فورمىسىغا لايىق ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى مائارىپنىڭ نېگىزى . دېمەك ، ئىجتىمائىي نېگىز جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىياتىغا مۇناسىپ رەۋىشتە بارلىققا كېلىدۇ ياكى ئۆزگىرىدۇ . ئۇ ئەلۋەتتە بىر مىللەتنىڭ مۇئەييەن تارىخ ، جۇغراپىيىلىك شارائىتتا يارىشا شەكىللەندۈرگەن ئىگىلىك شەكلىنى مەركەز قىلىدۇ . جۇڭگودا سوتسىيالىستىك بازار ئىقتىسادىنىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكىگە تەتبىقلىنىشى ، يېزا ئىگىلىكىدە يۈرگۈزۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ تەۋەككۈلچىلىك روھى بىلەن كېتىۋاتقان سانائەت ۋە سودىنىڭ ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇلۇشى يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي كەيپىياتلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن مىللىي جەمئىيەتنىڭ نېگىزىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىدى . دېمەك ، مىللىي جەمئىيەتنىڭ تايانچ كۈچ نۇقتىسى ئاستا ـ ئاستا يۆتكىلىشكە باشلىدى . بۇ ناھايىتى روشەن مەدەنىيەت كرىزىسىدىن بېشارەت بەرگەن ھالدا مىللىي ئەخلاق، مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەردە ئۆزگىرىش ياسىدى .

مەن 22 ياشقا كىرگۈچە بولغان پۈتكۈل ھاياتىمنى يېزىدا ئۆتكۈزدۈم. يۇرتۇم قەشقەر بەشكېرەم تېپىك بىر ئۇيغۇر يېزىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن مېنى ئۆستۈردى. مەن ئادىمىيلىكنى كىرىدىغان دەسلەپكى ئۇنىۋېرسال تەربىيە (دىن، ئەخلاق، ئەدەبىيات - سەنئەت، ئەمگەك قاتارلىقلارغا ئائىت تەربىيە)نى مۇشۇ يەردە ئالدىم. بۇ يەرنىڭ بۈك - باراقسان باغلىرى، ئورمانلىرى، كۆچۈم مەھەللىلىرى، پاكىز سۇلىرى، ئەركىن قۇشلىرى ماڭا تەبىئەت ھەققىدە تۇنجى دەرسلەرنى بەرگەن. يېرىم كېچىدىكى ناخشا ئاۋازلىرى، مۇڭلۇق نەي سادالىرى، مەسچىت پەشتىقىدىن كەلگەن سوزۇق ئەزان ئاۋازلىرى ماڭا مۇزىكىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تونۇتقان. بۇ يەرنىڭ خۇش چاقچاق، مېھماندوست كىشىلىرى ماڭا ئادەمگەرچىلىكنى ئۆگەتكەن. مېنىڭ كېيىن ئۆگەنگەنلىرىم تامامەن يۇرتۇم بەرگەن ئاشۇ دەسلەپكى تەربىيىنى يىلتىز قىلىپ كۆكەردى ۋە چېچەكلىدى. مەن پۇشكىن، يېسسىنىن، نېرودالارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئانا سەھرايىمنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق ھۇزۇرلاندىم. بالىلىق دەۋرىمدە يۇرتۇمنىڭ سۈزۈك ئاسمىنىدىن كۆرگەن يۇلتۇزلار ئارقىلىق كېپلىر، كوپېرنىكلار ئۆگەتكەن قانۇنلارنى چۈشەندىم. دېمەك، يۇرتۇم ئانا مەكتىپىم سۈپىتىدە ماڭا كەلگۈسىدىكى ئىلمەلەرنىڭ خېمىرتۇرۇچىنى بەرگەن. ناھايىتى روشەنكى، مۇھىت ئۆزى يېتىشتۈرگەن ھەر بىر ھاياتلىق ئۈچۈن ئۈنۈمى بىباھا مەكتەپ. ئۇنىڭ تەبىئەتكە خاس ساغلام قىياپىتىنىڭ قوغدىلىشى ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت مائارىپىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىكى ئالدىنقى باسقۇچ. ئەپسۇسكى، مەن ھەر قېتىم يۇرتۇمنى يوقلاپ بارغىنىمدا، بالىلىق دەۋرىمدىكى گۈزەل قىياپەتلەرنىڭ ۋەيران بولۇۋاتقانلىقىنى، كىشىلەردىكى ئەخلاقىي، مەنىۋى ساپانىڭ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمەن. ئۇلار يەرگە مېخانىك رەۋىشتە باغلانغان ھالدا شوخ، خۇشخۇي، جانلىق تۇرمۇش شەكلىدىن مەھرۇم بولغاندى. ئەينى ۋاقىتتا يېزىمىزنى جانلاندۇرۇۋېتىدىغان ئوغلاق تارتىشىش، چېلىشىش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، قوچقار سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، باراۋەت، تۈنەك، مەشرەپ ئادەتلىرى جىمىقىپ كەتتىكەن، ھەتتا بالىلارمۇ ئۆزىگە خاس ئويۇنلارنى تەرك ئېتىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ تىرىكچىلىك ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ كەتتىكەن، مانا ھازىر ئورما ۋە خامان ناخشىلىرىنىڭ ئورنىنى تراكتورنىڭ ئاۋازى، تۈگمەن بېشىدىكى بۇرغىنىڭ ئاۋازىنى توك تۈگمەننىڭ ئاۋازى ئالغان. ئەمدى سۇچىلارنىڭ، ئوتۇنچىلارنىڭ، تۇزچىلارنىڭ، جىسەكچىلەرنىڭ ئاھاڭلىرىنى ھەرگىز ئاڭلىغىلى بولمايتتى. گويا ھەر بىر نەرسە ئېتىقاد، مۇھەببەت، ئادەمگەرچىلىك قاتارلىقلار بازار ئىقتىسادىنىڭ دولقۇنىغا ئەگىشىپ تاۋارلىششقا قاراپ يۈزلەنگەن، پۇل ئېڭى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى، ئاي نۇرى، قۇشلارنىڭ سايراشلىرىغا قەدەر سىڭىپ كەتتىكەندى. ماددىي ئامىللارلا ئەمەس، بەلكى فولكلور ۋە مەنىۋى دۇنياغا تەئەللۇق ھېسسىي ئامىللار دەۋر كەلتۈرۈپ چىقارغان پۇل ۋەسۋەسىسىدىن ئىبارەت ماگىنتنىڭ ئەتراپىغا تۆمۈر ئۇۋاقچىلىرىدەك ئۇيۇشۇپ كەتتىكەندى. بۇ ئەھۋاللار كارل ماركس "پەلسەپە ناماراتلىقى" دېگەن ئەسىرىدە قەيت قىلىپ ئۆتكەن:"دۇنيا

لاتاپەتلىك بىر كىتاب، شۇنداقلا بۇ كىتابنى ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلار ئۈچۈن تاۋار" دېگەن سۆزنى ئەسكە سالىدۇ. بىراق بۇ پىكىر كىشىگە مۇنداق بىر مەسىلىنى قويىدۇ: دۇنيا ياكى تەبىئەتتىن ئىبارەت بۇ كاتتا بەدىئىي ئەسەرنى ئوقۇشنى بىلگەنلەر كېيىن نېمە ئۈچۈن ساۋاتسىزغا ئايلىنىپ قالدى؟ بۇ يەردە مەنىۋى بايلىق قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەتتە ساقلىنىۋاتقان تەڭپۇڭسىزلىق ئاشكارىلىنىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىقتىسادى ئالدى بىلەن زاۋۇت، كان - كارخانىلار، سودا ئورۇنلىرى، پوچتا، قاتناش، تۆمۈر يول، ئاۋئاتسىيە تارماقلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئىلھامىنى قوزغاپ ھەتتا قانات ياساپ ئۇچۇردى. شەھەرلەر خېلى مەزگىل ئارزۇلۇق بالىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ، مۇقەررەر ھالدا يېزىلارغا بېسىم ۋە جىددىيلىك ئېلىپ كەلدى. شۇنداق ئىكەن، ماددىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە بولغان چوقۇنۇش يېزىلارغىمۇ يامراپ، ئەسلىدىلا ئاز - تولا تەييارلىقى بولمىغان يېزا خەلقىنىڭ مەنىۋىيىتىنى تەبىئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ يوسۇندا غىدىقلىدى.

جەمئىيەتشۇناسلار جەمئىيەت قىياپەتلىرىنى ھەر خىل نۇقتىدا تۇرۇپ چۈشەندۈرۈشتى. جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى، تىپى ۋە شەكلىنى چۈشەندۈرگەندە، بەزىلەر ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنى چىقىش قىلدى، بەزىلەر روھىي، دىنىي ئامىللارنى چىقىش قىلدى، بەزىلەر تەبىئىي جۇغراپىيىلىك مۇھىتنى چىقىش قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان جەمئىيەت خىللىرى ۋە قاتلاملىرىنى ئاساس قىلغان كەشپىياتلار بولۇپ، يەنىلا، ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى جەمئىيەت ئەمەلىيىتىگە، قارىتا قانداق تەدبىقلاش مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىقى ئېقىملار غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى نۇسخىلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق شەرق جەمئىيەتلىرى دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە مۇپەسسەل جاۋاب تاپقىلى بولمايدۇ. جەمئىيەتشۇناسلىق مەسىلىلىرى بەرىبىر ئادەم ئۈستىدە كونكرېتلىشىدۇ، ئادەممۇ مۇئەييەن مۇھىت ئىچىدە كونكرېتلىشىدۇ. مەيلى ئىجتىمائىي ئادەم بولسۇن، مەيلى تەبىئىي ئادەم بولسۇن، ئۇنىڭ ئىرقى، مىللىي مەنسۇبىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ئالدى بىلەن تەبىئەتنىڭ بىر پارچە ئەسىرىدۇر. ئۇنىڭدا بەرىبىر تەبىئەتنىڭ تومۇرىدا قايناپ تۇرغان قاننىڭ سىماسى بولىدۇ. خۇددى بالىنىڭ تەقى - تۇرقى ۋە مىجەزى ئانا ۋە ئانا ياشىغان مۇھىتنىڭ سۈپەت مەنىسىگە باغلىق بولغىنىدەك، كىشىلەرنىڭ بىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك ساپاسى شۇنداقلا ئىجتىمائىي ئالامىتى ئانا تەبىئەت بىلەن بىر تۇتاش بولىدۇ. تەبىئەت مۇئەييەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، جۇغراپىيىلىك مەزمۇنغا ئىگە. تارىخىي يىللار داۋامىدا بۇ مەزمۇن ئۆزگىرىدۇ ياكى بۇ مەزمۇننىڭ ئۆزگىرىشى تارىخنىڭ سەھىپىسىنى ئۆزگەرتىدۇ.

يېزىلىرىمىزدىكى خاس مىللىي ھالەتلەر نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېز ئۆزگىرىدۇ؟ ئەنە شۇ مىللىي ھالەتلەرنىڭ سەمەرىسى بولغان ئەلنەغمىلەر، يوسۇنلار نەگە كەتتى؟ ئالدى بىلەن بۇ رايوندا يۈرگۈزۈلۈۋاتقان ئىقتىسادىي سىياسەتلەر مۇشۇ زېمىننىڭ روھى، خەلقلىرىنىڭ روھى، ئۇلار تارىخ، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى، سۈرئىتى ۋە نېگىزلىك مەنىسىنى شاللىدى. بايقاش ۋە قانۇنلاشتۇرۇشقا

تېگىشلىك بولغان مۇشۇ زېمىننىڭ خاس ئىجتىمائىي ئىقلىمىنىڭ مەھسۇلى بولىدىغان جەمئىيەت قانۇنى ۋە ئىقتىسادىي قانۇنى كۆمۈلۈپ قېلىش خەۋپىگە يۈزلەندى.

گېرمانىيە جەمئىيەتشۇناسى ماكس ۋېبېر قەدىمكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ماھىيەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ، قىشلاق ۋە شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى، ئۇلارنىڭ سىياسەت، ئىقتىساد جەھەتتىكى رولىنى كۆڭفۇزى روھىنى مەركەز قىلغان بېكىنمە ھوقۇق سىستېمىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىنچىكە تەھلىل قىلغان. ئۇ، جۇڭگودىكى شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە گۈللىنىشى كارخانىچىلارنىڭ رولىغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا بولغان، پات - پات يۈز بېرىدىغان سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشلىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئېھتىياجىنى كۈچەيتىپ، شەھەرلەر قېلىن سېپىللار بىلەن قورشالغان، نەتىجىدە، پۇقرالار شەھەر ئىچىدە بېكىنىپ ياشاپ، ئەركىن سودا كارۋانلىرىغا ئايلىنالمىغان، دەپ شەرھلەيدۇ.

ئۇيغۇر جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ خاس جۇغراپىيىۋى، ئىقتىسادىي، مەدەنىي سىستېمىلىرى بىلەن جۇملىدىن ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئوخشىمايدىغان تەبىئەت قارىشى ۋە دىنىي ئېتىقادى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىپ، تەرەققىي قىلغان. تارىختىكى "يىپەك يولى" ئەجدادلىرىمىز ياشىغان بۇ قەدىمىي دىيارنى سودا ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇپ، دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ غوللۇق ئېقىنلىرى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش دېڭىزىغا راۋان قۇيۇلۇپ تۇرغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تۇپراقنىڭ سودا كارۋانلىرى يىراق ئەللەرگە ئۆز مەدەنىيىتىنى تاراتقان. پەيلاسوپ ۋە جەمئىيەتشۇناس يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كاتتا ئەسىرى "قۇتادغۇ بىلىك" دە ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تىپىك مۇجەسسەمى بولغان دۆلەت، ھوقۇق قۇرۇلمىسى، قانۇن روھى، تەبىئەت روھى مۇپەسسەل ئەكس ئەتكەن.

ئادەم ھاياتلىقىنىڭ بىر ئەزاسى نۇقتىسىدىن تەبىئىي مۇھىتنىڭ فۇنكسىيىلىك مەنىسىگە ئالىي دەرىجىدە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇنىڭ جەمئىيەت دائىرىسىدىكى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى يەنىلا تەبىئەتنىڭ ئېپتىدائىي رىشتى، زوقى، ئىلھامى ۋە ھاياتبەخش ئۇچۇرلىرىنى شەرت قىلىدۇ. بىز بەدەندە مۇئەييەن بىر قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىكەنمىز، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتى بىلەن گارمونىك رەۋىشتە تۇرىدىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىمىز. ئىنسان روھىنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىك ھەرىكىتىچۇ؟ دېمەك، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق دۇنياسىدا بىر ئومۇمىي قانۇنىيەت بار. بۇ قانۇنىيەتتىكى بىردىنبىر ماھىيەت بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان شەكلىي ئۆزگىرىش بىلەن تەبىئەت، ئادەم، جەمئىيەت زەنجىرلىرىگە سىڭىپ كەتكەن. تەبىئەت قانۇنىنىڭ ئېلاستىكلىق خۇسۇسىيىتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قىلمىشلىرى مۇئەييەن بىر پەللىگە يەتكەندە، ئاندىن ئۆزىنىڭ سوتىنى ئۈزۈل - كېسىل ئاچىدۇ.

مىللەتلەر ئوخشىمىغانىكەن، ئۇلارنىڭ ئۆتمۈش تارىخىي دەۋرلەردىكى جەمئىيەتلىرىنىڭ

يىلتىزى، مەدەنىيەت قاتلىمى، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلىرى ئوخشىمىغان بولىدۇ، ئۇلار ئۆزىگە خاس تارىخىي مۇھىت ئىچىدە شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىدە ياشاپ كۆنگەن، ئويلىغان ۋە ئىجاد قىلغان. ئەگەر باشقىلار تەرىپىدىن تەقدىم ئېتىلگەن جەمئىيەت نۇسخىلىرى، باشقۇرۇش قۇرۇلمىلىرى ۋە ئىقتىسادىي يۈرگۈزۈلمىلەر يەرلىك خەلقنىڭ مەنىۋى ئاتموسفېراسىنىڭ مۇۋاپىق تاللىشىغا تاپشۇرۇلمىسا، يەرلىك خەلقنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى، ئېتىقادىنىڭ يۈكسىلىش سۈرئىتى بىلەن ماس قەدەم ھاسىل قىلمىسا، كىشىلەر قەلبىدىكى غۇرۇر ـ ئىپتىخارلارغا ۋەكىللىك قىلمىسا، قىسقىسى، يەرلىك خەلقنىڭ ئىچكى تەقەززاسى بەلگىلىگەن زۆرۈر ئېھتىياجغا ئايلىنالمىسا، مىللىي جەمئىيەتنىڭ ئېكولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى كاردىن چىقىدۇ. شۇ چاغدا بىز مىللىي مەدەنىيەت تۈپرىقىدىكى زور يوقىتىشلارنى، ئەخلاقىي بۇزۇلۇشلارنى، تەبىئەتنىڭ ئېغىر خانىۋەيران ھالىتىنى، ئەقىلنىڭ چىرىگەن مۇردىلىرىنى، ئاھالىلەرنىڭ پاسسىپ تىرىكچىلىكىنى، ئۇلارنىڭ كەمسىتىلگەن روھىي مۇھىتتىكى تېپىرلاشلىرىنى كۆرمەي قالمايمىز.

بىپايان چۆل ـ جەزىرىلەرنى كېسىپ ئۆتكەن تۆمۈر يوللار يېڭى شەھەر ـ مەھەللىلەرنى بىنا قىلدى. يېڭىدىن ياسالغان تاشيوللار خىلۋەت يېزىلارغا قەدەر تۇتاشتى. توك بىر قىسىم يېزىلارغا ئۆزگىچە تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ئېلىپ كەلدى. تېلېۋىزور يېزا بوسۇغىلىرىدىن ئاتلاشقا باشلىدى. توك بىلەن بولىدىغان ئەسلىھەلەر ئەمدىلەتىن پەيدا بولۇپ، ئەنئەنىۋى قورال ـ ئۈسكۈنىلەر بىر ـ بىرلەپ ئەمەلدىن قېلىشقا باشلىدى. توك تۈگمىنى سۇ تۈگمىنىنى ئىنكار قىلىشقا باشلىدى، ماي زاۋۇتى جۇۋازنى ئىنكار قىلدى. سۇلياۋ ۋە باشقا قېتىشمىلاردىن ياسالغان ئۆي سايمانلىرى ئەسلىدىكى ياغاچ سايمانلارنى، قاپاقلارنى، مىس چۆگۈن، مىس قازانلارنى ئىنكار قىلدى. بىر تۇتاش تارقىتىلىدىغان مىللىي تۇرمۇشقا يات تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى مەھەللىۋى سەنئەتنى ئىنكار قىلدى. ئۇنئالغۇ، سىنئالغۇ لېنتىلىرى خەلق سازەندىلىرى ۋە ناخشىچىلىرىنى بىر مەزگىل يېتىم قالدۇردى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى تەنتەنە قىلدۇرغان ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئالامەتلىرى. زامانىۋىلىشىش، دۇنياۋى تەرەققىيات بىلەن بىرگەۋدىلىشىش، ئىنسانغا مەنسۇپ بولىدىغان بارلىق ئىجتىمائىي ئەۋزەللىكلەرگە ئېرىشىش خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسى. بىراق ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئانا يىلتىزىدىن ئايرىلىپ قېلىش بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئارزۇسى ئەمەس. خەلقىمىز ئۆزى قوللىنىۋاتقان ھەر بىر قورالدا ياكى ھەر بىر سىستېما ۋە ياكى فورمىدا ئۆزىنى كۆرەلىشى، ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلىش، كەشىپ قىلىش جەھەتتىكى خاس روھىنى جارى قىلدۇرالىشى، ئۇلار ئۆز ئەقلىنىڭ مۇناسىپ پائالىيەتلىرىنى قاتناشتۇرالىشى، ئومۇمەن، تەرەققىياتنىڭ ھەربىر دولقۇنىدا ئۆز ئىرادىسىنىڭ يارقىن جىلۋىسىنى ئۇچرىتالىشى كېرەك. بارلىق ئەقلى ۋە مۈلكىنى ئېتىز ـ ئېرىقنى مەركەز قىلغان ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسىغا بەنت قىلىۋېتىپ، ئۆسۈملۈك ھاياتىدەك پاسسىپ ئىنكاس بەدىلىگە ئېرىشىلگەن تۇرمۇش ۋاستىلىرى دەل مىللىي جەمئىيەت بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنىڭ قەتلىگاھىدۇر.

ئۇرۇمچى مىللىي مەدەنىيىتىمىز ئېلىپ چىقىۋاتقان تراگېدىيىلىك رولنىڭ ئەڭ تىپىك سەھنىسى. بۇگۈنكى كۈندە بۇ ئەڭ چوڭ شەھەرنى قېرى مەدەنىيەت ساھىبى بولمىش بىر مىللىي رايوننىڭ ئەينىكى دېيىش قىيىن. بۇگۈنكى ئۇرۇمچىنىڭ قىياپىتى، كەيپىياتى، ئالاقە ۋاستىلىرى ۋە فورمىلىرى ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارى بولمىغان قېچىر مەدەنىيەتنى شەكىللەندۇرگەن بولۇپ، غەرب كىنو - تېلېۋىزىيىسىنىڭ شاللانما بۇيۇملىرى ۋە ئۇنىڭغا بولغان نادانلارچە تەقلىد بىلەن، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى چوڭ شەھەرلەر ۋە باشقا تاشقى جايلار زېرىككەن ئادەتلەر، ئۇسكۈنە - قورال‌لار، شەكىل - نۇسخىلار، ھاراق - تاماكىلار، زەھەرلىك چېكىملىكلەر، يېمەك - ئىچمەكلەر، قائىدە - يوسۇنلار، تەرتىپ - مىزانلار بۇ يەردە ئۆزئارا ئۇچرىشىدۇ. بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان مەنىۋى ئەخلەتلەر ئەڭ ساپ ھاۋانى، پاكىز ۋىجداننى، ساغلاملىققا ياتىدىغان ئېلېمېنتلارنى، جەمئىيەتكە قان ۋە ئاقسىل بېرىدىغان غايە - مەسلەكلەرنى رەھىمسىزلىك بىلەن چىرىتىپ تاشلايدۇ.

ئىسلاھاتنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىگە تولغان بۇ شەھەر ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سىياسەت مەركىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېگىز بىنالارغا، تارام - تارام يوللارغا، سېتىقچىلارنىڭ ھارۋا - غالتەكلىرى بىلەن تولغان تار كوچىلارغا، ئېتىقادى بىلەن كارى يوق، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەن تېرىككەك ئادەملەرگە، توپ تارقىتىش مەركەزلىرىگە تولغان زور گەۋدىسىنى قۇرۇپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھەيۋەتلىك تۇرقى بىلەن ھەم سىرتنىڭ براك ماللىرىنى ئىستېمال قىلىپ، سىرتنى ئادالاپ بېرىدىغان تازىلىق ئىشچىسى، ھەم تەگرىتاغ ئېتەكلىرىدىكى پايانسىز يېزا - قىشلاقلارنىڭ ساخاۋەتلىك داستىخانىدا ئولتۇرۇپ، چىشلىرىنىڭ ئاراچلىرىدىكى گۆشلەرنى تازىلاۋاتقان كىبىرلىك مېھمان.

بۇ يەر دىپلوم، دەرىجە، مەنسەپ كويىدىكى ئادەملەرنىڭ قىزغىنلىقلىرى بىلەن تولغان. ئادەمدىكى ئىقتىدارنى نومۇر بىلەن ئۆلچەيدىغان ئىمتىھان مائارىپى (جاھاندارچىلىق، كۈن كەچۈرۈش مائارىپى) تەگرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى مىليونلىغان ياشلارنىڭ دىققىتىنى مۇشۇ يەرگە مەركەزلەشتۈرگەن. ئاتا - ئانىلار ئىمتىھان، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش، ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى تەقسىملەيدىغان ۋاقىتلاردا بالىلىرىنىڭ ئىستىقبالى قايغۇسىدا خۇددى ئافرىقىدىكى ئاھالە كەلكۈنلىرىدەك ئۇرۇمچىگە قاراپ ئاقىدۇ. كوچا - كوچىلاردىكى دەڭ - سارايلار، ئىشخانا - ئىشخانىلاردىكى يانچۇق ۋە ئاشقازانلار بۇ ساددا مېھمانتەكشلەرنىڭ ئاز - تولا بايلىقلىرىغا ئاغزىنى ئاچىدۇ. ئۇلار تاپقان - تەرگەنلىرىنى ئۇرۇمچىگە قېقىۋېتىپ، ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىسىدا قالغان تەشۋىشلىرىنى يۈدۈپ ئۆز ماكانلىرىغا قايتىدۇ.

يەر شارى ئىقتىسادىي ھەمكارلىق، مۇھىت كرىزىسى ۋە تۈرلۈك ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش جەھەتتە بىر گەۋدىلەشتى. ئۇچۇر لىنىيىلىرى ۋە ئالاقە تورلىرىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن تېز ئۈنۈمى ماكان، زامان مۇناسىۋىتى جەھەتتە يەر شارىنى كىچىكلەتتى. شۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ

جەمئىيىتىمىز جاھان تاۋۇكاللىرىدىن قانچىلىك يىراق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تەرەققىياتنىڭ ئىدىقلىلىشىغا ئۇچرىماي قالمايدۇ. مەدەنىيەت خىللىرىنىڭ ئۇچرىششى، بىر - بىرىگە تەسىر قىلىشى، ئاخىرىدا زامانىنىڭ تەلپىگە لايىق تاللانغان مەدەنىيەت سەمەرىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى، بىر مۇقەررەرلىك سۈپىتىدىكى قوبۇللانما بولۇپلا قالماي، يەنە بىز ئۈچۈن بىر زۆرۈرىيەتتۇر. بىراق شەرت شۇكى، جەمئىيەتنىڭ ھەر بىر كۈچ نۇقتىسى (ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر ئۇيۇشما، ھەر بىر شەخس) ئۆزىنىڭ ئەركىن ئىرادىسىنىڭ جەۋھىرى ئىزلىرىنى تاپالىشى كېرەك. دېمەك، ھەر بىر ئەركىن ئىرادىنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئۆزىنى ئىسپاتلىشى ئارقىلىق يارىتىلغان مەدەنىيەتنى ئورتاق مەدەنىيەت دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق مەدەنىيەتنى ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسى سەمىمىي مۇھەببەت ھېسسىياتى تولۇق تەستىقلىغان ئاساستا "مېنىڭ!"دەپ تەنتەنىلىك ۋارقىرالايدۇكى، ھەرگىز ئۆزىنىڭدىن كەمسىتىلىش، قورۇنۇش ھېس قىلمايدۇ. ئۆزىنى ئىلمىي قانۇنىيەت بويىچە دەلىللەشتىن قورقىدىغان ئەقىدىنىڭ تەبىئىي ئىستەك ۋە ھەققانىي غايىلەرنى مونوپول قىلىۋېلىشى ھېسابىدا، سۇبيېكتىپ پائالىيەتنىڭ رولىنى زورمۇ زور ئىجابىي، سەلبىي، باش پېرسوناژ، قوشۇمچە پېرسوناژ قىلىپ بۆلۈپ بېرىش ئارقىسىدا مەيدانغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەتنىڭ ئارىلاشما تەركىبى كۆپ بولىسمۇ، ۋارىس يېتىشتۈرەلمەيدىغان قېچىر مەدەنىيەتتۇر. ئۇرۇمچى ئەنە شۇ قېچىر مەدەنىيەت تىپىدىكى شەھەرنىڭ نەمۇنىسى بولۇپ، بۇ يەردىكى قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ۋىجدانى بىلەن ئىمانىمۇ قېچىرلىشىپ كەتكەن. قېچىر مەدەنىيەتنىڭ مەسئۇلىيەتچان دادىسى ۋە ساپ روھقا ئىگە جەلپكار ئانىسى بولمايدۇ.

ماكس ۋېبېر ئۆزىنىڭ جەمئىيەتشۇناسلىق نەزەرىيىسىدە، كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي پائالىيەت مەزمۇنىنى تۆت تىپقا ئايرىيدۇ: 1. مەقسەتكە (نىشانغا) ئۇيغۇن پائالىيەت؛ 2. قىممەتكە ئۇيغۇن پائالىيەت؛ 3. ھېسسىيات جەھەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچتىن كەلگەن پائالىيەت؛ 4. ئەنئەنىۋى ئادەملەرگە ماس پائالىيەت.

بىرىنچى خىل پائالىيەتتە، كىشىلەر ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدۇ، قوللانغان ۋاستىنىڭ ئەخلاقىي ئۇقۇم جەھەتتە ياخشى - يامان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان بىر يول بىلەن مەنزىلىگە يەتسىلا بولىدى. مەقسىتىگە توغرا بولسا ئۆزىنىڭغا يېتىش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستەك (چارەك) خاتا بولغاندىمۇ ئەيىبلىك ئەمەسسەن. ئىككىنچى خىل پائالىيەتتە، سەن پەقەت ۋاستىنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ۋە ئەھمىيىتىنىلا چۈشەنسەڭ بولىدۇ. ئۈچىنچى خىل پائالىيەتتە، پائالىيەت قىلغۇچىنىڭ ھەرىكىتى بىردەملىك ھېسسىيات پارتلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇيۇ، مەقسەت ۋە ۋاستىنىڭ توغرا، ئۈنۈملۈك بولۇشى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ. تۆمۈر خەلپىنىڭ "قۇرئان" تۇتۇپ قەسەم ئىچىپ بەرگەن مەلئۇنلارغا قايىل بولۇپ كېتىشى، خوجىنىياز ھاجىنىڭ توختىنىياز زورنى ئاچچىقلاپ ھەيدىۋېتىپ، كېيىن يەنە پۇشايمان قىلىشى، مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى ئەخمىقانە قىزغىنلىق ۋە قىرغىنلار مۇشۇ خىل تىپتىكى پائالىيەتكە كىرىدۇ. تۆمۈر خەلپە پاجىئەسى

بىلەن خوجنىياز ھاجى پاجىئەسى ئوخشاش بىر پاجىئەنىڭ ئىككى قېتىملىق يۈز بېرىشىدۇر. بۇ تامامەن تارىخ ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن كەلگۈسىنىڭ توغرا ھەرىكىتىگە كېپىل بولالىغۇدەك دەرىجىدىكى ئەقلىي تەھلىل، مەنتىقىي يەكۈن، پەلسەپىۋى نازارەتنىڭ يېتەرسىزلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. كارل ماركس ئۆز ئەسەرلىرىدە ھەيت قىلىپ ئۆتكەن: "گېگېل بىر ئەسىرىدە، بارلىق زور تارىخىي ۋەقەلەر ۋە شەخسلەر ئىككى قېتىم پەيدا بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇ بىرىنچى قېتىم پاجىئە تەرىقىسىدە پەيدا بولىدۇ، ئىككىنچى قېتىم كۈلكە تەرىقىسىدە پەيدا بولىدۇ، دەپ قوشۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغان" دېگەن ئىبارىلەر يۇقىرىقى ئىككى قېتىملىق پاجىئەگە دەل چۈشىدۇ. ئەمما بىز گېگېل بىلەن ماركسلارنى ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى قېتىملىق پاجىئەلەرنىڭ قايسى تەرىقىدە يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرسۇن دەيلىمۇ؟ ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆز گېگېلى، ئۆز ماركسى بولمىسا، تارىخىي پاجىئەلەر مەسخىرە تەرىقىسىدە يۈز بېرىۋېرىدۇ.

تۆتىنچى خىل پائالىيەتتە، كىشىلەر ھە دېسىلا كونا، ئەنئەنىۋى پىكىر قىلىش شەكلىنىڭ يېتەكلىشىدە پائالىيەت قىلىدۇ، بۇ، سەنئەت، پەن ساھەلىرىدە قاتماللىقتا ئەڭ روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ.

خوش، ماكس ۋېبېر غەرب جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات يولىنى قانداق ئىزاھلىغان؟ ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىچە، غەرب ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، ئالدىنقى ئىككى پائالىيەت تىپىنىڭ قوماندانلىقىنى قوبۇل قىلغان. مۇۋاپىق مەقسەت ۋە ئۈنۈملۈك ۋاستە كېيىنكى غەرب جەمئىيىتىدە ھەممىنى بەلگىلىگەن.

كارل ماركس:"كىشىنى تاشقى شارائىتلارنىڭ خوجايىنى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئورنىغا، ئۇنى بۇ شارائىتقا بويسۇندۇرغان" ئاسىيا جامائەسىنى تۈپتىن ئىسلاھ قىلىش ھەققىدە بۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر يېرىم ئەسىر ئىلگىرى خىتاب قىلغانىدى. شۇ تاپتا پۈتكۈل ئاۋام ھەقلىق ھوقۇقى بىلەن دۇنياۋى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتقان ئەھمىيەتلىك تەسەۋۋۇر، نۇرغۇن ئىقتىسادىي قىممەتكە ئەرزىيدىغان ئېلېكترون - ئۈچۈر ۋە ئەقىل سودىسى دەۋرىدە تۇرۇۋاتقاندا، بىز نان مەسىلىسىگە پېتىپ تۇرۇۋاتىمىز. شۇڭا 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇلۇك ساھەلەردىكى ئازغىنە سەرخىللىرىمىز مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش، تەرەققىي قىلدۇرۇش، جەمئىيەتنىڭ نورمال فۇنكسىيىسىنى قوغداش قاتارلىق تارىخىي بۇرچقا دۇچ كېلىۋاتىدۇ.

يەھۇدىي يازغۇچىسى شولوم ئالىيھەم: "يەھۇدىيلار نېمىگە تايىنىپ ياشايدۇ؟ مانا بۇ ھەقىقىي يەھۇدىي مەسىلىسىدۇر" دېگەنىدى. زېمىنىنىڭ مۇقەددەس ئاۋازىنى ئاڭلىيالىغان دانىشلار بۇ سۆزنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن مەنىسىنى چۈشىنەلەيدۇ. بۈگۈنكى 14 مىليون يەھۇدىي 2000 يىللىق سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈش جەريانىدا "ئىنجىل"غا پۈتۈلگەن ئەجدادىنىڭ روھىنى تاشلىۋەتمىدى، بۇ روھ پارچە - پارچە يەھۇدىيلار توپىنى بىرلەشتۈرۈپ تۇردى. ئۇلار ئەۋلادلىرىنى

تەربىيلەيدىغان مەكتەپنى جان تىكىپ قوغدىدى . ئاخىر، يەھۇدىي ئالىملىرى پۈتكۈل نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ 17%نى ئىگىلىدى ، ئامېرىكىدىكى مىليونېرلارنىڭ 20%ى يەھۇدىي ، ئامېرىكىدىكى بەش ستۇدېنتنىڭ بىرسى يەھۇدىي .

بىز ئۆيلىنىشقا ئەھمىيەت بەرسەكلا، ئۆز مەسلىمىزگە جاۋاب تاپالايمىز. ئىدىيە بىلەن ھەرىكەتنىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس .

1997 - يىل ئاۋغۇست

# تېلېۋىزور ۋە پىكىر قىلىش كېسىلى

ئەينەكمۇ ئۆز دەۋرىدە قالتىس مۆجىزىلىك ئۈچۈر بولغانىدى . ئۇنىڭ زىلزىلىسى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مىللىتىمىزنىڭ ئەخلاق ئېڭىنىڭ بىر شاھىغا ئايلىنىپ كەتتى . ئەينەكنىڭ كارامىتىدىن كەلگەن ھەيرانلىق چۆچەكلىرىمىزگە روشەن ئىزنالارنى قالدۇرغان . دانىشمەنلىرىمىز ئەينەكنى ئۆز - ئۆزىنى تونۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە تىمسالغا ئايلاندۇرغان. ئەينەك مىللىتىمىزنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ھەقنى تەستىق قىلغۇچى ۋەھىينىڭ سىرلىق يادنامىسى بولۇپ كەتتكەن. ئەينەك گويا كېچىنىڭ يۈرىكىدىكى ئالىيجانابلىقتىن ئاپىرىدە بولغان، لېكىن ئۇ يورۇقلۇقنىڭ ئۆز - ئۆزىنى ئىسپاتلىشىدىكى شارائىتتىن ئىبارەت . كېچە ئەينەكنىڭ ئۆز بالىسى ئىكەنلىكىنى كېچىگە خاس تەبىئىتى نۇقتىسىدىن ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىراق ئەينەك دېگەن بۇ بالا كىشىلەرگە كېچىنىڭ باغرىدىكى ئېھتىراسلىق دۇنيانى ئېيتىپ قويۇشقا خۇشتار ئىدى . ھازىر كېچە بىلەن ئەينەك ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ئارىلىقنىڭ بارلىقىنى ھېچكىم دەپ بېرەلمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قانداشلىقى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق پاسىلىنىڭ نامەلۇم نۇقتىسىدا ئايان بولىدىغانلىقى ئېنىق .

ھەر ھالدا بۇرۇنقىلار بىزدەك تەييارغا ھەييار ئەمەس ئىكەن، بۇنى ئۇلار نۇرغۇن مېھنەتلىرى ئارقىلىق ئىسپاتلىغان . ھازىر بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزغا سىڭىپ كەتكەن ھاڭۋاقتىلىق بىلەن ھۇرۇنلۇق ئۇلاردا يوق بولسا كېرەك . ئۇلار نۇرغۇن ئەقلىي ۋە ماددىي مىراسلارنى قالدۇرۇپتىكەنۇ، ئۆزلىرىنىڭ شەنىدىن كېلىچەككە تۆزۈك يادنامە قالدۇرۇشنى ئويلاپ كەتمەپتىكەن . ئۇلارنىڭ ھالال، ساپ، نۇرانە ئەقىل دۇردانىلىرى ۋە تارىخنىڭ تاناۋىنى تارتقۇدەك يۈرۈشلىرى ياتلارنىڭ پۈتۈكلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ جۇلاسىنى يوقاتمىغان . چوڭ ئۆرنەكلەرنى قويۇپ تۇرۇپ ، ناھايىتى ئاددىيغىنە بىر مىسالنى ئالايلى: ئۇلار ئەينەكنى كۆرگەندىن كېيىن ھەيران قېلىپلا ئولتۇرمىغان، بەلكى ئۇنى مەلۇم بىر ئەخلاقىي ، غايىۋى دىتىنىڭ مۇجەسسىمىگە ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، كۆز ئالدىدا نەق بولمىغان يىراق دۇنيانىڭ ھادىسىلىرىنى كۆرۈپ كۆزىتىدىغان "جاھاننەما ئەينىكى" گە ئۆزگەرتىپ تەرەققىي قىلدۇرالىغان. روشەنكى ، ئەينەك بىلەن "جاھاننەما ئەينىكى" ئوتتۇرىسىدا خېلى زور تەرەققىيات پەرقى بار. ئەينەك كۆرگۈچىنىڭ ئۆزىگە نەق نەرسىلەرنى كۆرسەتسە، "جاھاننەما ئەينىكى" يىراق ئەللەرنىمۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئەينەكتەك روشەن كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. قاراڭ، پەرھادنىڭ ئاشىقانە سەرگۈزەشتلىرىگە ۋە ئۇنىڭ سۆيگۈ ئەھلىگە خاس خىسلەتلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇشىغا ئەرمەن مەملىكىتىدىكى شىرىنىنىڭ رۇخسارىنى كۆرسەتكەن "جاھاننەما ئەينىكى" سەۋەبچى ئەمەسمۇ! ئەينەكنى "جاھاننەما ئەينىكى" گە ئۆزگەرتىش بىر كەشپىيات، توغرا، ئۇ

تەسەۋۋۇردىكى كەشپىيات، لېكىن تەسەۋۋۇردىكى كەشپىيات بولمىسا ئەمەلىيەتتىكى ماددىي كەشپىيات دەلىللىرىمۇ بولمايدۇ. ئىنگلىز شائىرى شېللى "شېئىر بېشارەت دېمەكتۇر" دەپ توغرا ئېيتقان. ئىنسانىيەت تەپەككۇرىنىڭ باللىققا خاس قاتلىمى دەل ئەپسانە ۋە شېئىرىيەتنىڭ تۇپرىقىدۇر. ئەپسانە روھىيەت ماددىي دۇنياغا تاشلىغان تۇنجى پىكىر چاقمىقى بولۇپ، تەپەككۇرنىڭ ئەزىم دەريالىرى ئۇنىڭدىن كېيىنكى يامغۇر ۋە كەلكۈنلەردىن ھاسىل بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئىجادىيلىققا مايىل تەبىئىتى ئەپسانە ۋە شېئىر تەرىقىسىدە روياپقا چىققاندىن كېيىن، ئۇ ئۇزاق ئەسىرلىك ئەقلىي - مەنتىقىي ئىزدىنىشلەر جەريانىدا پەنني ھەقىقەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ پەنني ھەقىقەت ماددىي قانۇنىيەتكە يېقىن پەرەزگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭ ماددىي گەۋدىسى ئۇزاق ئۆتمەي دۇنياغا كېلىدۇ. ئەلىشىر ناۋائىي ۋە ئۇنىڭ ئۇستازلىرى ئەينەكتىن ئىلھاملىنىپ، "جاھاننەما ئەينەكى" نى قىياس قىلغان. بۇ ئۇلۇغۋار قىياس مەيدانغا كېلىپ تۆت - بەش ئەسىردىن كېيىن "تېلېۋىزور" دېگەن نەرسە ياسالدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاشۇنداق قىياسلىرى بىلەن بىزنىڭ كارىمىز بولمىغان، ئۇنى ھەقىقەتنىڭ پەنني، ماددىي رېئاللىغا ئايلاندۇرۇشنى ئويلاپمۇ باقمىغاندۇق. ئۇنى غەربلىكلەر ياساپ چىققاندىن كېيىن ئەقلىمىز بىر مەزگىل ئالاقزادە بولۇپ، تۆت - بەش يۈز يىل ئىلگىرىكى بوۋىلىرىمىزنىڭ خىيال ياقىدىكى كەشپىياتىنى ھۇرۇن بىر ئېپتىخار بىلەن ئەسكە ئالدۇق.

بۇرۇن بىزنىڭ بۇ يەر "غەرب" دەپ ئاتىلىپتىكەن ۋە مەدەنىيەتكە ئائىت نۇرغۇن نەرسىلەر ئالدى بىلەن مۇشۇ يەردە بارلىققا كېلىپ، ئاندىن باشقا ئىقلىملارغا تارىلىپتىكەن. ئەدەبىي ئويغىنىشتىن كېيىن ياۋروپا "غەرب" دەپ ئاتىلىپ، نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى تاراتتى. "غەرب" ئاجايىپ قۇدرەتكە ئىگە خاسىيەتلىك ئىسىم دېسە خۇراپىيلىق بولار، لېكىن يۇقىرىقى ئىككى خىل "غەرب" نىڭ ھېكمىتىنى تارىخىي نەزەر بىلەن تەتقىق قىلىشنىڭ ئۆزى ئاقلانىلىق بولسا كېرەك.

بۈگۈن "جاھاننەما ئەينەكى" ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر ئەمەلگە ئاشتى. گەرچە ئۇ ئەقلىي ۋە ماددىي جەھەتتىكى ئاجايىپ يوشۇرۇن ئېنېرگىيىنى قوينىغا ئېلىپ ياتقان سەھرالىرىمىزغا تولۇق يېتىپ بارالمىغان بولسىمۇ، شەھەرلىرىمىز ئاساسەن تېلېۋىزور بىلەن تورلاشتى. بۈگۈن بىزنىڭ ئەقلىي كۈچىمىز شۇ قەدەر زەئىپلەشكەنكى، ئەجدادلىرىمىز تەسەۋۋۇر قىلغان، ئەجنەبىيلەر ياسىغان ئاشۇ نەرسىگە ھايات ئانا تىل تارىخىمىزنىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرىدىغان، زىيالىي بىلەن دېھقان ئورتاق چۈشىنەلەيدىغان بىرەر ئىسمىنى قويۇشقا قادىر بولالمىدۇق. ھەتتا، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان پەن - تېخنىكىنىڭ يېڭىدىن - يېڭى مەھسۇلاتلىرىغا مىللىي تىل ئۇدارىمىزغا يات نۇرغۇن چۈشىنىكسىز، كېلەڭسىز ئاتالغۇلارنى ئات قىلىپ قويۇشتىن سىرت، "ھاۋارايى" دېگەن بىر ئوبدان ئاتنىڭ ئورنىغا "مېترولوگىيە" دېگەن يات ئىبارىنى دەسسەتتۇق. تىلنىڭ بۇلغىنىشى روھنىڭ بۇلغىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، بۇلغانغان تىل سۆز ۋە ھەرىكەتتىكى پاساھەتنى ئاستا - ئاستا يوقىتىدۇ. ھەرىكەتتە پاساھەت بولمىغان ئادەم تۇيغۇسىدىكى ئۆتكۈرلىكنى،

نەپسىلىكىنى يوقاتقان ئادەم بولۇپ، بۇنداق ئادەمدە سۆزلۈك تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولمايدۇ. ئىلىم - پەن تارىخىدىكى ئۇلۇغ بايقاشلار ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تىلىدىكى تەپەككۇر نۇسخىلىرى بىلەنمۇ باغلانغان، ئەدەبىيات - سەنئەت تېخىمۇ شۇنداق. روھى قاششاقلىشىپ كەتكەن ئەل ئانا تىلىنىڭ دۇنياۋى تەرەققىياتقا نىسبەتەن مۇستەقىل، خاس ئۇيغۇنلۇقىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئۇيغۇنلۇق تەسلىمچىلىك دېگەن گەپ ئەمەس. تىللار تەرەققىياتىدىكى ماس قەدەملىك ئۇيغۇنلۇق ساپ، ساغلام ئانا تىلنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. تەسلىمچىلىك ئانا تىلنى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدۇ. تىل تەرەققىياتىدا مۇۋاپىق تاللاش ۋە شاللاش بولمىغان ئەھۋالدىكى قوبۇل قىلىشنىڭ ئۆزى نەق تەسلىمچىلىكتۇر. روشەنكى، بۇ ئانا تىلغا ئېغىر خورلۇق ئېلىپ كېلىدۇ. "ئەگەر ئەتە ئانا تىلىم يوقىلار بولسا، مەن بۈگۈنلا ئۆلۈشكە تەييارمەن" داغىستان شائىرى رەسۇل ھەمزەتوف گويا ئاشۇ خورلۇقنىڭ چىدىغۇسىز تەمىنى ئويدان تېتىغانىدى.

بىزنىڭ بۈگۈنكى زىيالىيلار قوشۇنىمىز ئاجىز - مېيىپلار قوشۇنىدۇر. ئەسلىدە ئۇلار مىللەتنىڭ تەپەككۇر ئېتىزىدىكى دېھقانلار بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ھوسۇلدىن خالىي تۇرۇپ قالغان خامانلىرىمىز ياۋا كوكاتلار بىلەن قاپلىنىپ، روھىمىز بىلەن تېنىمىز تەك يىگىلەپ قېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنى دېھقانلىرىمىزنىڭ شجائىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يوق گەپ. دېھقانلار ئۆزىنىڭ دېھقان ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغاچقا، قارا تەرگە چۆمۈلۈپ ئىشلەپ "ئاق نانچى" لارنى بېقىپ كېلىۋەردى. ئۇلارمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلىدۇ، بىراق ئېرىشەلمەي قالسا، ئېتىز بىلەن كەتمىنىنى تاشلىۋەتمەيدۇ. زىيالىيلىرىمىز ئۆزلىرى ئارزۇلىغان ھوقۇق ياكى پۇلغا ئېرىشەلمىسە، خىزمىتى بىلەن قەلىمىنى بىراقلا تاشلىۋېتىدۇ. جىسمانىي ئەمگەك ئادەمنىڭ ئەرلىكىنى تاۋلايدۇ، ھەتتا چۇسلۇق، قوپاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. كىتاب ئىچىدىكى تەلماتلار كىشىنى خېنىم مىجەز قىلىۋېتىدۇ. شۇڭلاشقا پروفېسسورلىرىمىز، ئەدىبلىرىمىز، ھەشقاللا - رەھمەتلەر ۋە ھارام شەپقەتلەرگە ئۆگەنگەن كادىرلىرىمىز ئاسان باتنايدۇ. ئۇلار رەنجىپ قالسا كۆڭلىنى ئېلىش بەك تەس. ئۇلار ئۆزىنىڭ كىشلەر ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى ئويلاشمايلا خەلقنى ۋە ئەجدادىنى چىشلەپ تارتىپ، ئۇلارنى "پالان - پەشمەت" دەپ تىللايدۇ. قۇيرۇقنى قاپقان قىسىۋالغان بىر تۈلكە تولا يۇلقۇشلىنىپ يۈرۈپ، ئاخىر قۇيرۇقى ئۈزۈلگەندىن كېيىن قاپقاندىن قۇتۇلۇپتۇ - دە، ئىزا - ئاھانەت ئىچىدە قېرىنداشلىرىنىڭ ئارىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. بىراق ئۇ يۈزىنى داپتەك قىلىپ: "قۇيرۇق دېگەن ئارتۇقچە نەرسە، ئۇنىڭ نېمە كېرىكى، سىلەرمۇ مەندەك قۇيرۇقۇڭلارنى كېسىۋېتىڭلار" دەپتۇ. بىزدە شېئىر يازمايدىغانلار شائىرلارنى كېرەكسىز دەپ تىللايدۇ. شائىرلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قاپىيە دەپتەرلىرىنى پەش قىلىپ، رەقىبى بولمىغان مۇھتەتىمۇ پوق يېگەن خورازدەك قىزىرىپ، ھۆرپىيىپ يۈرۈشىدۇ. ھېكايە يازىدىغانلا بولسا ئوقۇرمەنلىرىنىڭ بىرئاز كۆپلۈكىدىن مەمنۇن بولۇپ، گويا توپ ئارىسىدىكى مەدداھقا ئوخشاپ قالدى. تەرجىمانلار، كاتىپلار، تېۋىپلار ھەتتا پىلانلىق تۇغۇت خىزمەتچىلىرىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا باشقىلارنى كەمسىتىدىغان

رىسالىلىرى بار. ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلار سۈكۈت قىلىش يولىنى تاللىۋالغان. بەزى ھاماقەت كادىرلىرىمىز "جىم تۇرۇش" نى "مەسىلىلەرگە ئەتراپلىق قاراش"، "سالماق بولۇش" دەپ ئاتايدۇ. دەرۋەقە، سۈكۈتپەرۋەرلىك ئۇلارغا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئەكابىرلەردىكىدەك سۆلەت بېغىشلايدۇ - دە، كىشىلەرنى تەپ تارتقۇزالايدۇ. "بىلمىسەڭ، جىم تۇر" دېگەن گەپ بار، بىزدە بۇ گەپ "بىلسەڭمۇ جىم تۇر" دېگەنگە ئۆزگىرىپ كەتكەن. شۇڭا زامانىمىز ئىچى ئاداپ كەتسىمۇ، تاپىنى سىرقىرىسىمۇ، بېشى پىچاق تىققاندەك ئاغرىسىمۇ جىم تۇرىدىغان قەھرىمانلار بىلەن تولۇپ كەتكەن.

زىيالىيلارنى ئۇلۇغ دېگۈچى ئەربابلارمۇ بار، ئاسان ياتلىشىدىغان تەسلىمچى دېگۈچىلەرمۇ بار. قانداقلا بولمىسۇن، ھازىرقى قوغدىنىش خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ھالىتىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، زىيالىيلىرىمىز لوپا ئەينەك بىلەن ئۆتمۈشتىكى بەخت - سائادەتنىڭ ئۇۋاقلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىدىغان، ئالدىدىكى ئۇستەل چىرىغى چۈشەن پوقى بىلەن بويىلىپ كەتسىمۇ كۆرمەيدىغان ھالەتتە، بۈگۈنگە نىسبەتەن قىلچە مەسئۇلىيەتسىز ساددا ئېپتىخار، كەلگۈسىگە نىسبەتەن مېھنەتسىز ئۈمىد بىلەن ياشىماقتا.

ناپولېئون دېھقانلارنى ھەربىي قوشۇننى تەشكىللىگۈچى مەنبە دەپ مەدھىيىلىگەنىدى. فرانكلىن "ئۆرە تۇرغان دېھقان ئولتۇرغان جانابتىن ئەلا" دەپ تولىمۇ ياخشى ئېيتقانىدى. ئۇلار قارا ئەمگەك لاگېرىغا ئەزا قىلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، شەھەرلىرىمىزدىكى ئىدارە - ئورگانلارغا، مەكتەپلەرگە پەرزەنتلىرىنى ئەۋەتىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ پەرزەنتلەر ئازغىنا ئۆتكەندىن كېيىن "شەھەرلىك"بولۇۋالىدۇ ۋە ياۋاش - يۇمشاق تۇرمۇشنىڭ سىزىقىدا ماڭىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقىدا دېھقانلارنىڭ سالمىقى ناھايىتى زور بولماقتا. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى زىيالىيلارنىڭ بۈگۈنكى رولىدىن ئېيتقاندا، زىيالىيلار ئۆز ئاتىقىغا لايىق بۇرچىنى ئۈستىگە ئالالمىدى. بۇرۇنقى ئۆلىمالار ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا بىلەتتىكەن. شۇ زامانلاردا ئەرەب، پارس تىللىرى بۈگۈنكى ئىنگلىز تىلىدەك زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. بۇمۇ شۇ مىللەتلەر ياراتقان مەدەنىيەتنىڭ دۇنياۋى تەسىر كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار ئەرەب، پارس تىللىرىنى چوڭ بىلگەن دەۋر دەل ئىسلام مەدەنىيىتى پارلاق نۇر چاچقان دەۋر ئىدى.

غەرب ئىنقىلاب خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرۈپ بۈگۈنگە كەلگەندە، بىز تېخى دۇنياۋى تىل ۋە دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ سەھنىسىدىن ئورۇن ئېلىش تۈگۈل، بۇنداق ئەقەللىي سەۋىيە تېخىچە بىزگە فانتازىيە (غارايىبات) تۇيۇلماقتا. زىيالىيلىرىمىز 20 - ئەسىردىكى غەربنىڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسىنى كىيەلىگەن بولسىمۇ، لېكىن 20 - ئەسىرنىڭ ئىدىيىسىگە ئىگە ئەمەس. نېمىشقا بۇنداق دەيمىز؟ چۈنكى بىزدە مىللەت ئىدېئولوگىيىسىنى دۇنياۋى ئېقىمغا ئېلىپ كىرىدىغان بىر تۈركۈم زىيالىيلارنىڭ ماسلىششچان مېخانىزملىق قۇرۇلمىسى بارلىققا كەلمىدى،

بىزدە ئۆزىنى خەلقئارالىق نۇقتىدىن كۆزىتىپ باھالايدىغان، چوڭ ئاممىۋى مەسئۇلىيەت بىلەن پىكىر يۈرگۈزىدىغان ۋە بۇ پىكىرنى ھەقىقىي ئەمەلىيەتنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى سىستېمىغا سېلىپ، دۇنياۋى يۈزلىنىشنىڭ ئۇق سىزىقىغا ئۇلايدىغان كىشىلەر ناھايىتى ئاز، ناھايىتى ئاز! خوش، ئاللا نېسىپ قىلسا، كېيىن بۇ ھەقتە تۈزۈك توختىلارمىز. گېپىمىزنىڭ يۆنىلىشىگە قايتىپ كەلسەك، بىز ئىگىلىك نۇقتىسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئاڭ نۇقتىسىدىمۇ دېھقان مىللەت بولۇپ قالدۇق. بۇ دېگىنىم بىزدىن مىللەتنىڭ دۇنياۋى سەمەرىسى بولۇشقا تېگىشلىك كىشىلەر 20 - ئەسىردە چىقمىدى دېگەنلىك ئەمەس. كېسىپ ئېيتقاندا، 20 - ئەسىردە بىزدە قەھرىمانلار تالايلاپ بولۇش بىلەن بىرگە، داھىي خاراكتېرىدىكى كىشىلەرمۇ بولغان، مەسىلە بىر جەھەتتە، ئىجتىمائىي قاتلاملار قۇرۇلمىسىدىكى پۈتۈنلۈك ۋە مۇكەممەللىكنىڭ ئىشقا ئاشمىغانلىقىدا، يەنە بىر جەھەتتە، خەلقئارالىق تۈيغۇنىڭ دېگەندەك ئۆتكۈر بولمىغانلىقىدا.

تېلېۋىزور ئاخبارات، ئۇچۇر، ئەدەبىيات - سەنئەت، مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزگىچە سۈرئەت ۋە شەكىل ئېلىپ كەلدى. تېلېۋىزىيىلىك ئۇچۇر لىنىيىلىرى ۋە سەنئەت فورمىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى ھەممىدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى بولۇپمۇ شەھەر ئاھالىسىگە نىسبەتەن نۇرغۇن قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كەلدى. ئالدىراش تۇرمۇش رىتىمى، ئەنئەنىۋى قىممەت قارىشىنىڭ تەدرىجىي يوقىلىشى، ماددىي تەقەززالىقنىڭ تەخىرسىز ھالدىكى كۈچىيىشى، جۈملىدىن مەئىشەتپەرەسلىك تېپىدىكى مەنىۋى گادايلىقنىڭ باش كۆتۈرۈشى، ساددا، ئەخمىقانە، يارىشىمسىز، ئەگەشمە يوسۇنۇۋازلىق قاتارلىقلار شەھەرلىكلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى (خاس خاراكتېرى) نى ۋەيران قىلىۋەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار كىتاب - ژۇرنال، گېزىت كۆرۈشنىڭ ئورنىغا تېلېۋىزور كۆرۈپ دۇنيانى چۈشەنمەكچى ئەڭ ياخشىسى، ئىچ پۇشۇقنى چىقارماقچى بولۇشتى ۋە ئاستا - ئاستا بۇنىڭغا كۆنۈكۈپ كەتتى.

تېلېۋىزور ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسىنى نىسبەتەن كۈچەيتتى. ئۇنىڭ قاناللىرى ۋە پروگراممىلىرىنىڭ كۆپ خىل ۋە رەڭدار بولۇش ئالاھىدىلىكى قىزىقىش سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغان ئاۋامنى تۈرلۈك نۇقتىدىن ئۆزىگە تارتىپ، مەجبۇرىي رەۋىشتە دېگۈدەك غىدىقلاش رولىنى ئوينىدى. كىشىلەر يېلتىسن، كلىنتون، ماندېلا، ئاراپات، دوداييېفقا ئوخشاش ئاخبارات چولپانلىرىنىڭ ئىش ئىزلىرىنى ئۇلارنىڭ چىرايى، ھەرىكىتى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلالايدىغان ئىمكانىيەتكە ئېرىشتى. دۇنيا ۋەزىيىتىنى گېزىت - ژۇرناللار ئارقىلىق كۆزىتىشمۇ بىر خاسلىققا ئىگە، چۈنكى ئۇلاردىكى پىكىر قىلىش بىلەن نۇقتا ئۆزىنىڭ گېزىت - ژۇرنالغا خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بىز يېزىق ماتېرىياللىرىنى كۆرگەندە، سۆز - جۈملىلەر چىقارغان پاسقا تايىنىپ مۇھاكىمە قىلىمىز، ئەمما، تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىدا تۇرغىنىمىزدا، دۇنيانىڭ ۋەزىيىتىنى كۆرۈشتىكى بىرقەدەر راست بولغان، مەتبۇئات يوشۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىگەن، ئايرىم چېنىپ قالدىغان ئۇششاق ئامىللار بىلەن بىرلەشتۈرەلەيمىز.

تارىخ سەھنىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ھەربىر قەدىمى خۇددى كۆچلۈك ماگنىت تاياقچىسىنىڭ ھەرىكىتى نۇرغۇن تۆمۈر ئۇۋاقلىرىنى ئۇيان - بۇيان قىلىۋەتكەندەك، مىليونلىغان ئاۋامنىڭ تەقدىرىگە كىرىشىپ كەتكەن بولىدۇ، ھەتتا تارىخنىڭ ئايرىم سەھىپىسى داھىيلارنىڭ مەلۇم قول ھەرىكىتى، تەبەسسۇمى ياكى قاپاق تۈرۈلۈشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. تېلېۋىزور ئاشۇنداق ئىنچىكە دېتاللارنى كۆزەتكىلى بولىدىغان "چىنلىق" تۇر.

تېلېۋىزور يەنە ھەر قايسى ئەل كىشىلىرىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىنى، ھايات دەرىجىسى ۋە شەكىللىرىنى، يۈنىلىشىنى چۈشەندۈرىدىغان ئىقلىمنامە. ئۇنىڭ ئىچىنى رەڭگارەڭ ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىدىيەدىن توقۇلغان جاھاننەمانىڭ چۈۋۈلۈشىدىن ھاسىل بولغان رىشتە بولۇپ، ئۆزگىرىشچان سۈرەت دولقۇنلىرى بىزگە ئىنسان قىسمەتلىرىگە دائىر ئاجايىپ ھېكايىلەرنى ستېرېئولۇق رەۋىشتە سۆزلەپ بېرىدۇ. شۇڭا ئۇ كىشىنىڭ دىققىتىنى رەھىمسىز غىدىقلايدىغان "قامۇسۇل ئالەم". يىغىپ ئېيتقاندا، دۇنيا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ھۆكۈمەت ئۈچۈن ئاك فورمىلىرى، ھاكىمىيەت يوسۇنلىرىنى تەرغىب قىلىشتا تېلېۋىزور ئەڭ بىۋاستە، ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ ئاممىباب، ئەڭ ئۈنۈملۈك قورالغا ئايلاندى. ھەتتا تېلېۋىزورنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى ساۋاتسىزلارنىڭ جاھىل كاللىسىنىمۇ يېرىپ كىرىپ، تەشۋىقاتنىڭ كەينىدىن ئاق - قارىنى ئايرىماستىن غىلىڭ قىلماي ماڭىدىغان قىلىۋېتىدۇ ۋە ئۇلارنى مەلۇم ئاك فورمىسى ياكى تەشۋىقاتنىڭ جاھىل، خۇراپىي مۇخلىسلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

تېلېۋىزور سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت بارغانسېرى بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بولۇپمۇ دۇنيانى تۈزۈلۈك بىر چۈشىنىشكە ۋە ئۆزىنى دۇنياغا چۈشەندۈرۈشكە تولىمۇ موھتاج ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تۇرمۇشىدا مۆلچەرلىگۈسىز ئىجابىي قىممەتكە ئىگە. ئەپسۇسكى، بىر قىسىم تۈك يېتىپ بارمىغان قىر - يېزىلىرىمىز غوۋغا بىلەن سىياسىي سودىغا تولغان 20 - ئەسىردە ھېچنېمىدىن بىخەۋەر قاراڭغۇ ۋادا بولۇپ تۇرۇۋەرمەكتە. شۇڭلاشقا تېلېۋىزىيە يوللىرىنى ھەممە يەرگە تەك تۇتاشتۇرۇش يەنىلا نۆۋەتتىكى يىللاردىكى ئېھتىمال، كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى جىددىي ئېھتىياج بولۇپ قالار، ئېھتىمال بۇ "جىددىي" لىك دىققەتنى تارتىپ كەتمىگەن كونا يادنامىگە ئايلىنىپ قالار.

تېلېۋىزور "غەربىي دىيار" نىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدىكى زامانىۋىلىقنىڭ نىسبى بولمىغان روشەن بىر جۇلاسى. ئەلۋەتتە ئۇ كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا سىڭىپ كىرگەن "تېخنىكا جەننىتى" بولسىمۇ، بەزى پاسسىپ تەرەپلەرگە ئىگە بولالماي قالمىدى.

تېلېۋىزور ئوتتۇرىغا چىققان ھامان كىشىلەر ئۇنى ئۆزىنى مەنىۋى ياقتىن تەربىيىلەشتىكى بىردىنبىر ۋاستە قىلىۋالدى. گويا گېزىت - ژۇرنال كۆرمىسىمۇ دۇنيانىڭ خاھىشىنى چۈشىنىپ ماڭىدىغان بولدى. ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئائىت ئېستېتىك ئېھتىياجىنى ئېكراندىكى فىلىملەر ئارقىلىق قاندۇرىدىغان بولدى. نەتىجىدە، بارا - بارا كىتاب ئوقۇمايدىغان، گېزىت - ژۇرنالغا

ئېتىبار قىلىپ كەتمەيدىغان ئاھالە تەركىبلىرى شەكىللەندى. كىتاب تىجارىتى قىلىدىغان خادىملارنىڭ دېيىشىچە، ئۇرۇمچى ئاھالىلىرىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە نىسبەتەن مەدەنىيەت - مائارىپ ساھەسىدىكى ئورنى، رولىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىتابقا ئەڭ ئاز مۇشتەرى بولىدىكەن، يەنىلا كۆپلىگەن تىراژ نامرات ھېسابلانغان جەنۇبتىن كېلىدىكەن. مېنىڭچە، بۇ ھەقىقەتەن تۇغرا ئىنكاس بولۇپلا قالماي، بۇ ئەھۋال تۆپ - نېگىزىدىن ئېيتقاندا زور پاجىئەدۇر. نۇرغۇن كادىرلار ۋە كەسپىي خادىملار كىتاب - ژۇرناللارنى بىكارغا بەرسىمۇ ئوقۇمايدۇ. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ بىرقەدەر ئەۋزەل ئىقتىسادىي شارائىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىتاب - ژۇرناللارنى ئالاھىدە سېتىۋېلىپ كۆرگەن بولسا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولاتتى. بەلكىم ئۇلار ئۆزلىرىنى خىزمەت ئىشى بىلەن بەكلا ئالدىراش دېيىشى مۇمكىن. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىنىڭ 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى رەھبەرلىرىدىن چېرچىل، دېگول، ئېيزىنخوۋېرلار دەھشەتلىك ئۇرۇش پەيتلىرىدىمۇ كىتاب ئوقۇغان. ئۇلارنىڭ ئوقۇغانلىرى كۆڭۈل خۇشى خاراكتېرىدىكى كىتابلار بولماستىن، بەلكى تارىخ، پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت ئائىلىسىدىكى چوڭقۇر مۇلاھىزىنى تەلەپ قىلىدىغان كىتابلار ئىدى. ھازىرقى كەسپىي خادىملار ئۆزلىرىنىڭ تار نەزەر دائىرىسى بىلەن مەسلىلەرگە ھۆكۈم قىلىشقا، خىزمەتلەرگە كاشىلا تۇغدۇرۇشقا بەكلا ئامراق. ئۇلاردا ئۆزىنى ئوبدان دەڭسىمەسلىك ئېغىر، ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئەڭ توغرا دەپ قارايدۇ. رەھبەرلەردىكى بيۇروكراتچە ئىستىل ئۇلارغىمۇ داۋالغىلى بولمايدىغان راك كېسىلىدەك يامراپ كەتكەنكى، ئۇ بەئەينى يېڭى تىكىلگەن كۆچەتلەرنىڭ تۈۋىگە تۆكۈلگەن شورىدەك ھېچنېمىنى ئايىنتمايدۇ. بيۇروكراتىزم دەھشەتلىك سازلىققا ئوخشايدۇكى، تالانتلىق كىشلەرنى چۆكتۈرۈپ تۇرىدۇ، ھېچكىم ھېچكىمنى قۇتقۇزمايدۇ.

مانا بۈگۈن، مىڭ يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىنىڭ قانۇن قۇرۇلمىسىنى لايىھىلىگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چەت ئەلدە ئەڭگۈشتەر دەپ قارالغان شاھ ئەسىرى "قۇتادغۇ بىلىگ" نىڭ باھاسى يەتتە يۈەنگە چۈشۈرۈلسىمۇ، تۇپا بېسىپ ياتىدۇ. دۇنيا كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەرنى نەشر قىلىشقا توغرا كەلسە، تۈزۈك تىراژ كەلمەي، نەشرىياتچىلارنى تەڭقىسلىقتا قويۇۋاتىدۇ. شائىر - يازغۇچىلار نەشرىيات تەرىپىدىن سېلىنغان تىراژ سېلىقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا كىتابخانا دىرېكتورلىرىغا يالۋۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئېنىق ھالدا تۈزۈملەشتۈرۈلگەن ئىدېئولوگىيىگە، بۇيرۇقلاشتۇرۇلغان بازار ئىقتىسادىغا بېرىپ تاقالسىمۇ، بەربىر جەمئىيىتىمىزدىكى پاجىئەلىك مەدەنىيەت ھادىسىلىرى بولۇش بىلەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىغا ئىگە كىشىلەرنى ئازابلىماي قالمايدۇ.

تېلېۋىزور چىقۋىدى، ناخشا - ئۇسسۇلچىلار، سازەندىلەر جەمئىيەتتىكى پىكىر ئېقىمىنىڭ جەلپكار نۇقتىسىغا ئايلاندى. دوكتور ۋە پروفېسسورلىرىمىز، ئاكادېمىك ۋە نەزەرىيىچىلىرىمىز دەسسەپ ئۆتۈپ كەتسە بولىدىغان تاختا كۆۋرۈك بولۇپ قالدى. تېلېۋىزور گوياكى دىلى ئۈزۈك

يىگىتلەرنىڭ يىغىسىنى ئاڭلايدىغان، خۇشپىچىم خېنىملارنىڭ جىلۋە - نازلىرىغا سەمە بولۇپ جاھاننىڭ ئاچچىق - چۈچۈكلىرىنى ئۇنتۇيدىغان، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا - ئانىلارغا ناخشا - ئۇسسۇل ئارقىلىق نەزىرە قىلىدىغان، بالىلارغا ئاتاپ دۇئا قىلىدىغان ۋاستىدەك بولۇپ قالدى. تېلېۋىزور ھەر خىل ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كىشىلەرگە تونۇتىدىغان سەھنە بولۇشنىڭ ئورنىغا، بىزنىڭ نەزەرىمىزدە گويا بىر ئويۇنچۇقتا ئايلىنىپ قالغىلى قوپتى.

بىز ئومۇمەن قالاق ئىقتىسادىي مۇھىتتا پىتىپ قالدۇق. مەدەنىيەت - مائارىپىمىز ئىقتىسادىي يېغىلىق دەۋرىنىڭ رەھىمسىز خىرىسىغا دۇچ كەلمەكتە. بىزدە سەھنە سەنئىتى بار دېيىلسە، ئەلنەغمە ياكى فولكلورغا ياتىدىغان ئەنئەنىۋى شەكىلدىكى سەنئەت بار. كىنو - تېلېۋىزىيە سەنئىتىمىزنىڭ ئاران ۋۇجۇدقا چىققان بىخلانما مەۋجۇدىيىتى ئۆز ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن. شۇنداق ئىكەن، كلاسسىك ئەدەبىيات - سەنئەت بايلىقىمىزنى، ئەپسانە، رىۋايەت، چۆچەكلىرىمىزنى، تارىخىي، ئىجتىمائىي جەريانلىرىمىز ۋە قىسمەت - تەقدىرىمىزنى ئېكرانغا ئېلىپ چىقىشىمىزغا مۇمكىن بولمىدى. شۇڭلاشقا تومۇرلىرىدا ئۆزىمىزنىڭ ئىسسىق قېنى ئېقىپ تۇرۇۋاتقان سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرىمىز سۇن ۋۇكۇڭ، خېمەن، رامبولارنى بىلەلىگەن بولسىمۇ، چىن تۆمۈر باتۇر، كەمەك ئەيىار، ئاپراسىياپلارنى بىلىشتىن قۇرۇق قالدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تېلېۋىزور ئۆزگىلەرنى بىلىشتىكى زور پۇرسەت بولۇش بىلەن بىرگە، ھازىرقى رېئال ئىقتىسادىي، مەدەنىي مۇھىتتا ئۆزىمىزنى ئۇنتۇشقا ئېلىپ بېرىۋاتقان چوڭ خەۋپ. ئۇنى مۇشۇنداق پەۋقۇلئاددە شارائىتتىكى خىروئىن دېسە گېپىمىز ئېشىپ كېتەرمۇ؟ مەن چاكىنا كونسېرۋاتىپلاردىن ئەمەسمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەن - تېخنىكىنىڭ ماددىي ۋە سىياسىي مەسىلىلەردىكى رولىنى مەلۇم مەنىدە چۈشەنسەم كېرەك دەپ قارايمەن. شۇڭلاشقا تېلېۋىزىيىنىڭ تېز ئومۇملىشىشىنى يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمدەك بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن. مەسىلە، تېلېۋىزورنىڭ ئەۋزەل تەرەپلىرىنى كۆرۈپ يېتىش بىلەن بىرگە، ئۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان پاسسىپ ئاقىۋەتلەرگىمۇ نەزەر سېلىشنىڭ ئوخشاشلا مۇھىم ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلىشتا. دۇنيادا ھېچقانداق تىنچلىق ئۇرۇشنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقىغا ھۆددە قىلالمايدۇ. ئەلۋەتتە، سەگەك سىياسىيون بۈنى ھەر ۋاقىت ئېسىدىن چىقارمايدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، مەدەنىيەت پەرۋىشچىلىرى پەن - تېخنىكىنىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، قىممەتلىك مىللىي ئالاھىدىلىكلەرگە قارىتا قىسمەن يوقىتىش ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يەنە بىر پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك.

زىيالىي ئەپەندىلەر، شەھەر مىشچانلىرى دىققەت قىلىشى كېرەككى، تېلېۋىزورنىڭ ھەددىدىن زىيادە بىۋاستىلىكى ۋە ئاممىۋىلىقى كىشىلەرنىڭ دىققەت دائىرىسىنى قورقۇنچلۇق دەرىجىدە تارايتىۋەتتى. شەيئىلەرنى كۆزىتىش ئۇسۇلىنى، باھالاش نۇقتىسىنى ھەقىقىي ئەمەلىيەتنىڭ تەلىپىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، بالىلار ئاسانلا ھۇرۇن، جاھانكەشتى، ئۆيدە ئولتۇرۇپ شەھەر ئالىدىغان خىيالپەرەس بولۇپ قالىدۇ. تېلېۋىزور ھامان

ئەمەلىيەتنىڭ نەق ئۆزىنى تەقدىم قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭدىكى نومۇرلار مۇقەررەر ھالدا مۇئەييەن مۇئەسسەسە ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئورگانلار، مۇھەررىر ۋە ئوپېراتورلارنىڭ دىتى بويىچە ئىلگىرى - ئاخىر، ئاستىن - ئۈستۈن قىلىنىدۇ، كېسىپ - ئۇلىنىدۇ، رەتلىنىدۇ ۋە ئاخىر غەيرىي تەرتىپتىكى "ھەقىقىي" ئەمەلىيەت قىلىپ چىقىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، تېلېۋىزور ئېكرانى ئالدىدا ئولتۇرغان ئادەم ئۇنى ئۆزىگە خاس قىممەت قارىشى ۋە دۇنيا قاراش بىلەن باھالاپ، ئۆزىگە ھەقىقىي ئەسقاتىدىغان توغرا ئۇچۇرنى ئاللىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن باشقا خۇرۇچلار ئەمەلىيەتكە چۆكۈش، ئويلاش، پىكىر قىلىش، ئەتراپلىق تەربىيىلىنىش، زۆرۈر كىتاب - ماتېرىياللارنى كۆرۈش، مېڭىنىڭ تەپەككۇرلۇق رولىنى تاۋلاش ئىنتايىن زۆرۈر.

ئۇيغۇرلار خەت تونۇش جەھەتتىكى ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتەلمەي 20 - ئەسىرنى ئۇزاتماقتا. قاراڭ، جاھان كومپيۇتېر تورىغا كىرىپ بولدى. بىز 21 - ئەسىرگە يەنە بىر ساۋاتسىزلىقنى ئۈستىمىزگە ئېلىپ كىرىدىغان بولدۇق.

ئەجەبا، كىچىككىنە بىزگە ئاللا مەخسۇس قالدۇرغان قىسمەتمۇ؟

1996 - يىل سېنتەبىر

# ئاۋام روھىدىكى قىرغاقلار ۋە كۆۋرۈك

ھەرخىل مەدەنىيەتنىڭ ساداسى ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ بۈگۈنكى كەڭ ۋە يۈكسەك ھاۋاسىدا تەنتەنە بىلەن ئۇچراشماقتا. كىشىنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان بۇ مەنزىرىدىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۆتمۈشى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز. شۇنىڭدەك، ئەلمىساقتىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان چوڭقۇر تارىخىي دوستلۇقنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن، ئۇنىڭ پارلاق كېلەچىكىدىن پەخىرلىنىپ تۇرۇپتىمىز. بۈگۈنكى دوستلۇقنىڭ سەھنىسىدە تۇرۇۋاتقان ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى غۇرۇرى بىلەن ياشىماقتا. روشەنكى، بىر مىللەتنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىپتىخارى، بىلىشنىڭ نۇرغۇن قاتلاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىدۇ. ئىجتىھات ۋە ئەقلىنىڭ ئۆرنەكلىرىگە باي بولغان، زامانلارنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى چەكسىز ئويلىنىشىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان كۆپ قىرلىق مەدەنىيەت، ئۆزىنىڭ مەغرۇرلۇقى بىلەن باشقا بىر مەدەنىيەتنىڭ تېررىتورىيىسىگە بىمالال سىڭىپ كىرەلەيدۇ. ھەممىگە ئايانكى، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ سېھرى بىلەن ھازىرمۇ كىشىلەردە چوقۇنۇش پەيدا قىلالايدۇ. مىسىرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت مۆجىزىلىرىمۇ بۈگۈنكى دۇنيا ئۈچۈن قىيىن سوئال. مەدەنىيەت ئۆزىدە بولمىغان ياكى كەم بولغان نەرسىلەرنى ئۆزىدىن باشقا بىر مەدەنىيەتنىڭ خەزىنىسىدىن قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق قوبۇل قىلىش ئەنئەنىۋى قارشىلىق كۈچىنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ ئەسلىدىكى ساپاسى ۋە كېيىنكى راۋاجى ئەنە شۇ يوسۇندا ئىشقا ئاشىدۇ. تارىخچىلار ۋە مەدەنىيەتشۇناسلار شۇنى ئورتاق ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇكى، مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىمتىيازىنى يوقاتماي كېلىۋاتقان گرېك مەدەنىيىتى دەسلەپتە غەربىي ئاسىيا ۋە مىسىر مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا تەرەققىي قىلغان. قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە جەھەتتىكى بىلىملىرى گرېتسىيىنىڭ مەدەنىيىتىگە كۈچ قوشقان. ئەپسانە شەكلىدىكى گرېك پەلسەپىسىنىڭ پەننىي ئاساسقا ئىگە بولۇشىغا تۈرتكە بولغان. قەدىمكى گرېتسىيە تارىخچىسى ھېرودوت (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 484 - 425 يىللار) نىڭ بايان قىلىشىچە، بۇرۇنقى مىسىرنىڭ بىر پادىشاھى ئەلنى ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىش، دۆلەتنىڭ مالىيىسىنى تەڭشەش ئۈچۈن كەڭ كۆلەملىك يەر تەقسىملەش ئىشىنى ئېلىپ بېرىپ، يەرنى خەلققە چوڭ - كىچىكلىكى ئوخشاش تۆت چاسا شەكىلدە بۆلۈپ بەرگەنىكەن. خەلق يەرنىڭ كۆلىمىگە قاراپ تۇرۇپ پادىشاھقا ئىجارە ھەققى تاپشۇرىدىكەن. ناۋادا دەريا، كەلكۈن سۇلىرى بىرەرسىنىڭ يېرىنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتسا، ئۇ بېرىپ پادىشاھقا مەلۇم قىلىدىكەن. پادىشاھ يەرنىڭ قالغان قىسمىنى ئۆلچەپ تاپشۇرىدىغان ئىجارە ھەققىنىڭ مىقدارىنى ئۆزگەرتىپ مۇۋاپىقلاشتۇرىدىكەن. بۇ يەر ئۆلچەشنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بولۇپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا گرېتسىيىمۇ بۇنى ئۆزلەشتۈرگەنىكەن. مانا بۇ ئادالەتنىڭ

تەقەززاسىدا دۇنياغا كەلگەن ئېپتىدائىي ماتېماتىكا بولۇپ، ئەينى دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقىغا ئايلانغان ھەقىقەتتىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك غايىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ شۇ دەۋردىكى كۆرسەتكۈچى بولۇپ قالغان.

دېمەك، گرېتسىيە مىسىرنىڭ ئەقلىنى قوبۇل قىلىش بىلەنلا ئۆزىنىڭ ئەقلىنى يوقىتىپ قويمىدى، ئېگەي دېڭىزىنىڭ تىنىم تاپماس شاۋقۇنلىرىغا قوراش بولۇپ ياشىغان ئەجدادلىرىنىڭ ئەخلاقىي ۋە غايىسى گرېتسىيىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا ئەڭگۈشتەر بولۇپ قېلىۋەردى. بەلكى ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى پۈتۈن ياۋروپا پەلسەپىسىنىڭ ئانىتىك مەنبەسى بولۇپ قالدى. بۈگۈنكى كۈندە گرېكلارنىڭ پەلسەپىسى غەربنىڭ، ھەتتا شەرقنىڭ تەپەككۇر خەزىنىسىگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى شائىرلارنىڭ پىكىر خامىنىغا بەرىكەت ئاتا قىلىدىغان خىزىرغا ئايلاندى.

جۇڭگو دۇنيادىكى يەنە بىر شۆھرەتلىك مەدەنىيەتنىڭ ئانىسى. شۇڭلاشقا بۈگۈنكى يىراق شەرق مەدەنىيىتىنىڭ ۋۇجۇدىدىن جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىنى خېلى كۆپ ئۇچراتقىلى بولىدۇ. جۇڭگودىن ئىبارەت بۇ ئەدەپ ـ ئەخلاق دۆلىتى ياراتقان تەرەققەت تەلىماتى ئەينى ۋاقىتتا ياپون مىللىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىگە سىڭىپ، ئۇلارغا خاس بولغان شىيەندىياۋ دىنىنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندى. بىراق شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتمىسەك بولمايدۇكى، ياپونىيىنىڭ شىيەندىياۋ دىنىدا ئازدۇر ـ كۆپتۇر ئىسلاھات بولۇپ تۇرغان. مىدزى دەۋرىگە كەلگەندە، ياپون مىللىتى يۈرگۈزگەن ئىسلاھات ئەنئەنە بىلەن بولغان مۇناسىۋەت شەكلى جەھەتتىنمۇ ئۈزۈل ـ كېسىل بولدى. ياپونىيىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات دەرىجىسىگە يېتىشىدە مىدزى ئىسلاھاتىنىڭ قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم.

باشقا ئەللەر ۋە مىللەتلەر مەدەنىيىتى بىلەن ئۇزاق مۇددەت ئالاقىدە بولماي تۇرۇپ، ئۆزىنى زامانىۋى يۈكسەكلىكنىڭ چوققىسىغا ئېلىپ چىقالمىغان مەدەنىيەت، تارىخنىڭ قانچىلىك ئۇزۇن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاشقازىنىنى كاردىن چىقىرىپ قويىدۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن يېڭىلىقلارنى ھەزىم قىلىش ئىقتىدارىدىن تامامەن مەھرۇم بولىدۇ، مەدەنىيەتنىڭ ئەخلاق قاتلىمىمۇ كونىراپ، قۇدرەتلىك قانۇن ئورنىدا ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىنى تەڭشەپ، مەنىۋى ھاۋانى ساپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئالاھىدە فۇنكسىيىسىنى يوقىتىدۇ. ياۋروپانىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى بەزى مۇتەپەككۇرلار تەرىپىدىن قەدىمكى "شەرقنىڭ ياۋروپاسى" دەپ تەرىپلەنگەن جۇڭگو چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە فېئوداللىزمنىڭ ئۇزۇن جەزىرىسىدە ھالسىزلىنىپ، چەت ئەل جاھانگىرلىكىنىڭ ھامىيسىغا ئايلىنىپ قالدى. قارا تارىخ بىر قىسىم زىيالىيلارنىڭ ئار ـ نومۇسىنى ئويغىتىپ ئىسلاھات ساداسى مەيدانغا كەلدى. بۇ سادا جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ ۋاراقلىرىغا ھۆسن قوشتى. بۇ "4 ـ ماي" مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن ئىبارەت شانلىق تارىخنىڭ ھارپىسىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان باسقۇچ ئىدى. كاڭ يۈۋېي، لياڭ چىچاۋ، تەن سىتۇڭ قاتارلىقلار مۇشۇ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە پەن ۋە

دېموكراتىيە شوئارىنى كۆتۈرۈپ چىقتى . بىز قالغان تەرەپلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاقارتىش جەھەتتىكى پائالىيەتلىرىنى ئەسلەپ باقايلى . نيۇتون ( 1643 - 1723 يىللار، ئەنگلىيە ) يېقىنقى زامان فىزىكىسىنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەپەككۇر تارىخىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى . ئىنسانىيەت نيۇتون ئارقىلىق ئۆز تەپەككۇرىنىڭ ئىلاھىي قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ، مۇشۇ قۇدرەتكە تايىنىپ ئىچكى ئىرادىسىنىڭ غالىبلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىنلىكىنى چۈشەندى . كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى ، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيە ئازادلىقىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز دەۋر ئىدى . مۇشۇنداق بىر گىگانت كىشىنى بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت سەھنىسىگە ئەكىرىش ئەلۋەتتە تارىخمۇ ئۇنتۇپ قىلىشقا پېتىنالمايدىغان ھەرىكەت . ۋەھالەنكى ، كاڭ يۇۋېي ۋەكىللىكىدىكى ئىسلاھاتچىلار 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا نيۇتون تەلىماتىنى جۇڭگوغا تونۇشتۇردى . مېنىڭچە، بىرەر ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پىكىر ئازادلىقىنى نامايان قىلىدىغان ئالاھىدە جەريان . پىكىر قىلىش ئەڭ قاتتىق ئەمگەك، شۇنداقلا مەنىۋى ھۆرلۈكنىڭ يۇقىرى پەللىسى . مەملىكىتىمىزنىڭ ئەينى زاماندىكى سىياسىي ، مەدەنىي رېئاللىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، كاڭ يۇۋېي قاتارلىق ئىسلاھاتچىلارنىڭ ئىزدىنىشى كىچىك ئىش ئەمەس . كېيىنچە ئېيتىش كېرەككى ، نيۇتون تەلىماتىنىڭ جۇڭگوغا كىرىشى ئىلىم ساھەسىگىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىلمىي ھەقىقەتكە بولغان تونۇشىغىمۇ ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن .

غايىلىك ئادەملەر مۇرەككەپ تارىخنىڭ دۆۋىسىدىن كەم نەرسىسىنى بايقىۋالالايدۇ، ئۇنى تولدۇرۇشنىڭ كويىدا بولىدۇ . قانداقتۇر بىر يوقسۇزلۇقنىڭ ھەسرىتىنى چېكىدۇ . غايىنىڭ مەزمۇنى رېئاللىقنىڭ مەزمۇنىدىن مول بولغان ئەھۋال ئاستىدا ئىسلاھات مەيدانغا كېلىدۇ . غايىنىڭ مەزمۇنى رېئاللىقنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشاش بولغان ئەھۋال ئاستىدا قانائەتلىنىش كېلىپ چىقىدۇ .

كاڭ يۇۋېي قاتارلىقلار چالغان "ئەكېلىشپەرۋەرلىك" قوڭغۇرىقى خۇشى ، لۇشۈن زامانىسىغا كەلگەندە جەڭگىۋار تۈس ئالدى . خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسى بارا - بارا كېڭىيىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن كەڭ زېمىنغا يېلتىز سۈردى . بۈگۈنكى سېلىشتۇرما تەتقىقاتلار يۇقىرىقى پىكرىمىزنى ناھايىتى كۆپ پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ . لۇشۈن دارۋىن، گوگوللاردىن ئەكەلگەن؛ خۇشى يوھان، دېۋىيدىن ئەكەلگەن؛ گومورۇ تاگور، ۋىتمان، گيوتىلاردىن ئەكەلگەن؛ ماۋدۈن زولا، تولستويلاردىن ئەكەلگەن؛ باجىن باكونىن، ئوسكار، ۋىلدېلاردىن ئەكەلگەن؛ فىلق نەيچاۋ، خې چىفاڭ قاتارلىقلار فرانسىيە، ئەنگلىيىنىڭ سىمۋولىزم ئەدەبىياتىدىن ئەكەلگەن . دېمەك، "4 - ماي" مەدەنىيەت ھەرىكىتى "ئەكېلىشپەرۋەرلىك" نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بۇنىڭ بىلەن ئىنكار قىلىنىپ كەتمىدى ، بەلكى زاماننىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ ھالدا ھاياتىي كۈچكە ئىگە مەزمۇننى تاپتى .

خوش ، بىز نېمىلەرنى بەردۇق ۋە ئەكەلدۇق؟

ئۆزىمىز ھەققىدىكى نەشر قىلىنغان كىتابلارنىڭ كىرىش سۆزلىرىگە قارىساق، نامىمىزنىڭ ئالدىدا بىر مۇنچە چىرايلىق سۈپەتلەر تۇرۇپتۇ. يىراق ئۆتمۈش ۋە يېقىنقى ئۆتمۈشنى سۈرۈشتۈرگىنىمىزدە، مەدەنىيەت تۇغمىزنىڭ خېلى ئۇبدان جەۋلان قىلغانلىقى راست، تارىختىن بېرى تىنىمسىز ئۇرۇش ۋە جەڭگى - جېدەلنىڭ سەھنىسى بولۇپ كەلگەن تۇپرىقىمىزدىن جاھان ئەھلىنىڭ دىققىتىنى رام قىلغۇدەك بەزى ئۆرنەكلەرنىڭ تېپىلىپ، كۈتۈپخانا ۋە مۇزېيلارنى بېيىتىپ تۇرغانلىقى ئەينى دەۋردىكى سۈپىتىمىزنىڭ رېئال پاكىتى. ھەربىر دىن بىر خىل مەدەنىيەت تىپىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا كۆپ قېتىم دىن ئالمىششىنىڭ بولغانلىقى ھەممىگە ئايان ھادىسە. مانا بۇ مەدەنىيەت تارىخىمىزدا كۆپ قېتىم يىمىرىلىش ۋە كۆپ قېتىم تىكلەشنىڭ بولغانلىقىنى، مەدەنىيىتىمىزنىڭ كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى، تەتقىق قىلىشنىڭ ھەقىقەتەن قىيىنلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەلۋەتتە، بىر مىللەت ياشاۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ بەرگەن ۋە ئەكەلگەنلىرى بولىدۇ. بېرىش ۋە ئەكېلىش تاللاش ۋە شاللاشنىڭ ئۇستىگە قۇرۇلىدۇ. تاللاش ۋە شاللاش تارىخنىڭ مەلۇم باسقۇچىدىكى ۋاقىتلىق ھادىسە بولماستىن، بەلكى چەكسىز داۋاملىشىدىغان ئۇزلۇكسىزلىك، روشەنكى، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا قانداقتۇر بىرلا مېتودنىڭ بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ. كۆپ خىل مېتودنىڭ بولۇشى نېمىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ يەنىلا ئەكېلىشنى، تەتقىقات مېتودىنى زامانىۋى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ، مەدەنىي مىراسلارنى زامانىۋى ئاڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ باھالاشنى تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى مەدەنىيەت چوقۇم مەدەنىيەت ئارقىلىق شەرھى تاپىدۇ.

ئەكېلىش تۇرلۇك مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن، پەلسەپە، ئېستېتىكا، ئەدەبىيات، مەدەنىيەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، تارىخشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، مائارىپشۇناسلىق ۋەھاكازالار. يۇقىرىقى تارماقلار ئەقلىي تەپەككۇر ۋە ھېسسىياتلىق تەپەككۇردىن ئىبارەت بىر - بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەر بىلەن تۇتىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق مەۋجۇت بولغاندا ۋە ئورتاق تەرەققىي قىلغاندا بىر خىل مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى كېلىپ چىقىپ، تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتى تېز ۋە ساغلام بولىدۇ. ھەرقانداق مېتود ۋە مېتودلوگىيە مۇشۇنداق ئېكولوگىيە ئىچىدە يېتىلىدۇ.

بىزنىڭ ھازىرقى ئىلىم ھاۋايىمىزنى ئالساق، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە ماتېماتىكا، فىزىكا، بىئولوگىيە پسىخولوگىيە قاتارلىق كۆپلىگەن پەنلەر ئۆتۈلۈۋاتىدۇ. سۆزلەنگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتنىڭ مىڭىسى ھېسابلىنىدىغان ئالىملارنىڭ تەپەككۇرى. بىراق بىزدە مۇشۇلارغا دائىر كلاسسىك كىتابلار ناھايىتى كەم. ئارخىمىد، پاسكال، نيۇتون، ئېيىنشتېيىنلار ھەققىدە سۆزلەيمىزيۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئوقۇشقا ئانچە مۇيەسسەر بولالمايمىز.

دەرۋەقە، گيوتى، تولستوي، گوركى، چېخوف، شولوخوف، بالزاك، فلوبېر، موپاسسان، مارك تېۋىن قاتارلىقلارنى بىلىشكە ئاز - تولا مۇۋەپپەق بولدۇق. بىراق ئۆتمۈشنىڭ پىلاتون،

ئارىستوتېل، دانتې، شېكسپىر، گېگىل قاتارلىق دانىشمەنلەرى بىزگە دېگەندەك تونۇشلۇق ئەمەس. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ۋىلىيام جامىس، كارل، پوپپېر، ھايدىگىر، سارتېرى قاتارلىقلارنى بىلەلمىگىنىمىز ئۈچۈن ھەسرەت چەكمىسەك بولغۇدەك.

لۇشۈننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئەجنەبىيلەرنى قانچىكى ياخشى چۈشەنسەك، ئۆزىمىزنىمۇ شۇنچە ياخشى چۈشىنىمىز. فرانسىيىنىڭ 19 - ئەسىردىكى ئاقارتىش مۇتەپەككۇرى ژ. ژ. روسسونى چۈشەنسەك، ئۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولىمىز. دانتې ياكى شېكسپىرنى چۈشەنسەك، ناۋائىينى سېلىشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولىمىز؛ شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ناۋائىيدىن ئىبارەت بۇ گىگانتلىرىمىز ھەققىدىكى تەتقىقات دۇنياۋى كەڭلىككە ئېرىشىدۇ. ئەگەر پىلاتون، سوقرات، ئارىستوتېل قاتارلىق گرېتسىيە مۇتەپەككۇرلىرىنى چۈشەنسەك، فارابى پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ مەنبەسى ۋە ناۋائىي ئېستېتىكىسىنىڭ خەزىنىسىنى چۈشىنەلىگەن بولاتتۇق.

ئەجدادلىرىمىز ئەكىلىشىپەرۋەرلىكىنىڭ نادىر ئۈلگىسى ئىدى. بىر سىڭقۇ سېلى، كوموراجىۋا، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ناۋائىي قاتارلىقلارنى ئويلىساق، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى دادىللىقىدىن سۆيۈنىمىز. بىزگە ۋاستىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئەرەب مەدەنىيىتىمۇ قاتلاممۇقاتلام قوبۇل قىلىپ ئۆزلەشتۈرۈشنىڭ مەھسۇلى. ئەرەب مەدەنىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر ئىسلاھاتچى شائىر ئىبنى مۇقەففا (مىلادى 727 - يىللار) پارس مەدەنىيىتىنى ئەرەبلەرگە تونۇشتۇرۇپ ئەينى دەۋردىكى ئەرەب مەدەنىيىتىنى بېيىتقانىدى.

ھازىر بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتەك ئۇلۇغ بىر دەۋردە ياشاۋاتىمىز. شۇنداق ئىكەن، دەۋرىمىز يارىتىپ بەرگەن ئەۋزەل شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىنى دادىللىق بىلەن قېزىشىمىز ۋە ئۇنى ئۆگىنىشىمىز، شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل مىللەتلىرىنىڭ ئىلغار مەدەنىيەت ئۇرنەكلىرىنى قوبۇل قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى يەنىمۇ بېيىتىشىمىز، شۇ ئارقىلىق مەدەنىيەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلىشىمىز لازىم.

1992 - يىل ئۆكتەبىر

# ماددىي ئىستېمال، مەنىۋى پەرھىز

ئىقتىسادىي قانۇنىيەت كونتروللۇقىنىڭ يەر شارى مىقياسىدا ماكرو دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ۋە كەلگۈسىدىكى تەقدىرىنى بىر - بىرىگە چەمبەرچاس باغلىۋەتتى. بۇ پەن - تېخنىكا، مەدەنىيەت ۋە ئۇچۇر تورلىرىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدىكى راۋاجى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، خەلقئارا دېموكراتىيىنىڭ مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلىنىشى، خەلقنىڭ ئىجتىمائىي مۇۋازىنەتتىكى ئورنىنىڭ كۈچىيىشى قاتارلىق نۇرغۇن جەريانلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەتنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە قىممەت قانۇنى جەھەتتە بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلىنىشى پەيلاسوپلار، سىياسىيونلار ۋە ئەدىبلەرگە خاس بولغان ئۇتۇپىيە ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق بولۇپ قالدى. نۇرغۇن تاسادىپىيلىق، نۇرغۇن مۇقەررەرلىك ۋە نۇرغۇن پۇرسەتتىن پۈتكەن رېئال تارىخنىڭ بۇ خاسىيەتلىك رىتمى دۇنيانىڭ ھەر قانداق خىلۋەتتىدە ئاڭلىنىدىغان بولدى.

جۇڭگودا بولۇۋاتقان ئىقتىسادىي ئىسلاھات دۇنيادا بولۇۋاتقان ئەنە شۇنداق كۆپ قۇتۇپلۇق ئۆزگىرىشنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. بۇ، بىر تەرەپتىن، مىللىي سودا - سانائەت، يېزا ئىگىلىك، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت - مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئىچكى مۇقەررەرلىكنىڭ مەھسۇلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تاشقى ئىقتىسادىي مۇھىتنىڭ تەسىرى ھەم جۇڭگونىڭ خەلقئارا ئىقتىسادىي مۇھىتتىكى ئالاھىدىلىكىنىڭ مەھسۇلى. ئىسلاھات سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگو تارىخىدا خۇددى كوپپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتىغا ئوخشاش ئىنقىلابىي خاراكتېرگە ئىگە سىگنال بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئىجابىي سادالىرى تەرەپ - تەرەپتە يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئاجايىپ مول ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاكتىپ پائالىيىتىنى قوزغاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىرتتىكى تۈرلۈك كۈچلەر ۋە گۇرۇھلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى.

ئۆزۈن يىللاردىن بېرى تەرەققىيات پۇرسىتىنى كۈتۈپ ياتقان سانائەت ئەسلىدە بار بولغان ئەسلىھەلەرنى جانلاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە زامانىۋىلاشقان يېڭى ئۈسكۈنە ۋە ماشىنىلارغا جىددىي ئېھتىياجلىق بولدى. نەتىجىدە، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، كانچىلىق قاتارلىق تەبىئىي ئىگىلىكتىن كەلگەن خام ئەشيالار بىلەن ئىمپورت قىلىنغان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر بىلەن بىرلەشكەن سانائەت ئىگىلىكى دەسلەپكى قەدەملىرىنى ئوڭۇشلۇق تاشلىدى. ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارنىڭ مىقدارى بىلەنلا ئۆلچەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ يەنە ئىستېمال جەھەتتىكى سەۋىيىنىڭ ماس قەدەملىك تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ. بازار ئىقتىسادىنىڭ يولىغا

قويۇلۇش زۆرۈرىيىتى تاۋار بىلەن ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى ئەنە شۇنداق ماسلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن كەلگەن.

بازار ئىقتىسادىنىڭ يولغا قويۇلۇشى چوڭ - كىچىك بازارلاردا ئاۋاتلىقنى، ئاۋام تۇرمۇشىدا باياشاتلىقنى پەيدا قىلدى. شەھەر - يېزىلاردا كۆپىيىۋاتقان خۇسۇسىي كارخانىلار، زاۋۇتلار، شىركەتلەر، يول بويىدىن ئورۇن ئالغان دۇكانلار، مۇلازىمەت تۈرلىرىگە باي مېھمانلار، ئاشخانىلار، رەڭگارەڭ چىراغلار بىلەن بېزەلگەن مەيخانا بىنالىرى، كارا OK زاللىرى، ھۆپپىگەرلەر ئاۋازىغا تولغان سودا بازارلىرى، توپ سېتىش ئورۇنلىرى، ئالدىراش يۈرگەن تاكسىلار... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى گۈللىنىۋاتقان خەلق ئىگىلىكىنىڭ تىپىك مەنزىرىسى بولۇپ قالدى. جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشلەر مەكتەپ، كۇلۇپ، ئاكادېمىيە، نەشرىيات ۋە سەنئەت ئۆمەكلىرى قاتارلىق مەدەنىي - مائارىپ ساھەلىرىدە ئەكس ئەتمەي قالمىدى. بۇنداق ئەكس ئېتىش مادديي ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى نورمال، قىزغىن ھالەتكە ئانچە ئوخشىماي قالدى. كىشىلەرنىڭ ئىشتىھاسى مادديي بۇيۇملار ۋە پۇل ئۈستىگە مەركەزلىشىپ مەنىۋى ئەمگەك مەھسۇلاتلىرى بىر ئاز چەتتە قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈستقۇرۇلما ۋە ئاڭ فورمىسى دەپ ئاتىلىدىغان بارلىق ساھەلەرنىڭ پائالىيەت جەريانى مادديي تۇرمۇش پائالىيىتى تەرىپىدىن چەكلەندى. جەمئىيەتنىڭ ئىنېرتسىيە كۈچى بازارلاردىكى مادديي ئالماشتۇرۇشتا گەۋدىلىنىشتەك ئۆزگىچە بىر خىل تەسرات كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ئىگىلەشكە باشلىدى. مادديي ئالماشتۇرۇشنىڭ يۈنىلىشى مەنىۋى قۇرۇلۇشقا ياتىدىغان مۇئەسسەسە تارماقلىرىنى نىسپىي ھالدا ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ، ھەم نورمال، ھەم بىنورمال بولغان ئۈنۈملەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. دەرۋەقە، بەزى تارماقلار بازار قانۇنىيىتىنىڭ ئومۇمىي ئېقىمىغا تەڭ ماسلىشىپ، مەنىۋى مەھسۇلاتلار بىر تەرەپتىن تاۋارلاشقان، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ئارقىلىق ئىككىنچى قەدەمدىكى ھەرىكەت ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلىش ئەمەلگە ئاشقان ۋەزىيەتنى ياراتتى. خۇسۇسىيلار باشقۇرىغان مەكتەپلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى، كىنو - تىياتىرلارنىڭ ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشى، نەشرىيات، گېزىت - ژۇرنال ئورۇنلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىستېمالغا ماسلىشالايدىغان ئاممىباب، يەڭگىل ئەسەرلەرگە ئەھمىيەت بېرىشى بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن مەدەنىي مەھسۇلاتلار بىلەن ئاممىنىڭ ئىستېمال ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ يېقىن بولۇشىغا نىسبەتەن ئىجابىي رول ئوينايدۇ. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئاشۇنداق ماسلىشىشنىڭ بولۇشى لازىم بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زۆرۈر ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە قىزىقىش مەنىۋى ئەمگەكنىڭ تاۋارلىق خۇسۇسىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئېچكى ئامىللىرى تەدرىجىي ھالدا سۇسلاپ، مەنىۋى قىممەت جەھەتتە چوڭقۇرلۇقى بولمىغان نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن، بۇ شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بازارلىششقا كۆڭۈل

بۆلۈش بىلەن مەنۋى مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان خۇسۇسىيىتى ۋە سۈپىتىگە كۆڭۈل بۆلۈش بىر - بىرىگە ماسلاشقان بولۇشى ئىنتايىن مۇھىم.

يۇقىرىقىدەك دولقۇننىڭ ئىچىدە بىۋاستە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتمايدىغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بازار ئارقىلىق كىرىم قىلالمايدىغان مەنۋى تارماقلار غايىب بولدى ياكى گاڭگىراپ قالدى. بۇنداق ئەھۋال بۇ ساھەدىكى يارامىلىق، قاۋۇل كۈچلەرنى بازارنىڭ قايىنىمىغا ئېقىتىپ بېرىپ، ماددىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن مەنۋى ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى مۇۋازىنەتنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ساقلىنىشىغا بىرنېمە دېگىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار ئاپتونوم رايونىمىزدا تېخىمۇ گەۋدىلىك. مەكتەپلەردىكى بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى بىر تۈركۈم ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ئىقتىسادىي تارماقلارغا يۆتكىلىشى ياكى دىققىتىنى كۆپرەك سودىغا مەركەزلەشتۈرۈشى، مەسئۇلىيەتچان ئاپتور ۋە مەسئۇلىيەتچان كىتابخانلارنىڭ ئازىيىپ بېرىشى، نەشرىيات، گېزىت - ژۇرناللارغا نىسبەتەن ئەسەر مەنبەسىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى، بەزى ژۇرناللارنىڭ مۇناسىپ قەلەم ھەققىگە كاپالەتلىك قىلالماسلىقى قاتارلىق كىشلەرنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ھادىسىلەر يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلى. بىز تىپىك ھالدا ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئىبارەت بىر ساھەنى تۇتقا قىلىپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھات دەۋرىدىكى ئاڭ فورمىلىرىنىڭ ئورنى ھەققىدە توختىلىمىز.

ھازىر نەشرىياتچىلىقىمىز ۋە گېزىت - ژۇرنالچىلىقىمىز ھۆكۈمەت ئورگانلار ئاجراتقان ئىقتىسادىي مەبلەغ بىلەن نورمال كېتىپ بارىدۇ، ئۇلار نوقۇل ھالدا يۇقىرىدىن بېرىلگەن مەبلەغكە قاراپ قالماي، بەلكى ئۆزلىرىمۇ ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىپ، ئۆز - ئۆزىنى قامداشقا تىرىشقان ھالدا بەزى ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزدى. ئەسەرلەرنى مۇشتىرىلارنىڭ سەۋىيىسى ۋە ئېھتىياجىغا ماسلاشتۇرۇپ، تىراژىنىڭ ئۆسۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش ياكى ئورگان قارىمىقىدا شىركەت ئېچىش قاتارلىقلار بىلەن مەزمۇنلاندى. بۇنى ئىمكانىيەت يار بەرگەن دائىرىدىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇل دېيىشكە بولىدۇ. يۇقىرىدا بىز ئېيتقاندەك، ئەدەبىيات - سەنئەت ئاپتور، ئەسەر، كىتابخان ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە مۇناسىۋەت بىلەنلا ئىجتىمائىي ھاياتقا قەدەم قويالمايدۇ، ئۇ يەنە ئۆزى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي سەرپىياتنىڭ بولۇشىنى، مەنۋى خاسلىقىنى يوقاتمىغان تاۋار سۈپىتىدە ئىستېمالغا كىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مانا مۇشۇ جەرياندا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ مەنۋى، ئىقتىسادىي ئۈنۈملىرى بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىپ، ئۇنىڭ نورمال تەرەققىياتى ئۈچۈن، مۇھىم بولغان شەرتلەر تەبىئىي يوسۇندا بەرپا بولىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەلىرىمىزدە، ئىقتىسادىي تەقەززالىق تۈپەيلىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يۇقىرىقىدەك خىزمەت ۋە مۇلازىمەت يوللىرىنى ھەر ھالدا ئومۇمىي ۋەزىيەتكە قارىتا پائال ئىنكاس سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. لېكىن ئۇ، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە قارىتا ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان بىردىنبىر ئىنكاسى ئەمەس. كىشلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش

خاراكتېرىدىكى ئاددىي ئېھتىياجىغا مۇرەسسە قىلىش ئارقىلىق چىقىش يولى ئىزدەش كۆپىنچە ھاللاردا تىياتىر، كىنو - تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاممىۋىلىقى كۈچلۈك تۈرلەرگە ماس كەلسىمۇ، بۇنىڭ ۋاقتىنى ئۇزۇن دەپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئاممىۋىلىق سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي ئېنېرگىيىسى ئۈچۈن مۇھىم بولسىمۇ، بۇ ئېنېرگىيە سەنئەتنىڭ ئىنسان خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىك بىلەن مەنبەلىنىدىغان بەدىئىي قىممىتىنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ساۋات ۋە بەلگىلىك سەۋىيىنى تەلەپ قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەرگە نىسبەتەن يۇقىرىقىدەك تەۋەككۈلچىلىكنى قوللىنىش ئانچە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. ۋەھالەنكى، ئەدەبىيات - سەنئەتمىزدىكى رېئاللىق بەربىر ئىقتىسادنى نېگىز قىلغان دەۋر دولقۇنلىرىغا ئەگەشكىنچە كۈندىلىك تۇرمۇش ئۈچۈن خىيال سۈرىدىغان ئادەمنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ قالدى. كان - يېزىلارغا، سودا - سانائەت ۋە كارخانا ئورۇنلىرىغا گۈللىنىش ئېلىپ كەلگەن ئىقتىسادىي ئىسلاھات مۇقىملىقتا كەلگەن ئاڭ فورمىسى ساھەلىرىنى مېخانىك رەۋىشتە ئازدۇر - كۆپتۇر ئۆزىگە تارتىش بىلەن مەلۇم مەندە چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش شەكلىنى ئالدى.

ماركسىزم كلاسسىكلىرى ئەدەبىيات - سەنئەتنى ئاساسىي جەھەتتىن ئۈستقۇرۇلما دەپ قارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى باشقا ئۈستقۇرۇلمىلاردىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرۈپ، بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى ئارىچى ۋاستە سۈپىتىدە چۈشەندۈردى. ھازىرقى غەرب ماركسىزمچىلىرىدىن بىرى بولغان ت. ئىگردون ئەدەبىيات - سەنئەتنى ھەم بازىسنىڭ، ھەم ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىر قىسمى، دەپ قارايدۇ. روشەنكى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى جەمئىيەتشۇناسلىق تەرەققىياتىنىڭ ھەر قانداق بىر باسقۇچىدا ئىزچىل ھۆرمەت قىلىنىپ كەلدى. ئىنسان پائالىيىتى تاشقى مەجبۇرلاشقا قارىتا ئىچكى تەشەببۇسكارلىق ياكى ئىچكى تەلەپلەرگە قارىتا تاشقى شارائىتنىڭ يار بەرمەسلىكى شەرتى ئاستىدا يۈز بېرىدۇ ھەم ئۆزلۈكسىزلىككە ئىگە بولىدۇ. خۇددى جەمئىيەتشۇناس ۋازكۇز ئېيتقاندەك، "ئىنسانىي ئېھتىياج ئىنساننىڭ ئالاھىدىلىكىنى بىر خىل تەشەببۇسكار مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە تەسۋىرلەپ بېرىدۇ." مەلۇمكى، ئىنسانىي ئېھتىياج ماددىي ۋە مەنىۋى قاتلاملاردىن تۈزۈلىدۇ. رېئاللىقنىڭ ئۇنىڭغا بولغان قانائەتلەندۈرۈش دەرىجىسى كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. ساغلام جەمئىيەت ئىنساننىڭ ماددىي ھاياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تۈزۈلمىنى يولغا قويۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەنىۋى ھاياتى ئۈچۈنمۇ زۆرۈر بولغان مۇئەسسەسە ۋە ئەسلىھەلەرنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، بەلكى ئىنسان پائالىيىتىنىڭ سۇبيېكتىپ مەنبەلىرىنىڭ تازا بولۇشى، ئۇنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. بىزدىكى ئەھۋال ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق، نوپۇسشۇناسلىق قاتارلىق باشقا ئاڭ فورمىلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بىۋاستە، ئىزمۇئىز بولىدۇ دەپ چۈشىنىدىغان بىر تەرەپلىمە ئىدىيىنىڭ بارلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھەتتا مۇشۇنداق چۈشەنچىگە ئىگە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت مۇئەسسەسەلىرىدىن ئورۇن ئالغانلىقىدىنمۇ گۇمانلانمىغىلى بولمايدۇ. ئەجەبا، نەزەرىيە ۋە تەتقىقات ساھەلىرىدىكى تۇرغۇنلۇقنى ئاشۇنداق رېئال سەۋەبلەردىن ئايرىپ قارىغىلى بولامدۇ؟ ھازىر ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ماددىي شەكلى بىلەن ئاڭ فورمىسىغا ئالاقىدار مەنىۋى شەكلى ئوتتۇرىسىدا مۇنداق سىلىشتۇرما بارلىققا كەلدى: ئىشىك سىرتىغا ئېچىۋېتىلگەندىن كېيىن، تاشقى سودا راۋاجلاندى، مىللىي ئىگىلىك ئۇچۇن ئىجابىي رول ئوينايدىغان تېخنىكىلار ۋە ئۈسكۈنىلەر كۆپلەپ كىرگۈزۈلدى. چەت ئەللەر مەبلەغ سالغان زاۋۇت ۋە كارخانىلار، چەت ئەلدىكى شىركەتلەر ۋە گۇرۇھلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ ئىش باشلىغان ئىشلەپچىقىرىش سودا تارماقلىرى يىلسېرى كۆپەيدى. بۇنىڭ زاپاس ياتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشتىكى ئۈنۈمى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. ئىچكىرى ئۆلكىلەردە شىركەت، كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي پايدىسىنىڭ مەلۇم نىسبىتى ئىختىيارىي رەۋىشتە ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆز مەنىتىقىسىدىن زىيادە چەتنەپ كېتىشتەك غەيرىي ئەھۋالىنىڭ مەلۇم دائىرىدە ئالدى ئېلىندى. شۇنداق بولسىمۇ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىيات مەنتىقىسى ئىقتىسادىي ئورىيېتتىن يەنىلا چىقىپ كېتەلمىدى. بۇنى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى دېگەندىن كۆرە، ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيىتىنىڭ تەرەققىياتى دېسەك ئەمەلىيەتكە تېخىمۇ ئۇيغۇن بولىدۇ. ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ مەنتىقىسى نۇرغۇن جەۋھەرلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئۇ شۇنداق جەۋھەركى، ئۇنىڭدا ئىنساننى سۆيەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغان روھىيەتنىڭ يارقىن سىماسى ئەكس ئېتىدۇ، ئۇ تۈرلۈك قاراش، تۈرلۈك ئىقىم، تۈرلۈك نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ بۇلاقلىرىدا يۇيۇنۇپ، تېخىمۇ پارقىرايدۇ. ئۇنىڭ بۇ پارقىراقلىق ئىچىدىكى ئويچان نازاكىتى ئېستېتىك دۇنيانىڭ جاراڭلىق خىتابىغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، جەۋھەرنىڭ ساپلىقىغا ئېتىبار بېرىلگەندە، ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئورىيېتىغا پاسسىپ بېقىنىشتەك نامۇۋاپىق ھالىتىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ. ماركس گرېك ئەپسانىلىرى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ چوقۇم ئۇلۇغ تاناسىپ بولۇشىنىڭ ناتايىن ئىكەنلىكىنى، ماددىي نامراتلىق دەۋرىدىمۇ يۈكسەك تەرەققىي قىلغان سەنئەت سەمەرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىنلىكىنى قەيت قىلغان. لېكىن كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن ئېيتقاندا، جەۋھەرگە ئېتىبار بېرىش يېتەرلىك ئەمەس. شۇنداقلا يەنە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ پەلسەپە، دىن، ئېتىكا، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئالەمشۇناسلىق قاتارلىق ئىدېئولوگىيە، پەن ساھەلىرى بىلەن بولغان قانداشلىقى نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ تۇرمۇش بىلەن بولغان ئالاقىسى دوگما ھالدا تەكىتلىنىدۇ. مۇشۇ گەپنىڭ ئۆزىدىن ئالغاندا، تۇرمۇش ئۇقۇمى كۆز ئالدىمىزدىكى ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ يىغىندىسىلا ئەمەس. بۇنداق قارىغاندا، ئۇ ئىنتايىن ئاددىي نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلغان بولىدۇ. تۇرمۇش ماددىي، روھىي ئالەمدىكى بارلىق ھادىسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەننىڭ

سانى قانچە بولسا، تۇرمۇشقا قارىتا پائالىيەتچان مۇناسىۋەتتە بولىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەتمۇ شۇنچە پەن بىلەن چىتىلىدۇ. بۇ دېگەنلىك، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەجرىبىۋازلىق خاھىشلىرى بىلەن يېقىن دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، سەنئەتكار كۆپ قىرلىق ئىلىمنىڭ ئىگىسى بولغاندا، كۆزىتىش كۈچى ئالاھىدە بولغان ئۆتكۈر كۆزگە ئىگە بولىدۇ. شۇ چاغدىلا ئەدىب ھاياتقا ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ كەينىدە قالغان ئەگەشمە، تەقلىدىي دىئاگنوز ئەمەس، بەلكى بېشارەتلىك دىئاگنوز قويالايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىدېئولوگىيە مەنبەسى قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى مېتودىمۇ شۇنچە كۆپ بولىدۇ ھەمدە بۇ مېتودلار زىددىيەت قانۇنىيىتى بويىچە بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. نەتىجىدە، بەدىئىي ئىجادىيەت ۋە تەنقىد قاتماللىقتىن قۇتۇلۇپ تروتسكىي ئېيتقان "يۇقىرى دەرىجىدىكى ئۆز ـ ئۆزىگە خوجايىنلىق" قا ئىگە بولىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەلىرىمىزدىكى ئەھۋال قانداق؟ كۆپ ساندىكى ئەدىبلىرىمىز يەنىلا كونا ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇنى مىللىي مەدەنىيەتكە بولغان ساداقەتنىڭ ساپ ئىپادىسى سۈپىتىدە چۈشەندى. ئەدەبىي ئەسەرلەردە تارىخىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا گۇمانىي، تەنقىدىي خاھىشلار ئەكس ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مىسكىن، دىيانەت ئىدىيىسىنىڭ ئاجىز ساداسىلا بولۇپ چىقتى. خاراكتېر چوڭقۇرلۇقىغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ناھايىتى ئاز بولدى. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىن ئەسەرنىڭ تۇرمۇشقا قانچىلىك تەقلىد قىلىنغانلىقى بىردىنبىر ئۆلچەم بولدى. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت بەدىئىي ئوبرازغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاھىشى ئۈستۈن ئورۇننى ئىگىلىدى. بەدىئىي ئەسەرلەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئىچكى پرىنسىپ سەھنىگە چىقالمىدى. نەشر ئەپكارلىرىمىز ئىقتىسادىي مەجبۇرىيەت تۈپەيلىدىن، مۇشتەرىلەرنىڭ زوقىغا ۋەقەشۇناسلىق ئەسەرلىرىنى تاللاپ كۆرسىتىش ئاساسىدا ماسلاشتى. بۇ يەنە تەرجىمە ساھەلىرىدىمۇ ئوخشاشلا كۆرۈلمەكتە. ئاممىنىڭ زوقىغا ئەھمىيەت بېرىشنى خاتا دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ ئارقىلىق ئاممىنى جەلپ قىلغىلى، كىتابخانلارنىڭ سانىنى كۆپەيتكىلى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەلۇم دەرىجىدە قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. لېكىن مەتبۇئاتنىڭ مىللەت، خەلق ئۈچۈن ئوينايدىغان رولىنى ئىزچىل رەۋىشتە ئاشۇنداق بىرلا قاتلام، بىرلا يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. ئاۋامنى ھەقىقىي مەنىدە كۆزلەيدىغان مەتبۇئات يۇقىرىقىلاردىن باشقا، يەنە رېئاللىققا چوڭقۇر، زامانىۋى دۇنيا قاراش ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۆتكۈرلۈككە ئىگە ھەرخىل ژانىرىدىكى ئەسەرلەرگە ئىلھام بېرىشتە، ئۇنى بىر تۈركۈم كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگىلا ئەمەس، يەنە بىر مەزگىللىك تارىخنىڭ مۇلاھىزىسىگە قويۇشى، دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئەقلىي پەللىسى ۋە خاھىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان يىرىك پەلسەپىۋى، بەدىئىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشى، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ئەمەلىي

خىزمەتلەرنى تەدبىر بىلەن ئىشلىشى لازىم.

شۇنداق قىلىشقا نىمە ئۈچۈن بولمايدۇ؟ مەسىلە يۇقىرىقىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي خىزمەتلەرنى ئىشلەۋاتقان كىشىلەرنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىشكە ئىجادىي ماسلىششىدا. غەربنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئېقىملىرى ۋە پەلسەپە ئىدىيىلىرىنى تونۇشتۇرۇش ھەرگىزمۇ ئۇنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىش ئەمەس، ھەرگىزمۇ ئۇنى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئۈستىگە دەسسىتىش ئەمەس؛ ئۇ ھەم ئۆزىنى، ھەم دۇنيانى چۈشىنىش، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى دۇنياۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش، ماركسىزمنىڭ بۈگۈنكى كۈچلۈك نوپۇزىنى ئىلمىي يوسۇندا كۆرۈشنىڭ مۇھىم بىر شەرتى. پەرھىز مۇئەييەن تەجرىبە ۋە ئەقىلنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇشى كېرەك، ھاياتلىق مۇھىتىدا تەدرىجىي تەرەققىيات يۈز بەرگەنىكەن، كۆزىتىش ھەم كۆزىتىشتىن كەلگەن تەجرىبىمۇ تەرەققىي قىلىشى، پەرھىزمۇ ئەنە شۇ تەجرىبىدىن يەكۈنلەنگەن ئەقىل بىلەن ئۇيغۇن تاناسىپ تۈزۈشى لازىم، ئاندىن ئۇ ھاياتلىقنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىنى قوغداشنىڭ ھۆددىسىدىن توغرا چىقالايدۇ، خۇراپاتلىقتىن خالاس بولالايدۇ. تەجرىبە ئاساسىنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرالمىغان پەرھىزنىڭ ئىككىنچى نامىنى جاھىللىق دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ روھىي غالىبىيەتچىلىكنىڭ ھارۋىسىدا ئولتۇرۇپ جازا مەيدانىغا قانداق بېرىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالىدۇ.

ماددىي ئىستىمالنىڭ دولقۇنى ئۆرلەۋاتقان، چەت ئەل بىلەن شېرىكلەشكەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كۆلىمى كېڭىيىۋاتقان، ئۆزىمىزگە كېرەكلىك بولغان ئىجابىي ئۇسۇللار ۋە ئەندىزىلەر دادىل قوبۇل قىلىنىۋاتقان، تاۋار ئېڭى ھەممە يەرنى قاپلاۋاتقان تارىخىي باسقۇچتا، بۇ خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ھەر خىل تەسىرىنى، ھەتتا ماددىي يۈكسىلىشنىڭ ساغلاملىقى ئۈچۈن مۇھىم بولغان روھىي ئىممۇنىتېتقا قارىتا ھۇجۇمىنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىش كېرەكمۇ، يوق؟ بىز ئەكىرىۋاتقان ئۈسكۈنە ۋە ئەندىزىلەر ئەلۋەتتە ئۆلارنى ئىشلەپچىقارغۇچى ئەللەرنىڭ ئۆزىگە خاس بازىسى ۋە ئۈستقۇرۇلمىسىنىڭ مەھسۇلى. گەرچە ئىدېئولوگىيە ئامىللىرى ماددىي بۇيۇملارنىڭ ئۈستىدە بىۋاستە مەركەزلىك ئەكس ئەتمىسىمۇ، قانداقتۇر بىر ئارقا كۆرۈنۈش سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ماددىي بۇيۇملارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدىكى تەبىئىي، ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەر ۋە پرىنسىپلارنى چۈشەنسەك، ئىدېئولوگىيە ئامىللىرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان زىچ ئالاقىسى مەلۇم بولۇپ قالىدۇ. ماركسنىڭ: "ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەر، ئاڭنىڭ پەيدا بولۇشى ئەڭ باشتا كىشىلەرنىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ" دېگەن سۆزى گەرچە ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت بىلەن ئاڭنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ بىرلەمچىلىك رولىغا ئىشارە قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ ماركسىزملىق ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر تەرىپىدىن ئالللىبۇرۇن تونۇپ يېتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. روشەنكى، ئىسلاھات دەۋرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ماددىي ئالماشتۇرۇش قۇرۇلمىسى ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە، ئاز يۆنىلىشتىن كۆپ

يۈنىلىشكە قاراپ ماڭغانسېرى تەبىئىي ھالدا ئىدېئولوگىيىگە بېرىپ تاقىلىدىغان بىر قاتار مەسىلىلەرنى تۇغدۇىكى، ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. بايلىق ئاشقانسېرى ئۇ مەنىۋى ساپانىڭ مۇناسىپ ھالدا ئۆسۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ناۋادا بايلىقنىڭ ۋەزنىگە تېتىغۇدەك مەنىۋى ساپاھىيەت بولمىسا ئۇ روھىيەتكە ئەركىنلىك، خۇشاللىق ئەمەس، ئەكسىچە بېسىم ۋە ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ. جەمئىيەتتە ئەخلاقىي چىرىكلىك باش كۆتۈرۈپ، دەرھال ھەل قىلىش قىيىن بولغان تەڭپۇڭسىزلىق كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭلاشقا ھەم ماددىي ئالماشتۇرۇشتىن كەلگەن مەنىۋى كەيپىياتقا، ھەم روھىيەتنىڭ ئىممۇنىتېتلىق كۈچىگە ئاڭلىق يوسۇندا دىققەت قىلىپ، ھەر ئىككىسى بىر ـ بىرىنى شەرت قىلغان ماس قەدەملىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

بۇنىڭ ئۈچۈن مەنىۋى پەرھىزنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. غەربنىڭ بىر قەدەر ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىغا، تېخنىكا مۇلازىمەتلىرىگە، زامانىۋى ئۈسكۈنە ـ سايمانلىرىغا تۇرتكە بولغان ھەمدە جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ـ مائارىپ سەۋىيىسىنىڭ دۇنياۋى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتلىرىنىڭ يېڭى، پۇختا ئىلمىي ئاساسقا ئىگە بولۇشى، ماددىي قۇرۇلۇش بىلەن ئاڭ فورمىسى ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدىغان ئارىلىق پەنلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلىك دەرىجىدە ياردەم بېرىدىغان تەپەككۇر خەزىنىلىرىنى ئىككىلەنمەي تونۇشتۇرۇش، ئۇنى تۆۋەندىكى ئىشلارنىڭ ئەتراپلىق، ساغلام قانات يېيىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك. تېگىشلىك مەنىۋى تاۋلىنىش ۋە تېگىشلىك مەدەنىي مۇھىتتىن ئايرىلىپ قالغان ماددىي باياشاتلىق ئاخىرقى ھېسابتا ئاپەتتۇر.

گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق ئىقتىسادشۇناس ۋە جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبىر كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ راۋاجلىنىشىنى نوقۇل ھالدىكى ئىقتىساد، تېخنىكا قاتارلىق ئامىللار بىلەن باغلاشنى توغرا كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭچە، كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ مەنبەسى ھەم راۋاجى دىنىي، ئەخلاقىي پرىنسىپلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك "سېھرىي كۈچ بىلەن دىنىي كۈچ ۋە ئۇنى ئاساس قىلغان ئېتىكىلىق مەسئۇلىيەت ئۆتمۈشتىكى پائالىيەتلەرگە باشتىن ـ ئاخىر تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم ئامىللاردۇر". ئۇ "پروتېستان دىنى ۋە كاپىتالىزم روھى" دېگەن ئەسىرىدە، كاپىتالىزم روھىنىڭ بىخلىرىنى پروتېستان دىنىنىڭ ماھىيىتى بىلەن، يەنى شەخسنىڭ ھەقىقەتكە بولغان چۈشىنىشىنى مۇقىم ئىمتىيازغا ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىسلاھات مەزمۇنىغا ئىگە يېڭى مەۋقە بىلەن بىرلەشتۈردى.

كارل ماركس كاپىتالىزمنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىر تەرەپتىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىدىكى تارىخىي مۇقەررەرلىك دەپ قارايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ شەكلى ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ مەدەنىي كەيپىياتىنى بەلگىلەيدۇ دەپ قارايدۇ. ماكس ۋېبىر بولسا، ئادەمنىڭ ئىقتىسادقا بولغان پوزىتسىيىسى ئۇنىڭ ئىقتىساد

سىستېمىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دەپ قارايدۇ. گەرچە بۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشەندۈرۈشتە چىقىش قىلغان نۇقتىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەر ئىككىسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىككى يىپ ئۇچىنى تۇتقا قىلىپ، سىستېمىلىق تەھلىل ئېلىپ بارغان.

ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىققا بولغان پوزىتسىيىسى ھەم مەنىۋى قىياپەتتە ئەكس ئېتىدۇ ھەم ماددىي تەرەققىياتتا ئەكس ئېتىدۇ. بۇلارغا ئورتاق كۆڭۈل بۆلۈش ئىجتىمائىي ئىسلاھاتتىكى ھاياتىي كۈچنىڭ بىر بەلگىسى. شۇنداق ئىكەن، ئىدىيولوگىيە ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى يەر شارى خاراكتېرلىك ئىنكاسقا توغرا مۇئامىلە قىلىش ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ ۋە نۆۋەتتىكى يۈنىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى.

بىز مىللىي ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنى راۋاجلاندۇرۇپ، خاس مىللىي قىياپەت بىلەن دۇنياغا يۈزلەندۈرىمىز دەيدىكەنمىز ئۇنى بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلانغان ئىدىيە دېڭىزلىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇشىمىز، كۆپ مەنبەلىك مەنىۋى ئاساسقا، مېتودقا ھەم شەكىل، ئۇسلۇبلارغا ئىگە قىلىشىمىز لازىم.

ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تۈرمۇش بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بىر خىل مۇقامدا تەكىتلەش، سەنئەتنىڭ مەزمۇن، شەكىل، ئوبراز قاتارلىق بىر قانچە ئىچكى ئامىللىرىغا ئېسىلىۋېلىش نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ چىقىش يولى ئەمەس، بىز يەنە ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغاندەك ئىقتىسادشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، دىن، پەلسەپىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت تاشقى ئامىللىرى ئۈستىدىمۇ جىددىي ئىزدىنىشىمىز كېرەك.

1993 - يىل فېۋرال

# زامانغا لايىق ئەقىل ۋە پەزىلەت بولۇشى كېرەك

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىزدە بىر قىسىم نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر پەيدا بولدى . ئۇلار گەرچە سان جەھەتتە ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، باشقا مىللەتلەرنىڭ تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىمىزدىكى بەزى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىشتا دەسلەپكى قەدەمنى باستى . ئۇلار مەدەنىيەت، سەنئەت، مائارىپ ساھەلىرىدىكى زۆرۈر ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، مىللىتىمىزنىڭ نەزەرىيە خەزىنىسىنى بېيىتتى . كېيىنكى دەۋرلەرنىڭ قانداق باھالىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بۈگۈن ئۈچۈن ئوينىغان مۇئەييەن رولى بىلەن ئۆزىگە خاس قىممەتكە سازاۋەردۇر.

كىتابخانلار ئىسلامجان شېرىپنىڭ "ئەقىل ۋە پەزىلەت"، "ئادەم ۋە ئىقتىدار" قاتارلىق كىتابلىرى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن يۈز كۆرۈشتى . بۇ ئىككى كىتاب ئارقىلىق شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى ، تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ مەركىزى بولغان ئادەمنىڭ مەسىلىسى ئاپتورنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئۇنىڭ نەزەرىدىكى نۇقتىلىق مەسىلىگە ئايلانغان. ئادەم جەمئىيەتنىڭ يادروسى بولغانىكەن، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى ، مەنىۋىيەت شەكىللىرى ، تەرەققىيات جەريانلىرى ھەققىدىكى ئىختىرا ۋە بايقاشلارنى ، ئەقىلنىڭ ئادەمنىڭ قىممىتىدىكى ئورنى ، ئەقىلنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئۆز مۇھاكىمىسىنىڭ نىشانى قىلىش نەزەرىيە تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى . مىللەتنىڭ مەنىۋى كامالىتى ئۈچۈن سەنئەتكارلارنىڭلا بولۇشى كۇپايە قىلمايدۇ، بەلكى ئادەم، ئېتىقاد، ئىقتىساد، كەشپىيات، كەيپىيات قاتارلىقلار ھەققىدە ئۆتكۈر تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىغان، دىئاگنوز قويىدىغان زور بىر تۈركۈم سوغۇققان ئاقىللارمۇ كېرەك. ئىسلامجان شېرىپنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى ئادەمنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ھەققىدىكى ئىزدىنىشتۇر. ئادەم، يەنى "پۇقرا" ئۇقۇمى ۋاقىت، زامان، ۋەزىيەت قاتارلىقلارنىڭ سۈرئىتىگە يارىشا ئۆزگىرىپ بارىدىغان ئۇقۇمدۇر. پۇقرانىڭ جەۋھىرى نېمە؟ ئىسلامجان شېرىپ بۇنىڭغا "ئەقىل!" دەپ جاۋاب بەرگەن ھەم ئەقىلنى تەپسىلىي مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ ئەقىلگە قارىتا بېرىلگەن تۈرلۈك تەبىرلەرنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا توختاپ قالماستىن، ئەقىلنىڭ كونكرېت شارائىتتىكى ئىپادىسى ۋە ئۈنۈمىنى نۆۋەتتىكى رېئاللىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ شەرھلىگەن. ئاپتور ئەقىل ۋە ئۇنىڭ رولىغا جاۋاب بېرىشتە، ئۇنىڭ مەنبەسىنى سۈرۈشتۈرۈشتە كۆپرەك پەن ساھەسىدىكى يېڭىلىقلارغا مۇراجىئەت قىلغان، ئەقىلنىڭ فۇنكسىيىسى ، مېڭىنىڭ سىغىمچانلىقى ، نېرۋا ھەرىكىتىگە ئائىت زۆرۈر مەلۇماتلارنى تۈرلۈك شەكىللەردە كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە تاپشۇرغان. بۇ كىتابتىكى ئىلمىي ھۆكۈم ۋە ئىسپاتلار مۇستەھكەم تەجرىبە ئاساسىغا ئىگە قىلىنغاچقا قايىل قىلىش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان. ئاپتور كىتابنىڭ بېشىدىلا شائىرلارنىڭ ئەقىل ھەققىدىكى تەرىپلىرىدىن مۇنداق ئېپىگراف ئالغان:

ئوچۇق كۆزدىن زېرەك ئەقىلدۇر، ئەقىل، دەنالاردىن يۈكسەك ئەقىلدۇر، ئەقىل.

– ئەبۇشۇكۇر بەلخى

ئەجدادلىرىمىز ۋە خەلقىمىز ئەقىلنىڭ ئىنسانىي ھاياتتىكى خاسىيتىنى يۈكسەك ئورۇنغا قويۇپ كەلگەن. بۇ نۇقتىنى "قۇتادغۇ بىلىك" تەك كاتتا ئەسەرلەردىنلا ئەمەس، خەلق ئارىسىدىكى كۆپلىگەن لەتىپە، چاقچاق ياكى مەسەللەردىنمۇ كۆرۈۋالالايمىز. "ئەقىل ۋە پەزىلەت" نىڭ مۇئەللىپى خەلقىمىزنىڭ ئېڭىدا گۈزەل، غايىبانە، ئىلاھىي تۈس ئالغان ئەقىلنى بىئولوگىيە، فىزئولوگىيە، پسىخولوگىيە ساھەلىرىدىكى تەجرىبىلەر بىلەن، ئىنسانشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، كىلەچەكشۇناسلىق ساھەلىرىدىكى نەزەرىيىۋى سىستېمىلار بىلەن ئىزاھلاپ، ئەقىلنى چۈشىنىش، پەرۋىش قىلىش، يېتىلدۈرۈش قاتارلىق جەريانلاردىكى ئىلمىي، توغرا پوزىتسىيىنىڭ ئەقىل قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن.

روشەنكى، ئىنسان سۈپەتلىرىنىڭ تاجى بولغان پەزىلەت ئەقىلنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ، ئەقىل ئاساسىدىن مەھرۇم بولغان پەزىلەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. ئۆزىنىڭ چىن مەنىسىگە مۇناسىپ ئەقىللا بولىدىكەن، ئۇ ساپ ئەخلاق، گۈزەل پەزىلەتتىن نىشاندۇر. ئاپتور مۇشۇنداق تولۇقلىما باغلىنىشنى بويلاپ، ئەقىلنى مۇھىم نۇقتا قىلغان ھالدا ئەخلاق، خاراكتېر، ئىرادە ۋە بەخت مەسىلىلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ بايان قىلغان، بۇ ھەقتىكى بايانلاردىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، ئەقىل ھۆرمەت قىلىنغان جەمئىيەتتە ساغلام كەيپىيات ھۆكۈم سۈرىدۇ. كىشىلەردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدار جۇش ئۇرۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى تېزلىشىدۇ. ئادەملەر بىر - بىرىنىڭ ئىززەت، نەپسىگە ھۆجۇم قىلىشنىڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئاڭلىق تونۇيدۇ. قانۇن كاپالەتكە ئېرىشىدۇ. كىشىلەر ئىجتىمائىي بۇرۇقتۇرمىلىق تۈپەيلىدىن گىرىپتار بولىدىغان چۈشكۈنلۈك، بوشاڭلىقتىن قۇتۇلىدۇ. نوپۇزلار غەيرىي يول بىلەن تىكلىنىپ، ئىنسانىڭ سۈبيېكتىپ ھەرىكەتلىرىگە كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىنىدىغان بولىدۇ. تەپەككۇردىكى "ھە دېسىلا ئارقىسىغا قارايدىغان مىراسخورلۇق ئۇسۇلى" نىڭ كاشىلىسى مەۋجۇت بولمايدۇ.

ئەقىلنىڭ ھاياتىي كۈچى قانداق ئۇرغۇيدۇ. قانداق داۋاملىشىدۇ؟ ئەقىلنىڭ ئۆزى تالانتمۇ؟ تالانت نېمىنىڭ مەھسۇلى؟ ئاپتور بۇ مەسىلىلەرگە "ئادەم ۋە ئىقتىدار" دېگەن كىتابىدا كەڭ - كۆلەمدە سەھىپە ئاجراتقان. بۇ ئەسەردە ئاپتورنىڭ ئالغا سۈرگەن ئىدىيىسى ئىجادىي قابىلىيەتنى ئويغىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بولۇپ، ئۇ ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئامىللىرىنى يىپقىلىق يارىتىش، گۇمان قىلىش، قىزىقىش، ئۆزىگە ئىشىنىش قاتارلىقلارغا يىغىنچاقلىغان. شەرق مۇتەپەككۇرلىرىدا دانىشمەن بولۇش ئوڭاي، ئادەم بولۇش تەس دېگەن گەپ بار، بۇ ناھايىتى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پرىنسىپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. دانىشمەنلىك ئادەملىك تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى. ھەر قانداق مىسلىسىز كارامەتلەر يەنىلا ئادەمدىكى يوشۇرۇن كۈچنىڭ ئاشكارىلىنىشقا ئۆتۈشىدىن ئىبارەت.

ساغلام بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دانىشمەنلىكنى پۇقرالىققا قويۇلغان يۈكسەك تەلەپ دېيىشكە بولىدۇ. بىراق ھەرقايسى دەۋرلەردە پۇقرا دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى ئوخشمايدۇ. فېئودالىق دەۋرىدىكى پۇقرا بىلەن بۈگۈنكى پۇقرا زور پەرقلىنىدۇ. بۈگۈنكى پۇقرا توپلىرىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، "قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلىشنىلا بىلىدىغان" ئادەم بولماستىن، بەلكى "تەنقىدىي ھۆكۈم چىقىرالايدىغان، تۇرلۇك يېڭى ۋە غارايىپ مۇھىتلاردا يول تېپىپ ماڭالايدىغان، جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان رېئاللىقتىن تۇرلۇك مۇناسىۋەتلەرنى پەرق ئېتەلەيدىغان ئادەم"دۇر.

كىتابخانلار چوڭقۇر مۇھاكىمە ئارىسىدىن شۇنداق مۇراجىئەتنى ئاڭلايدۇ: سەن مۇشۇ زاماننىڭ ئادىمى، ئالدىڭغا، كەينىڭگە ۋە ئەتراپىڭغا سالماق نەزەر تاشلاپ، ئۆزۈڭنى بۈگۈنكى ئىنسانىي قىممەتنىڭ تارازىسىغا سال، كىشىلەر قەلبىدىكى غۇرۇر ۋە شادلىق ئۆزىنى ئەقىل ئارقىلىق جەۋلان قىلدۇرماقتا؛ سەن سىلىشتۇرۇش، چۈشىنىش ۋە ئۆزۈڭنى دەڭسەش ئاساسىدا، ۋىجدانىي سىلكىنىشتە ئۆزۈڭنى تاپ، سەن ئۆزۈڭنى تاپقان چاغدا ئەجدادلار ۋە ئەۋلادلارنىڭ ئىستەكلىرى قانات قاقىدۇ.

ئۇلۇغلۇققا تېۋىنىش قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان روھ، مۇھىمى ئۇلۇغلۇقنى يارىتىشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزدىكى ئاجىزلىق، مەيۈسلۈك، چۈشكۈنلۈك ۋە رەزىللىككە قارشى ئىقتىدارنى يارىتىشىمىز كېرەك. تارىخ ۋە رېئاللىق ئاللىقاچان شۇنى ئىسپاتلىغانكى، كۆز ئالدىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشكە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلمايدىغان بىخۇدلارنى تەقدىر شاللىۋېتىدۇ.

1994 - يىل ئۆكتەبىر

# كومپيۇتېر: سۈزۈك دۇنيا، بېكىنمە پۈقرا

بەزىدە ئىچىم قۇپقۇرۇق بولۇپ قالىدۇ، مۇشۇنداق چاغلار يېقىنقى يىللاردىن بېرى پات - پات يۈز بەردى. تولىمۇ ئەپسۇسكى، سەن ئەتە شۇ ھالقىلىق پەيتتە، ساڭا پۈتۈنلەي تەئەللۇق بولۇشقا تېگىشلىك سۈكۈت قىلىش ھوقۇقىڭنىمۇ قوغدىيالماي قالىسەن، سېنى پەقەت قورساق قايغۇسىغىلا سېلىپ قويغان رېئاللىق ئۆزىنىڭ ئەدەپسىز قوللىرى بىلەن ئەمدىلا سۈزۈلۈشكە باشلىغان دىققىتىڭنى قوچۇۋېتىدۇ - دە، نەتىجىدە ئۆز "سۈكۈت"ىڭگىمۇ ئۆزۈڭ ئىگە بولالماي قالىسەن.

"سۈكۈت" زىددىيەتلىك ھالەتنىڭ يەنە بىر ئاتىلىشى، سەن بۇ چاغدا رېئاللىققا نىسبەتەن تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇرۇپ پائالىيەت ئېلىپ بارالمايسەن، بەلكى رېئاللىقتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر مەنىۋىيىتىڭنى تالان - تاراج قىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: خىزمىتىڭنىڭ كۆڭۈلسىز ۋە ئۈنۈمسىز بولۇشى، ئۆي قايغۇسى، مائاشىڭنىڭ ئاددىي تۇرمۇش ئۈچۈنمۇ يەتمەي، قەرزدار بولۇپ قېلىشىڭ، قايسىدۇر بىر رەھبەرنىڭ دەردىڭگە بولغان پەرۋاسىزلىقى، ئۆگىنىش ۋە تەرەققىي قىلىش غايەڭنىڭ ھەرخىل پېشكەللىكلەر تۈپەيلى بەربات بولۇشى . . . قارا، يۇقىرىقىلارنىڭ ئەكسىچە، تاشقى دۇنيانىڭ تەرەققىيات سادالىرى سېنى قورشاۋغا ئالغان، ئۇ يەردىكى يېڭىلىقلار سېنى ھەيرەتكە سالغان، دۇنيا قانداقتۇر بىر شەكىلسىز تامنىڭ ئۇ تەرىپىدە سېنى ئەلەملىك كۈنداشلىققا قويغان . . .

بۇنداق چاغدا پىكىر قىلىش مۇمكىنمۇ؟ سەن تېز ئۆزگىرىۋاتقان ئۇچۇرلار پارتلاۋاتقان دۇنيا تەرىپىدىن ئىگىلەنگەن تىنچىق قورۇغا ئوخشاپ قالدىڭ. سېنىڭ ئاكتىپ ئىنكاس قايتۇرۇشۇڭ ئۈچۈن ئەقلىڭ رېئاللىققا نىسبەتەن مول بولۇشى، ئۆزۈڭنى روھىي ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسىدا كۆرۈشۈڭ، يەنى كۆز ئالدىڭدىكى ھەربىر شەيئىدىن ئۆزۈڭنى بايقىيالىشىڭ كېرەك. بىراق ھەقىقىي دۇنيا سېنى تاشلىۋەتكەن،شۇڭا سەن ئويدۇرۇپ چىقىلغان ساختا رېئاللىقنىڭ پايانسىز ئېقىنىدا لەيلەپ كېتىۋاتقان ئوت - چۆپكە ئايلىنىپ قالىسەن. شۇنداق ئىكەن، سەن ئۆز ئىدىيەڭنىڭ غالىب جاكارچىسى بولالامسەن؟ ناتايىن. بۇنداق چاغدا سەن بىر قۇرت، سېنى ئوراپ تۇرغان ياغاچنى ئەمەس، بەلكى ئۆز - ئۆزۈڭنى يەۋاتقان قۇرت.

ئادەم ئۆز ياراتقۇچىسىنىڭ قۇدرىتىنى ئەڭ ئالىي رەۋىشتە نامايان قىلىدىغان پائالىيەتچى، شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ قۇرتقا ئايلىنىپ قېلىشى جىنايەتتىن دېرەك بېرىدۇ. دۇنيا ئادەمنىڭ تەسەررۇپىغا تاپشۇرۇلغان، بىراق ئادەملەردىكى بىر خىل ئىقتىدارغا زىيانكەشلىك قىلىش بىر جەمئىيەتنىڭ كەچۈرگۈسىز ئىللەتلىرىنى ئاشكارىلايدۇ.

ئىچىم نېمە ئۈچۈن قۇرۇق بولۇپ قالىدۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن شۈك بولۇپ قالىمەن؟ نېمە ئۈچۈن

قەلەم تەۋرەتكۈم كەلمەيدۇ؟ مەن ماھىيەت بىلەن ھەپىلىششىنى ياخشى كۆرىمەن. قەلەم ۋە پىكىر قىلىش مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەقىقەت ۋە خەلق ئالدىدا ھېساب بېرىشتۇر.

بۈگۈنكى دۇنيادا مىليونلاپ كىتاب - ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ تۇرىدۇ. مىلياردلاپ تېلېۋىزور ئىنسانىيەتنىڭ دىققىتىگە جەك ئېلان قىلىپ تۇرىدۇ، مىلياردلاپ رادىئو قۇلاق پەردىمىزنى تەۋرىتىپ تۇرىدۇ، مىليونلاپ گېزىت بىزنى ئۆز تەسىرىگە ئالىدۇ. كىنو، ئۈن - سىن بۇيۇملىرى، تېلېگرامما، پوچتا ماركىسى، ھۆججەت، دوكلات، ئۇقتۇرۇش، شوئار، خەت - چەك دېگەندەك نەرسىلەر شىددەتلىك ياغقان قار ئۇچقۇنلىرىدەك ھايات بوشلۇقىمىزنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. بىز بۇلارنىڭ قانچىلىكىنى كۆرەلەيمىز؟ ئېيتىلىشىچە، تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرى بۆسۈش خاراكتېرىگە ئىگە ئۇچۇرلارنىڭ ئاران بەشتىن بىر قىسمىنى تارقىتىش دائىرىسىگە ئالالايدىكەن. دېمەك، پەن - تېخنىكا يۈكسەلگەن، ئۇچۇر يوللىرى راۋان بولغان غەرب ئەللىرىدىمۇ ئىنسان ئەقىل - پاراسىتىنىڭ كۆپ قىسمى نەزەردىن ساقىت بولۇپ كېتىدىكەن.

ۋەھالەنكى، ئەتراپىمىزدىكى دۇنيانى پەقەت سەزگۈ ئورگانلىرىمىز (كۆز، قۇلاق، تېرە، مېڭە) بىلەن كۆزىتىۋاتقان بىزدەك مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، رېئاللىق مەڭگۈ سىرلىق پېتى قېلىۋېرىدۇ. دۇنيانىڭ سەزگۈ ۋاستىلىرى كۆپىيىپ ئىنسان ئىقتىدارىدىن تالاي ھەسسە ھالقىغان بۈگۈنكى دۇنيادا، بىز ئۆزىمىزنىڭ رېئاللىقنى ھايۋانلارغا خاس ئىپتىدائىي سەزگۈ ۋاستىسى بىلەن كۆزىتىش ھالىتىدە تۇرۇپ قالدۇق.

تېلېۋىزور نومۇرلىرىدىكى ئاممىۋىلىق شەخسىي تاللاشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى يوقاتتى. ئۇ سىياسەت، ئىقتىساد، تەشۋىقات مۇئەسسەسلىرىنىڭ كونتروللۇقىدا بولۇپ، كىشىلەردىن ماسلىششىنى تەلەپ قىلدى. كىشىلەر ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ۋاقتى، يۆنىلىشىنى يۇقىرىقىدەك مۇئەسسەسىلەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىۋەتتى. ئاخىرقى ھېسابتا تېلېۋىزور دۇنيا ھەققىدىكى كۆزنەك بولالمىدى، كىشىلەر تېلېۋىزورنى ئەمەس، تېلېۋىزور كىشىلەرنى كۆزەتتى.

تېلېفون ۋە يانفونلار كىشىلەرگە ئالماشتۇرۇش جەھەتتە نىسبەتەن خاسلىق ئېلىپ كەلگەن بولدى. كىشىلەر بۇ ۋاستىلەردىن پايدىلىنىشنىڭ ۋاقتىنى ۋە ئورنىنى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرالايدۇ. پىكىرنىڭ تۈسى، مەزمۇنى ۋە ۋاقتى قاتارلىقلارنى نىسپىي ھالدا بەلگىلىيەلەيدۇ. سودا ۋە سۆھبەت ئىشلىرى مەلۇم مەنىدە شەخسنىڭ ئىرادىسىگە باقىدۇ. بىراق تېلېفون ۋە يانفونلاردىكى چەكلىمىلىك يەنىلا زور. سىز كۆرۈشتىن ئېرىشىدىغان نۇرغۇن ئۇچۇرلاردىن قۇرۇق قالىسىز. ئۇ سىزنىڭ ھېسابلاش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىڭىزغا سىز كۈتكەندەك پاس چىقىرىپ بېرەلمەيدۇ.

چاقىرغۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تېلېفون ۋە يانفونلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇردى، ئۈنۈمىنى تولۇقلىدى. ئەمما بۇ نەرسىلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئېچىۋېتىلمىگەن، بيۇروكرات جەمئىيەتنىڭ پۇقرالىرى ئۈچۈن مەرىپەت، ئىقتىساد قىممىتىدىكى پايدىلارنى كۆپ كەلتۈرەلمەيدۇ. تالانتلىق بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جەمئىيەت ئۇنىڭ تالانتىنى جارى قىلدۇرۇشغا پۇرسەت

بەرمەيدىكەن ياكى ئۇنىڭ تالانتىنى باستۇرىدىكەن، ئۇ لۈكچەك، هاراقكەش ياكى جىنايەتچى بولۇپ كېتىشى مۇمكىن. هەرقانداق ئادەمدە مەلۇم نىسبەتتە ئىجادىيلىق بولىدۇ. ئېچۋېتىلگەن، دېموكراتىك جەمئىيەت تۇغما ئىجادىي روهقا نىسبەتەن كەڭرى پۇرسەت بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ قۇدرىتى ئەنە شۇ مۇهىتتا جارى بولىدۇ. تېلېۋىزور، تېلېفون، چاقىرغۇ دېگەنلەر بىر مەدەنىي جەمئىيەتنىڭ ئۆسكۈنىلىرى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ روهى ئۇلۇغ ئاۋامغا ئۇنچىلىك جانلىنىش ئېلىپ كېلىشى ناتايىن.

مەن بىر شائىر. بىراق مەندىكى ئەقىل، تۇيغۇ ۋە هېسسىياتنى تىنىمسىز تالىشىۋاتقان دۇنيا شېئىر ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ساپ تەبىئەتنى قوغلىۋەتتى. ئەگەر مەن ئۇرۇمچىنىڭ شىمالىي قوۋۇقى (بېيمېن) دىن دۆڭكۆۋرۈككىچە ماڭىدىغان بولسام، تۇرلۇك پىلاكاتلار، خەتلەر، ئاۋازلار، بەلگىلەر مېنىڭ كۆزۈمگە تاشلىنىپ، دىققىتىمگە ئىستىلا يۈرگۈزىدۇ. ئەگەر مەن مىنبۇسقا چىقىپ قالسام، دورا ۋە ئىچىملىكلەر هەققىدىكى ئېلانلار كۆزۈمگە چېپىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ قىياپىتى، كىيىم - كېچەكلىرىمۇ ئۈچۈر جەمئىيىتىنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن، كىيىم - كېچەكلەرنىڭ ماركىلىرى، ئۈلاردىكى خەتلەرنىڭ مەنىسى سېنىڭ كاللاڭغا سىجاپ تۇرىدۇ. دېمەك، سەن ئارام تاپىدىغان چىملىقلار، ئورمانلار، تاغلار، سالقىن سۇ بويلىرى ئاللىقاچان تاۋارلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. سەندە روهىي مۇۋازىنەت يوقالغان، رېئاللىق بىلەن ئۆزۈڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق زورايغان. كۆز ئالدىڭدىكى رېئاللىقنى سەن ئۆزۈڭ ياراتقان بولماستىن، بەلكى باشقىلار ياساپ بەرگەن ئەهۋالدا شائىرنىڭ دۇنياسى قانداقمۇ هەرىكەتكە ئۆتسۇن! شائىرنىڭ قۇلىقى، كۆزى، يۈرىكى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان خەلق ئۈچۈر دەۋرىنىڭ پالەچ ئىستېمالچىسى بولۇپ قالغان شارائىتتا، شائىرنىڭ ۋىجدانى ئازابلانماسمۇ؟ مېنىڭ "ئىستېمالچى" دېگەن سۆزۈم خەلقىمىزگە نىسبەتەن تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. ئۈچۈر ئىستېمال قىلىش بىر زامانىۋى مىللەتكە مەنسۇپ ئىش. زامانىۋى مىللەت قانداق بولىدۇ؟ 1960 - يىلى ياپونىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇهاكىمە يىغىنىدا، ئالىملارنىڭ "زامانىۋىلىق" هەققىدىكى بىردەك پىكرى مۇنداق بولغان(لى مىڭ تۈزگەن "جۇڭگو كرىزىسى" دېگەن كىتابقا قارالسۇن. ئىسلاهات نەشرىياتى، 1998 - يىلى 12 - ئاي نەشرى):

(1) شەهەر نوپۇسى يۇكسەك مەركەزلەشكەن، هەرقايسى جەمئىيەت تارماقلىرى مەركەزلىشىشكە قاراپ يۈزلەنگەن بولىدۇ؛

(2) ئېنېرگىيە كۆچىدىن يۇكسەك سەۋىيىدە پايدىلىنىلغان، تاۋارلار كەڭ تۈردە ئالماشتۇرۇلغان، ئامموۋى مۇلازىمەت هەممە يەرنى قاپلىغان بولىدۇ؛

(3) جەمئىيەت پۇقرالىرى كەڭ تۈردە باردى - كەلدى قىلىشقان، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلارغا هەر تەرەپلىمە ئارىلاشقان بولىدۇ؛

(4) يەرلىكچىلىك ۋە مىراسخور گۇرۇهلار يىمىرىلگەن، شەخسنىڭ جەمئىيەتتىكى

پائالىيەتچانلىقى كۈچەيگەن بولىدۇ؛

( 5 ) دۇنياۋى مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەن بىلىملىرى ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان، كىشىلەرنىڭ مۇھتىقا قارىتا مۇستەقىللىقى ماھارىپ بىلەن ئوك تاناسىپ ھالدا كېڭەيگەن بولىدۇ؛

( 6 ) قاتناش ۋە ئاخبارات تۈرلىرى پۈتۈن جەمئىيەتنى قاپلىغان بولىدۇ؛

( 7 ) ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئىجتىمائىي گەۋدىلەرنىڭ رولى كۈنسايىن پارچىلانغان ۋە كۆپ خىللاشقان بولىدۇ؛

( 8 ) دۆلەتلەر ئارا مۇناسىۋەت كەڭ قانات يايغان بولىدۇ؛

بىز يۈقىرىقى تۈرلۈك مەزمۇنغا ئۆزىمىزنىڭ رېئال ھالىتىنى سېلىشتۇرۇپ باقساق شۇنى روشەن كۆرەلەيمىزكى ، بىز "زامانىۋىلىق"تىن كۆپ يىراق .

بىز ئوتتۇرا ئەسىر ئىگىلىك شەكلىدە تۇرۇپ ئىنتېرنېت دەۋرىدە ھېچقانداق كرىزىس ھېس قىلماي ياشاۋاتقان بىغەم كىشىلەرمىز. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى شۇكى ، بىز ۋەيران بولغان مىللىي ئەقىدە ۋە مەدەنىيەتنىڭ خارابىسىدىكى ئۆلۈم ئۇسسۇلىنى كۈلۈپ تۇرۇپ ئويناۋاتىمىز.

ئەلۋەتتە، 21 - ئەسىردىكى دۇنيانىڭ زامانىۋىلىقىغا قويغان تەلىپى 60 - يىللاردىكى سەۋىيىدە تۇرمايدۇ. مۇشۇنداق بىر جىددىي تەقەززالىقنى ئويلىغاندا، پەيدا بولغان ۋەھىمە كىشىدىكى روھىي تىنچلىقنى بىراقلا بىتچىت قىلىۋېتىدۇ - دە، تىت - تىتلىق، بىئاراملىق ئۆرتەشكە باشلايدۇ.

ئۈچۈر دەۋرى تاپشۇرغان تاپشۇرۇقلارنى ئاخلاش ئۈچۈن سەندە قانداق سەزگۈ بولۇشى كېرەك؟

ئاۋستىرىيە فىزىكا ئالىمى ماخ ئۆزىنىڭ "تۇيغۇلار تەھلىلى" دېگەن كىتابىدا "ئىنسانلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى بىلىشى تولىمۇ مۇجمەل" دېگەن، ئارقىدىنلا رىبورت ئىسمىلىك بىر ئاپتورنىڭ "ئورتاق تۇيغۇ ئۆزلۈكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىل" دېگەن سۆزىنى قەيت قىلغان. ماخنىڭ قارىشىچە، ماددا تۇيغۇدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇ دەۋاتقان ماددا رەڭ، ئاۋاز، تېمپېراتۇرا، بېسىم، ماكان، زامان بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، يەنە ھېسسىيات، ئىرادە، تۇيغۇ قاتارلىقلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا "ماددا" دېگەندە، مەزكۇر ئۇقۇم يۇقىرىقىلارنىڭ ئورتاق بىرىكمىسىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئىنساندىكى ئۆزلۈك مۇئەييەن مەنىدە ماددىي مەۋجۇتلۇق بىلەن بولغان بىرلىكنى شەرت قىلىدۇ. ئامېرىكىلىق يازغۇچى ۋىلادىمىر نابوكوف "رېئاللىق ئىنتايىن سۇبيېكتىپ نەرسە" دەيدۇ. بۇ گەپتىن ئايانكى ، ئىنساننىڭ رېئاللىق دەۋاتقىنى دۇنيا بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن ئىبارەت. روشەنكى ، دۇنيا تامامەن سۇبيېكتىپ نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا تامامەن ئوبيېكتىپ نەرسىمۇ ئەمەس .

ئادەمدە تەبىئىي رەۋىشتىكى بىئولوگىيىلىك سەزگۈ بولىدۇ. مەسىلەن، ئاڭلاش، پۇراش، تېتىش قاتارلىقلار. بىراق ئىنسانلارنىڭ بۇ ئىقتىدارىدىن پايدىلىنىشى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەزىلەر

ھۈنەرۋەن، بەزىلەر سەنئەتكار، بەزىلەر ئالىم بولىدۇ. بەزىلەر بولسا ئىپتىدائىي ئىنسان پېتى تۇرىۋېرىدۇ. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ھەرخىل شەكىللىرى دەل ئەنە شۇ ئىقتىدارنىڭ تەشكىللىنىشى، يېتىشتۈرۈلۈشىگە قاراپ كېلىپ چىققان. شۇڭلاشقا تەبىئىي سەزگۈ ئىقتىدارى بارلىق ئىقتىدارنىڭ ئاساسى، بارلىق تەرەققىياتنىڭ خىمىرتۇرۇچى. تۇرلۇك ئىجتىمائىي سەۋەبلەر كىشىلەرنىڭ بۇ خىل ئىقتىداردىن پايدىلىنىشىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن سەۋىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىنساندا يەنە بىرخىل سەزگۈمۇ بولىدۇ. بۇ دەل پىكىر سەزگۈسى. ئىنسانلارنىڭ ئەقىل دەرىجىسى دەل مۇشۇ سەزگۈدە بىۋاستە نەتىجىلىنىدۇ. دېمەك، پىكىر سەزگۈسى ئىنساندىكى بىئولوگىيىلىك سەزگۈنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشىدىن كەلگەن بولۇپ، كېيىنكى تەرەققىياتلار مۇشۇ سەزگۈگە كېرەك بولىدىغان ۋاستىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. مەسىلەن: تېلېسكوپ، مىكروسكوپ دېگەنلەردەك. بۇ ئۈسكۈنىلەر ئىنساننىڭ تەبىئەتكە بولغان سەزگۈسىنى كېڭەيتتى. ئىنسانلار ئۇ ئارقىلىق ئەڭ يىراق ۋە ئەڭ كىچىك نەرسىلەرنى كۆزەتتى، چۈشەندى ۋە ئۆزىگە پايدىلىق شارائىتقا ئايلاندۇردى. ناھايىتى ئېنىقكى، پەن سەزگۈلەر جۇغلانمىسىدىن پەيدا بولغان بىلىم تەسەۋۋۇرنى ئىشلەپچىقىرىدۇ، تېخنىكا (ھۈنەر) بۇ تەسەۋۋۇرنى مەلۇم ئۈسكۈنە ۋاستىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت ئۆزى ئۈچۈن تامامەن سىرلىق بولغان قوينىنى ئاشكارىلايدۇ ۋە كېڭەيتىدۇ. ھەرقانداق بىلىش ئىنسان سۇبيېكتىنىڭ دۇنياغا يۈرگۈزگەن ئىستېلاسىدۇر.

بۈرۈنقى جاھانگىرلىك زېمىن ئىگىلەش ۋە يەر ئېچىشتا كۆرۈلەتتى، يېقىنقى جاھانگىرلىك بايلىق توشۇش، بازار ئىگىلەش رىقابىتىدە كۆرۈلدى، بۈگۈنكى زامانىۋى جاھانگىرلىك مېڭىنى قېزىش ئارقىلىق يارىتىلغان بايلىقنى پۈتۈن ئىنسانلارغا ئومۇملاشتۇرۇشتا كۆرۈلمەكتە. ئىككى قۇلىقىمىز ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق دۇنيادا تېخى ھېچكىم يۈرۈش قىلمىغان بوز يەر. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى مۇشۇ بوز يەرنى ئىگىلەشكە قاراپ ماڭماقتا.

"مەدەنىيەتنىڭ تېرىسى"نىڭ ئاپتورى كېركخوف كومپيۇتېر پەيلاسوپى ماكلوخاننىڭ مۇنداق بىر سۆزىنى كىتابىنىڭ تىتۇلىغا يازغان: "ئېلېكترون دەۋرىدە ئىنسانىيەت بىزنىڭ تېرىمىز سىرتىدا مەۋجۇت بولىدۇ". بۇ سۆز قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ "دۇنيا مېنىڭ ۋۇجۇدۇم، ئادەملەر ھۈجەيرەم" دېگەن سۆزىنى ئەسكە سالىدۇ. سەنئەتكارلار بىز پۈتۈن ئالەم بىلەن تۇيغۇمىز ئارقىلىق سۆھبەت ئېلىپ بارىمىز دېيىشىدۇ، بۇ گەپ ئەۋلىيالارنىڭ ئىنسانلار دەل - دەرەخلەر، گىياھلار، ھەتتا يىراقتىكى غۇۋا يۇلتۇزلار بىلەن روھىي تىلدا سۆزلىشىپ تۇرىدۇ دېگەن سۆزى بىلەن بىردەك. ئامېرىكىلىق مەشھۇر سەنئەتكار مايكىل جېكسوننىڭ مۇنۇ سۆزى تېخىمۇ تىپىكلىككە ئىگە: "مەن ناخشىلىرىمنى ئۆزۈم يازمىدىم، بەلكى ئۇلارنى ئەرشتىن قوبۇل قىلدىم، چۈشۈمدە ئەرش خەلقى ماڭا سۆزلەيدۇ، مەن ئويغانغاندىن كېيىن ئۇلارنى خاتىرىلىۋالىمەن. مەن ئۇشتۇمتۇت بەزى گەپلەرنى ئاڭلاپ قالىمەن. بۇ گەپلەرنى ئۆزۈم ئويلاپ چىققان ئەمەس، مەن بۇ گەپلەرنى

قوبۇل قىلىپ باشقىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىمەن، خالاس".

قارىساق، دۇنيا چەكسىز كەتكەن روھي ماكانىت مەيدانىدەك كۆرۈنىدۇ. دۇنيانىڭ قايسىبىر چېتىدە بىراۋ ئويلىغان مەسىلىنى يىراق چەتتىكى بىراۋ راۋاجلاندۇرۇۋاتقان بولىدۇ. سەن بىلمەيدىغان بىراۋنىڭ ئىشى سېنىڭ چۈشۈڭگە بېشارەت بولۇپ كىرىشى مۇمكىن. سېنىڭ روھىڭ قانداقتۇر بىر نەرسىدىن لەرزىگە كەلگەندەك بولىدۇ، سەن ئۆزۈڭمۇ بىلمىگەن هالدا سىرلىق پەرىشانلىققا پاتىسەن. سېنى قارا بېسىشى مۇمكىن ۋەھاكازالار. دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىنى ئاختۇرساق، يىراق - يىراق قىتئەلەردە ياكى يىراق - يىراق سۇلالىلەردە ياشىغان دىنى ۋە ۋەتىنى ئوخشىمىغان شائىرلار خۇددى ئالدىنئالا كېلىشىۋالغاندەك ئوخشاش ماھىيەتلىك سۆزلەرنى قىلىشقان. ناۋائى ئېيتقان سۆزلەرنى مۇھەممەد سىدىق زەلىلىمۇ ئېيتقان بولۇپ چىقىدۇ. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ ئىنسانلار قايسى قوۋمغا تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارنىڭ "زاپچاس"لىرى ئوخشاش، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورتاق بىر تەبىئەت بىلەن جاھان ھادىسىلىرىگە ئىبرەت كۆزى بىلەن قارىيالايدۇ، ئىنسانلار ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان لۇغەتلەشكەن تىل بىلەن سۆزلىشىدۇ. بىراق ئۇلار يەنە قانداقتۇر ئۆزلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بولالمىغان غايىب تىل بىلەنمۇ سۆزلىشىدۇ. بۇ تىلدىكى سىغىم ۋە كۆلەم ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۆزلۈكىدىن ناھايىتى ھالقىپ كەتكەن. دەل مۇشۇ تىل ئىنسانلارنى كۆرۈنمەس رىشتىلەر بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ.

دېمەك، ئىنسانلار جەمئىيىتى ئەندىزە، ئەقىدە ۋە تەقدىر جەھەتتىن ھەرخىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىر - بىرىنى چۈشىنىدىغان يولنى ئاللىبۇرۇن ۋايىغا يەتكۈزدى. لېكىن ئىقلىملارنىڭ ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ بۇنداق بىرلىكى بەربىر رومانتىك، مىستىپتىك تۈس ئالغان بىرلىك بولۇپ، ئەمەلىيەتنى كۆزدە تۇتقاندا، ھازىرمۇ جىنچىراغ دەۋرىدە ياشاۋاتقان خەلقنى ئېلېكترون دەۋرىدە ياشاۋاتقان خەلق بىلمەيۋاتقان ئىجتىمائىي رېئاللىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

ئۈچۈر، تەرەققىيات، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتە، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك پائالىيەتچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرالماي، تالاي "بېرلىن تاملىرى"نىڭ قورشاۋىدىكى ئىپتىدائىي سەھرادا دۇنيا دېگەن مۇشۇ دەپ ياشاۋاتقان خەلق 21 - ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي تۇرۇپتۇ. دەل "مۇشۇ خەلقنىڭ" ياپون دېڭىزى، ھىندىچىنى، يۇنان، ئىران، مىسىر قاتارلىق ئىقلىملار بىلەن تۇتاشقان پايانسىز مەدەنىيەت چەمبىرىكى بار. بۇ چەمبەر ئىرالار داۋامىدا گاھ كېڭىيىپ، گاھ تارىيىپ تۇرغان. بۈگۈن بۇ خەلق تەكلىماكان قۇملىرىنىڭ گىردابلىرىدا ئۇنتۇلغان بۇلۇڭ بولۇپ ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ھېچكىمدە يوق، تېخى قېزىلمىغان ئاجايىپ سېھرىي قۇدرىتى بار مەدەنىيەت تىندۇرمىسىغا ئىگە.

ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ھەربىر ئىختىرا بىر قېتىملىق زور ئىنقىلابتىن ئىبارەت بولغان. يېزىقنىڭ كەشپ بولۇشى مىسلىسىز ئىنقىلاب سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ پائالىيىتىنى ئەسىرلەردىن ۋە رايونلاردىن ھالقىتتى. مەتبەئە، پار ماشىنىسى، تېلېفون، كامېرا، تېلېۋىزور دېگەنلەرمۇ ئىنسانلار

جەمئىيىتىدە تۇيۇتىن ئۆزگىرىش ياسىغان. ناھايىتى قىزىقكى، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 50 يىل ئىلگىرى ھېسابلاش ماشىنىسى دۇنياغا كەلگەندە، دەل ئۇنى ياسىغان ئامېرىكىلىقلار ھېسابلاش ماشىنىسى (كومپيۇتېر) نىڭ بۈگۈنكىدەك ئومۇملىشىپ كېتىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغانىكەن. چۈنكى دەسلەپكى كومپيۇتېرنىڭ ئېغىرلىقى 30 توننا بولۇپ، 170 كۋادرات مېتىر يەرنى ئىگىلەيدىكەن (تەخمىنەن بىر بىنا بىلەن تەڭ). شۇڭا ئەينى چاغدىكى مۇتەخەسسىسلەر ئامېرىكىدا ئۈچۈن ئەنە شۇنداق كومپيۇتېردىن ئۈچ - تۆتى بولسىلا كۇپايە دېگەنىكەن. بىراق 50 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە ئۇ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىشخانىلار ۋە ئائىلىلەردىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپ لىنىيىلىك قانالللىرىغا ئايلاندى.

شۇنداق، تەرەققىيات ناھايىتى تېز، يېقىن كەلگۈسىنى پەرەز قىلىش قىيىن، ۋەزىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ كۆپلۈكى ۋە رولى ئادەملەرنىڭ قىياس ئىقتىدارىدىن ئېشىپ كەتتى. بۈگۈن سەن ئويلاۋاتقان بىر ئىش باشقا بىر يەردە ئىشقا ئېشىۋاتقان بولىدۇ.

كومپيۇتېر 20 - ئەسىردىكى ئىنسانلارنى يېپىيېڭى بىر تارىخي دەۋرگە باشلاپ كىردى. ئۇ تار بىر رايون بىلەن چەكلىنىپ تۇرغان ئەنئەنىۋى سودا، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا چەك ئېلان قىلدى، ئىلىم - پەن، تېخنىكا ھەمكارلىقىنى چىڭىتتى. كىشىنى تېخىمۇ قايىل قىلىدىغانلىقى شۇكى، ئۇ ئالدى بىلەن بېكىنمە، مۇتەئەسسىپ، جاھىل دۆلەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويدى. ئۇ يېپىق شەكىلدىكى باشقۇرۇشنىڭ گاللۋاك، چۈشكۈن پۇقرالىرىنىڭ قەلبىگە يىراق دۇنيادىن ھالقىپ كەلگەن نۇر دولقۇنلىرىنى چۈشۈردى. كىشىلەر بىر قانچە تار رۇجەكتىن بولسىمۇ ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتتىن كەڭ بىر مۇھىتنىڭ بارلىقىنى كۆردى، ئۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسىنى پۇرىغاندەك بولدى.

بۈرۈنقى دۇنيا تۇمانلىق دېڭىزدىكى يىراق - يىراق ئاراللاردەك بىر - بىرىگە نىسبەتەن مۈجمەل ۋە تۇتۇق ئىدى. دونيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرى بىر - بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلەتتىيۇ، ئەمما بىر - بىرىنىڭ ئېھتىياجى، تەلپۈنۈشلىرىنى بىلەلمەيتتى. بىزدەك مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، دۇنيانىڭ يىراق بۇرجەكلىرىدە ئۆزگىچە ئىقلىملارنىڭ بارلىقىنى "زىيالىي" دەپ ئاتالغانلىرىمىز خەرىتىدىن ياكى جۇغراپىيە كىتابلىرىدىن بىلەتتۇق، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ساۋاتسىز كىشىلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىن باشقا دۇنيا مەۋجۇت ئەمەس، ئۇلار بىرەر يەرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قالسا "ئۇ يەردىمۇ تاۋۇز بارمىكەن، لەڭمەن، پولۇ بارمىكەن" دەپ سورىشىدۇ، گەرچە بۇ گەپ ھازىرنىڭ ئۆزىگە ماس كېلىپ كەتمىسىمۇ. ئەمما ئۇ تېلېۋىزور يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى رېئاللىق ئىدى.

ئەگەر ئىقتىسادىي ئەھۋالىم يار بېرىپ، بىر دانە كومپيۇتېر ۋە ئىنتېرتورىغا كىرىش لاياقىتىنى سېتىۋالسام، بۇلارغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى ئىگىلەپ بولۇش شەرتى ئارقىسىدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىشكە مۇۋەپپەق بولغان بولاتتىم.

ناۋائيي ئەسەرلىرى قانچە خىل تىلغا تەرجىمە قىلىندى؟
پارىژ كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇر مەدەنىي يادىكارلىقلىرى قانچىلىك؟
نيۇ - يوركتا قانچىلىك ئۇيغۇرلار بار؟
Fordماركىلىق ماشىنىنىڭ ياپونىيىدىكى باھاسى قانچىلىك؟
پابلونېرودانىڭ شېئىرلىرى جەمئىي قانچە مىسرا؟
ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر يىللىق ئوقۇش پۇلى قانچىلىك؟
. . .    . . .    . . .

مەن يۇقىرىقىلارنى ئىگىلەش بىلەن بىرگە، ئۆزۈمنىڭ ئەھۋالىنىمۇ ئەك يىراق يەرلەرگە ئۇقتۇرالايمەن. دېمەك، كومپيۇتېر يەر شارىنى ئىخچاملاپ، بىر كەنت ھالىتىگە كەلتۈردى. بۇگۈنكى كۈندە "قوشنا" دېگەن ئىبارىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. بەزىدە ئىشىكى ئىشىكىگە قاراپ تۇرغان ھەمسايەڭ تونۇمايدىغان ئادەمگە ئايلىنىپ، سېدنى ياكى سىنگاپوردىكى شېرىكىڭ كۈندىلىك سىردىشىڭغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. روشەنكى، سېنىڭ ئالدىڭدا پۈتۈن دۇنيا سوزۇلۇك پېتى يېيىلىپ تۇرغان بولىدۇ. خۇددى سەن لامپۇچكىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ قىلىنى كۆرگەندەك، كومپيۇتېردىن ئىبارەت ئالاھىدە "سەزگۈ" ئارقىلىق كۆز ئالدىڭدا بولمىغان دۇنيانى ماتېماتىك ئېنىقلىقتا كۆرۈپ تۇرىسەن.

مەن باشتا سەزگۈ ئورگانلىرى ھەققىدە ئازراق توختالغانىدىم. ئىنسانلار پەن - تېخنىكا ياردىمى ئارقىلىق ياساپ چىققان ئوپتىكىلىق ئۈسكۈنىلەر ۋە باشقا قوراللار ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىشىدىكى سەزگۈنىڭ ۋارىيانتى، دېگەن پىكىرلەر ئوقۇرمەنلەرنىڭ نەزەرىگە چۈشۈرۈلگەندى. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىغا يېڭى مەزمۇن ئېلىپ كەلگەن كومپيۇتېرمۇ ئىنسانىيەتتىكى ئۆزلۈك كېڭەيمىچىلىكىنىڭ مۇھىم ۋاستىسى سۈپىتىدە تۇرمۇشنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى. كومپيۇتېر مېنىڭ ئىختىيارىمغا ئۆتكەن ھامان، ئۇ مېنىڭ كۆزۈم، قۇلىقىم، تېرەم، نېرۋا ھۈجەيرىلىرىمگە ئايلىنىدۇ، مەن ئۇ ئارقىلىق يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتەلەيمەن، ئاتوم ھەرىكىتىنىڭ دائىرىسىنى ئايلىنىپ چىقالايمەن، ھۈجەيرىلەرنىڭ شەكلى، تۈسى ۋە تۈزۈلۈشىنى كۆرەلەيمەن، دېسنى باغچىسىنى، بۇيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىنى، ھەرخىل ئارخىپ ئامبارلىرىنى كۆرەلەيمەن. بۇ نەرسىلەر مېنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىمنىڭ تايانچ نۇقتىلىرىغا ئايلىنىدۇ - دە، سۇبيېكتىپ تەشەببۇسكارلىقىمنى تېخىمۇ ئەركىن رەۋىشتە ئەمەلگە ئاشۇرالايمەن.

ئېنتېر تورىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى كومپيۇتېرنىڭ تەسىر كۈچىنى مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە زورايتتى. ئېنتېر تورى نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىزغىنلىق پەيدا قىلدى؟ مەن بۇ سوئالغا ئەڭ ياخشىسى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دېگەنلىرى بويىچە جاۋاب بېرەي: "بارمىقىڭىز قولىڭىزدىكى چاشقىنەكنى (mouse) نوقۇغان ھامان، دۇنيانىڭ يىراق چېتىدىكى ئاخباراتلار بىر توپ پەرىشتىگە ئايلىنىپ،

سىپكۇنتىغا يەرشارىنى يەتتە يېرىم قېتىم ئايلىنىپ چىققۇدەك سۈرئەت بىلەن نۇر ۋە توك كابېللىرى ياكى تېلېفون سىملىرى ئارقىلىق ئىقلىم ئاتلاپ ئالدىڭىزدا ھازىر بولىدۇ" ("بىلىم ئىگىلىكى دولقۇنى"، تاۋ دېيەن تۈزگەن، جۇڭگو شەھەر نەشرىياتى 1998 - يىل 7 - ئاي نەشرى).

كومپيۇتېر ئىنسانلارغا نېمە ئېلىپ كەلدى؟ ئۇ ئىنسان تەبىئىتىدىكى قايسى بوشلۇقنى تولدۇردى؟

ئىنسان ئەقىل ئىگىسى، شۇنداقلا ھېسسىيات ئىگىسى. ئىنسان ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەقىل ۋە ھېسسىياتنىڭ تۇتقۇنى، ئەتراپىدىكى دۇنياغا ھېسسىيات تۈسى بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغان رومانتىك مەخلۇق. مەن ئۆزۈمنى ئالسام، دۇنيانى كۆزىتىشنى، كېزىشنى خالايمەن، بۇ چاغدا دۇنيا ماڭا قانداقتۇر بۇيۇك بىر ھېسسىياتنىڭ مۆجىزىسىدەك كۆرۈنىدۇ. ئالدىمدا بوغدا كۆلى تۇرغان بولسا "بۇ كۆل نېمىدېگەن گۈزەل، سۇلىرى زۇمرەتتەك ئىكەن، ئۇ بەئەينى ئاپئاق رومال ئارتىۋالغان بوغدا ئانىنىڭ ئەينىكىدەك تۇرۇپتۇ" دېيىشىم مۇمكىن. دېمەك، كۆز ئالدىمىدىكى دۇنيادىن ئادەملەرگە خاس كەيپىياتنى كۆرىمەن. يۇقىرىقىلار بوغدا كۆلىنىڭ ئىنسان تەپەككۇرىدىكى تولۇق، مۇكەممەل ئىنكاسى ئەمەس. ئۇنىڭغا "بۇ كۆلنىڭ كۆلىمى قانچىلىك؟ چوڭقۇرلۇقى قانچىلىك؟ قانچىلىك سۇ سىغىدۇ؟" دېگەن سوئاللارغا بېرىلگەن ئېنىق سانلىق جاۋابلارمۇ قوشۇلۇشى كېرەك ۋە باشقىلار. بۇ بىر جەھەتتىن، كەسپىي ئادەت شەكىللەندۈرگەن تەپەككۇر شەكلىگە باغلىق بولسىمۇ، يەنە بىر جەھەتتىن، ئىنساندىكى تۇغما كەيپىياتلاشتۇرۇش خاھىشىنىڭ مەھسۇلى.

كومپيۇتېرچۇ؟ ئۇ ھېسابلايدۇ، ئۇنىڭ بايان قىلىشتا تايىنىدىغان تىلى ساندىن ئىبارەت. ئۇنىڭ مەلۇماتلىرى مۇتلەق ئېنىقلىققا ئىگە. دېمەك، كومپيۇتېر ئىنساندىكى ئېتىقاد، ھېسسىيات، ئىرادە تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان ئاجىزلىقنى تولۇقلاپ، خىزمەت، پىلان، لايىھە، ھېسابلاش، ھۆكۈم قاتارلىق جەريانلارنى تولىرا مەنتىقىي ئېنىقلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەلۇمكى، ئىنسان مېڭىسى بىلەن كومپيۇتېرنىڭ بىر يەرگە كېلىشى رومانتىكا بىلەن لوگىكىنىڭ قوشۇلۇشى، كۆزىتىش بىلەن ھېسابلاشنىڭ قوشۇلۇشىدۇر.

كومپيۇتېر ماكرو ۋە مىكرو دۇنيانى ئېنىق بىلدۈرىدىغان يەتتىنچى خىل سەزگۈ ئورگىنى، ئۇ ئىنسانلاردىكى بەش خىل تەبىئىي سەزگۈ ۋە ئەقىلدىن ئىبارەت ئالتىنچى سەزگۈنى ئۆزىدە ئالىي مۇقامدا نامايان قىلىدۇ.

بىلىشكە بولىدۇكى، ئېلېكترون تېخنىكىسى خەلقنى ھەممىدىن مەھرۇم ھالدا يېپىق چارە بىلەن باشقۇرىدىغان مۇستەبىت كونا تۈزۈمنىڭ دۈشمىنى بولۇپ، ئىلىمنىڭ دېموكراتىيىگە مايىل ھۆر خاراكتېرىنى ھەقىقىي تۈردە ئىسپاتلايدۇ. بىراق بۇنىڭ ئۈچۈن بىر شەرت بار، ئۇ بولسىمۇ خەلق ئەنە شۇ تېخنىكىنىڭ قوبۇل قىلغۇچىسى ۋە باشقۇرغۇچىسى بولالىشى كېرەك.

مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئەدەبىيات تۇرمۇشنى ئۆزگەرتىدۇ، خەلقنى يېتەكلەيدۇ

دېگۈچىلەرگە شۇنى ئېيتقۇم كېلىدۇ: ئەدەبىيات ئۆزگەرتمەيدۇ، ساقلايدۇ، ئۇ ئىنساننىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەس تەبىئىتىنى ، ئىساننىڭ ھەربىر مومېنتتىكى قىممىتىنى ئۇق قىلىپ ئايلىنىدۇ، ئۇ كىشىلەرگە مەلۇم مىكرو تۇسى بېرىدۇ. بىراق ھەممىگە قادىر تەپەككۇر شەكلى ئاتا قىلالمايدۇ، ئەلۋەتتە. پەنمۇ يەككە - يېگانە ھالدا مەسلىنى ئۇزۇل - كېسىل ھەل قىلالمايدۇ، مۇبادا بىرەر قۇدرەتلىك تېخنىكا ئىنسانىيەتنى ۋە ئىنسانىيەتنىڭ پەرۋىشكارىنى سۆيىدىغان ھالال ئەقىدە ئىگىسىگە ئەمەس، بەلكى كۆڭلىدە ياۋۇزلۇق قۇتراپ تۇرغان تەلۋىلەرگە مەنسۇپ بولسا، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئاپەت ئىچىدە قالىدۇ، مانا بۇمۇ ئوخشاشلا تېخنىكىنىڭ ئاقىۋىتى .

بىراۋ بىر دانىشمەندىن شۇنداق سوراپتۇ:

– قاچان قىيامەت قايىم بولىدۇ؟

– ئېتىقاد يوقالغاندا .

– ئېتىقاد قانداق ۋاقىتتا يوقالغان بولىدۇ؟

– ئىش شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان ئادەملەرنىڭ قولىغا تاپشۇرۇلغاندا ( ھارام ھالالغا ھاكىم بولغاندا، يالغان راستقا ئەمىر بولغاندا ) قىيامەتنى كۈتسەڭ بولىدۇ .

پەننى بىلىپ، سەنئەتنى چۈشەنمىگەنلەر يېرىم نادان، سەنئەتنى بىلىپ، پەننى چۈشەنمىگەنلەر يېرىم نادان، يۇقىرىقىلارنى بىلىپ ئەقىدىنى چۈشەنمىگەنلەر پۈتۈن نادان .

ماددىي بۇيۇملارمۇ ئىدىيىنى ئىسلاھ قىلىش كۈچىگە ئىگە، تېلېۋىزور ( سىملىق تېلېۋىزىيە قاناللىرىدىكى چەت ئەل فىلىملىرى ) ، چاقىرغۇ، تۇغۇتنىڭ ئالدىنى ئېلىش كومۇلچى ، ھاراق ، "بەشتە ياخشى مەسچىت" شاھادەتنامىسى . . . ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەخلاق سىستېمىسىنى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ تاشلىدى . بۇلار ئالدىدا شائىرلارنىڭ ئاق كۆڭۈللەرچە نەسىھەتلىرى ، مۇڭلۇق كۆز ياشلىرى كار قىلمىدى . ماددىي نەرسىلەر تارىخنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئۇگىلەردۇر. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ماددىي تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە يەنە روھمۇ پەيدا قىلىدۇ. بۇ روھ مۇزىكا، رەسىم ۋە ئەدەبىياتتىكى نۇقتىئىنەزەرلەرگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە فرانسىيە ئاتاق ئېقىمى يازغۇچىسى مارسىل پۇرۇستى مۇنداق دېگەنىكەن: "تارىخ ئەقىل يەتمەيدىغان يەرگە يوشۇرۇنغان بولىدۇ، بۇ دەل بىز قىياس قىلىپ بولمىغان ماددىي نەرسىلەر" . بىل . گېيتس : "بىر كەشپىيات ئەگەر كىشىنى مەستانە قىلىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولمىسا، ئومۇملىشالمايدۇ" دېگەنىكەن . بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى كومپيۇتېرنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم ئەزاسىغا ئايلاندۇرماقچى بولىدىكەن، ئالدى بىلەن كىشىلەردە مەدەنىيەتكە نىسبەتەن قىزغىن ئېھتىياج پەيدا قىلىشى زۆرۈر. بۇ ئېھتىياج مائارىپ بىلەن مۇناسىۋەتلىك . كومپيۇتېر رىشاتكىلانغان مەكتەپ قورۇسىنىڭ مۇتەئەسسىپ، يېپىق ئورگان ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ قويىدى ، شۇنداقلا پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئۆگىنىش بازىسىغا ئايلاندۇردى . شۇنىڭدىن قارىغاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم

رايونىنىڭ مائارىپ سىستېمىسى ئارقا ـ ئارقىدىن داۋالغۇپ كېلىۋاتقان يېڭى دولقۇنىنىڭ زەربىسىنى كۈتىۋاتىدۇ، دىپىشكە بولىدۇ.

بىزگە ئانا تىلنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم، بىراق مەكتەپلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى رولى يېتەرلىك بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئىنتايىن تۆۋەن. ئانا تىل ئاساسى پۇختا بولمىغانلار باشقا تىللارنى قانچىلىك ئۆگەنسۇن؟ كىشىنىڭ ئىچكى ـ تاشقى مۇھىتى، ئارزۇسى، دەرد ـ ھەسرىتى، تەقدىرى بىلەن نازۇك باغلانمىغان تىل پائال تەپەككۇرىمىزنىڭ ئىشەنچلىك ھەمراھى بولالمايدۇ. ئانا تىل كىشىنىڭ ۋىجدانى ۋە تەبىئىتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەچكە، تەتقىقات ھاياتىدا گىندەك ئاساسىي رول ئوينايدۇ.

بىز ئانا تىل تەربىيىسىنى مۇكەممەل قوبۇل قىلىش شەرتى ئاستىدا، خەنزۇ تىلى، چەت ئەل تىلى ۋە باشقا چەت ئەل تىللىرىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. كومپيۇتېرنى نۆۋەتتىكى تۇرمۇش قورالىمىزغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، چەت ئەل تىلى مائارىپىغا ۋە ماتېماتىكىغا، تەپەككۇر پەنلىرىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

1999 ـ يىل ئاپرېل

# مائارىپ شۇنداق بىر جەريان

1

ھەر قانداق بىلىش ئۇنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھاياتتىن كەلگەن، قارىماققا ئۇ ھاياتنىڭ مەھسۇلىدەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، يەنىلا ھاياتنىڭ ئالاھىدە بىر خىل شەكلى. بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان بىلىش پائالىيىتى باشقا جانلىقلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىگە سېلىشتۇرغاندا، ھاياتنىڭ ئالىي دەرىجىسى بولۇپ سانالسىمۇ، بىراق ئادەمنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتىدىن قارىغاندا، پەۋقۇلئاددە ۋە ئىلاھىي مۆجىزە ئەمەس. بەلكى، ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئادەمنىڭ ئىنكاسىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

ياشاش بىر خىل تەبىئىي ھەرىكەت. ئۇ ئېھتىياج ئۈستىگە قۇرۇلغان زۆرۈرىيەت، ئېھتىياجنى قاندۇرۇش قاتارلىق جەريانلار بىلەن مەزمۇنلىنىدۇ، بۇ جەريان مۇئەييەن تەجرىبە ۋە بۇ تەجرىبىدىن كەلگەن باسقۇچلۇق بىلىش ھەرىكىتى بىلەن خاراكتېرلەنگەن بولىدۇ. مائارىپ ئەنە شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا كېلىپ چىققان. شۇڭلاشقا، گېرمانىيىلىك جەمئىيەتشۇناس ۋېبىر "ئاچلىق ئەڭ دەسلەپكى مائارىپچى" دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغانىدى.

مائارىپ بىر خىل بىلىش شەكلىمۇ؟ مېنىڭچە، ئۇ بىلىش شەكلى ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە، باشقىلارغا، دۇنياغا ئۆزى بىلەن ئۆزگە دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشقا قانداق دىققەت قىلىپ، قانداق مۇئامىلە قىلىشنى جانلىق ھالدا ھېس قىلدۇرىدىغان پەۋقۇلئاددە تەربىيە شەكلى. ئۇنىڭدا بارلىق بىلىش شەكىللىرىنىڭ بىر تۇتاش قىياپىتى ۋە ئېتىكىلىق ئالاھىدىلىكى ئەكس ئېتىدۇ.

مائارىپشۇناسلىق (پېداگوگىكا) غا كەلسەك، ئۇ مائارىپقا دائىر بىلىشنىڭ بىر شەكلى بولالايدۇ.

روشەنكى، "مائارىپ" دېگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسىنى رېئال چۈشىنىش بىر مائارىپچىنىڭ ئەمگىكىدىكى جانلىقلىقنىڭ ئالدىنقى كاپالىتى.

مائارىپ ئىنچىكە نەزەر بىلەن ئېيتقاندا، تۇرمۇشنىڭ ھەر قانداق ساھەلىرىگە سىڭىپ كەتكەن ئومۇمىي، جانلىق ھادىسە، ئۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ ئىجتىمائىي زۆرۈرىيىتى بولۇپ، مەكتەپ دەل مۇشۇنداق زۆرۈرىيەتنىڭ ئەڭ ئىخچام سىمۋولى، شۇنداق ئىكەن، مەكتەپ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى، كەلگۈسى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرىدۇ. بىراق مەكتەپ بۇنىڭ بىلەن چەكلەنگەن ھالدا، مائارىپنى ئۆزىنىڭ تاملىرى بىلەن قورشىۋالماسلىقى، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، ئۇنى ھەربىر قەلبدە يىلتىزلاندۇرۇشىمىز لازىم. چۈنكى مەكتەپنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رولىدا ئۇنىڭ بەلگىلىك چەكلىمىلىكىمۇ ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ. بۇ چەكلىمە چەكسىز ھايات دۇنياسىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئاكتىۋئال ئامىللار تەرىپىدىن تۈزىتىلىدۇ ھەم تولۇقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ

مەكتەپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش ۋاقتى ھامان چەكلىك، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مائارىپنىڭ خاراكتېرىنى ھاياتنىڭ كەڭ ۋە تىنىمسىز قەدىمى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

مائارىپ كىشىلەرنى تەربىيىلەش مەسىلىسى دېيىلسە، بۇ مۇتەئەسسىپ مائارىپ بولىدۇ، مائارىپ كىشىلەرنى داۋاملىق تۈردە ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەشكە يېتەكلەش دەپ قارالسا، بىر قەدەر راستچىل مائارىپ بولغان بولىدۇ. روشەنكى، مائارىپ خۇددى تۇغۇلۇشتەك تەبىئىي، ھاياتتەك جانلىق، روھتەك ئەركىن بولغاندا، كىشىلەرگە ھاۋادەك سىڭىپ بولغاندا، جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۆزى ھەم باشقىلار كۈتكەندەك كېرەكلىك كۈچكە ئايلىنىدۇ.

مەكتەپ ئالىيجاناب ھاياتنىڭ ماكانى بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ تۈرمۈشتىن يىراقلاپ كەتكەن ئۇقۇم ۋە رامكىلارنىڭ ئىسكىلاتى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

"ئۆگىنىش مەكتەپتە ئەمەس، بەلكى ھاياتتا" رىم مۇتەپەككۇرى سېنىكانىڭ بۇ سۆزى مائارىپنىڭ ھايات بىلەن تىنىقداش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مېنىڭچە، بۇ، مائارىپ ھەققىدىكى ئەڭ سەممىي پىكىر.

2

"قانداق قىلىش كېرەك؟" دېگەن سۆز "مۇنداق قىلىش كېرەك" دېگەن سۆزگە قارىغاندا ئۇلۇغ سۆز. چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ پىكىر قىلىشتىن ئىبارەت خاس مەزمۇنىنىڭ چاقنىشى ھەمدە ئەقىل خېمىرىنى بولغۇزىدىغان خېمىرتۇرۇچ.

بىر مائارىپچى مائارىپنى كىشىلەرگە (بولۇپمۇ باللارغا) زىيانكەشلىك قىلىدىغان تەتۈر فۇنكسىيىلىك نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ھەممە نەرسىگە گۇمانىي پوزىتسىيە بىلەن مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىشنى ئۆز ئەمگىكىنىڭ يادروسى قىلىشى كېرەك. ئۇنداق قىلماي، ئىلگىرى تەجرىبىدىن ئۆتۈپ ئىسپاتلانغان ۋە شۇ ئاساستا بېكىتىلگەن نەرسىلەرنى ئۆگىتىش بىلەن بولۇپ كەتسە، ئىندىۋىدۇئال ئىجادچانلىقتىن ئىبارەت قىممەتلىك نەرسىنى دەپسەندە قىلىدۇ. بۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلۇغ مەقسەت پەردىسى ئارقىسىدا ئوينالغان ئەڭ رەزىل ئويۇن بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، قانداق ئىلھاملاندۇرۇشنى بىلىش بىر ئوقۇتقۇچىدا كەم بولسا مۇتلەق بولمايدىغان ئىقتىداردۇر. نيۇتون ئالمىنىڭ يەرگە چۈشۈشىدىن ھەيران قالمىغان بولسا، ئالەملىك تارتىشىش كۈچى ھەققىدىكى بىلىشنىڭ شۇ دەۋرىدە ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئېينىشتېين نيۇتون فىزىكىسىدىن گۇمانلانمىغان بولسا، نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇلۇغ ئادەملەرنىڭ تۆھپىسى ئاددىي ھادىسىلەرگە ھەيران قېلىشتىن باشلانغان. ياخشى

تەربىيىلەنگەن ئادەم ئۆز ھاياتىنى ھەر قانداق ئۇقۇم ۋە ئېتىقادنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنى ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ھەم ئوبيېكتىپ تەجرىبىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، بايىقالماي قالغان يېڭى ئالامەتلەرنى تېپىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ، بۇ مەنىۋى ھاياتى ساغلام كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

ئۆزىگە ۋە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە قىزىقىش ئادەمنىڭ تۇغما ئىقتىدارى، بىراق بۇ ئىقتىدار ئەنە شۇ قىزىقىشتىن كېلىپ چىققان كۆزىتىشنىڭ ھەر خىللىقى بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. مائارىپ مۇشۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ تارتىۋالماسلىقى كېرەك.

بىزدە، چاپقىنى ئالمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويۇش ئەھۋاللىرى ناھايىتى كۆپ. چۈنكى بىزنىڭ ئۇسۇللىرىمىز ئاساسەن دېگۈدەك ئۆگىتىپ قويۇش بىلەن خاراكتېرلەنگەن. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتىن ئىبارەت ئارقا كۆرۈنۈشى تەكىتلەنگەندەك قىلسىمۇ، ماھىيەتتە ئايرىپ تاشلانغان. بۇ ئوقۇغۇچىلاردىكى گاڭگىراشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان - دە، نەتىجىدە، مائارىپ كىشىنىڭ روھىغا تېڭىلغان مەجبۇرىيەتكە ئايلانغان. ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بولماقچى بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئىنسانىنى چۈشىنىشكە ئەھمىيەت بېرەلەيدىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. ئادەمنى ئالدىنئالا بەلگىلەنگەن پرىنسىپ ۋە ماددىلار ئارقىلىق چۈشەنگىلى بولمايدۇ. بەلكى ھەممە نەزەرىيىنىڭ مەنبەسى بولغان ھايات ئارقىلىق چۈشەنگىلى بولىدۇ.

پېداگوگىكا ۋە پسىخولوگىيىنىڭ تەبىرلىرى بىلەن يېتەرلىك قوراللانغان ئوقۇتقۇچى مەزكۇر قورالنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئىچىدە تۇرىدىكەن، مەنىۋىيىتى ئۆلگەن پۇچەك ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقىنى مائارىپ ئەمەس، جىنايەت بولۇپ چىقىدۇ.

ئويلىنىش ئىجادىيەت ئەھلىنىڭ خىسلىتى، ئويلاندۇرۇش ئۇستازلىق روھىنىڭ بەرق ئۇرۇشى.

3

پېداگوگىكا ئادەمنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم. بىراق ئادەمنىڭ ماھىيىتى نېمە؟ بۇ ھەقتىكى بىلىش كۈندىن - كۈنگە كونىراپ، كۈندىن - كۈنگە يېڭىلانماقتا. ۋەھالەنكى، ئادەمنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى تونۇش ئۆزىنىڭ مۇكەممەل بولالماسلىقى سەۋەبىدىن ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. شۇڭا پېداگوگىكىمۇ ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى تونۇغان ھالدا، ئادەم ماھىيىتى ھەققىدىكى بىلىشنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ، تۈرمۇش بىلەن ماس قەدەم ھالدا تاكامۇللىشىشى لازىم. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ ئادەمنىڭ ئېڭى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قالاق نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

"بىرئادەم بىر جەريان" دەيدۇ ئامېرىكا پېداگوگى روگىسس "ئۇ قېتىپ قالغان، تۇرغۇن

جىسىم ئەمەس؛ ئۇ دولقۇنلاپ ئېقىپ تۇرغان دەريا، ھەرگىزمۇ مۇقىم ماتېرىيال ئەمەس؛ ئۇ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ يۇلتۇزى، ھەرگىزمۇ قاتمال ئالاھىدىلىكلەرنىڭ جۇغلانمىسى ئەمەس" بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ھايات توختاۋسىز ئۆزگىرىش جەريانىدىن ئىبارەت.

ھەربىر ئادەم ئاشۇنداق بىر مۇرەككەپ دۇنيانىڭ ئىگىسى بولغاندا، جەمئىيەت مۇشۇنداق سانسىز مۇرەككەپ دۇنيانىڭ ھەيۋەتلىك دېڭىزى بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، مائارىپ پېداگوگىكىدىكى "مۇقەددەس" قائىدىلەرنىڭ روھى سۈپىتىدە ياشايمەن دېسە، بۇ بىر ئىسكىلىتقا خاس سۈپەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئادەم ئۆزگەرمەكتە، جەمئىيەت تەرەققىي قىلماقتا. بۇنىڭغا ئەگىشىپ "رېئاللىق" دېگەن ئۇقۇممۇ ئۆزگەرمەكتە. ھاياتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ شەكلى ۋە قاراشلىرىمىزمۇ ئۆزگەرمەكتە، مائارىپ نېمە قىلىشى كېرەك؟

ئۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىچكى ئىمكانىيەتلەرنى ئىجابىي ھالدا رېئاللاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك.

1992 - يىل ئاپرېل

# مىللىي مائارىپىمىزدىكى سىۋپەت تەشۋىشى

– مەھمۇت ئىلياسنىڭ "مىللىي مائارىپنىڭ سىۋپەت مەسىلىسى" ناملىق ماقالىسىگە ئىلاۋە

بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى "شىنجاڭ مائارىپى گېزىتى" دە داۋۇت ئوبۇلقاسىمنىڭ "ئۇيغۇر مائارىپىغا بىر دىئاگنوز" ناملىق ماقالىسى بېسىلغانىدى. ئاپتور ئۇيغۇر مائارىپىدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان سەلبىي ھادىسىلەر ھەققىدە بىر قەدەر سوغۇققان پوزىتسىيىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن، ئەمەلىي كۆزىتىشلەر نەتىجىسىدە ئېرىشىلگەن ئۈمىدسىز تەسىراتلار ئىلمىي ھاۋاسى كۈچلۈك دەلىللەر ۋە تەسىراتلار بىلەن بىرلىشىپ، ئەسەردىكى "دىئاگنوز" غا خاس قىممەت ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلىنغانىدى. بۇ ماقالىگە ئىلمىي ھەۋەسى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەردىن باشقىلار ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. تارىخ ئىنكاسسىز ئادەملەرنىڭ سەھنىگە چىقىپ قېلىشى تۈپەيلى، ئاقىلانە ئاگاھلاندۇرۇشلاردىن قۇرۇق قالدۇ. ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيىتى، چۈشكۈنلۈكى ۋە خارۇ - زەبۇنلۇقىدىن يەكۈن چىقارمىغان تارىخ ئۈزلۈكسىز تراگېدىيە نەتىجىسىدە ئۆمرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. بىز ئەمەلىيەتنىڭ ئاسىيسى بولۇپ قالمىساقلا يۇقىرىقىدەك ئەپسۇسلۇق تارىخنىڭ مىراسخورى بولۇپ قېلىشۋاتقانلىقىمىزنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىز.

داۋۇت ئوبۇلقاسىمنىڭ ماقالىسى تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدىكى ئاتالمىش ئالدىراش زامان ساھىبلىرىنىڭ تاشتەك كاللىسى تەرىپىدىن "ئۇنتۇلۇش" قا دەپنە قىلىنىپ، ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مىللىي مائارىپىمىزھەققىدىكى يەنە بىر ماقالە بىلەن يۈز كۆرۈشۋاتىمىز. ئۇ بولسىمۇ مەھمۇت ئىلياس ئەپەندىنىڭ "مىللىي مائارىپنىڭ سىۋپەت مەسىلىسى" نامدىكى سىۋپەت مەرسىيىسى. مەھمۇت ئەپەندى كىشىلەرگە تونۇشلۇق ئىلياسلار جەمەتىدىكى زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ياشلىقى، تولۇپ تۇرغان زېھنى ساغلام، ۋۇجۇد - كۈچىنى مىللىي مائارىپىمىزنىڭ ھاياتى ئۈچۈن سەرپ قىلىپ، يىگىرمە دەۋر ئۇيغۇر مائارىپى بېسىپ ئۆتكەن مۇرەككەپ يوللارنىڭ شاھىتى بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئەلۋەتتە، ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، نەتىجىلىرى، ھەسرەت - نادامەتلىرى ھەققىدە، جۈملىدىن كېلەچىكى ھەققىدە ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ چۇقان سېلىشى تامامەن ھەقلىق. مىللىتىمىز ھوقۇق كىرىزىسىغا، ئېتىقاد كىرىسىغا، ئەخلاق كىرىزىسىغا گىرىپتار بولۇپ، روھىي ۋە ماددىي نامراتلىقنىڭ گىردابلىرىدا چىقىش يولى ئىزدەۋاتقان، ھەر ساھەنىڭ سەرخىللىرى بىر - بىرىنىڭ زۇۋانىنى چۈشىنەلمەي، ئارىدىكى مېخانىزملىق يۈرۈشمە ئۈزۈلۈپ قالغان بۇ كۈنلەردە، ھەر كىم ئۆزى ئۈچۈن مەسئۇلىيەت بىلەن يىغلاشقا دۇچ كەلدى. شۇنداق ئىكەن، ھەقىقىي ئوقۇتقۇچى مائارىپ ئۈچۈن ئاھ ئۇرماي تۇرالمايدۇ. بۇ ھەسرەت دەرۋەقە مىللىي مائارىپنىڭ سەكراتى ياكى جەستى ئالدىدىكى ۋىدالىشىش بولمىسىمۇ، ئۇنىڭ كېسەل بىلەن چىرمالغان قامەتلىك ۋۇجۇد ئالدىدىكى ئازابلىق

تۈيغۇ ئىكەنلىكىگە گەپ كەتمەيدۇ.

مەھمۇت ئەپەندىنىڭ بۇ ماقالىسىنى 50 - يىللاردىن ھازىرغا قەدەر بولغان ئۇيغۇر مائارىپى ھەققىدىكى مۇھاكىمىلىق ئەسلىمە دېيىشكە بولىدۇ. ماقالىدىن قارىغاندا، ئۇ، مائارىپىمىزدىكى سوپەت مەسىلىسىنى "مەكتەپ" تىن ئىبارەت ئالاھىدە جەمئىيەتنىڭ قىياپىتى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندەك تۇرىدۇ. مۇئەللىپ مائارىپنىڭ مەكتەپ ۋە مائارىپ ئورگانلىرىدىن ھالقىغان خاراكتېر ئىنقىلابى (ئەلۋەتتە، ئەقىل ئىنقىلابى) ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسمۇ، ھازىرچە ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي نۇقتا ئۈستىدە پىكىر قىلىشنى زۆرۈر دەپ تونۇغان بولسا كېرەك. راستىنى ئېيتقاندا، ماكان ۋە زامان بىلەن ھېسابلاشقان ئەھۋالدا، ئوبيېكتىنى مۇۋاپىق تاللاش، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن مۇۋاپىق چىقىش مەسىلىسىنى ئويلاشمىسا بولمايتتى.

مۇئەللىپ كۆرسەتكەندەك، نەچچە ئون يىللىق مائارىپ ئەمەلىيىتىدە تۈرلۈك سىياسەت - بەلگىلىمىلەر يولغا قويۇلدى، تۈرلۈك سىناقلار يۈرگۈزۈلدى. ھەممىسى پەقەتلا بىر خىل ئۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ چىقتى. ئەگەر بۇ جەرياندا ئۆزگىرىشلەر بولۇپ تۇردى دېيىلسە، مۇئەييەن روھىي قاتماللىقنى يوشۇرغان ھەرخىل شوئارلار كەشىپ قىلىنىپ، مەكتەپ قورۇسىنىڭ تاملىرىغا، مائارىپ مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ ئىشخانىلىرىغا ئالاھىدە قىلىپ يېزىپ قويۇلدى، خالاس. جۇڭگو يېڭى دەۋر تارىخىدا شوئار ئىجاد قىلىش، سىياسىي ئويۇنغا قىزىقىدىغانلارنىڭ ئۆزئۆملۈك ئۇسۇلى بولۇپ كەلدى. ئۇنى ئۆلۈك تەكرارلاش يۇقىرىغا يامىشىدىغانلارنىڭ ئارغامچىسى بولۇپ كەلدى.

مۇئەللىپ ئاشۇ جەريانلار ھەققىدىكى بەكلا سوغۇققان قەلەم رەۋىشلىرىدە، مائارىپىمىزدىكى نازۇك بىر مەسىلىنى غىل - پال ئوتتۇرىغا قويۇپلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. قارىغاندا مۇئەللىپ مۇلاھىزە كۈچى ئۆتكۈر ئوقۇرمەنلەرنىڭ بارلىقىغا ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىشەنسە كېرەك. مائارىپ تەرەققىياتىنى تەسۋىرلەشتە ستاتىستىكىغا بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدىغان كىشىلەر (بىزدە ستاتىستىكا روھى كەمچىل بولسىمۇ) مەزكۇر نۇقتىنى قانداق چۈشىنىدىكىن، بۇنىسى نامەلۇم، ئەمما ئۇ بىر مىللەتنىڭ مائارىپىدا يىلىككە ئوخشاش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ نېمە؟ بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان مائارىپ ئىدىيىسى.

مەشھۇر پېداگوك ئۇشىنسكىينىڭ ئەسەرلىرى پېشقەدەم مائارىپچىلىرىمىزغا ناتونۇش ئەمەس. ئۇشىنسكىي ئىنگلىز، گېرمان، فرانسۇز، رۇس مەكتەپلىرىنىڭ خاسلىقلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي پەرقنى شۇ مىللەتنىڭ ئەنئەنىسى، دىنىي ئېتىقادى، كلاسسىكلىرى بىلەن باغلاپ ئىزاھلايدۇ. بۇ يەردىكى مىللىي پەرق، مائارىپتا نامايان بولغان مىللىي ئىدېئولوگىيىدىن ئىبارەت.

بىر مىللەتنىڭ مائارىپ ئىدىيىسى نەدىن كېلىدۇ؟ قىسقىچە ئېيتقاندا، شۇ مىللەتنىڭ ھاياتىدىن كېلىدۇ. بۇ ھايات ئۆزى تۇغۇلغان تەبىئىي مۇھىتقا يارىشا خاس ئىنكاس شەكلىگە، پىكىر يوللىرىغا، ئىزدىنىش جەريانلىرىغا تولغان بولىدۇ. بىر مىللەتنىڭ دىنىي ئېتىقادىدىكى تەرەققىياتلار،

ئۆرپ - ئادىتى ۋە مەدەنىيىتىدىكى ئۆزگىرىشلەر، تىلىدىكى مەنىلەر، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدىكى مەزمۇن ۋە ۋاستىلەر شۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە مەيدان ھازىرلىغان تەبىئەت بىلەن ماس بولىدۇ. مىللەتلەرنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى قاراشلىرى، خۇدا ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى، تارىخىي باسقۇچلىرى، جۇملىدىن تىل ۋە ئويلاش ئۇسۇللىرى ھەرخىل بولىدۇ. ۋەھالەنكى، مىللەتلەر ئەنە شۇ كۆپ خىللىقتىن ئۆزلىرى ئىزدىگەن ئورتاقلىقنى تاپالىدى ۋە ئۇنى بۈگۈنكىدەك مۇكەممەللىككە يەتكۈزدى. تارىخ ئىسپاتلىدىكى، مىللەتلەر ۋە ئىرقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىق ئۆزئارا چۈشىنىش ۋە ھۆرمەتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىسىدا پەيدا بولدى. مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ئۇسۇللار ئورتاقلىقنى پارچىلىدىكى، ھەرگىز كۆزلىگەن ئۈنۈمگە يېتەلمىدى.

ئۈچۈر مۇلازىمىتىنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاقلىقنى ئىلگىرى سۈردى. 21 - ئەسىردە تېخىمۇ شۇنداق. لېكىن ئورتاقلىق قانداقتۇر بىرەر كۈچنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ياكى تەشكىللىشى بىلەن بولمايدۇ. ئۇ، بىرئادەم، بىر مىللەت، بىر دۆلەتنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، ھۆرمەت تۇيغۇسىنىڭ تويۇنۇشىدىن كېلىدۇ. سالاپەت ۋە قەدىر - قىممەت ئىچكى ئەھۋالدىكى سالاپەت خۇددى شىرنە بىلەن سىرلاپ قويغان توك ئالمىغا ئوخشاش باشتا ئازراق پارقىرىسىمۇ، كېيىن سولىشىپ چىرىپ قالىدۇ. سىياسىيونلار ئۆز ئېھتىياجى ئۈچۈن بەزى ئۆلگىلەرنى تەشۋىقاتقا تايىنىپ ياساپ چىقىدۇ. ئەمما ئۇ ئۆلگىلەر توك ئالمىنى سىرلاش ھىيلىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت.

بىزمۇ ئورتاقلىققا تەلپۈنىمىز. بىز ئورتاقلىقنى يارىتىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە مول ئەنئەنىگە ئىگە خەلق. رايونىمىز تارىختا مەدەنىيەت دوقمۇشى رولىنى ئوينىغاچقا، بىزدە كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت بايلىقلىرى تولۇپ يېتىپتۇ. بىز 21 - ئەسىرگە دۇنيادا ئىناۋەتى بار مىللەتلەر قاتارىدا كىرىشكە ئىنتىلىمىز، چۈنكى بىز شۇنداق قىلىشقا ھەقلىق. بىز دۇنياۋى ئورتاقلىقنى پارلاق مىللىي ئۆزلۈكىمىز، ئۆزگىچە، روشەن مىللىي خاراكتېرىمىز، ئۇرغۇپ تۇرغان تالانتىمىز، مۇناسىپ تۆھپىلىرىمىز بىلەن قۇرۇپ چىقىشنى خالايمىز. مىللىي ئىناۋەتنى بىر مىللەت ئۆزى تىكلىمىسە، ئۇ ھەرگىزمۇ باشقا بىرسى ئىچ ئاغرىتىپ ياكى ئادالەتكە ئېلىپ بېرىدىغان نەرسە ئەمەس.

بۇ يەردە شۇ نەرسە ئېنىق بولدىكى، بىر مىللەتنىڭ مائارىپى شۇ مىللەتنىڭ خاس مائارىپ ئىدىيىسى ئۈستىگە قۇرۇلمىسا، ئۇ مىللەتنىڭ مائارىپىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ.

ئۇنداقتا ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ ئىدىيىسى نېمە؟ 20 - ئەسىر بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي چىقىپ كېتىدىغان بولدى. ئەمدى بىز 21 - ئەسىر بوسۇغىسىغا كېلىپ قالدۇق. مائارىپىمىز ئاشۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلىسە ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرەلىسە، ئاندىن ئۇيغۇر مائارىپى قۇتقۇزۇپ قېلىنغان بولىدۇ. بىز بۇ يەردە شىرە ئالدىدىكى جاۋابنى ئەمەس، تارىخ ئەمەلىيىتى سىپىتىدىكى ھايات

جاۋابنى كۈتىمىز.

ئەمدى بىز مۇنۇ مەسىلىگە كېلەيلى، ئۇيغۇر مائارىپىدا سۈپەت مەسىلىسىنى قانداق چۈشەندۈرۈش كېرەك؟ ئۇنى قانداق قىلغاندا ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ تۈپتىن ھەل بولماسلىقىدىكى سەۋەب نەدە؟

بىر مەسىلىگە جاۋاب بېرىشنىڭ ھەرخىل يوللىرى بولىدۇ. بۇ جاۋابلار بىر - بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، ماھىيەتتە ئاشۇ بىر مەسىلىنىڭ ئىنكاسىدىن ئىبارەت. شۇڭا ماھىيەت بىر، ئىنكاس چەكسىز بولىدۇ. ئۇيغۇر مائارىپىنىڭ سۈپىتىدىكى كاشىلىلارنى ئىقتىساد، تۈزۈلمە، سىياسىي قاتارلىق نۇقتىلاردىن چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولىدۇ. پەلسەپە، جۇغراپىيە ئامىللىرىغا باغلاپ ئىزاھلىغانلارمۇ بولدى. شەخسەن مەن مۇنداق ئىككى نۇقتىدىن چۈشىنىمەن:

بىرى، ئۇيغۇر مائارىپى ئۆزىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسىدىن، پسىخىك يىلتىزىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى. مىللىي ئەخلاق ئەنئەنىمىزنىڭ مەكتەپ تەلىم - تەربىيىسىدىكى رولى جارى قىلىنمىدى. ئەكسىچە مىللىي ئۆزلۈك ۋە مىللىي ئەخلاق ئامىللىرى تاشلىۋېتىلدى.

يەنە بىرى، مىللىي مائارىپىمىز جۇڭگو مىقياسىدا ئۇزۇن يىل داۋام قىلغان ئىدېئولوگىيە كۈرىشى ۋە ئاق فورمىسىنىڭ بېسىمىغا دۇچ كەلدى. ھوقۇقچىلىق مائارىپنىڭ پۈتكۈل ئورگانىزمىنى راك ھۈجەيرىسىدەك قاپلاپ كەتتى. بىزدە بىر ياخشى ئوقۇتقۇچى، بىر ياخشى ئوقۇغۇچى ياكى بىر ياخشى مائارىپ مەمۇرىي كادىرى ئاق فورمىسىغا سادىق ياكى سادىق ئەمەسلىكى بىلەن ئۆلچەندى. ئەمەلىيەتتە بۇ كۆڭۈرچە ساداقەت ئىدىيىسىنىڭ زامانىۋى شەكلىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى ئاق فورمىسى ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇ ھەقتە باشقىچە قاراشتا تۇرۇپ سۆز ئېچىش ھاكىمىيەتكە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن تەڭ قارالدى. ئاق فورمىسى دەسلىپىدە مەلۇم بىر ئىجتىمائىي پەننىڭ مەھسۇلاتى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئارمىيە ۋە قورال كۈچى بىلەن يەتكۈزۈلىدىغان نەرسە بولۇپ قالسا، كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنى ھالاك قىلىپ تاشلايدۇ، بيۇروكراتىزمنىڭ غەپلەت ناخشىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. "بيۇروكراتىزم بارلىق مۇۋەپپەقىيەتنىڭ زىندانى" ( ئېينىشتېين ) .

جۇڭگولۇقلار ھازىرغىچە مەنسەپدار بولۇش ئۈچۈن ئوقۇپ، مەنسەپدار بولۇش ئۈچۈن ئىمتىھان بەردى. شۇڭا ئۇلار ئالدى بىلەن تۈزۈم تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ئاق فورمىسىغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەشكە دۇچ كەلدى ۋە شۇنداق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىجادىي روھ ئۆلدى. ھوقۇق تەمەسىدە يۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ بىپايان تايانما تورى بارغانسېرى كۆلىمىنى زورايتتى. چەكلىمىسىز بەھرىمەنلىك ۋە تەڭداشسىز نوپۇز مەنسىدىكى ھوقۇق جۇڭگو مەنىۋىيىتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

جۇڭگودا مائارىپ بيۇروكراتىزمنى تۈگىتىدىغان كۈچ بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ قۇۋۋەت دورىسى بولۇپ كەلدى. بىر مائارىپ ئىدارىسىدىن تارتىپ بىرەر ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىغىچە تۇقۇپ

چىقىلغان ھوقۇق زەنجىرى ئوقۇش - ئوقۇتۇشنىڭ ئومۇرتقا تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى . ھوقۇقدارلار "ئېنىقلاش" نى مۇھىم دەپ قارايدۇ. ئەدىبلەرگە، سەنئەتكارلارغا، پائالىيەتچىلەرگە، جامائەت ئەربابلىرىغا، ھەرساھە سەرخىللىرىغا گۇمان نەزەرى بىلەن قارايدۇ. ئۆزىنىڭ ئادىتىگە مۇتلەق ئۇيغۇنلۇق مەنىسىدىكى ئېنىقلىقنى قوغلىشىدۇ، سىرلىق، بىلگىلى بولمايدىغان، غۇۋا نەرسىلەردىن قورقىدۇ. روشەنلىكنى مەقسەت دەيدۇ يۇ، بارلىق روشەنلىكنى خۇراپىيلاشتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەكلىگە يات بىرەر شەيئى پەيدا بولۇپ قالسا، دوزاخ سايىسىنى كۆرگەندەك جىددىيلىشىدۇ. ئۇلار چەكلەش، توسۇش، كونترول قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارچە، دەرەخلەر تەكشى ئۆسۈشى ، ئەسكەردەك تەرتىپلىك تىزىلىپ تۇرۇشى كېرەك. پاكارلىرىنى يۇلۇپ، ئېگىزلىرىنى قىرقىپ تاشلاش كېرەك . شۇ چاغدىلا بىردەك بولىدۇ.

جۇڭگو خەلقى بۇ جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ تۆلىگەن بەدەللىرىنى كۆرۈپ يەتتى . ئۆزگەرتىش سىگناللىرى تۇشمۇ تۇشتىن ياڭراپ، زىيالىيلار ئاچچىق ساۋاقلارنى يەكۈنلەشتى .

لۇشۈن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئادەم يەيدىغان كونا جەمئىيەتكە قاراپ: "باللارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار" دەپ ئازابلىق ۋارقىرىغانىدى . لېۇ شىنۋۇ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ لۇشۈننىڭ ساداسىنى تەكرارلىدى .

ھازىر زىيالىيلار ۋە كادىرلاردا پىنسىيىگە چىقىشنىڭ ئالدى - كەينىدە يۈرەك كېسىلى ، قان بېسىمى تۆپەيلى ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىلىرى كۆپىيىپ كەتتى . بۇنىڭدا تۈرلۈك سەۋەبلەر بار، ئەلۋەتتە . بۇ، مۇھىت، ئوزۇقلۇق تەركىبى ، تۇرمۇش رىتىمى قاتارلىق ئامىللار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇش بىلەن بىرگە باشقا ئامىللارمۇ بار. ھاراق كادىرلار ئوتتۇرىسىدىكى تايانما مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلىشى ، پۇقرالارنىڭ ئىش ھەل قىلىشىدا ئاساسلىق ئىستېمالغا ئايلاندى . گويا ھاراق ئىچىش دۆلەت كادىرلىرىغا ماتېرىيالىزملىق خىزمەت ئۇسۇلىنىڭ ئۆزنۆملۈك ۋاستىسى بولۇپ قالدى، بۇ ھەتتا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دائىمي دەم ئېلىش ئۇسۇلىغا ئايلىنىپ كەتتى . چەت ئەللەردە ھاراق چەكلەش قانۇنلىرى بار. بىزنىڭ تېلېۋىزورلىرىمىزدا ھاراق ئىچىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئېلان سەنئەتلىرى كۆزىمىزگە پۇتلىشىپلا تۇرىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ دۆلىتىمىزنى ھاراق دۆلىتىمىكىن، دەپ ئويلاپ قالىمىز. بىز يەنە يەيدىغان تاماقلىرىمىز، كۆكتاتلىرىمىز، ھەتتا گۆشلىرىمىزگە قەدەر ھىيلە ئىشلىتىپ، خىمىيىۋى ئوغۇت بىلەن بۇلغاپ بولدۇق. بۇ گويا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش مۇسابىقىسى يېڭى ئىجتىمائىي ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەندەكلا بىر ئىش .

پسىخىكىسى بىنورمال پۇقرالار ھەققىدىكى ستاتىستىكىدىن مەلۇم بولۇشچە، ئاستا بەرباتلىق، ئۆلۈۋېلىش ، ھاراقكەشلىك، دورىغا خۇمار بولۇش، قان بېسىمى ، روھي جىددىيلىك قاتارلىق كېسەللىكلەر تېز كۆپىيىپ كەتتى . بۇ، يۇقىرىقىدەك ئامىللاردىن باشقا، بيۇروكراتىزم كەلتۈرۈپ چىقارغان روھي پىشكەللىك ۋە بىزارلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

ئەجەبا، مائارىپ ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن رېئال مەسىلىلەرگە جاۋاب بەرمەيدىغان نەرسىمۇ؟

ئۇ، كىشىلەرگە ئاشۇ خىل نەرسىلەردىن ساقلىنىشنى ئۆگىتىشى كېرەككۇ؟ ئۇ، كىشىلەرنى ئۆتكۈر مەسىلىلەرگە جاۋاب تېپىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەككۇ؟

پۇقرالارنىڭ ساپاسى 21 - ئەسىردىكى جۇڭگو ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر بولۇپ قالدى. جۇڭگو چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى پۇل تاپقان جۇڭگولۇقلار "ئاقسۆڭەك" بولۇشقا ئالدىراپ كېتىدىغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق ۋە بىلىم جەھەتتىكى ساپاسىزلىقىنى تېزلا ئاشكارىلىدى. ئەمما شۇنى ئاقلانىلىق بىلەن كۆرۈش كېرەككى، باي پۇقرانى ئون يىلدا ياراتقىلى بولىدۇ، ئەمما روھى كامالەتكە يەتكەن پۇقرانى يارىتىش ئۈچۈن يۈز يىلمۇ ئازلىق قىلىدۇ.

چوقۇمكى، ئۇيغۇر مائارىپى نۆۋەتتە تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كېلىدۇ. كومپيۇتېر، ئىنتېر تورى ( INTERNET ) ئۇچۇر مۇلازىمىتى ئەنئەنىۋى ئۆگىنىش ئىستىلىنى ئاللىبۇرۇن ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باللار ھېچقاچان بولۇپ باقمىغان كرىزىسقا دۇچ كەلدى. زەھەرلىك چېكىملىك، ھاراق، مۇھت بۇلغىنىشى، يېمەكلىك بۇلغىنىشى، ئاتا - ئانىلارنىڭ ئاجرىشىشى، نوپۇسنىڭ كۆپىيىسى، تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، ئەخلاقنىڭ ۋەيران بولۇشى قاتارلىق ئەھۋاللار بالىلىرىمىزنىڭ قىيامىتىگە ئايلانماقتا.

قانداق قىلىش كېرەك؟

بۇ سوئالغا ھوقۇق ۋە نوپۇس غېمىدە يۈرگەنلەر جاۋاب بېرەلمەيدۇ، بۇ سوئالغا شەخسىي باياشاتلىق ئۈچۈن ۋىجدان - ۋۇجۇدىنى ئۆلتۈرگەنلەر جاۋاب بېرەلمەيدۇ، بۇ سوئالغا ئىلىم يولىدا ئىجتىھات قىلمىغانلار جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

باشقىلارنىڭ كۆز يېشى بىلەن تىرىكلىك ئېتىزىنى ئۇسا قىلىدىغانلارنىڭ ئۇرۇقى ھامان پۇچەك بولۇپ چىقىدۇ. ھالال ئەقىدىسى بولمىغانلار ئۆلگەنلەردۇر. نەدىمۇ ئۆلۈكلەر تىرىكلەرنىڭ ھامىيسى بولىدىغان ئىش بولسۇن؟

پاكىز بۇلاق سۈيى زېمىننىڭ ئەڭ تېرەن، ئەڭ قاراڭغۇ يەرلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.

1998 - يىل ئۆكتەبىر

# ماﺋارىپىمىزدا بىلىم كرىزىسى

كىتاب مېنىڭ دۇنيانى كۆزىتىشتىكى ۋاستەم بولۇپ قالدى. گەرچە بۇ ئۇزۇل - كېسىل ھەم ئەمەلىي كۆزىتىشكە كىرمىسىمۇ، ھەرھالدا ئاز - تولا قىممەتكە ئىگە كۆرۈش بۇلۇڭى بولالايدۇ. پەخەس بولمىغاندا، مەتبۇئات كىشىنى تۈيۈق يولغا، ئۆلۈك پىكىر ئادىتىگە باشلاپ قويىدۇ. ئەمما ۋىجدان، مەسئۇلىيەت ۋە ئۆتكۈر سەزگۈرلۈكنى يوقاتمىغان ئادەم مەتبۇئاتلاردىن پايدىلىق ئېلېمېنتلارنى قوبۇل قىلالايدۇ، ئۇلارنى تەپەككۇر ۋە ھاياتلىق ھەرىكىتىنىڭ خام ئەشياسى قىلالايدۇ. ھەممە ئىقلىملارنى بىۋاستە ئارىلاش، يېڭى ئالامەتلەرنى ئۆز دىتى بىلەن تاسقاش، ئىنسانىيەتنىڭ مۆجىزىلىرىگە كەڭ - كۇشادە نەزەر سېلىشتىن مەھرۇم ھالدا، بىلىم ۋە ئۇچۇر قورۇمچىلىقىنىڭ ئىسكەنسجىسىدە روھى قاغجىراۋاتقان ئادەم ئۈچۈن پەقەت كىتابلا كۆزنەكلىك رول ئوينايدۇ. كىتاب مەن بىلەن كۆزىتىش نۇقتىسى ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى سۈبيېكتىپنىڭ تۇمانلىرى بىلەن تولدۇرۇۋەتسىمۇ، ئەقىل ھامان ئۆزىگە تېگىشلىك پائالىيەت مۇھىتى يارىتالايدۇ. ئەقىل كۆزى خىرەلەشمىسىلا، ھەرقانداق شارائىتتا مۆجىزىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. پىكىر قىلىش ئەقىل گىمناستىكىسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن جەمئىيەتشۇناس ئەمەس، جەمئىيەتنى سىستېمىلىق كۆزىتەلمەيمەن، ئەمما مەندە بىر ئەدەبىياتشۇناستا بولۇشقا تېگىشلىك ئۇنىۋېرسال كۆزىتىش كۈچى ۋە ھالال يۈرەك بار، يەنە بىر ماﺋارىپچىغا خاس مەسئۇلىيەت ۋە يېنىپ تۇرغان ۋىجدان بار. مانا مۇشۇلار ۋۇجۇدۇمنىڭ كۆلىگە تاش ئېتىپ تىنماي داۋالغۇتۇپ تۇرىدۇ. بەزىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان شىددەتلىك بورانلار مېنى لەرزىگە سالىدۇ. بۇنداق چاغدا، مەن ھەممىنى ئۇنتۇغان ھالدا قولۇمغا قەلەم ئالىمەن، پۈتۈپ چىققانلىرى بەزىدە شېئىر، بەزىدە نەسر، بەزىدە پوبلىستىك ماقالە بولۇپ چىقىدۇ. بۇلار مەن ئۈچۈن بەربىر، مەن شۇ ئارقىلىق ئازراق يەڭگىللىسەملا بولغىنى. يېزىپ بولغانلىرىم مەن ئۈچۈن روھىمنىڭ قاسراقلىرى سۈپىتىدە ئەينى مەزگىلدىن ئاز - تولا دېرەك بېرەلەيدۇ، خالاس.

مېنىڭ يازغانلىرىم پىكىر قىلىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ مەھسۇللىرى، ھەرگىزمۇ ئابدە تىكلەشكە ئۇرۇنۇشنىڭ مەھسۇللىرى ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنسانىيەتلىك قەھرىمانلارغا چوقۇنۇش دەۋرى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتكەن.

★ ★ ★

بىز 21 - ئەسىرگە كەتمەن بىلەن كاۋاپدانىنى كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدۇق. ئىنتېر تورى ئارقىلىق سېكۇنتىغا 10 مىليون ئۇچۇر ئالمىشىپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇ كۈندە، زىيالىيلىرىمىز ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئايىغى چىقماس يىغىلىشلاردا، چوڭ - كىچىك چاي سورۇنلىرىدا ئۆتكۈزمەكتە.

ۋاقىت سېكۇنت بىلەن ئۆلچىنىۋاتقان شارائىتتا، كېۋەزلىكتىكى ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ۋاقىتنى كۈن بىلەن ئۆلچەيدۇ. كۈن بولسا قۇياشنىڭ چىقىشى ۋە پېتىشى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. غەربتە ۋاقىت گويا نۇر تېزلىكىدە چاپماقتا، بىزنىڭ بۇ يەردە ۋاقىت توختاپ قالغاندەك، تارىخنىڭ ئۆزىمۇ قىمىرلىماي يېتىۋالغاندەك بىلىنىدۇ.

بىزدە ئەسىر ئالمىششىقا دائىر يىرىك مۇلاھىزىلەر بولمىدى. كېلەچەكنىڭ قىياس خاراكتېرلىك تەسۋىرىنى سىزىپ بېرىدىغان كىشىلەر غەرب ئېقىلمىلىرىدا شۇنچە كۆپ بولۇشىغا قارىماي، قىزغىن ئېتىبارغا سازاۋەر. ئەكسىچە، بىزدە ئېغىۋاگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار شۇنچە مۆتىۋەر. بۇ بىلىم ئەھلىنىڭ جەمئىيەتىمىزدىكى ئورنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇ شائىر فۇرقەتنىڭ مۇنۇ مىسرالىرىنى ئېسىمىزگە سالىدۇ:

چەرخى كاج رەپتارنىڭ بىر مېۋىسىدىن داغمەن،
ئەيشنى نادان سۈرۈپ، دەردنى دەنا تارتىدۇ.

( مەنىسى: پەلەكنىڭ مۇنۇ قىلمىشىدىن داغ ـ ھەسرەتكە گىرىپتارمەن، زاماننىڭ راھىتىنى نادانلار سۈرۈپ، دەردنى دانالار تارتىدۇ. )

21 ـ ئەسىر ئەقىل دەۋرى، لېكىن بىز ئۇنىڭغا ھېسسىيات مىللىتى سۈپىتىدە كىرىپ كەلدۇق. 21 ـ ئەسىر رىقابەت دەۋرى، لېكىن بىز ئۇنىڭغا تايىنىشچان مىللەت سۈپىتىدە كىرىپ كەلدۇق. 21 ـ ئەسىر ئۇچۇر دەۋرى، لېكىن بىز ئۇنىڭغا بېكىندۈرمە مىللەت سۈپىتىدە كىرىپ كەلدۇق.

20 ـ ئەسىردە غەرب ئەقىدىسىنى مەنبە قىلغان قىممەت قاراشلىرىنىڭ قارىمۇ قارشى قۇتۇپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنى كۆردۇق، بۇ ئۇرۇشلار جاھاننىڭ بارلىق "ئۇنتۇلغان بۇلۇڭ" لىرىغا ئۆز تەسىرىنى ئېلىپ كەلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا، نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىنگلىز يازغۇچىسى كىپلىڭ ( 1865 ـ 1936 ): "شەرق دېگەن شەرق، غەرب دېگەن غەرب، ئۇلار مەڭگۈ كېلىشەلمەيدۇ، پەرۋەردىگار ئاسمان بىلەن يەرنى ئۆز ئورنىغا بېكىتىۋەتكەندەك ئۇلار مەڭگۈ ئاشۇنداق تۇرىدۇ" دېگەندە، بۇنىڭغا جاۋابەن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھىندىستان شائىرى تاگور ( 1861 ـ 1941 ) مۇنداق دېگەنىكەن: "ئادەم دېگەن ئادەم، ماشىنا دېگەن ماشىنا، بۇ ئىككىسى مەڭگۈ سىغىشالمايدۇ". روشەنكى، غەرب قىممەت قارىشى ماددىنى، شەرق قىممەت قارىشى روھنى نىگىز قىلغان. بىراق 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، غەرب مەدەنىيىتى شىددەتلىك پارتلاپ ھە دېسلا تېشىغا كېڭەيدى. تاگورنىڭ ۋەتىنى بۈگۈنكى كۈندە غەرب قىممەت قارىشىنىڭ زىلزىلىسىدە قالدى. بىزمۇ قەدىمكى شەرقنىڭ چۈشكۈنلەشكەن پېرسوناژى سۈپىتىدە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا رول ئېلىپ، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ

ئاخىرقى بېكەتلىرىگە ئايلاندۇق. غەرب مەدەنىيىتى 20 - ئەسىردە ھەددىسە تېشىغا پارتلىدى، بىز بولساق ئىچىمىزگە پارتلاپ كەلدۇق. غەرب مەدەنىيىتىدىكى پارتلاشنىڭ ئەۋجى يېتىپ كېلىۋاتقان 21 - ئەسىردە مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ قانداق شەكىلدە بولۇشى بىز ئۈچۈن ئەڭ ماھىيەتلىك سوئال. بۇ سوئال خۇددى سفىنكسنىڭ تېپىشمىقىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش - بېرەلمەسلىك ھاياتىمىزغا بېرىپ تاقىلىدۇ.

ئارقىدا قالغانلارنىڭ دۇچ كېلىدىغان مەسىلىلىرى ھەممىدىن كۆپ بولىدۇ. چۈنكى تەرەققىيات ئۆزىنىڭ ئەخلەتلىرىنى ئارقىدا قالغانلارنىڭ دۇنياسىغا تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئارقىدا قالغانلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىچى ۋە تېشىنى پاكلىمىسا بولمايدىغان بىر باسقۇچ كېلىپ چىقىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ باشقىلار زېرىكىپ تاشلىۋەتكەن نەرسىلەرنىڭ مىراسخورى بولۇپ قېلىشىمىز يۇقىرىقىنىڭ بىر پاكىتى. بۇ خۇددى تېنى ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئادەم ئاسان كېسەل بولغاندەك بىر ئىش. 21 - ئەسىر بىزگە يەنە قانداق مەسىلىلەرنى يۈكلەيدۇ؟

بۇ مەسىلىنى ھەممىمىز ئۆزىمىز تۇرۇۋاتقان نۇقتا، كەسىپ، ئارزۇ - يۆنىلىشلەر بويىچە تەتقىق قىلغاندىلا يورۇتۇپ بەرگىلى بولىدۇ. ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ ناھايىتى كۆپ قىرلىرى بولىدۇ، ھەر بىر قىر مەلۇم كەسىپ ۋە بىلىملەر ئاساسىدىكى رېئال ھالەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇنى ئەنە شۇ ساھەنىڭ ئادەملىرى يېتەرلىك سەزگۈرلۈك ۋە ئىدراك بىلەن تەھلىل قىلىشى كېرەك بولىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ئىلغار ئىدىيە، جانلىق مېتود كېتىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى زىيالىي قوۋۇلمىمىزدا "ئاك فورمىسى زاپچاسلىرى" مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدۇ، ئۇلار راستىنى ئېيتقاندا، ئاك فورمىسى كۈتكەن ئۈمىدنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان كېرەكسىز "زاپچاسلار" بولۇپ، ئەينى دەۋرلەرنىڭ قالدۇق "تەۋەرۈك"لىرى. مانا بۇ ئىجتىمائىي پەن ئۈچۈن تېگىشلىك بولغان مەۋجۇت مەسىلىلەرنىڭ دىئاگنوزىسىز قېلىشىدىكى بىر سەۋەب. پەن - تېخنىكىنى يېتەكچى ئورۇنغا قويغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادنى نېگىز قىلغان ئىجتىمائىي ھالەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلغاندا، بىزدە ھەرخىل ئىگىلىكنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئۆتكۈر پەن - تېخنىكا خادىملىرى يوقنىڭ ئورنىدا. بۇ ئەھۋاللار جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەرگە توغرا، ئىلمىي جاۋاب تېپىپ، ئۆزىمىزنى تۈزەشنىڭ قىينچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئاتوم فىزىكىسى ئاتوم دەۋرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئېلېكترون ۋە ئۇچۇر تېخنىكىلىرى ئۇچۇر دەۋرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ دەۋرلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كېلىشى دۇنيانىڭ سىياسىي تەرتىپىنى غايەت زور دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. بۇ دەۋرلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن يۇقىرىقى ساھەلەر بويىچە يېتىلگەن ئالىملارنىڭ، باشقۇرۇش خادىملىرىنىڭ، پەيلاسوپلارنىڭ، تارىخچىلارنىڭ، مەدەنىيەتشۇناسلارنىڭ ۋە تۈرلۈك سىياسىي تەھلىلچىلەرنىڭ ماسلاشما ئەمگىكى تەلەپ قىلىنىدۇ. لېكىن بىزدە بۇنداق ئىلمىي قوۋۇلمىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. بۇنداق شارائىتتا، كەلكۈن ئېقىنى نەگە باشلىسا شۇ يەرگە قاراپ ئېقىپ يۈرگەن سەرسان ئالىمدەك

ياشاش كېلىپ چىقىدۇ.

يېقىندا مەن ئامېرىكىلىق جەمئىيەتشۇناس دانىئىل بىللنىڭ "كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى" ناملىق ئەسىرىنىڭ خەنزۇچىسىنى كۆرۈپ قالدىم. ئاپتور 1973 - يىلى يازغان بۇ ئەسىرىنىڭ كىرىش سۆزىدە "كېيىنكى 30 - 50 يىل ئارىلىقىدا كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى كۆرىمىز" دېگەنىكەن. ئىنسانىيەت دانىئىل بىلل بەرگەن بېشارەتنى مانا ئەمدى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكتە. بىلل كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىنى مۇنۇ گرافىك ئارقىلىق تەسۋىرلەيدۇ.

## كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭدىكى مەسىلىلەر

مەركىزىي ئوق پرىنسىپى:

نەزەرىيىۋى بىلىملەرنىڭ جۇغلىنىشى ۋە كونكرېتلىشىشى

ئاساسلىق ئورگان: ئىقتىساد ئۇلى: ئاساسلىق مەنبە: سىياسىي مەسىلىلەر:

قۇرۇلما مەسىلىسى: ئىجتىمائىي تەبىقە: نەزەرىيە مەسىلىسى: ئىجتىمائىي ئىنكاس:

ئالىي مەكتەپلەر ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى تەتقىقات شىركەتلىرى پەننى ئاساس قىلغان سانائەت ئەمگەك كۈچى كاپىتالى پەن سىياستى مائارىپ سىياستى شەخس بىلەن ئاممىۋى ئورۇنلارنىڭ مۇۋازىنىتئاساس - تېخنىكا جەريان - مائارىپ"يېڭى تەبىقە"نىڭ ئىچكى جۇغلانما كۈچى بيۇروكراتلىششقا قارشى تۇرۇش مەدەنىيەت قارىمۇ قارشىلىقى

بىلل يۇقىرىقى گرافىكنى ئىزاھلاپ، كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۇچۇر، بىلىم، تېخنىكا، كەسپىي خادىم، رىقابەت، ئۇچۇر، كېلەچەك قاتارلىق نۇقتىلىق ئىبارىلەرگە مەركەزلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ كۆرسىتىشىچە، كېيىنكى سانائەت دەۋرىدە بىلىم ئەھلى جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق قاتلىمىغا، مائارىپ ۋە بىلىم مۇئەسسەسىلىرى جەمئىيەتنىڭ مۇھىم ئورگانلىرىغا ئايلىنىدۇ. "بىلىم ھەممىگە قادىر" دېگەن سۆز "ھوقۇق ھەممىگە قادىر" دېگەن سۆزنىڭ ئورنىنى باسىدۇ.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىيەت يۇقىرىقىلارنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا باشلىدى. كىشىلەر دانىئىل بىلل تەسۋىرلىگەن جەمئىيەتنى "بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى" دەپ قوبۇل قىلىشتى. مانا ھازىر "بىلىم ئىگىلىكى"گە ئائىت ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرلىك ئوقۇشلۇقلار ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ ئىشخانىسىدىكى كىتاب ئىشكاپىدا ئاز - تولا پەيدا بولدى، ئۇ ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپلەردە نۇقتىلىق مۇھاكىمە تېمىسىغا ئايلاندى.

دانىئىل بىلل يۇقىرىقى ئەسىرىدە، ئىنسانىيەتنىڭ ئىگىلىك تەرەققىياتىنى مۇنداق ئۈچ

باسقۇچقا بۆلگەن.

ئالدىنقى سانائەت جەمئىيىتى جىسمانىي ئەمگەك ئارقىلىق تەبىئەتتىن خام ئەشيا ئېلىش. مەسىلەن، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، كانچىلىق، بېلىقچىلىق دېگەنلەردەك. ئەنئەنىگە ۋە ئۆتمۈشكە سېغىنىش ئاساسىي ئېقىم. كىشىلەر يەرگە باغلانغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلىش دائىرىسى تار مەھەللە ياكى رايون بىلەن چەكلەنگەن بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش رىتمى پەسىل، يىغىن، سۇ مەسىلىلىرىگە زىچ چېتىلغان بولىدۇ.

سانائەت جەمئىيىتى تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى مەركەز قىلىپ تەشكىللەنگەن جەمئىيەت. مەسىلەن، ياساش، ئىش قوشۇش دېگەنلەردەك. بۇ دەۋردە ماشىنا ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ، تۇرمۇش رىتمى ماشىنا بىلەن باغلانغان بولىدۇ، ئېنېرگىيە جىسمانىي كۈچنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆسۈشىگە زور دەرىجىدە تۈرتكە بولىدۇ.

بىز يۇقىرىدىكى گرافىكتا كۆرسىتىپ ئۆتكەن جەمئىيەت بولۇپ، كەسپىي خادىملار ۋە تېخنىك خادىملار يېتەكچىلىك ئورنىدا تۇرىدۇ.

شائىر نىمشېھىت بىلىم بولسا يەر شارىنىمۇ توپ قىلىپ ئوينىغىلى بولىدۇ، دېگەنىدى. دەرۋەقە، يەر شارىنى كىملەرنىڭ توپ قىلىپ ئويناۋاتقانلىقى بىزگە ئايدىڭ بولۇپ قالدى. ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادنى دۇنياۋىلاشتۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى بوسۇغىمىزغا كېلىپ قالدى.

يۇقىرىقى جەمئىيەت ئەندىزىلىرى ئەمدىلىكتە بىر قىياس ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت بولۇپ قالدى. بىز بۇ ئەمەلىيەتكە قانداق يۈزلىنىشىمىز كېرەك؟

رايونىمىز پايانسىز كەتكەن خام ئەشيا بازىسى بولۇپ، دېھقانچىلىق ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ دېھقانچىلىق ۋاستە جەھەتتە تراكتور قاتارلىق ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتكەندەك قىلسىمۇ، كەتمەن يەنىلا ئاساسىي سالماقنى ساقلاپ كەلدى. گەرچە ۋاستىلەر قىسمەن ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، ئىگىلىكنىڭ ماھىيىتى ئوتتۇرا ئەسىردە شەكىللەنگەن ئەنئەنىنى مەزمۇن قىلدى. دېھقانلار ئەنئەنىدىن كەلگەن دېھقانچىلىق تەدبىرلىرى ۋە ساۋاتلىرى بويىچە تىرىكچىلىك قىلىدۇ، زامانىۋى جەمئىيەت كىشىلىرىگە خاس ئاڭ ئۇلاردا شەكىللەنمىدى. تېلېۋىزورنىڭ ئۇلارغا بەرگەنلىرى، ناخشا - ئۇسسۇل، ھىندىستاننىڭ بىر خىل قىلىپتىكى ئاشىق - مەشۇق ھېكايىلىرى، ۋۇسۇڭنىڭ ئاجايىپ چامباشچىلىقى بولدى.

نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرى ياغاچ ئات، تۆمۈر بېلىق قاتارلىق فانتازىيىلىك خىياللارنى سۈرگەن بۇ خەلق ئۆزىنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك ئارزۇلىرىنىمۇ تونۇماس بولۇپ كەتتى. تەييار ماللارنىڭ بازارلارنى ئىگىلىشى ئارقىسىدا، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە شەكىللىنىپ، سىستېمىلاشقان قول ھۈنەرۋەنچىلىك شاللىنىش جەريانىدا كېتىپ بارىدۇ.

چەت ئەلنىڭ كىيىملىرىنى قاملاشتۇرۇپ كىيۋالغان، لېكىن، زامانىۋى ئىلىملەردىن خەۋىرى

يوق هالدا شاھادەتنامە ئالغان ستۇدېنت يىگىت بىلەن ئۆزىنىڭ چورۇقنى ئۆزى تىكىپ كىيگەن دېھقاننىڭ روھىنى سېلىشتۇرغاندا قانداق خۇلاسىگە كېلىش مۇمكىن؟ ئۆزى سالغان كەپە باشقىلار سېلىپ بەرگەن شاھانە قەسىردىن نەچچە ھەسسە ئەلا. چۈنكى ئاشۇ كەپىدە ئىجادكارلىق ۋە ھالال مېھنەت بار. مېھنەت بىر خىل ئالىي ھوقۇق.

جەمئىيەت بىلەن مەكتەپ ئەسلىدىلا بىر گەۋدە. ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى بىلىملىرى تەبىئەتتىن، جەمئىيەتتىن كەلگەندى. مەكتەپلەر بارغانسېرى ئايرىم بىر قورۇ بولۇپ، جەمئىيەتتىن ئۆزىنى ئايرىم تۇتىدىغان بولدى. مەكتەپتىكى بىلىملەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلىملىرىنىڭ فوكۇس نۇقتىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جەمئىيەتنى ئەۋزەل غايە ۋە ۋاستىلەرگە ئىگە قىلىدۇ. مەكتەپلەر بارچە ئىجتىمائىي تەرەققىياتلارنىڭ غۇرۇرى ۋە نوپۇزلۇق ئورگىنى. ئوقۇتقۇچىلار ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ھەم تەرەققىياتىنىڭ خەۋەرچىلىرى ۋە لايىھەچىلىرى. ئەمما بىزنىڭ مەكتەپلىرىمىز جەمئىيەتنىڭ ۋە دۇنيانىڭ چاقىرىقلىرىنى ئەڭ كېچىكىپ ئاڭلايدىغان، جەمئىيەتتىكى ئورنىنى دىپلومغا تايىنىپ تىكلىگۈچى جان باقارلارنى تەربىيىلەيدىغان خىلۋەت قولتۇققا ئايلىنىپ قالدى.

رايونىمىزدىكى مەۋجۇت ئىگىلىك ئەنئەنە رەۋىشىدە بولغاچقا، مەكتەپلەرگە ئارتۇقچە تەلەپلەرنى قويۇشتىن يىراق. ساۋاتسىز بىر يېزا باشلىقى ياكى كەنت باشلىقى خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىۋاتىدۇ، دەپ قارىلىۋاتقان ئەھۋالدا، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ زامانىۋى بىلىملەرگە تەقەززا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. باشقا تەرەپلەرنى قويۇپ تۇرغاندىمۇ، ئالىي مەكتەپ تەتقىقات ئورۇنلىرى، نەشرىيات تارماقلىرىدا كەسپىي خادىملارنىڭ تەشەببۇسكارلىقىغا ئورۇن يوق. ئۇلار كەسپىي ئىشلاردىمۇ مەمۇرىي خادىملارنىڭ يېتەكلىشىنى قوبۇل قىلىدۇ. بىزدە رەھبەر دېگەندە كەسپىي يېتەكچىلىككە ئائىت تەرەپلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنىۋېتىلىدۇ. نۆۋەتتە جۇڭگوغا جىددىي كېرەك بولۇۋاتقىنى دەل مەخسۇس كەسپىي تالانت ئىگىلىرى بولۇپ، بۇ ساھەدىكى بوشلۇق تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىغا كاشىلا تۇغدۇرماقتا. بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى، ئىقتىسادىي دۇنياۋىلىشىش بىزدە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىسىمۇ، دەماللىققا ئامالىمىز يوق. چۈنكى كەسپىي تالانت ئىگىلىرى ۋە سۈپەتلىك جەمئىيەت ئەزالىرى بىردەمدىلا يېتىشىپ چىقمايدۇ.

مائارىپ كرىزىسى بىز قۇتۇلالمايۋاتقان زور ئىجتىمائىي خەۋپ بولۇپ، مەزكۇر كرىزىس دەل بىلىم كرىزىسىدە كۆرۈلمەكتە. بىلىمنىڭ ھەل قىلغۇچ ئورۇنغا چىقىشىغا ئەگىشىپ، بىلىم ۋە زىيالىيلار ھەققىدىكى تەبىرلەرمۇ ئۆزگەردى، تۈرىمۇ كۆپەيدى. بىلىل "كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى" دېگەن ئەسىرىدە بىلىمگە مۇنداق تەبىر بېرىدۇ: "بىلىم شەيئى ياكى ئىدىيىگە سىستېمىلىق شەرھى بېرىش ئارقىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئورۇنلۇق ھۆكۈم ياكى تەجرىبە خاراكتېرلىك خۇلاسە بولۇپ، ئۇ مۇئەييەن ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى، مۇئەييەن

سىستېما ئارقىلىق باشقىلارغا يەتكۈزۈلىدۇ". بىلىق بىلىمنى كەسپىي بىلىم، سودا بىلىمى، ئەمگەك بىلىملىرى، سىياسىي بىلىم، ئائىلە بىلىملىرى، پەننىي بىلىم، روھىي بىلىم قاتارلىق كونكرېت تۈركۈملەرگە ئايرىپ بىرمۇ بىر ئىزاھلاپ ئۆتىدۇ. بۇلار بىزنىڭ ھازىرقى رېئاللىقىمىزغا تولۇق ئۇيغۇنلىشىپ كەتمىگەندىمۇ بەربىر رېئاللىقىمىزغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان سىرتقى كۈچنى پەيدا قىلغۇچى بىر جەمئىيەتنىڭ ئەينى دەۋردىكى قىياپىتىنى پەرەز قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. بىز ئۆزىمىزنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتىپ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئۇيغۇنلاشمىساق پاكىت بىزنى مەجبۇرىي ئۆزگەرتىدۇ. ئۆزنى ۋاقتىدا ئۆزگەرتمىگەنلەر سىرتقى كۈچ تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلىدۇ.

ھازىرقى مەكتەپلىرىمىز جەمئىيەتتىكى مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ يەردىكى بىلىملەر دۇنيا بىلەن ماس قەدەمدە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلالمىدى. خۇددى "ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق" دېگەندەك، قالاق ئىگىلىكنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان جەمئىيەتتىكى مەكتەپلەر ئۆز دەرىجىسىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىختىساسلىقلارنىڭ بۆشۈكى بولالمايدۇ. رۇس نەسىرچىسى مىخائىل پرىشۋىن "ئەگەر سۇ بولۇپ، ئۇنىڭدا بېلىقلار بولمىسا، مەن ئۇنىڭ سۇ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن، ئەگەر ھاۋا بولۇپ، ئۇنىڭدا پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قارلىغاچلار بولمىسا، مەن ئۇنىڭ ھاۋا ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيمەن" دېگەنىدى. بىر ئالىي مەكتەپ ياكى بىر ئاكادېمىيىدە مەملىكەتتىكى ئىلىم تارماقلىرى ھۆرمەت قىلىدىغان، خەلقئارادىكىلەرمۇ تونۇيدىغان سەرخىللار بولمىسا، ئۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟!

بىزدىكى بىلىم كرىزىسى مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، كارغا كېلىدىغان بىلىمنىڭ بولماسلىقى، يەنە بىرى، ناھايىتى ئاز ساندىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرىدىغان رىقابەت مۇھىتىنىڭ بولماسلىقى. بىزدە كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىشىگە ئىلھام بولغۇدەك جانلىق ئىجتىمائىي مېخانىزم شەكىللىنىپ بولالمىدى. ئەكسىچە، ئاز - تولا ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش روھىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىقى تۈرلۈك توسالغۇلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلار ئەركىن رىقابەت تەرىپىدىن شاللىنىپ قېلىشتىن ئەمەس، بەلكى ئىمتىھاندىن قورقىدۇ. ئىمتىھان ئۇلار ئۈچۈن نەق ۋەھىمە بولۇپ، بۇ بىۋاسىتە دىپلومغا بېرىپ تاقىلىدۇ. ئىمتىھان يەنە ئۆز نۆۋىتىدە ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇش ۋە تۇتۇپ تۇرۇشتىكى ياخشى كوزىر بولۇپ قالدى. نۇرغۇن لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچىلار ئىمتىھان ئېلىش، تەكشۈرۈش، نوپۇزىنى پەش قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا "خاقان" بولماقچى بولىدۇ. مائارىپ باشقا ئىشلار قولىدىن كەلمەيدىغانلارنى ئالمان - تالمان قوينىغا ئالىدىغان، بەرداشلىقتا باي سېخىي ماكان بولۇپ قالغاچقا، لاياقەتسىز ئادەملەر ئۇ يەردىن ئاسانلا پاناھلىق تاپىدۇ. ئىمتىيازلىقلارنىڭ ئائىلىۋى باش ئاغرىقى مەكتەپلەر ئارقىلىق شىپا تاپىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدىكى تولدۇرغۇسىز زىيانلار ئەلنىڭ سەۋرچان روھىدا غەلىتە لاتقىلارنى ھاسىل قىلىدۇ.

بىزدە بىر لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكىگە ھەقىقىي باھا بېرىش مەسىلىسى توغرا

ھەل قىلىنمىدى. ئوقۇغۇچىلار ئالىي مەكتەپلەردە پۇل تۆلەپ ئوقۇيدۇ يۇ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى تاللاش، ئوقۇتقۇچىلارغا باھا بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكى سائەت مىقدارى بىلەن ئۆلچەندى. كىمنىڭ دەرس سائىتى كۆپ بولغان بولسا شۇ ئىلغار بولۇپ سايلاندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىلار ھەققىدىكى ئىنكاسى نۇرغۇن مەكتەپلەردە ھېچنېمىگە دال بولالمايدۇ. بىر ئۇن تارتىش ماشىنىسىنىڭ ئەمگىكىنى ۋاقىت ( سائەت ) بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدىكى خىزمەت ئىقتىدارى ۋە مىقدارى تېخنىك خادىملار تەرىپىدىن مېخانىك يوسۇندا بەلگىلەنگەن بولىدۇ. بىراق ئوقۇتقۇچى ئەقلىي ئەمگەكچى، ئۇ روھ، كەيپىياتقا ئىگە ئادەمنىڭ ئەمگىكى بولغاچقا، ماشىنىنىڭ ئەمگەك مىقدارىنى ئۆلچىگەندەك ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. ئەقەللىيسى، ئادەم ماشىنا ئەمەس، ئۇ مېخانىك ھەرىكەت قىلمايدۇ. ئادەمنىڭ ئەمگىكىنىڭ سۈپىتى قابىلىيەت، روھىي كەيپىيات، تەجرىبە، جانلىق ئۇسۇل قاتارلىق نۇرغۇن كونكرېت ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بەزى ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا 10 سائەتتە بېرەلمىگەن ئۈنۈمنى يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلار بىرەر سائەتتە بېرەلىشى مۇمكىن. جايىنى تاپقان بىرەر سائەتلىك تەربىيە قارىسىغا بېرىلگەن 10 سائەتلىك تەربىيىنى بېسىپ چۈشىدۇ. ياخشى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم ۋە ئۇچۇر بېرىپلا قالماستىن، يەنە شۇ جەرياندا ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلىدىنمۇ بىشارەت بېرىدۇ. زېرەك ئوقۇغۇچىلار ھەممە تەرەپتىن تەڭ بەھرىمەن بولالايدۇ. بەزى ئوقۇتقۇچىلار بىر سائەت ئىچىدە ماھىيەتلىك بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنى بېرىشكە قادىر ئەمەس، يەنە بەزى ئوقۇتقۇچىلار بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك بىلىملەرنى بىلدۈرۈپلا قالماي، نۇرغۇن ئۇچۇرلارنى بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنى ھاياجانغا سېلىۋېتىدۇ. مانا مۇشۇنداق كونكرېت تەرەپلەر ئەقلىي ئەمگەكنىڭ سۈپىتىدىكى زور ئىچكى پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دەرسلەرنىڭ قىممىتىنى نوقۇل سائەت بىلەن ئۆلچەش ئەقلىي ئەمگەكنىڭ سۈپەت قانۇنىغا تۈپتىن خىلاپ. ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرەر فاكۇلتېتىدا ياكى بىرەر ئوتتۇرا - باشلانغۇچ مەكتەپلەردە كوزىر ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرقانچىسى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەمگىكى كۆپ ھاللاردا ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن ئوخشاش قىممەتتە باھالىنىدۇ. ھەتتا تۆۋەن باھالىنىدۇ.

مەن بىر ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۆگەندىم ۋە تەتقىق قىلدىم. نەتىجىلىرىم ئاز - تولا ھۆرمەتكە ئېرىشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما باش كۆتۈرمەي قىلغان ئەقلىي ئەمگەكلىرىم مېنى ئەقەللىي موھتاجلىقتىن ساقىت قىلالمىدى. بۇنداق ئەھۋالدا، ۋىجدان ۋە مەسئۇلىيەت دېگەن نەرسە بولمىسا، بولۇشىغا ياشاش يولىغا مېڭىپ كېتىش نورمال ھادىسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھالەت ئوقۇتقۇچىلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ( ئېغىر ياكى بىر قەدەر ئېغىر دەرىجىدە ) مەۋجۇتتۇر.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئالىملار، تېخنىكلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ دېدۇق، بۇنى جەمئىيەتشۇناس ئالىملارنىڭ بايانلىرى بىلەن دەلىللىدۇق. كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىيەتمۇ بىزگە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى نامايان قىلماقتا. كىتابخانلار ئۇنداق يۈزلىنىشلەر بىزدە

قاچان ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ سوراپ قالسا، مەنمۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەيمەن. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، مۇقەررەرلىك ئاز - تولا كېچىكسىمۇ هامان يۈز بېرىدۇ. تەرەققىياتنىڭ سادالىرى ئاخىرقى هېسابتا خۇددى ئىسراپىلنىڭ نەرىسىدەك گاس ئادەملەرنىمۇ چۆچۈتۈپ تاشلايدۇ.

2000 - يىل يانۋار

# ئەسىر ئاخىرىدىكى ئويلار

ئەگەر سەن ئادەم بولىدىغان بولساڭ، خەلقنىڭ غېمىنى يېمىگەنلەرنى ئادەم ھېسابلىما.

– ئەلشىر ناۋائىي

1

ئىشلىرىنى تولۇق ئورۇندىغان ئادەم ئۆزى ئىز قالدۇرغان ھەربىر تۈنۈگۈننى خۇشاللىق بىلەن ئۇزىتىپ قويالايدۇ، شۇنىڭدەك ھەربىر ئەتىنى كۆڭلى توق، ئىشەنچلىك ھالدا قارشى ئالالايدۇ. بىراق ئىشلىرى چالا قالغان ئادەم ياكى ئىنسانىي ھاياتتىكى ئەڭ ئىپتىدائىي ھاجەتلەرگە باغلىنىپ، ئۇنىڭدىن ئاشالمىغان ئادەم نېمە قىلىشى مۇمكىن؟بۇنىڭدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ، ئۆمرىنىڭ ئەھمىيەتسىز ھالدا ئاخىرلىشىۋاتقانلىقى ھەققىدە بىرەر سېزىمنىڭ بولۇشى تەس گەپ، ھەرقانچە بولغاندا، ئۇنىڭدا سۇس بىر غەمكىنلىك بولار. بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ تۈزۈك ياشىمىغان ئادەم، روھىي، ماددىي يېتىلىشنىڭ ئۆزىگە خاس نىسبۇسىنى تېتىماي، ئۇنى گۇمراھلىق ئىچىدە تەرك قىلغان ئادەم ئاخىرەتتە دەھشەتلىك ھېساب بېرىدۇ.

دېمەك، سەن راھەت كۆرمىگەننىكەنسەن، بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ يېپ ئۇچى ئالدى بىلەن ئۆزۈڭدە بولىدۇ. بىراۋلار ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىسە، يات بىراۋلار ئۇنى ئۆزگەرتىپ قوياتتىمۇ؟! دۇنيا تارىخىنى تەكشۈرسەك، قوشنىدارچىلىقنىڭ پرىنسىپى مۇنداق بوپتۇ: ئۆزىنى ئۆزى سۆيمىگەنلەرنى ھېچكىم سۆيمەيدۇ، ئۆزىگە ئۆزى ياردەم قىلمىغانلارغا قوشنىسىمۇ ياردەم قىلمايدۇ. ئاجىز قوشنا كۈچلۈك قوشنىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرايدۇ، كۈچلۈك قوشنا ئاجىز قوشنىلارنىڭ ياردىمىگە ئۇچرايدۇ.

2

بىزمۇ 21 - ئەسىرگە كىرىۋاتىمىز. كىشىلەر ئەقىل - پاراسەت ۋە گۈللىنىشنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى ئېچىۋاتقاندا، بىز ئۆتمۈش ۋە ئەتە ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ قەرزلىرىگە بوغۇلۇپ كەتتۇق. بىز يېڭى زاماننىڭ سىناق مەيدانىغا قەرز دەپتەرلىرىنى ئۆشنىمىزگە ئارتقان ھالدا كىرىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ دەپتەرلەر بىزنىڭ ئەسلىدىكى قاۋۇل ۋۇجۇدىمىزنى بېسىپ يىگىلتىش بىلەن بىرگە، روھىمىزنى سىقىپ تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. چۈنكى پانىي دۇنيانىڭ قەرزىنى ئادا قىلمىغان ئادەم باقىي دۇنيانىڭ جەننىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيدىغۇ!

بىز خوشلىشىۋاتقان 20 - ئەسىردە ئىنسانىيەت كاتتا ئۆزگىرىشلەرگە قەدەم قويدى. رادىئو، تېلېۋىزور، كومپيۇتېرلار بارلىققا كەلدى. بۇلار يەر شارىدىكى ئىقلىملارنى، تاقىم ئاراللارنى، ئېتىقاد جەھەتتە بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان دۆلەت، مىللەت ۋە گۇرۇھلارنى بىر - بىرىگە باغلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاتوم بومبىسى، باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئاۋتوماتىكا، خىمىيىلىك قوراللار بارلىققا كېلىپ، بۇلار ئىنسانلارنى يوشۇرۇن خەۋپ ئىچىدىكى دىپلوماتىيە ئويۇنلىرى،

نەيرەڭلەر، كۆلۈپ تۇرۇپ خىرىس قىلىدىغان تىنچسىز، مۇقىمسىز ۋەزىيەتكە ئېلىپ كىردى. دېمەك، بۇ ئەسىردە پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە مۆجىزە خاراكتېرلىك بايقاش ۋە كەشپىياتلار بولدى، بۇلار ئىنسانلارنىڭ ماددىي قىممەتكە ئىنتىلىش تەبىئىتىنى چەكتىن ئاشقان ھالدا نامايان قىلدى. ئەمما ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، تارىختا يۈز بېرىپ باقمىغان قاباھەتلەر، ئادالەتسىزلىكلەر، تەڭسىزلىكلەر مۇشۇ ئەسىردە يۈز بەردى. ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى پارتلاپ، 100 مىليونلاپ ئادەم ئۆلدى، 100 مىليونلاپ ئادەم نامراتلىق ۋە سەرسانلىق ئىچىدە قالدى. ئىنسانلار بولۇپمۇ غەربلىكلەر ئۆزى ئەخلاقىي قىممەتنىڭ كىشىلىك دۇنياسىدىكى ئورنىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنىڭ رولىغا ئىشەنمەيدىغان بولدى. بىر قانچە دۆلەت رەھبەرلىرى بىر يەرگە كېلىپ، نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تەقدىرىنى ئۇيان ـ بۇيان قىلدى. دۇنياۋى تەرتىپ ئۆزگەردى، خەرىتىلەردىكى سىزىقلار ۋە رەڭلەر ئادالەتسىز رەۋىشتە ئۆزگەرتىلدى. ئارقىدىنلا كوممۇنىزم، كاپىتالىزم لاگېرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى باشلىنىپ ئۇزۇن داۋام قىلدى. قورال ـ ياراغلار ئىسكىلاتلاردا، مەخپىي بازىلاردا كۆنسېرى كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاچ ـ يالىڭاچلارمۇ كۆپىيىپ، مىليونلاپ كىشىلەر ئوزۇقلۇق يېتىشمەي ئۆلدى. تۇغۇتتىن ساقلىنىش كوملىچى ۋە قاپچۇقلىرى ياسالدى. زەھەرلىك چېكىملىك سودىسىغا ساقچىلارمۇ ئارا تۇرالمايدىغان ھالەتكە يەتتى. ئەيدىز كېسىلى يامراپ، راك كېسەللىكلىرى بىلەن بىرگە ئىنسانىيەت ئۈچۈن ۋەھشىي خەۋپكە ئايلاندى. سۇ، تۇپراق، ھاۋانىڭ بۇلغىنىشلىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققۇاتقان تۈرلۈك ئاپەتلەرنىڭ ئىنسانلارغا كەلتۈرگەن زىيانلىرى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىدىنمۇ ياۋۇز ھالەتكە كەلدى.

روشەنكى، 20 ـ ئەسىردە ئىنسانلار پەن ـ تېخنىكا ۋە ماددىي جەھەتتە مىسلىسىز تەرەققىي قىلدى، لېكىن ئىنسانىنىڭ بەختسىزلىكى تارىختىكى ھەر قانداق دەۋرىدىكىدىن ھالقىپ كەتتى. گۈللەنگەن پەن ـ تېخنىكا، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە دائىر تۈزۈلگەن تالاي خىتابنامىلەر، قانۇنلار ۋە مەجلىسلەر يەنىلا تەڭسىزلىكنى تۈگىتەلمىدى. خىلۋەت بۇلۇڭلاردىكى يوشۇرۇن كۆز ياشلارنى تۈگىتەلمىدى. كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان بېقىندۇرۇش ۋە بېقىنىش خاراكتېرلىك تىنچلىق كەلگۈسىدىكى زور بالايىئاپەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تىنچلىق كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلدى. ھەقىقىي تىنچلىق بىلەن زوراۋانلارنىڭ كۈچ ئۈستۈنلۈكى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ساختا تىنچلىقنىڭ پەرقى تۈنەك ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى.

ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس پائۇل A ساموئېلسىن بىلەن ۋىليام D نودخوس بىرلىشىپ يازغان "ئىقتىساد ئىلمى" دېگەن زور ھەجىملىك كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ ئېدموند بۇركىنىڭ مۇنداق بىر سۆزى نەقىل كەلتۈرۈلگەن: "رىتسارلىق (چەۋەندازلىق) دەۋرى ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى سەپسەتىچىلەر، ئىقتىسادشۇناسلار ۋە كومپيۇتېر دەۋرى يېتىپ كېلىدۇ".

بۇركي 18 - ئەسىردە ئۆتكەن پەيلاسوپ سوپىتىدە ئۆزىدىن كېيىنكى 200 يىللىق رېئاللىقتىن بېشارەت بەرگەن. دېمەك، بۇگۈنكى غەربلىكلەر دۇنياۋى تەرتىپ ۋە سىياسەتتە شۇنىڭ ئۈچۈن تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇردىكى، ئۇلاردا ئىلمي پەرەزچىلەر ھەر ساھە بويىچە تۇركۇم - تۇركۇملەپ چىقىپ تۇرغان. پەيلاسوپلار جاھاننىڭ قىياپەتلىرى ئۇستىدە پىكىر قىلىپ تۇرغان. ئالىملار ماددىي قانۇنىيەتلەر ھەققىدىكى پەرەزلىرى ۋە گاھ - گاھ دەلىللىرى ئارقىلىق پەيلاسوپلارنىڭ پىكىرلىرىگە ئاساس يارىتىپ بەرگەن. ئىقتىسادشۇناسلار بۇ قانۇنىيەتلەرنى جەمئىيەت قانۇنىيەتلىرىگە تەتبىقلاپ داھىيلار ۋە سىياسىيونلارغا ئىلمي تەكلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن دۇنيانىڭ ھەر قايسى يەرلىرىدە تەسىرى مۇتلەق بولغان غەرب سىستېمىسى بەرپا بولغان. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە غەربنىڭ قىممەت قارىشى، ئەخلاق سىستېمىسى دۇنيا مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك غەلبە قىلغان بولدى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربلىكلەر تەرىپىدىن ئەرەب، تۈرك، پارسلار دۇنياسىغا غەربنىڭ ئارىلىششىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەردى. نەتىجىدە، ئەسلىدىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسى قارىمىقىدىكى رايونلاردا غەربنىڭ قىممەت قارىشى ئۈستىگە قۇرۇلغان پادىشاھلىق، جۇمھۇرىيەتلەر پەيدا بولدى. بۇلار بەجايىكى غەربتىن ئىبارەت ماگنىت تاياقچىسىنىڭ ھەرىكىتىگە ئاساسەن قىمىرلايدىغان تۆمۈر ئۇۋاقچىلىرىغا ئوخشاپ قالدى.

نەتىجىدە، ئەھۋال قانداق بولدى؟ مەنپەئەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئىقتىسادىي قىممەت ھەممىنى بەلگىلەيدىغان نەرسە بولدى. ئىنسان بىلەن ئىنساننىڭ مۇناسىۋىتى مەنپەئەت قانۇنى بويىچە چۈشەندۈرۈلدى. مەنپەئەت، پۇلغا ئېرىشىش ئۈچۈن جىددىي كۈرەشلەر باشلاندى. ئىنسان تەبىئىتىدە بولىدىغان روھىي قىممەتلەر (ئېتىقاد)، ئەخلاقىي قىممەتلەر (ۋاپادارلىق، سەمىمىيلىك، دىيانەت)، ئىنسانىي قىممەتلەر (ئىنسانپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى قۇتقۇزۇشلار، ئىرق، مىللەتتىن ھالقىغان رىشتىلەر ۋە ياردەملەر) يۇقىرىدىكى ئىقتىسادىي قىممەتنىڭ قوشۇمچە نەرسىلىرىگە ئايلىنىپ قالدى ياكى ئەرزىمەس ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. چىركاۋلار قىممىتى ۋەيران بولغان كىشىلەر ئىزدەيدىغان ئايرىم نەرسىگە، پوپلار جەسەت ساندۇقى ئالدىدا نۇتۇق سۆزلەيدىغان كىشىلەرگە ئايلاندى. سەنئەتكارلار كىشىلەرنىڭ ماددىي مەنپەئەتدارلىق تۈيغۇسىغا ماسلاشماي، سەنئەتنىڭ ئېچكى تەلەپلىرىنى قازىمەن دېسە جان باقالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئوك مېڭىسىدە سەنئەت، سول مېڭىسىدە تىجارەت بولمىسا بولمايدىغان ئەھۋال شەكىللەندى. جۇڭگو تاكى 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر ئاك فورمىسى ئۈچۈن ياشىدى. مىليونلاپ ئىنسان ئاك فورمىسى ئۈچۈن بولغان كۈرەشتە ئۆلدى. مىليونلاپ ئىنسان ئاك فورمىسى ئۈچۈن ياماق چاپان، ياماق ئىشتان كىيگەن ھالدا قەھرىمان بولدى. مىليونلاپ ئىنسان ئىجاد قىلىش، بايلىق يارىتىشقا تېگىشلىك مېڭىسىنى ئاك فورمىسى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەشنىڭ جابدۇقلىرىغا ئايلاندۇرۇپ، ئادىمىيلىككە ياتىدىغان تەبىئەتتىن مەھرۇم بولدى. سىرتقى دۇنيانىڭ يۈكسەك گۈللەنگەن ھالىتى 1840 - يىلىدىكى ئەنگلىيە

زەمبىرەكلىرىدەك جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇر دەرۋازىسىنى سىلكىدى. ئاڭ فورمىسىنىڭ خۇمارى ئەپيۇننىڭ خۇمارىدىنمۇ دەھشەتلىك بولۇپ، بۇ خۇمار تا بۈگۈنگىچە جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن خالاس تاپمىدى. بىراق قانداقلا بولمىسۇن، 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان ئىسلاھات جۇڭگو ئۈچۈن بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان دەرىجىدىكى ماددىي مەئىشەتنى يارىتىپ بەردى.

شۇنداق قىلىپ، 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىقتىسادىي قىممەت ئۇرۇشى پۈتكۈل دۇنيانى تەلتۆكۈس قاپلىدى. روھىي قىممەتلەر كىشىلىك جەمئىيەتتىن سىقىپ چىقىرىلدى. ئالىيجاناب ئەخلاقىي قىممەتلەر مۇرەككەپ ماھىيەتلىك دىپلوماتىيە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋرەت لاتىسىغا ئايلاندى. تالاش - تارتىش، كۈرەش، تاجاۋۇز، ئالدامچىلىق قۇرۇلۇشلىرى چىرايلىق ھەل بېرىلگەن ھالدا كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى بەيئەت قىلدىغان ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ قالدى. ئەينى دەۋرلەردە ھەربىي ئىشلارغا تەتبىقلانغان ھىيلە - مىكىر دەستۇرلىرى زامانغا يارىشا ھالدا قايتىدىن ئىشلىنىپ، پۈتكۈل سودا ۋە ئىنسانىي ئالاقىلەرگە تەتبىقلاندى (مەسىلەن، ماكياۋېللىينىڭ "ھۆكۈمدارلار دەستۇرى"، كلاسسۋېتزنىڭ "ئۇرۇش نەزەرىيىسى"، جۇڭگودىكى "ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە"، "36 تەدبىر"، "سۇنزى ھەربىي ئىشلار دەستۇرى").

پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچىنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. مۇبادا پەن - تېخنىكىنىڭ كۈچىگە بولغان ئىشىنىش چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتسە، بۇ، پەن خۇراپاتلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. چېكىدىن ئاشقان مەنپەئەتدارلىق ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى قېزىش تۈپەيلى ئېغىر تەبىئەت كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ كرىزىس ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي كرىزىس (مىللەتلەرنىڭ بۆلۈنۈشى، ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشى، مائارىپنىڭ دوگمىلىشىشى، قانۇننىڭ كۈچتىن قېلىشى... قاتارلىق) ۋە روھىي كرىزىس (ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، ئەقىدىسىزلىك، روھىي كېسەللىك... ) نىڭ نەقەدەر زور ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

20 - ئەسىر شۇ قەدەر ئەسەبىي قىلىقلار بىلەن تولغان ئەسىر بولدىكى، كىشىلەر مۇقەددەس كىتابلاردىكى قىيامەت تەسۋىرىنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى رېئال تۇرمۇشتىن يەتكۈدەك ئۇچرىتىشتى. ئىجادىيەت بىلەن بۇزغۇنچىلىق بالانس رەۋىشتە روياپقا چىقتى.

غەرب مۇتەپەككۇرلىرى بۈگۈنكى روھىي كرىزىستىن ئاللىقاچان بېشارەت بېرىشكەندى. 19 - ئەسىر دىنىي جەمئىيەت دەۋرى بولدى. ئاللانىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھەدىيە قىلغان ئېتىقاد ھوقۇقى، قانۇن ھوقۇقى ۋە باشقا ھوقۇقلىرى ئېپىسكوپلار، پوپلار ۋە مىسسىيونېرلار تەرىپىدىن مونوپول قىلىندى. ئېتىقادتىكى ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىك ئەمەلدە يوق قىلىندى. شەخسنىڭ خۇدانى چۈشىنىش ۋە سېغىنىشتىكى ھوقۇقى تالان - تاراجغا ئۇچرىدى. شۇڭلاشقا گېرمانىيە پەيلاسوپى ف. نېتزى: "خۇدا ئۆلدى!" دەپ جاكارلىغانىدى. بۇ ئۆلگەن خۇدا شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، خۇدانىڭ بارلىق بەندىلەرگە بولغان ئورتاقلىقى يوقىلىپ، ئىجتىمائىي قاتلام ۋە دەرىجىلەرنىڭ غايىب شاھىتى بولۇپ قالدى. خرىستىئان دىندارلىرى بەئەينى ئۆلۈك خۇدانىڭ بېشىنى

كۆتۈرۈپ يۈرۈپ كىشىلەرگە ھەيۋە قىلىشقانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە خرىستىئان دىنىنىڭ پات ئارىدا ھاكىمىيەتتىن سىقىپ چىقىرىلىشىدەك رېئاللىقىنىڭ سايىسى يىراقتىن ئايان بولۇپ تۇراتتى .

رىتسارلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى شائىرلارغا خاس رومانتىك دۇنيانىڭ زەربىگە يولۇققۇشىدىن دېرەك بېرەتتى . رىتسارلىقنىڭ تۈگىشى ئىنساندىكى قىشلاقتا خاس تەبىئەتنىڭ تەھدىتكە ئۇچرىشىدۇر. بۇنداق چاغدا جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ھەرىكىتى مۇتەپەككۇرلار ۋە سەنئەتكانىڭ تەسىر دائىرىسىدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىدۇ ـ دە، نوقۇل ئەقىل ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسىيونلۇق سەھنىگە چىقىدۇ. شۇڭا 19 ـ ئەسىر ئىنسانلارنىڭ سەنئەتكە مايىل تەبىئىتى بىلەن دىن، ھوقۇققا مايىل تەبىئىتى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ مەنزىرىسى بىلەن خاراكتېرلەندى . 19 ـ ئەسىر چەت ئەل ئەدەبىياتى ۋەيران بولۇۋاتقان ئىنساني قىممەتكە ئوقۇلغان ھەسرەتلىك ناخشىدۇر. 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئادۋوكاتلار ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ، ھاكىمىيەتنىڭ بېشىدىكى ئىشەنچلىك مەسلىھەتچىلەرگە ئايلاندى . سىياسىي رەڭۋازلىق دۆلەت باشقۇرۇش سەنئىتىنىڭ كۆزنى چاقنىتىدىغان ۋاستىلىرىگە ئايلاندى . سانائەت بىلەن ماشىنا ئىنساندىكى مۇنەۋۋەرلىك ۋە ئىجادىي كۈچنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى . شائىرلارنىڭ لىرىك سادالىرى ماشىنىلارنىڭ تاراق ـ تۇرۇقلىرى ئىچىدە دىمىقىپ، بوغۇق ئاڭلىنىدىغان، ھەتتا ئەسەبىي چىرقىراشقا ئايلىنىپ قۇلاقنى يارىدىغان بولدى . مودېرنىزمچىلار ئىنسانلاردىكى روھىي بىمارلىقنى ماس شەكىللەر، غەيرىي ئۇسلۇبلار بىلەن ئەينەن كۆرسەتتى . روشەنكى ، مودېرنىزمىمۇ بىر خىل رېئالىزم بولۇپ، ئۇ، بۇرمىلانغان ئىنساني چىنلىقنى بۇرمىلانغان تەپەككۇر شەكلىدە ئەينەن كۆرسەتتى . بۇ دەۋردىكى ئەدەبىيات روھىي ئازابنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نالىسىنى چىڭقىلىپ توۋلىدى ـ دە، ئەدىبلەر ئۆلدى ئەدىبلەرنىڭ تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى پەۋقۇلئاددە ئوبرازى خىرەلەشتى . 20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، دۆلەت سىياسىي ئىقتىسادنى مەركەز قىلىدىغان بولدى . ئەمدىلىكتە ئىقتىساد ئالىملىرى زۇڭتۇڭلار، باش مىنىستىرلار، پادىشاھلار، ۋەزىرلەر ۋە سېكرېتارلارنىڭ يېقىن مەسلىھەتچىلىرىگە ئايلاندى . ئىنسان قىممىتىنىڭ مەركەزلىك ئورنى شەكلەن مەسلە بولۇپ قالدى ئىنسانىيەت روھى ، تەبىئىي مۇھىت، ئىجتىمائىي كاپالەت جەھەتتىن تولۇق تەنھالىققا يەتتى . ھەل قىلىش قىيىن بولغان تۈرلۈك زىددىيەتلەر ئىنسانلارنى خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدىغان، تۈزۈك نەپەس ئالالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈردى . دېمەك، بۇ دەۋردە ئىنسان ئۆلدى . غەرب مۇتەپەككۇرلىرى يۇقىرىقى ئۈچ ئۆلۈمنى ئايرىم ـ ئايرىم توۋلىغاندا، خەۋپ ۋە شاۋقۇن ـ سۈرەن قاپلىغان تىنچسىز دۇنيا ئۇلارنىڭ ئاشۇ سەممىي ئاۋازىنى پەرۋاسىزلىق بىلەن يۇتۇۋەتتى .

20 ـ ئەسىردىكى پەن ۋە دېموكراتىيىگە يۈزلىنىشنىڭ تىنىمسىز دولقۇنلىرى جۇڭگو زېمىنىغا ئۇرۇلۇپ تۇردى . بۇ 100 يىل ئىچىدە جۇڭگونى ئاساسەن ئىدېئولوگىيە كۈرىشى ئېلىپ باردى ، دېسە بولىدۇ. بۇ جەرياندا سانىسىزلىغان زىيالىيلار ( ئەلۋەتتە غەربپەرەس زىيالىيلارمۇ ) ۋەيران

بولدى . ئاۋتئاماتىكىغا بىلىقچى كېمىسى بىلەن تاقابىل تۇرۇشتەك مەمەدانلىق جۇڭگونى خەلقئارا تەسىر ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات جەھەتتە يېتىم قالدۇردى . جۇڭگو بۇنى ئاخىر چۈشىنىپ يېتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەزى ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزدى . بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەر زور بولغان بولسىمۇ، بىراق جۇڭگولۇقلارنىڭ تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ، قىممەت قارىشى ۋە بىر پۈتۈن ساپاسىدا ماھىيەتلىك ئۆزگىرىش ياسىيالمىدى .

يىغىپ ئېيتقاندا، غەربتىمۇ ئادەم كىرىزىسى مەۋجۇت، بىراق بۇ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تەرەققىياتنىڭ ۋايىغا يېتىشى ، ئەركىنلىك، دېموكراتىيە مۇھىتىدىكى ئىجادىي روھنىڭ ئۇرغۇشىدىن كېيىنكى كىرىزىس بولۇپ، تەبىئەت، جەمئىيەت ساھەلىرىدىكى ئەقلىنىڭ تويۇنۇشىدىن كەلگەن. دېمەك، غەربتىكى كىرىزىس مۇكەممەل توقلۇقتىن كەلگەن. جۇڭگودىكى كىرىزىسچۇ؟ جۇڭگودا ئادەم كۆپ بولۇشقا قارىماي، ئۇلاردىكى ئەقلىي قابىلىيەت بوغۇپ قويۇلغان. ئەقلىنىڭ بوغۇلۇشى پۈتنىڭ بوغۇلۇشىدىنمۇ يامان. نەتىجىدە، كىشىلەر ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىشتىكى رولىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، تاماق يەيدىغانلار جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغان. لى مېڭ ئەپەندى جۇڭگودىكى بۇ خىل كىرىزىسنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: "جۇڭگولۇقلارنىڭ كىرىزىسى تارىختىن بۇيانقى ئەقلىي تەرەققىياتنىڭ يېتەرلىك بولماسلىقىدىن كەلگەن. بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلار تەبىئىي پەندىكى ئەقلىيلىقتا كەمتۈك بولۇپلا قالماي، بەلكى جەمئىيەت دېموكراتىيىسى جەھەتتىكى ئەقلىيلىقتىمۇ كەمتۈك. جۇڭگو دۇنيادىكى ئىلىم - پەن ۋە دېموكراتىيىنىڭ دولقۇنلىرىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۇچراپ تۇرۇپمۇ ئاخىرقى بىر پارچە قاقشال زېمىن بولۇپ تۇرىۋۋەردى." ("جۇڭگو كىرىزىسى" نىڭ كىرىش سۆز قىسمىدىن ئېلىندى. ئىسلاھات نەشرىياتى 1998 - يىل 12 - ئاي نەشرى ). دېمەك، جۇڭگودىكى كىرىزىس روھىي ۋە ماددىي جەھەتتىكى گادايلىقتىن كەلگەن. نەچچە ئەسىرلىك يېغىلىق ۋە موھتاجلىق جۇڭگولۇقلاردىكى روھىي ساپانىڭ يېتىلىشىگە زادى ئىمكان بەرمىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ بىر مەزگىللىك تالان - تاراجى، فېئودال ئىچكى كۈچلەرنىڭ زۇلۇمكارلىقى بۇ خەلقنى ئۆزىنىڭ كىملىكى ھەققىدە تۈزۈك ئويلاش پۇرسىتىگە ئىگە قىلمىغان. ئەنگلىيە تارىخچىسى ئارنولدتويىنبى ئىنسانىيەت تارىخىدا يوقاپ كەتكەن 24 مەدەنىيەت ( ئەلۋەتتە، 24 مىللەت دۆلەت ) نى بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ يوقاپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب، ناھايىتى بالدۇر گۈللىنىپ كەتكەنلىكىدە، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. جۇڭگونىڭ كۆڭزى ئەقىدىسىنى ئومۇرتقا قىلغان مەدەنىيىتى گەرچە يوقاپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىر خىل رىتىمدىكى ئۇزۇن تارىخى ئەرزىمەس روھىي غالىبىيەتچىلىكنى پەيدا قىلغان - دە، ئەمەلىي ئاساسىدىن ئايرىلىپ قالغان مەغرۇرلۇق ساقىت بولۇش قىيىن بولغان ئىرسىيەتنى شەكىللەندۈرگەن.

بۇ ئىرسىيەت دۇنيانىڭ "قاپ ئوتتۇرىسى" دا تۇرغان انى ئەجدادلىرىغا نىسپ بولغان مەئشەتتىن ئايرىۋەتكەن.

كۇڭزىنىڭ: "ئەجدادىڭنى ئۆرنەك قىل" دېگەن سۆزى جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنىڭ روشەن ئەينىكىدۇر. دەرۋەقە، جۇڭگودىكى ئىلىم تەھسىل قىلىش كۇڭزىنىڭ قائىدە ـ يوسۇن دەستۇرى، پاساھەتلىك شېئىر ـ نەزمىلەرنى پىششىق يادقا ئېلىش، خۇشخەت قىلىپ كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. سۆز قىلغاندا كونا كىتابلاردا ئىشلىتىلگەن ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ئىدىيئوملارنى ئىشلىتىش تەربىيە كۆرگەنلىكنىڭ بەلگىسى بولدى.

كۇڭزى يەنە مۇنداق دېگەندى:

"بەگلەر خۇلقى شامالدۇر،
پۇقرا خۇلقى گىياھتۇر.
شامال ئۇچسا قايانغا،
گىياھ شۇيان ياتادۇر."

جۇڭگېلىياڭ فېئودال جۇڭگودىكى تىپىك ئۆلىما (زىيالىي دېگەن گەپ بىلەن ئوخشاش بولامدۇ، يوق؟ مۇھاكىمە قىلىپ بېقىش كېرەك). لېكىن ئۇ شۇنچە مول بىلىمى ۋە ئەقىل ـ پاراستى بىلەن زاۋال تېپىۋاتقان خاندانلىقنى تىرىلدۈرۈشنىڭ كويىدا يۈرۈپ، ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇمۇ "ئەجدادنى ئۆرنەك قىلىش" نىڭ نامايەندىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سۇن ۋۇكۇڭ بىرلا چەمبىرەك بىلەن ئۆزىگە قارىغاندا قابىلىيەتسىز، ھاماقەت تاڭ سېڭغا باغلىنىپ، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولىدۇ. ھەتتا كۇڭزىنىڭ ئۆزىمۇ ئوردا ئىچىگە تەلمۈرۈپ، ھەسرەت بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ. روشەنكى، جۇڭگو تارىخىدىكى ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ زېھنى كۈچىنى كونىنى تىرىلدۈرۈش، ھاكىمىيەتنى بېزەش ئۈچۈن سەرپ قىلىشىپ، دىلىدىكى ئارمانلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىشكەن. ئۇلار بۇ خىل ئوبرازى بىلەن خەلققە ئۆزىنى پرومىتېدەك بېغىشلايدىغان قەھرىمانلاردىن تولىمۇ يىراقتا تۇرىدۇ.

غەرب زىيالىيلىرى ئۆز دەۋرى سىغدۇرالمايدىغان ئىلمىي قىياس ۋە ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا ئېتىپ بالاغا قېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەرىبىر ئۆز دەۋرىنىڭ بىباھا گۆھەرلىرىگە ئايلىنالىغان. تارىخ ھەر قانچە بەتنىيەت بولسىمۇ، تەبىئەت بىلەن ئىنساندىكى پىترەت (تەبىئەت) كە بېقىنىدۇ. قانداقتۇر بىر مۇقەررەر قانۇنىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا تارىخ ئۆزى قۇربان قىلىۋەتكەن ھەقىقەتچىلەرنىڭ قەبرىسىگە باش ئۇرۇپ، ئۆزىگە ئاشۇ قەبرىنىڭ تويپىسى بىلەن ئۇل سالىدۇ.

ۋەھالەنكى، پاكىز قەبرە تاپقىلى بولمىسا قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇمۇ بىر مەسىلە.

لى مېڭ ئەپەندى "زىيالىيلارنىڭ بۇرچى ۋە تەقدىرى" دېگەن ماقالىسىدە يۈز ـ خاتىر قىلمىغان ھالدا جۇڭگودا زىيالىيلارنىڭ پەيدا بولۇشى "4 ـ ماي" دىن كېيىنكى ئىش، دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ ۋە لۇشۈننى نادانلىق، كونىلىققا قارشى ئىسيانكارلارنىڭ ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئارقىدىنلا ئۇ ئەپسۇسلانغان ھالدا نەچچە ئون يىللاردىن بۇيانقى زىيالىيلار پاجىئەسىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ.

زىيالىيلار جەمئىيەتنىڭ سەرخىللىرىدۇر. "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" نىڭ ئالدى - كەينىدىكى مۇقىمسىز ئىجتىمائىي ۋەزىيەت دۆلەتنى روناق تاپقۇزۇشتا رول ئوينايدىغان كەسپىي سەرخىللارنى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىدى.

مانا ھازىر جۇڭگو جەمئىيىتىدە شەھەرلىشىش تېزلەشتى. شەھەرلەردە كۆككە تاقاشقان بىنالار، ئۆتۈشمە كۆۋرۈكلەر زامانغا يارىشا ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلدى. خۇسۇسىي ماشىنىلار كۆپەيدى، كاستۇم - بۇرۇلكا، شىبلىت كىيىش ئومۇملاشتى. قوللىرىغا يان تېلېفون ئېلىۋالغان دىرېكتور ئەپەندىلەرنىڭ سالاپەتلىك تۇرقى ھەممىلا يەردە ئۇچرايدۇ. بىراق بۇلار يامغۇردىن كېيىنكى ھەسەن - ھۈسەنگە ئوخشايدۇ. ئۇلار گۈزەل بولغىنى بىلەن كۆۋرۈك قىلىپ ماڭغىلى بولمايدۇ، قۇرغاق ھاۋا ئەسلىگە كەلسىلا، بۇ رەڭگارەڭ ھەسەن - ھۈسەن كۆرۈنمەي قالىدۇ. بۈگۈنكى گۈللىنىۋاتقان جۇڭگودا ئىككى قۇتۇپلىشىش روشەنلىشىپ، يەر ئىسلاھاتى مەزگىلىدە يوقالغان ئىككى قۇتۇپنىڭ ئۆزگىچە ۋارىيانتى باش كۆتۈردى. ھوقۇق مەركەزلەشتۈرۈلگەندى. ئەمەلدارلار بىلەن پۇقرالارنىڭ نىسبىتى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن سەۋىيىنى ياراتتى. مەسىلەن، جۇڭگو تارىخىدا مەنسەپدار بىلەن پۇقرانىڭ نىسبىتى مۇنداق ئۆسكەن:

خەن دەۋرىدە 1:7945

تاڭ دەۋرىدە 1:3927

چىڭ دەۋرىدە 1:911

ھازىر 1:30

(«7 - قېتىملىق ئىنقىلاب» دېگەن كىتابتىن ئېلىندى. «ئىقتىساد گېزىتى» نەشرىياتى 1998 - يىل 4 - ئايدىكى نەشرى).

روشەنكى، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىش يەنىلا مەنسەپدارلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن نەتىجىلەنگەن، پارىخورلۇق، چىرىكلىك باش كۆتۈرگەن.

ئىقتىسادىي ئىسلاھات يولغا قويۇلۇپ، بىر قىسىملارنىڭ ئالدىن بېيىشى تەشەببۇس قىلىنىۋىدى، باي - كەمبەغەللىك پەرقى زىيادە چوڭ بولۇپ كەتتى. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، جۇڭگو نوپۇسىنىڭ 3%ىگە يەتمىگەن كىشىلەرنىڭ بانكىغا قويغان ئامانىتى پۇتكۈل مەملىكەتتىكى يېزا - بازار ئامانىتىنىڭ 38%نى ئىگىلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۇللارنىڭ كۆپ قىسمى ھۆكۈمەت بەرگەن ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ تېپىلغان.

كۆز ئالدىمىزدىكى ئەھۋاللارنى ئالساق، ئۇرۇمچىنىڭ مەلۇم بىر مېھمانخانىسىدىكى بىر قېتىملىق ئاددىي زىياپەتكە كەتكەن پۇل خوتەن يېزىلىرىدىكى بەزى دېھقانلارنىڭ نەچچە يىللىق كىرىمىدىن چوڭ. ئادەتتىكى بىر شىرە زىياپەت بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئاساسلىق مائاشىنىڭ بىر يېرىم ياكى ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ كېلىدۇ (ئەلۋەتتە، ئايلىق مائاشى كۆزدە تۇتۇلۇۋاتىدۇ).

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئىش سۈپىتى، تاۋار سۈپىتى، ئادەم سۈپىتى، ئىشسىزلىق قاتارلىق ئامىللار يېڭىۋاشتىن ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە.

زامانىمىز كرىزىس تۈيغۇسىغا ئىگە زىيالىيلارنى يېتىشتۈرمەكتە. بۇ پات ئارىدىكى كرىزىس تۈيغۇسىغا ئىگە رەھبەرلەردىن بېشارەت بېرىدۇ. ئۇلار ئويلانماقتا. ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ مەسلىھەتچىلىرى سۈپىتىدە ئىلغار تەكلىپ - لايىھەلەرنى سۇنماقتا.

3

بىزمۇ كرىزىستا تۇرۇۋاتىمىز. بىراق بىزنىڭ ھازىرقى كرىزىسىمىز ھېچكىمنىڭ كرىزىسىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ كرىزىس دەل كرىزىسنىڭ كرىزىس پېتى ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلىشىدىن ئىبارەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىك، مىللىي ئالاھىدىلىك، تارىخىي كەچۈرمىش، ئىگىلىك سىستېمىسى ۋە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ئارقىلىق باشقا رايونلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ رايون بىز خوشلىشىۋاتقان 20 - ئەسىردە مۇرەككەپ تارىخنى باشتىن كەچۈردى. بۇ رايون ئوخشىمىغان چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشىنىڭ بىۋاستە سەھنىسى ۋە ئوبيېكتى بولدى. بۆلگۈنچى مىلتارىستلار بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىنى خالىغانچە بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. مائارىپ، مەدەنىيەت ساھەلىرىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى توستى. زىيالىيلار قوشۇننى خەلققە تەسىر كۆرستەلمەيدىغان دەرىجىدە چەكلىدى. ئۇرۇش، قىرغىنچىلىق، سۇيىقەست قاتارلىق سىياسىي ۋاستىلەر تۈپەيلىدىن ھالسىرىغان بۇ زېمىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يېڭى قىياپەتتىكى تۇرمۇشىنى باشلىدى. ئەلۋەتتە، 50 يىلدىن بۇيان پۈتكۈل مەملىكەتتە بولۇپ ئۆتكەن ئىسسىق - سوغۇقلار بۇ يەردىمۇ بولدى. گۈللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشلار بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ئىچكى - تاشقى قىياپەتلىرىنى يېڭى تۈسكە كىرگۈزدى. بىز بۇ ئالامەتلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋالالايمىز:

1. قاتناش تەرەققىي قىلىپ، بۇرۇنقى تۆگە كارۋانلىرىنىڭ ئورنىنى ئايروپىلان، پويىزلار ئىگىلىدى. ئات - قېچىرلارنىڭ ئورنىنى ماشىنا، ئاپتوبۇسلار ئىگىلىدى. دىيارىمىزدىكى تاشيول ئۇزۇنلۇق جەھەتتە دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. بۇ تاشيوللارنىڭ ئەڭ يىراق مۇساپىسىنى ئىككى كېچە - كۈندۈزدە، كېچىككەندە ئۈچ كېچە - كۈندۈزدە بېسىپ بولغىلى بولىدۇ. بۇ ئەھۋال رايونىمىزدىكى سودا - سېتىق، مەدەنىيەت - مائارىپ ئالاقىلىرىنى راۋانلاشتۇردى، شۇنداقلا ۋىلايەتلەر ئارا كۆرۈلىدىغان ئۆرپ - ئادەت، خۇلق - مىجەز، تەپەككۇر پەرقىنى ئازايتتى. يەرلىك پىسخىكىنىڭ ئورتاقلىق تەرىپى ئاساسلىق ئورۇنغا ئۆتتى.

ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئېھتىياج قانۇنى بويىچە يۆرۈشلىشىشى بىرقەدەر ئەۋزەل كاپالەتكە ئىگە بولغاچقا، ئىگىلىكنىڭ گۈللىنىشىگە زۆرۈر بولىدىغان ئەمگەك كۈچلىرى ئۆز رولىنى نىسبەتەن جارى قىلدۇردى، شۇنداقلا ئۇلار يېڭى ساھە، يېڭى ئېھتىياج ئالدىدا ئېڭىنى،

سەۋىيىسىنى يۇكسەلدۇرۇشكە توغرا كېلىپ قالاق، قاتمال قىممەت قارىشىنى مەلۇم مەنىدە ئۆزگەرتتى. گەرچە ئۇلارنىڭ قىممەت قارىشى ئۇستىخىيىلىك ھالدا توختاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەربىر بۇرۇنقىغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ يۇكسىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئۆز يېزىسىغا مەھكۇم بولۇپ، نوقۇل دېھقانچىلىققا يۆلىنىپ قالغان بىر دېھقانغا قارىغاندا، لەنجۇ، گۇاڭجۇلارغا كىرىپ كاۋاپچىلىق قىلغان دېھقاننىڭ ئېڭى بىرقەدەر يۇكسەلگەن بولىدۇ. لېكىن بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىر دېھقاننىڭ تىجارەت قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ يەر ـ مۈلۈكلىرىنى ئۆزۈل ـ كېسىل تاشلىۋېتىشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ھەر قانداق زور بايلىق زېمىن بىلەن ئۆزە تۇرىدۇ، زېمىندىن ئايرىلغان ھالدىكى بايلىق ئۆز كۈچىدىن مەھرۇم قالىدۇ. ۋەتەننى ئارقا كۆرۈنۈش قىلمىغان بايلىق بەرىكەت تاپمايدۇ. خەلقىمىز تىجارەت قىلىدىم دەپ پاك ـ ھالال ئەقىدىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ۋە ئاخىر ئۆزۈل ـ كېسىل بەربات بولغان پەرزەنتلەرنى ئاز كۆرمىدى. ئۇلار ئۆز خەلقى ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا ئەسقېتىش تۇگۇل، ئۇلارنىڭ باغرىنى خۇن قىلدى.

ھېكمەت:

ئەقىدە بىلمىگەن شەيتانغا ئەلدۇر،

ئەگەر مىلك يىل ئىبادەت قىلسا يەلدۇر.

بىر ئىشنى قىلىشتا مۇددىئا ئايدىڭ بولۇشى كېرەك، شۇنداقلا ھالال ـ توغرا بولۇشى كېرەك. ھايۋاندا ئەقىدە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ چاكارلىقىدىن ئۆزگە ئەۋلادى ئۈچۈن ھېچبىر نىشان قالمىدى. ئېشەكنى ھەججگە ئېلىپ بارسا، ئېشەك پېتى قايتىپ كېلىدۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزى بارغان ئەمەس، بەلكى ئاپىرىلغان. ئادەمي ھايۋان ئۈچۈن ئەقىدىدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەقىدە پەقەت ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى، نەدىن كېلىپ نەگە كېتىدىغانلىقىنى تونۇغان، ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلگەن ئادەمگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

2. يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئۇسۇلدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى. ئالدى بىلەن ئەنئەنىۋى خۇسۇسىي ئىگىلىك كوللېكتىۋىزمچە ئۇسۇلغا ئۆتتى، ئاخىرىدا ھۆددىگەرلىك شەكلىدىكى پىلانلىق ئىگىلىككە كۆچتى. ۋاستە جەھەتتە ئەسلىدىكى كالا، ئات، ئېشەكلەرنىڭ ئورنىنى قىسمەن ھالدا تراكتور ئىگىلىدى، جۇۋازنىڭ ئورنىنى ماي زاۋۇتى ياكى كېلىشىم باھالىق ئاشلىق ـ ماي دۇكانلىرى ئىگىلىدى. ئەسلىدىكى تۇگمەننىڭ ئورنىنى ئۇن زاۋۇتلىرى ئىگىلىدى. يېزىلارغا ئېلېكتر يېتىپ باردى. ئىشلەپچىقىرىش جەريانلىرى بۇرۇنقىغا نىسبەتەن بىرقەدەر قۇلايلاشتى. ئۆزئۆممۇ يامان ئەمەس بولدى. خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇلياۋ يوپۇق قاتارلىقلار مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن يېزىلارغا كەڭ تارقىتىلدى. بىراق بۇ ئۆز نۆۋىتىدە تۇپراقنىڭ بۇلغىنىشى، دېھقانچىلىق ئەسلىھەلىرىگە كېتىدىغان چىقىمنىڭ زورىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

يەرلىك دېھقانلار ھايۋان كۈچىدىن پايدىلىنىشتىن ماشىنا ئىشلىتىشكە، ھەتتا بىر قىسمىلىرى

ئىلمىي باغۋەنچىلىك، ئىلمىي دېھقانچىلىققا يۈزلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ سەۋىيىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى يەنىلا كېڭىيىپ كېتەلمىدى. دېھقانچىلىق ۋاستىلىرى ۋە ئۈسكۈنىلىرى بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يېزا ئىگىلىكىگە كېتىدىغان مەنئۇۋلاتلارنىڭ چىقىمى كىرىم بىلەن پەرقلەنمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ كېلىپ چىقتى. ئەگەر دېھقانىنىڭ ۋاقتى بىلەن جىسمانىي كۈچىنى سېلىشتۇرما قاتاردا ھېسابلاشقا توغرا كەلسە، ئۇ چاغدا دېھقان ئۆز مېھنىتىدىن نەپكە ئېرىشمىگەن بولىدۇ.

ئادەتتە، ئىقتىسادشۇناسلار تاپقان كىرىمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى يېمەكلىك ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان ئائىلىنى نامرات ھېسابلايدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا 360 كۈن دېگۈدەك قورساق ئۈچۈنلا ئىشلەيدىغان دېھقانلار قانچىلىك نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ؟ بۇنى بىز ئىقتىساد خادىملىرىنىڭ جاۋاب بېرىشىگە قالدۇرىمىز.

يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇراللىرىدا مەلۇم دەرىجىدە ماشىنىلىشىش بولدى. بۇ، ھايۋان كۈچىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قاششاق ھالەتنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە، ئۇ بۈگۈنكى يېزىلار قىياپىتىدىن يەنىلا ئېنىق كۆزگە چېلىقىدۇ. ئىقتىسادى بىرقەدەر ياخشى ئائىلىلەر بىر قىسىم ماشىنا - سايمانلارغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، يېزا ئىگىلىكى ماھىيەت جەھەتتىن ئەنئەنىۋى تۈستە تۇرىۋۋەردى. ھۆل - يېغىن، تەبىئىي دەريا - ئېقىنلارغا تايىنىپ سۇغۇرۇش ئېلىپ بېرىش، يەرگە باغلىنىش، ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ كۆپەيمەسلىكى ئەنە شۇ ئەنئەنىۋى ئىگىلىكنىڭ ئاساسلىق تەسۋىرىدۇر. يەرلىك ئورۇننىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسلانغان ئادەتتىكى سانائەتلەرمۇ بولمىغاچقا، ئەسلىدە بار بولغان قول ھۈنەرۋەنچىلىك زامانىنىڭ شاللىنىشىغا دۇچ كەلدى. نەتىجىدە، دېھقانلار تۈرلۈك ئۆي سايمانلىرى، كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئېرىشىش جەھەتتە نوقۇل ئىستېمالچى ھالەتكە چۈشۈپ قالدى.

نوقۇل يەرگە باغلىنىش، بىر تۇتاش پىلانلانغان مەھسۇلات ئۈچۈن ئىشلەش بۈگۈنكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق فۇنكسىيىسى. بۇنداق ھالەت ئۇزاق ئۆتمۈشتىن بۇيانقى ئادەت كۈچلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ تاشلىيالمىدى. ئادەتتە، ئادەت كۈچىنىڭ ئىككى خىل رولى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئەنئەنىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، يەنە بىرى، جانلىق، ئىجادىي ماسلىشىشقا توسالغۇ بولۇش. بىز بۇ يەردە تىلغا ئېلىۋاتقان ئادەت كۈچى بېكىنمە رايون كىشىلىرىدە بولىدىغان خاراكتېر جاھىللىقى، كاللا ئىشلىتىش جەھەتتىكى قاتماللىق، تەۋەككۈلچىلىك روھىنىڭ يوق بولۇشى، تەشكىللىنىش، تەتبىقلاش ئىقتىدارىنىڭ ئاجىز بولۇشى، ياقا يۇرتلارغا ئىنتىلىشنىڭ سۇس بولۇشى قاتارلىق ئالامەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئىجادكار خەلق ئىچۇۋېتىلگەن جەمئىيەت، ئىچۇۋېتىلگەن سىستېمىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەتكى، ئادەم ئۆزىدىكى قابىلىيەتنى ئىجتىمائىي مۇھىتقا يارىشا جارى قىلدۇرىدۇ.

ئامېرىكا ئىقتىسادشۇناسى ساموئېلسېن ۋە نودخوسلار مۇنداق قارايدۇ: "نۇرغۇن نامرات كىشىلەر تەربىيە كۆرمىگەن بولىدۇ، ئۇلار ئىقتىسادى توختاپ قالغان دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ياشايدۇ ياكى شەھەرلەردىكى نامراتلار رايونىدا يېگانە ھالدا تۇرۇپ قالغان" ( "ئىقتىساد ئىلمى"، جۇڭگو تەرەققىيات نەشرىياتى، 21 ـ نەشرى ) .

نامراتلىق كىشىنىڭ ماتېرىيالنىڭ سەۋىيىسىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ، ماتېرىيال جەھەتتىكى سەۋىيەتسىزلىك نامراتلىقنى نەچچە ھەسسە قاتلايدۇ، بۇ ئاخىر بېرىپ جەمئىيەتتىكى ئىشسىزلىق ۋە ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكنىڭ مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ.

3 . سودا ـ سېتىق بۇرۇنقىغا نىسبەتەن كۆپ جانلاندى . مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھۆكۈمەت شەخسكە نېمە يېيىش، نېمە ئويلاش، نەدە تۇرۇشنى ئېيتىپ بېرىدىغان ۋەزىيەت شەخسلەر ناھىيىلەر ئارا، ۋىلايەت ـ ئوبلاستلار ئارا سودا قىلىدىغان، ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرگە بېرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللانسىمۇ بولىدىغان ۋەزىيەتكە ئۆزگەردى . يېڭى جۇڭگو تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان بۇ ئەۋزەل ۋەزىيەت 80 ـ يىللار ۋە 90 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا خېلى ئوبدان جانلاندى . 70 ـ يىللاردا بىر قاپ سەرەڭگە تېپىشمۇ بەسىي مۈشكۈل ئىدى . كىشىلەر ھازىر زۆرۈر بولغان تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئىشكى ئالدىدىكى بوتكا ياكى ماگىزىنلاردىن بىمالال سېتىۋالالايدىغان بولدى . يەرلىك خەلق باغۋارانلىرى ۋە ئېتىزلىرىدىن چىققان بىر قىسىم مەھسۇلاتلارنى ساتمايتتى . تارىختىكى يىپەك يوللىرىنى ئېچىپ ھىندىستان، چاڭئەن، ئىراق، ئىران، يۇنانلارغا بېرىپ سودا قىلغان، جاھاندا سودىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزگە ئەللەرگە تونۇتقان بۇ خەلق بىر مەزگىللىك يېكىنمە تارىختىن كېيىن گاڭگىراش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى، چۈنكى بۇ خەلق بازارغا بىر نەرسە ئېلىپ چىقىپ سېتىش جىنايەت ھېسابلىنىدىغان غەلىتە دەۋرلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، بۇ ھەقتە بىھېساب ئاچچىق ساۋاقلارنى باشتىن كەچۈردى . تەئەججۈپكى، ئاشۇ رېئاللىقنى ھازىرقى رېئاللىق بىلەن سېلىشتۇرغاندا، زامان ئەلپازىنىڭ ئۆزگىرىشىنىڭ نەقەدەر مەنتىقسىز بولىدىغانلىقى مەلۇم بولدى . مانا ھازىر بازار دېگەن ئۇقۇم كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئەسەبىيلىك دەرىجىگە يەتتى، گويا ھەممە ئادەم "سودىگەر" بولدى . كىشىلەر ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى تاۋارغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىنساننىڭ ئىززىتى دائىرىسىگە كىرىدىغان ۋۇجۇد بايلىقلىرىنىمۇ بازارغا يۈزلەندۈردى . كېلىشكەن بەدەن، دىلرەبا كۆز، ئوتتاشتەك لەۋلەر مۇلازىمەتچىلىكنىڭ ئەڭ گۈزەل ئېلىمېنتلىرىغا ئايلاندى .

بۇ جەرياندا شۇنداق بىر ئاقىۋەت يۈز بەردىكى، بازارنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشى بىلەن ئەنئەنىۋى ئەخلاق ئوتتۇرىسىدا زور بىر ھاڭ پەيدا بولدى . جۈملىدىن، ھازىرقى بازار يەرلىك مىللەتلەرنىڭ قىممەت قارىشى بىلەن يىراق بىر ئارىلىقنى شەكىللەندۈردىكى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى روشەن ھالدا ئىلگىرى سۈردى .

شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەككى، بۇ يەردىكى سودا بىر بولسا خام ئەشيا

سودىسى، بىر بولسا تەييار مەھسۇلاتلارنى يۆتكەپ سېتىش سودىسىدىن ئىبارەت بولغاچقا، كىشىلەرگە قويۇلىدىغان مەدەنىيەت، كەسىپ جەھەتلەردىكى سەۋىيە تەلىپى چوڭ بولمايدۇ. شۇڭلاشقا كىشىلىرىمىزنىڭ ئىلكىدە پۇل كۆپەيسىمۇ، ئۇلارنىڭ سودا ھەققىدە ھاسىل قىلغان بىلىملىرى تەسىراتلار يىغىندىسىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇلاردا سودا ۋەزىيىتىنىڭ ئىچكى - تاشقى ئامىللىرىنى بىلىشكە قىزىقىشتەك ئىستىخىيىلىك ئاڭ مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى تەھلىل قىلىپ، ئۆز پايدىسى ئۈچۈن پايدىلىق پۇرسەتنى ئاڭلىق ھالدا يارىتىش، قولىدىكى پۇللارنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ مۇلازىمەت، كەسىپ، تىجارەتنىڭ يېڭى، زامانىۋى تۈرلىرىنى بەرپا قىلىش، سالمىقى چوڭ بولغان كارخانا - زاۋۇتلارنى قۇرۇپ، ئىلمىي باشقۇرۇش سىستېمىسىغا كىرگەن سۈپەتلىك ئادەملەرنى تەربىيىلەش، ئۆز يۇرتىغا مەدەنىيەت، بىلىم كىرگۈزۈش، ئىلغار تېپىتىكى تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈش قاتارلىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى. ئەلۋەتتە، بۇنىڭدا تۈپ سەۋەب بولمىغاندىمۇ ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ئۇلارنىڭ ياخشى تەربىيە كۆرمىگەنلىكى، يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى تەربىيىلەپ، بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىدىن ئىبارەت.

كىشىلەر يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى مۇسابايوفلار جەمەتىنى ئەسلىسە شۇنى بايقايدۇكى، ئۇلار ھەم سودا قىلغان، ھەم مۇتەخەسسىسلەرنى يۇرتقا تەكلىپ قىلغان، ھەم ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈپ زاۋۇت قۇرۇپ، كېرەكلىك بۇيۇملارنى بىۋاستە ئۆزى ئىشلەپچىقارغان، بىر بۆلۈك ئادەملەرنى ئاشۇ ساھەلەر بويىچە تەربىيىلىگەن. مانا بۇ قۇرۇق نەزەرىيىلەر، ۋەز - نەسىھەتلەردىن تۈزۈلگەن دەرسلىكلەرگە قارىغاندا ئەڭ ئەمەلىي، ھاياتىي كۈچى ئەڭ زور بولغان ھەقىقىي مائارىپ! يەنە شۇنى ئەسلەش كېرەككى، ئۇلار يۇقىرىقىلارنى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە، يېڭى مەكتەپلەرنى ئېچىپ سۈپەتلىك كىشىلەرنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلغان، ھەتتا دەرسلىك قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇنىنىمۇ زامانغا لايىق ئورۇنلاشتۇرغان. مانا بۇ مەكتەپ، جەمئىيەت ۋە زامان بىر گەۋدىلەشكەن تىرىك مائارىپ! بۇ ئەھۋاللار ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەرنىڭ روھىغا ۋە ساپاسىغا مۆلچەرلىگۈسىز ئاكتىپ تەسىرلەرنى بەرگەنكى، ئاشۇ خىل ئىلغارلىق تەسىرىدىكى ياراملىق ئادەملەر بىزنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر كۈچ بېرىپ كەلگەن.

كىشىلەر يەھۇدىيلارنىڭ بايلىق يارىتىش ئىقتىدارىغا شۇنچە قايىل. بىزدە يەھۇدىيلارنىڭ سودا سەنئىتى، سۆھبەت سەنئىتىگە دائىر بەزى كىتابلارمۇ نەشر قىلىندى. ئۇلار سودىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قازاندى؟ بۇ يەردە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ مۇلاھىزىسىگە ئەگىشىپ چارچاپ كەتكەن مېڭىسىگە كىچىككىنە ئارام بېرىش ئۈچۈن يەھۇدىيلاردىكى بىر رىۋايەتنى تەنەپپۇسلۇق سوۋغا سۈپىتىدە ئېيتىپ بېرىشنى لايىق تاپتىم. لېكىن ئوقۇرمەنلىرىمىزدە ئاز - تولا تەھلىل بولۇشى كېرەك. شۇنىڭدىلا ھېكمەت تاپالايدۇ. يەھۇدىيلاردىن ئۆگىنىش يەھۇدىي بولۇپ كېتىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ. كىشىدە ئۆز ۋەتىنى، ئۆز خەلقىگە لايىق توغرا ئەقىدە

بولغاندىلا، ئاندىن يات ئەقىدىلەرگە ئەگىشىپ كەتمەيدۇ. بەلكى يات ئەقىدىلەردىن تېگىشلىك ۋاستە ۋە تاكتىكا قوبۇل قىلالايدۇ.

مەزكۇر رىۋايەت مۇنداق:

"بىر ئېسىلزادە يىراق بىر ئەلنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ، يولغا چىقىشتىن بۇرۇن 10 نەپەر خىزمەتكارىنى ئالدىغا چاقىرىپ، ھەر بىرىگە بىردىن يامبۇ بېرىپ مۇنداق تاپىلاپتۇ:

سىلەر بېرىپ سودا قىلىڭلار، مەن قايتقاندىن كېيىن ئاندىن كېلىڭلار.

بۇ ئېسىلزادە تەييارلىقنى پۈتتۈرۈپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ.

ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بوپتۇ. دەرۋەقە، ئۇ ھېلىقى ئەلگە ئىگە بوپتۇ. ئۇ، غەلىبە ـ نۇسرەت بىلەن قايتىپتۇ. ئۇ، يامبۇ تارقىتىپ بېرىلگەن 10 خىزمەتكارىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلاردىن سودىدا قانچىلىك پۇل تاپقانلىقىنى سوراپتۇ.

بىرىنچىسى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

– ئى خوجايىن، سىز ماڭا بەرگەن بىر يامبۇنى 10 قىلدىم.

– ياخشى، ئاق كۆڭۈل خىزمەتچىم،– دەپ ئۇنى ماختاپتۇ خوجايىن،– ئەڭ كىچىك ئىشتىمۇ ساداقەتمەنلىك كۆرسەتكەچكە، مەن ساڭا 10 شەھەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بەردىم.

ئىككىنچىسى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

– ئى خوجايىن، سىز ماڭا تاپشۇرغان بىر يامبۇنى بەش قىلدىم.

– بۇمۇ ياخشى،– دەپتۇ خوجايىن،– سەن بەش شەھەرنى باشقۇرساڭ بولىدۇ.

يەنە بىرسى كېلىپ مۇنداق دەپتۇ:

– ئى خوجايىن، مانا قاراڭ، سىز بەرگەن بىر يامبۇ مەيەردە، تېخى تەگمىدىم! قورقۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقالماي، ياغلىقىمغا ئوراپ ساقلاپ كەلدىم. مەن سىزدىن قورقاتتىم، چۈنكى سىز قالتىس يامان ئادەم، قويمىغان نەرسىنىمۇ ئالىسىز، تېرىمىغاننىمۇ يىغىسىز. . .

خوجايىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆڭۈپ ـ تاتىرىپ ئۇنى ئەيىبلەپ كېتىپتۇ:

– ھوي ئۇسال مالاي، ئاغزىڭدىن چىققان گېپىڭگە يارىشا ئەدىپىڭنى بېرىمەن! سەن مېنىڭ قالتىس يامان ئادەم ئىكەنلىكىمنى، قويمىغان نەرسىنىمۇ ئالىدىغان، تېرىمىغان نەرسىنىمۇ يىغىدىغانلىقىمنى بىلگەندىكەن، نېمىشقا يامبۇنى بانكىغا قويۇپ، مەن قايتىپ كەلگەن چاغدا ئۆزىنى ۋە ئۆسۈمىنى ئەكەلمەيسەن؟

ئۇ، شۇ گەپلەرنى قىلىپ يېنىدا ئۆرە تۇرغان بىرەيلەنگە دەپتۇ:

– ئۇنىڭدىن ئاۋۇ بىر يامبۇنى ئېلىپ، بىرنى 10 قىلغان خىزمەتكارغا بەرگىن.

– خوجايىن، دەپتۇ يېنىدا تۇرغان ئادەم،– ئۇ، 10 يامبۇ پايدا تاپتىغۇ؟

– مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتايكى،– دەپتۇ خوجايىن،– پايدا ئالالمىغانلارنىڭكىنى ئۇنىڭدا

بارلىرى بىلەن قوشۇپ تارتىۋېلىش كېرەك. پايدا تاپقانلارغا بولسا قوشۇپ بېرىش ۋە ئۇنى ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن كۆپرەك شۇغۇللاندۇرۇش كېرەك".

بۇ بىر ھېكايە. بىراق ئۇنىڭدىن بىر دۆلەتنىڭ مالىيە لوگىكىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. دۇنيادا پۇلدىنمۇ مۇھىم نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ئەستە تۇتقان ھالدا تىجارەت قىلىش كىشىنى پۇلنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرمايدۇ، بەلكى پۇلنىڭ خوجايىنىغا ئايلاندۇرىدۇ. چۈنكى ھاياتتا پۇل كېرەككە كەلمەيدىغان چاغلار كېرەككە كېلىدىغان چاغلاردىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. پۇل تېپىشتىكى غايە ۋە مەقسەتنى توغرا ھەل قىلالمىغان ئادەم مەڭگۈلۈك نامراتلىققا مىخلانغان بولىدۇ. ھېكايىدىن مەلۇمكى، ھاكىمىيەت پۇل تېپىشنىڭ ئېپى بىلەن ساخاۋەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى چۈشەنگەنلەرگە، شۇنداقلا قانداق تەشكىللەشنى بىلگەنلەرگە مەنسۇپ. بۇ يەرگە كەلگەندە كىشىلەرنىڭ سەمىگە مۇھەممەد باھاۋىدىن نەقشىبەندى (1388 - يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ:"دىلىڭ ئىماندا بولسۇن، قولۇڭ ئىشتا (بولسۇن)" دېگەن سۆزىنى سېلىپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولماس.

4. تېلېۋىزور بۇ يەرنىڭ كىشىلىرىگە سىرتقى دۇنيانىڭ ماددىي كۆرۈنۈشلىرى، شەكىل - فورمىلىرى، ياشاش تەرىزلىرىنى ھېسسىي رەۋىشتە تونۇشتۇردى، بولۇپمۇ سىملىق تېلېۋىزىيىنىڭ پەيدا بولۇشى چەت ئەل تۇرمۇشىنىڭ رېژىسسورلار نەزەرىدىكى ئۆزگەرتىلگەن، پىششىقلانغان ياكى بۇرمىلانغان ۋارىيانتىنى كۆپلەپ يۈز كۆرۈشتۈردى. ئارقىدىنلا سىنئالغۇ، سىنقويغۇ، ئاپپاراتلىرىنىڭ تارقىلىشى، LD، VCD، CD پلاستىنكىلىرىنىڭ شىددەت بىلەن ئومۇملىششى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىنى غەربچە مۇھەببەت شەكلى، تۇرمۇش شەكلى، غەربچە مۇناسىۋەت شەكلى، غەربچە قائىدە - يوسۇنلارغا تولدۇرۇۋەتتى ۋە ياشلارنىڭ ئېڭى، قىممەت قارىشىنى تېز ئۆزگەرتىپ تاشلىدى. نەتىجىدە، بىر ئائىلىدە ئاتا - ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئەخلاقىي نىزامدا سۈركىلىش پەيدا بولۇپ، ئاتا - ئانا ۋە بالا ھەمجەھەتلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان مىللىي ئەخلاق ئەنئەنىسى قاتتىق خىرىسقا دۇچ كەلدى. ئائىلە تەربىيىسى (شەھەرلەردىكى مىللىي ئائىلىلەردە ئائىلە تەربىيىسى دېگەن نەرسە بارغانسېرى يوقنىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالدى). مەكتەپ تەربىيىسى قاتارلىقلار جەمئىيەتتىكى چىرىكلىكلەرنىڭ تەسىرى ئالدىدا ئۈنۈم بەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئەنئەنىۋى ئائىلە قۇرۇلمىسى دەۋرنىڭ قارا دولقۇنلىرى ئىچىدە قالدى. يىگىتلەر نىكاھقا كەلگەندە قىزلىق ئېپپەتكە قاتتىق دىققەت قىلىشتىن سەل قاراشقا ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزلىق ئېپپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئوپېراتسىيىسىنىڭ تىجارەت شەكلى سۈپىتىدە ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىشى ئېپپەتكە قويۇلىدىغان نازۇك تەلەپنى مۈجمەللەشتۈرۈۋەتتى. خروئىن بىلەن ئەيدىز كېسىلى ئائىلىلەرنىڭ نورمال تۇرمۇشى ۋە مۈلكى ئاساسىنى بىتچىت قىلىپ تاشلىدى. ھاراق كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادى، ۋاقتى ۋە سالامەتلىكىنى خورىتىدىغان ئاستا خاراكتېرلىك چىرىتكۈچكە ئايلاندى.

بىز ھازىر كىيىم - كېچەك فورمىلىرى جەھەتتە دۇنياغا يۈزلەندۇق. غەربچە تۇرمۇشقا ياتىدىغان يېڭى يىل بايرىمى، تۇغۇلغان كۈن خاتىرىسى شەھەرلىك كىشىلىرىمىزگە ئۆزلەشتى. چاچلىرىنى ئالتۇن رەڭگىدە بويىغان، مادۇننانىڭ سىياقىدا كىيىنىۋالغان قىزلار، HILTONKENT ماركىلىق سىگارتلارنى چېكىپ، ۋېسكى، براندىلارنى ئىچىپ يۈرىدىغان يىگىتلەرمۇ بىزدە كۆرمىلىك. ئەلۋەتتە، ياغلىق ۋە رومالارغا چۆمكىلىپ يۈرىدىغان قىز - ئاياللىرىمىزمۇ بار. رەستىلەردە غەربچە مۇلازىمەت قىلىدىغان رېستورانلار بىلەن كىچىك ئاشپۇزۇللار گىرەلىشىپ كەتتى. رېستورانلاردا ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل بىلەن تانسا - دىسكولار بىرلىشىپ كەتتى. ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىزدىمۇ نۇرغۇن ئىقلىملارنى دوراپ، مىللىي مېلودىيىلىرىمىزنىمۇ ئەبجەش بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدۇق.

قارىغاندا، بىز خەۋەر تاپقانلىكى دائىرىدە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئىمپورت قىپتۇق. بىز ھازىر يەر شارىدىكى ھەر قانداق مۇراسىم قائىدىلىرى، يەپ - ئىچىش ئۇسسۇللىرىنى ئۆزىمىزگە مۇجەسسەم قىلىپ، شەنبە - يەكشەنبىلىرىمىزدە، ھەتتا ھەپتە ئارىلىقلىرىدىكى ئاخشاملاردىمۇ خالىغانچە سورۇن تۈزۈدىغان، توي ۋە چايغا ئالدىراپ مېڭىشقان كىشىلەر كوچىلاردا بىر - بىرىمىزگە تەكرار دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان بوپقالدۇق. كەچلەردە باللار بىلەن بىللە بولۇپ ئاتا - ئانىنىڭ تەربىيىسىنى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت ئەۋلاد قوغداش ئىشىغا سەل قارايمىزكى، بىرەر قېتىملىق ئولتۇرۇشتىن قېلىشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەلبى دۇنيادىكى ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە مۇراسىملارنىڭ مۇزېيىغا ياكى ئەخلەتخانىسىغا ئايلاندى. بىز ھاراق ئىچتۇق، بىراق ھاراق ئىشلەيدىغان تېخنىكىغا قىزىقمىدۇق؛ تېلېۋىزور، توڭلاتقۇلارنى ئىستېمال قىلدۇق، ئەمما ئۇنىڭ تېخنىكىسىنى ئۆگەنمىدۇق. غەربچە كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك، قائىدە - يوسۇنلارنى ئەكىردۇق، بىراق ئۇلارنىڭ ئىجادچان روھىنى ئەكىرمىدۇق. خروئىن ۋە ئەيدىز كېسىلىنى ئەكىردۇق، بىراق بەدەن ۋە روھنى تاۋلاپ غالىبلار قوشۇنىنى تۇغۇدىغان رىقابەت ۋىجدانىنى ئەكىرمىدۇق. دېمەك، بىز مەدەنىيەتنىڭ شەكلەن ھادىسىلىرىگە قىزىقىپ، ئۇنىڭ مېغىزى ۋە ماھىيىتىگە يەتمىدۇق. شۇڭلاشقا بىزدە غەربچە ئىستېمالغا ئادەتلەنگەن بولسىمۇ، ئىچى قۇرۇق ئادەملەر ساماندەك ( كەچۈرۈڭلار، سامانمۇ ئۇنچىۋالا ئەرزان ئەمەس ). بىزدىكى نۇرغۇن ھاللىق كىشىلەر چاچلىرىنى 20 - ئەسىرنىڭ زامانىۋى پاسونىدا ياسىتىپ يۈرسىمۇ، كاللىسىدا ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىزنامۇ يوق. زامانىۋى چاچ پاسون كونا زامانغا مەنسۇپ پىكىر شەكلى... مانا بۇلارنىڭ بىرلىكى بىزدىكى ئاچچىق كومېدىيىلىك قىسمەتنىڭ ماددىي تەسۋىرى.

5. پوتكۇل 20 - ئەسىر بۇ ئىقلىمنىڭ زىيالىيلىرى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە سۈپەتتىكى يىللار بولدى. بۇ سۈپەتنى قانداق يورۇتۇپ بېرىش ناھايىتى تەس. "زىيالىيلارنىڭ بۇرچى ئىنسانىيەت ئۈچۈن يول ئېچىش، نادانلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، خەۋپ - خەتەردىن ئاگاھلاندۇرۇشتىن

ئىبارەت ئۇلۇغ روھ ئارقىلىق تىنىمسىز كۈرەش قىلىشتۇر. جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخىدا بۇنداق زىيالىيلارنى چىقمىدى دېگىلى بولمايدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ كۆپ كەچۈرۈشى تولىمۇ قىيىن بولغان". لى مېڭ ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزى بىزنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى مۇھتىمىزغىمۇ تازا ماس كېلىدۇ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇپ، پەن ـ مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تىنچلىقنىڭ مۇساپىسى باشلاندى. بىراق جۇڭگودا تاكى پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا قەدەر مۇقىم تىنچلىق بولمىدى. بۇ ئارىدا تۈرلۈك ئىنقىلابلار ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇردى، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" يۈز بەردى. نەتىجىدە، جۇڭگو خەلقى مىللىي تەرەققىياتقا كېرەكلىك نۇرغۇن مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. رايونىمىزنى ئالساق، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يىللار يول ئېچىش تالانتىغا ئىگە پىكىرلىك ئەزىمەتلەرنى دەپنە قىلىش يىللىرىدىن ئىبارەت بولدى.

3 ـ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى 20 يىل مابەينىدە مائارىپ جانلىنىش باسقۇچىغا كىردى. مەدەنىيەت، مائارىپ، تەنتەربىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، نەشرىيات ئىشلىرى يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە گۈللەپ ـ ياشنىدى. زىيالىيلار قوشۇنىنىڭ سالمىقى زامان ئېھتىياجىغا يارىشا تەدرىجىي ئاشتى. بۇ مەنزىرە ئەلۋەتتە، بۇرۇن تۈزۈلۈك خاتىرجەملىك كۆرۈپ باقمىغان خەلقنى كۆپ خۇرسەن قىلدۇ. بۇ قېتىملىق گۈللىنىشتە ئەدىبلەر ۋە سەنئەتچىلەر قوشۇنىنىڭ سالمىقى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. مۇئەييەن بىر تارىخىي دەۋرنى يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان زور ھەجىملىك رومانلار بارلىققا كەلدى. ئالىي مەكتەپلەردە، ئاكادېمىيىلەردە ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقاتچىلار قوشۇنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا تىل ـ ئەدەبىيات كەسپلىرى بويىچە دوكتور تەربىيىلەش ئورنى ۋۇجۇدقا كېلىپ ئىش باشلىدى. بىز كىشىنى خۇشاللاندۇرىدىغان ئاشۇ يۈزلىنىشلەر بىلەن ئۈمىدكە تولغان ھالدا 21 ـ ئەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالدۇق. ۋەھالەنكى، 21 ـ ئەسىردە قانداق ئەسىر بولىدۇ؟ئىنسانلار 21 ـ ئەسىردە نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟ قانداق ياشايدۇ؟ دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ تەرتىپ يۆنىلىشىدە قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ خەلقئارا قۇرۇلمىنىڭ ئىسلاھاتى قايسى خىل قىممەت قارىشىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ؟ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى قانداق خاراكتېر ئالىدۇ؟ ئىنسانىيەت نېمىلەرگە دۇچ كېلىدۇ؟ نۆۋەتتىكى تەرەققىياتتا بىز قايسى خىل ئورۇنغا ئېرىشىمىز؟ مانا بۇ مەسىلىلەر بىزنىڭ ئاشۇ ئۈمىدۋار زىيالىيلىرىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. غەربنىڭ تۇيغۇن زىيالىيلىرى بۇ مەسىلىلەرنى خەلقئارا سەۋىيىدە قىياس قىلىپ بولدى، بىزگە بولسا پەقەت ئاشۇ مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىشنىڭ ئۆزىلا قالدى.

4

رېئاللىق پاكىت دېمەكتۇر. بىز ئالدىمىزدا تۇرغان كومپيۇتېرنىڭ كۇنۇپكا تاختىسىنى قانداق

ئىشلىتىشنى بىلسەكلا، دۇنيانىڭ ئەڭ يىراق يەرلىرىمۇ بىزگە يېقىن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى. بەلكىم ئاللە - يەتتە يىل ئىلگىرى بولسا كېرەك، ئامېرىكا كېلەچەكشۇناسى يوھان نەسبىتنىڭ "بۈيۈك يۈزلىنىش" دېگەن كىتابى ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىپ، كىشىلەردە ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. ئۇ چاغلاردا قىزىق لەتىپىلەرگە، نەپس ئۇسسۇللارغا خۇمار خەلقىمىز ئۇنداق نەرسىلەرگە دىققەت قىلمايتتى. ئويغىنىشنىڭ ئەقلىي تېرەنلىكىگە يەتمىگەن خەلق ھامان ئۆزىنىڭ ئاقىل كىشىلىرىنى نامرات، ئېتىبارسىز ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ - دە، پۈرسەتپەرەسلەرنى سەمرىتىپ كۆرەڭلىتىۋېتىدۇ. يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ ئارىمىزدا ئىنكاس پەيدا قىلماسلىقى ئالدى بىلەن ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا جۈرئەت قىلغان كىشىنىڭ ئەمگىكىنى سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىتىدۇ. شۇڭلاشقا ئىلمىيلىكى ئۈستۈن، خەلقنىڭ ئەقلىي بايلىقىنى ئاشۇرىدىغان ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرغان ياكى ئىجاد قىلغان كىشىلەر ھېلىھەم بازار تاپمىدى. بىز ئەسلىتىۋاتقان ئاپتور يوھان نەسبى ئەڭ تەرەققىي قىلغان دۆلەت ئامېرىكىنىڭ ھازىرى ۋە كەلگۈسىنى تونۇشتۇرۇپ، 21 - ئەسىردىكى قىياپەتلەردىن بەزى بېشارەتلەرنى بەرگەنىدى. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، باشقا بېشارەتچىلەردىن خەۋەر تاپقان ئۇچۇرلىشىش، يەر شارىلىشىش دولقۇنى بۈگۈن ھەقىقەتەن يېتىپ كەلدى.

بىر كېچىدىلا شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ پۇل مۇئامىلە ساھەسىنى مۇنقەرز ھالەتكە چۈشۈرۈپ كىرىزىس كەلتۈرۈپ چىقارغان جورجى سوروسنى بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز ئازدۇر - كۆپتۇر بىلىدۇ. ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇنىڭ بايلىقى 42 دۆلەتنىڭ بايلىقىدىن زور بولۇپ، دۇنيا پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

قەيەردە شالتاق بولسا، شۇ يەردە چۆشۈن بار.

قەيەردە بالا - قازا بولسا، شۇ يەردە جورجى بار.

مانا بۇ، دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ سوروس ھەققىدىكى ئىخچام تەسۋىرى. مۇشۇ بىر مىسالنىڭ ئۆزىلا ئىقتىساد ۋە سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ دۇنياۋى بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مەلۇمكى، بۈگۈنكى دۇنيانى چۈشەنمىگەن ئادەم ئۆزىنى تولۇق چۈشىنەلمەيدۇ.

1980 - يىلى ئامېرىكا كېلەچەكشۇناسى ئالۋىن توفلېر "3 - دولقۇن" ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇرۇپ، "ئىنسانىيەت يېڭى ئىگىلىكلىشىش، سانائەتلىشىش دولقۇننى تاماملاپ بولدى، ئەمدى ئۈچىنچى دولقۇن ئۇچۇرلىشىش دولقۇنى يېتىپ كېلىدۇ" دېگەنىدى. ئۇ يەنە 1990 - يىلى نەشر قىلدۇرغان "ھوقۇقنىڭ كۆچۈشى" ناملىق ئەسىرىدە، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمران كۈچى پۇلدىن بىلىمگە يۈزلەندى، دەپ ھۆكۈم قىلدى.

1973 - يىلى ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جەمئىيەتشۇناسى دانىل بېل "كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتىنىڭ يېتىپ كېلىشى" دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ قالتىس غۇلغۇلا قوزغىغان. ئۇ، سانائەت دەۋرىنى مۇنداق ئۈچكە بۆلگەن: "ئالدىنقى سانائەت جەمئىيىتى ئىپتىدائىي ئەمگەك

كۈچىگە تايىنىپ، تەبىئەتتىن دەسلەپكى بايلىقلارنى ئېلىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. سانائەت جەمئىيىتى بولسا يۇقىرىقىلارنى مەركەز تاۋار ئىشلەشكە تەشكىللىنىش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. كېيىنكى سانائەت جەمئىيىتى بولسا بىلىمنى چۆرىدەپ مەيدانغا چىقىدۇ" ( "بىلىم ئىگىلىكى دولقۇنى" دېگەن كىتابقا قارالسۇن. تاۋدېيەن تۈزگەن. جۇڭگو شەھەر نەشرىياتى 1998 - يىل 7 - ئاي نەشرى ) . دېمەك، 21 - ئەسىر"بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى" دەپ ئاتالماقتا. 11 - ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ "بىلىم - بەخت دېمەكتۇر" دېگەن ھۆكۈمىنىڭ كۈچى نۆۋەتتە تېخىمۇ روشەن ئىسپاتلىنىش ئالدىدا تۇرىدۇ. بىراق يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن سىستېمىغا كەلتۈرگەن دۆلەت ۋە بەخت - سائادەت قاراشلىرى كېيىنچە نەگە كەتكەن بولغىيدى؟ ئەڭ بالدۇر باشلانغان ئەنئەنە كېيىن نېمە ئۈچۈن يىگىلەپ قالدى؟ بىز بۇنىڭ جاۋابىنى تارىخچىلارنىڭ تېپىشىغا قالدۇرىمىز.

كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەسكى ، مىللىتىمىز تېخىمۇ ئېغىر سىناقلارغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. تەكەللۇپ قىلماي ئېيتقاندا، بىز ھازىرقى سۈپىتىمىز ۋە زىيالىيلار قاتلىمىمىز بىلەن كەلگۈسىدىكى مۇشكۈل سىناقلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايمىز. ئەمدىكى سىناق ھايات - ماماتلىق خاراكتېرى كەسكىن بولغان شەپقەتسىز سىناق بولۇپ، بۇنىڭدا شاللانغانلار يېڭى تارىخي مۇنبەردىكى غالىبلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى يېڭى قانغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، خەلقنى باياشات قىلىدىغان ھەقىقىي ئامىل شۇ خەلق ياشاپ كەلگەن زېمىندىكى كان بايلىقلىرى ياكى خام ئەشيالار ئەمەس، باشقىلارنىڭ تاسادىپىي ياردىمىمۇ ئەمەس، ھەتتا نوقۇل ئىلىم - پەننىڭ ئۆزىمۇ ئەمەس. ئۇنداق بولسا بۇ ئامىل نېمە؟ بۇ، ئىلىم - پەننى قورال قىلغان توغرا ئەقىدە. ئىلىم - پەن ئېينىشتېيىننىڭ ئىزاھلىشى بويىچە ئېيتقاندا "كىشىلەرنى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە ئويلاندۇرىدۇ ۋە شەيئىلەرنى تەكشۈرىدۇ". دېمەك، ئۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىزدەيدۇ. مەلۇم بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. بۇ ھۆكۈم يېڭى بايقالغان ئۆزگە بىر قانۇنىيەت تەرىپىدىن ئىنكارغا ئۇچرايدۇ. بايقاش، ھۆكۈم، ئىنكار، ئىنكارنى ئىنكار قاتارلىقلار ئىلىم - پەن تەرەققىياتىنىڭ يولىدۇر. مەلۇمكى ، بۇ جەريانىدا نەچچە ئون يىل ھەتتا ئەسىرلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ھەرقانداق قانۇنىيەت ئۆزى رول ئويناۋاتقان دائىرىدە كۈچكە ئىگە، ئۇ يەنە بىر دائىرىدىكى قانۇنىيەتنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ.

روشەنكى ، بارلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ ئورتاقلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر مۇتلەق قانۇنىيەت بار. ئۇ، چوڭقۇر ئىنسانىي ھېسنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇ ھېسنى ئاستا - ئاستا پەرۋىشلەپ مۇكەممەل ئەقىلگە ئايلاندۇرىدۇ، بۇ ئەقىل پەننى توغرا يۆنىلىشكە، ئىنساننىڭ ھالال بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

مۇھەببەت ئادەمدىكى بىرقەدەر ئالىي ئېھتىياجدۇر، ئېتىقاد مەنىۋى ئېھتىياجلارنىڭ ئەڭ ئالىيسىدۇر، ئەقىدە ئېتىقاد يولىدىكى ھەرىكەتتۇر ۋە بۇ ھەرىكەت جەريانىدا تونۇلغان ھەمدە

ئەقىل، قابىلىيەت، ئىنسانىي تەبىئەت تەرىپىدىن تەستىقلانغان ساپ ھەقىقەت مەجمۇئەسىدۇر. ئۇ بىر كامالەتتۇركى، ئىنسان ئۇنىڭغا ھەيران قىلىش بىلەن سىغىنىدۇ، لەززەت تاپىدۇ. مەنىۋى دۇنياسىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلايدۇ. ئىنسان چەكسىز داۋام قىلىدىغان ئەنە شۇ روھ سەپىرىدە ئىلھاملىنىدۇ، ئۆزىدىكى مۇۋاپىق كۈچ - قۇدرەتنى، ئىجاد ھەۋەسىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئۇ ئۆزى مەدەت ئىلىۋاتقان ۋە سۆيۈنۈۋاتقان ئەنە شۇ روھ مەركىزىگە يېقىنلاشقانسېرى ئۆزىدە سادىر بولغان بەدىئىيلىك ۋە قانخورلۇقلاردىن ئىبرەت ئالىدۇ، يىرگىنىدۇ. ئىنسانلار ئارا بولىدىغان، ئىرق، مىللەتتىن ھالقىغان قېرىنداشلىق مېھرىنى روشەن تونۇشقا باشلايدۇ.

لېكىن، پەن - تېخنىكا ئاجايىپ گۈللەنگەن، مەئىشەتچىلىك ئەۋج ئالغان 20 - ئەسىردىمۇ كىشىلەر ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغاندەك ئەخلاقىي تاكامۇللۇقنى تاپالمىدى. ئەكسىچە، ئېغىر ئەخلاقىي كرىزىسقا پاتتى. شۆھرەتلىك فرانسىس فوسان: "تارىخنى ئىقتىساد نۇقتىسىدىن شەرھلەش مۇكەممەل ئىش ئەمەس. ئۇ، كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. چۈنكى ئىنسان نوقۇل ئىقتىسادىي ھايۋان ئەمەس" دەيدۇ. ئامېرىكىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى نىكسونمۇ "تېخنىكا ماددىي جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالايدۇ، لېكىن سىياسىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ" دېگەنىدى. بىز ماقالىمىزنىڭ ئىككىنچى بۆلىكىدە غەرب دۇنياسىدىكى كرىزىسلىق ۋەزىيەتنى تېز سىزما ئۇسۇلدا ئىشارە قىلىپ ئۆتتۇق.

بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق روناق تېپىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە، بىراق ئۇنى توغرا، گۈزەل غايە بىلەن تەمىنلەش تېخىمۇ مۇھىم. خەلقىمىزدە "ئەقىدىسىز ئالىم كىتاب ئارتىلغان ئېشەك" دېگەن گەپ بار.

بىلىملىك ئادەمنىڭ چوقۇم ياخشى ئادەم بولۇپ كېتىشى ناتايىن. فاشىستلارنىڭ سىياسىي ھەۋەسى ئۈچۈن ۋەھشىي قوراللارنى تەتقىق قىلىپ بەرگەن كىشىلەرمۇ قالتىس بىلىملىك ئىدى. ئۆزىدىكى مول تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىنسانغا خىلاپ مەنىسىدە ئىشلىتىۋاتقان ئالىملاردىن بۈگۈنمۇ تالايلاپ تېپىلىدۇ. ئارىمىزدا ئاز - تولا بىلىملىك ئادەملەرمۇ بار، بىراق ئۇلارنىڭ بىلىمى ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاران ئۆتكۈزۈشتىن ئاشمايدۇ. خۇددى نەم تارتىپ قېپىپ قالغان ئوقيا نىشانغا تەگمىگەندەك، بىلىم ئىلىشتىكى توغرا غەرەزنى تىكلىيەلمىگەن زىيالىي ئۆز خەلقىگە مەنپەئەت يەتكۈزەلمەيدۇ. ئەكسىچە زىيانلىق رول ئوينايدۇ.

بىزگە ئىلىم - پەن، تېخنىكا ساھەسىدىكى ئۆتكۈر زىيالىيلار تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى بىزدە يوق بولۇۋاتقىنى ئەنە شۇلار. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بىزدە يوق؟ بۇنىڭغا جاۋاب تېپىشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مەسىلە. بىز دانىل بىلىنىڭ سانائەت تەرەققىياتىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتتۇق. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا سېلىشتۇرساق، بىز ھەتتا سانائەتنىڭ بىرىنچى باسقۇچى دەۋرىگىمۇ كىرمەيدىكەنمىز، مۇشۇ ھالىتىمىز بىلەن بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىگە كۆچىدىكەنمىز. ئەجەبا، 21 - ئەسىردىكى ئاۋات شەھەرلەرنىڭ خالتا كوچىلىرىدا كاۋاپدانلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش يېڭى

ئەسىرلىك رىزقىمىزمىدۇ؟

شۇ چاغدا يېڭى ئېچىلغان ماگىزىنلارنىڭ ئالدىدا ناغرا چېلىپ بېرىپ پۇل تاپقىلى بولارمۇ؟ هازىرقى ھالىتىمىزدىن قارىغاندا، جەننەتكىمۇ كاۋاپدان كۆتۈرۈپ كىرسەك كېرەك.

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بىلىم كېرەك بولىدۇ، زىيالىيلار جەمئىيەت چاقىنىڭ ئوقىغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق دېسەك "زىيالىي" دېگەن ئۇقۇم "سىنىپ" ئۇقۇمى بىلەن ئوخشاشتەك كۆرۈنىدۇ. بىراق جەمئىيەت پۇقرالىرىغا بىلىم تەلىپى قويۇلۇۋاتقان شارائىتتا "زىيالىي" دېگەن ئۇقۇم خەلقنىڭ گەۋدىسى بىلەن بىر تۇتاش بولىدۇ. شۇنداق ئەھۋالدا سىنىپ شەكلىگە كىرىپ قالغان زىيالىيلارنى تەسەۋۋۇر قىلىش ئارتۇقچە بولىدۇ. كۆز ئالدىمىزدىكى بۇ خىل رېئاللىقنى مىللىتىمىزگە تەتبىقلىساق، بىزدىكى مەسىلىمۇ زىيالىيلاردىكى سۈپەت مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

بىزدىكى زىيالىيلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

5

20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخى ئىلغار زىيالىيلارنىڭ بوھرانغا ئۇچراش تارىخى. بۇنىڭ سەۋەبلىرى مۇرەككەپ بولۇپ، كۆپ خىل ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زىيالىيلار قۇرۇلمىسىنىڭ مۇرەككەپلىكى، تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئىدېئولوگىيە قوبۇل قىلىشتىكى مەنبەنىڭ ئوخشىماسلىقى، خەلقنىڭ ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدا چۈشەنمەسلىكى . . . مانا بۇلار كونكرېت مەسىلىلەر بولۇپ، ئۇلارنى بىرمۇ بىر يېشىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزىمۇ بىر تېما. بۇ تېما يېتەرلىك ئەمەلىي ماتېرىيال، كۆپ قىرلىق مۇلاھىزە مېتودىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز پەقەت يۇقىرىقى تارىخىي سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان بەزى ئاجىزلىقلار ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىمىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقى زىيالىيلار پاجىئەسى بىر قىسىم تارىخىي رومان، قىسسە ۋە تەرجىمىھاللىرىمىزدا مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتى. ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان يىغلىقلار، قوزغىلاڭلار ۋە سىياسىي ئۆزگىرىشلەر زىيالىيلارنى يېتىشتۈرىدىغان مۇھىتنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا يول قويمىدى، شۇنداقلا بار بولغان ئازغىنا زىيالىيلارنى ئامان قويمىدى. ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى ئەپەندى، قۇتلۇق شەۋقىي، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىق باھادىر ئوغلانلار ئەينى دەۋردىكى خەلقنىڭ جاھالەتتىن قۇتۇلۇش كۈرىشىنىڭ يارقىن سەمەرىلىرىدۇر. بۇ سەمەرىلەر يەنە ئۆزىگە ئوخشاش سانسىز ئەزىمەتلەر پەيدا قىلغان جەڭگىۋار مۇھىتنىڭ نامايەندىلىرى بولۇپ، بەئەينى ھەربىر جۈملىسىدىن ئىسسىق قاننىڭ تەپتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئۇسلۇبى جۇشقۇن، ھەيۋەتلىك نۇتۇقنىڭ باش ماۋزۇلىرىغا ئوخشايدۇ.

مەردلىك جۇشقۇن ۋە ئېگىلمەس بولىدۇ، نامەردلىك ئەۋرىشىم ۋە يېپىشقاق بولىدۇ. سىياسەت مەردلىكنى يېپىنچا، نامەردلىكنى ماھىيەت قىلىدۇ. بۇ ماھىيەت سان ـ ساناقسىز ئاچچىق ساۋاق، تەجرىبە، نەيرەڭۋازلىقنى كەسىپ قىلغان ئەقلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. سىياسەت ئىبلىسقا ئوخشايدۇكى، ئۇ، ئىنسان تەبىئىتىگە مۇرەسسە قىلىش ۋە ئۇنى ئاستا ئۆزىگە مايىل قىلىش يولى

بىلەن كىشىلەرنى رام قىلىدۇ، ئۇلارنى ئۆزى كۆزلىگەن مەنزىلگە تۈيدۇرماي باشلايدۇ. ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىنقىلاب ئىبادەتكە ئوخشايدۇكى ، ئىبلىسنىڭ ھۈنىرىدىن خەۋىرى بولمىغان ئادەم شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، نەتىجىدە، ئىبادىتى ئىبادەت بولمايدۇ، نۇسرەت تاپالمايدۇ. خوجىنىيازھاجى ، تۆمۈر خەلپىلەر ئالغان تەھەرەتلىرى ھالال بولسىمۇ، شەيتاننىڭ ھۈنىرىدىن تولۇق خەۋەردا بولمىغاچقا، تەرەت ئۈزۈلگىنىنى بىلمەي قالدى. ئۇلار ئۈزۈنغا بارماي سۇنغان . بىزنىڭ تارىخىمىز بۇنداق مىساللارغا تولىمۇ باي . شۇڭلاشقا "قەھرىمانلار ئۇق يېگەن، ئەۋلادلىرى پوق يېگەن" .

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، باشتا ئېيتىلغاندەك گۇللىنىشنىڭ تىنچلىقتىن ئىبارەت ئاساسى تىكلەندى. بىراق "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" يەنە بىر قوشۇن زىيالىيلارنى خەلقتىن ئايرىۋەتتى . بۇ تۇپەيلى كېلىپ چىققان ئۈزۈكچىلىك بىز بېسىپ ئۆتكەن شانلىق 20 يىل ئىچىدە ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمىدى .

1930 ـ ۋە 1950 ـ يىللارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان زىيالىيلارنىڭ تولىسى ئارىمىزدا يوق، بارلىرى ياشىنىپ قالدى . بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ تۈركۈمدىكى زىيالىيلارنىڭ پائالىيەتچانلىق رولى ئاساسەن ئاخىرلاشتى . ھازىرقى نۇقتىلىق ئىجتىمائىي قاتلاملاردا رول ئويناۋاتقانلارنىڭ كۆپ قىسمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كىرگەن ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەن . ئۇلار ئۆگەنگەن دەرسلىكلەر رۇسچە ئىدى ياكى رۇسلار ئەندىزىسىدىكى مىللىيچە كىتابلار ئىدى . ئەمما يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىزم مەپكۇرىسىنى بىۋاستە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۇستقۇرۇلمىسىنىڭ تەسىرى ئارقىسىدا قوبۇل قىلىشقان. پەن ـ تېخنىكىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئاتوم بومبىسى كەبىي مۆجىزىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشىدىن كەلگەن قايىللىق ئارقىسىدا سىڭگەن ئاتېئىزم روھى ئۇلارنىڭ ئوبيېكتىپ خىزمەتلەرنى بېجىرىشىدىكى يېتەكچى ئىدى . ئەمما ئۇلار خىزمەت ئىشلىگەن مۇھىت مەنىۋى جەھەتتىن قانداق ئىدى ؟

ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئۇلارنىڭ چوڭ بولغان مۇھىتى مۇسۇلمانلار مۇھىتى ، ئۇلاردا بۇ خىل مۇھىتنىڭ مەلۇم تەسىرى بار. ئۇلار ئالىي مائارىپ ھاياتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئۆز خەلقى ئارىسىدا خىزمەت قىلدى . ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى بويىچە ئېيتقاندا، بۇ كادىرلار قوبۇل قىلغان ئىدىيە يەرلىك خەلقنىڭ ئەنئەنىۋى ئىدىيىسىگە نىسبەتەن يېڭى ۋە ئۆزگىچە بولغاچقا، كادىرلار بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدا بەزى پەرقلەر مەۋجۇت بولدى ـ دە، كادىرلار بىلەن خەلق ئاممىسى گويا ئىككى سىنىپ كىشىلىرىدەك بولۇپ قېلىشتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كادىرلار ماددىي تۇرمۇش شەكلى جەھەتتىن رۇسلاردىكى ياۋروپاچە يۈسۈننى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزلەشتۈرگەن بولۇپ، مىللىي تۇرمۇشنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىگە

ئالاھىدە بىلىنىدىغان بىر قىسىم رەڭلەرنى قوشتى ( بۇ، چېكىش ، ئىچىش ، كىيىش ، ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتلەردە كۆرۈلدى ) . بۇنداق ئەھۋاللار يالغۇز بىزدىلا كۆرۈلگەن ئەھۋال ئەمەس، تارىخي مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇنداق ئەھۋاللار پېتىر دەۋرىدىكى روسىيىدىمۇ كۆرۈلگەنىكەن. پېتىر غەربىي ياۋروپالىششنى يولغا قويغاندىن كېيىن، روسىيىنى غەربىي ياۋروپا ئەندىزىسىگە ئۆندەيدىغان زىيالىيلار قوشۇنى بارلىققا كەلگەن. بۇ زىيالىيلار 19 - ئەسىردە غەربىي ياۋروپاغا ئۆزلىرى خالاپ كۆچمەن بولغان ياكى سىياسىي پاناھلىق ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن بىر تۈركۈم كىشىلەر ۋە ياكى ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. ئۇلار غەربىي ياۋروپا ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغانلار بولۇپ، غەربىي ياۋروپا ئاڭ فورمىسى ئارقىلىق روسىيىنى قۇتقۇزۇشنى ئويلاشقان. بىراق بۇ، خەلق بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ بىر ئارىلىقنى شەكىللەندۈرۈپ قويغان. "خەلقنى يىلتىز دېسەك، زىيالىيلار ئاشۇ يىلتىزدىن ئېچىلغان چېچەك. زىيالىيلاردا شۇنداق بىر كېسەل باركى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئادەتتىكى خەلققە ئوخشىمايمىز، دەپ قاراپ ئەتەي پەرق كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدۇ" ( ياپونىيىنىڭ خەلقئارا جامائەت ئەربابى چىتىيەن دازونىڭ سۆزى ) . بۇنداق ئەھۋال ئەلۋەتتە ساغلام بولمىغان ئەھۋالدۇر. ئۇنداق بولغاندا خەلق ئۆزىگە راستتىن نەپ كەلتۈرىدىغان تەربىيىدىن مەھرۇم قالىدۇ. زىيالىي ئۆزى بىلەن خەلققە ئورتاق ۋە ئومۇمىي بولغان مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالمايدۇ.

ماركسىزم مىللىي مەسىلىلەرنى ئالاھىدە دىققەت بىلەن تەتقىق قىلىدۇ. چۈنكى مىللەت دېگەن ئۇقۇم ئابستراكت بولغان بىلەن، مىللەتنىڭ ئۆزى كونكرېت بولىدۇ. ئۇنىڭدىكى كونكرېتلىق زېمىن، تىل، دىن، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، ھوقۇق قاتارلىق بىر تالاي مەزمۇنلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئوبيېكتىۋىزملىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بىلىش ئۆز ئوبيېكتىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلىلەردىن تارتىپ ئەڭ كىچىك مەسىلىلەرگە قەدەر ھەممە نەرسىنى سەممىي نەزەرگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا مىللەتتىكى يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلەر ئېنىق ئەكس ئەتتكەن ۋە ھۆرمەت قىلىنغان. قانۇن ئاساسىي خىزمەتلەردىكى ئىلمىيلىك ۋە ئۈنۈمنىڭ كاپالىتى . زىيالىيلار ۋە كادىرلار ( ئەسلىدە بۇ ئىككى ئۇقۇم بىر گەۋدە ) ئەمەلىي خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئىلمىيلىكتىن كەلگەن مۇشۇ پرىنسىپنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەك بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىنكى زىيالىيلار كوممۇنىزم ئىدىيىسى بىلەن تەربىيىلەنگەن، بىراق بۇلارنىڭ ئىلگىرىكىسى بىلەن ئوخشاشمايدىغان يېرى، بۇلار كوممۇنىزم تەربىيىسىنى پروفېسسور ئەپەندىلەرنىڭ دەرسلىكلىرىدىن ئالغان، ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى بىۋاستە تولۇقى بىلەن ئوقۇغانلار ئاز. ماركس ، ئېنگېلسلارنىڭ ئەسەرلىرى 50 تومدىن ئاشىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ كېتىش مۇمكىن بولمىغاندىمۇ، ماركسىزمنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىنى تولۇق ئۆگىنىش ، ماركسىزمنى يېتەكچى قىلغان دۆلەتنىڭ كادىرلىرىغا نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم. دېمەك، بۇلار يا ماركسىزمنى تۈزۈك بىلمەيدۇ، يا ئۆز خەلقىنىڭ تارىخى ، مەدەنىيىتى ،

ئۆرپ - ئادىتىنى تولۇق بىلمەيدۇ. ماركسنىڭ ئالدىغا بارسا ماركسقا يارىمايدىغان، خەلقنىڭ ئالدىغا بارسا خەلققە يارىمايدىغان بىر قىسىم زىيالىيلار پارتىيە سىياسىتىنىڭ ئىجرا بولۇشىدىكى توسالغۇلاردۇر. دۇنيادا بىرەر نەرسىگە پۈتۈن بولالماي، ھەممە نەرسىدە چالا بولۇپ قېلىشتىنمۇ ئارتۇق خەۋپ يوق.

مەدەنىيەت ماددىي ۋە مەنىۋى بولىدۇ. بۇلاردىن بىرى راۋاج تاپماي قالىدىكەن، مەدەنىيەت پالەچ نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىزدىكى مەدەنىيەتنىڭ مەنىۋىلىكى دۇنيا قاراش ياكى ئاڭ فورمىسى شەكلىدە باش كۆتەردىيۇ، ئەمما تەبىئەت دۇنياسىدىكى قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ئاساسىدىكى يېڭىلاشتىن قۇرۇق قالغاچقا، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىدىغان رولى ئىشقا ئاشمىدى. بىزدىكى زىيالىيلار قاتلىمى يالاڭ قاتلام، زىيالىيلار ئاساسەن ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىن ئورۇن ئالغان. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولغان، ئىچكى - تاشقى ئالەمنىڭ قانۇنىيىتىنى ئاچىدىغان، بۇ ئارقىلىق ماددىي گۈللىنىشنى يارىتىدىغان پەن - تېخنىكا خادىملىرى بىزدە يوق دېيەرلىك. بار بولغاندىمۇ يەرلىك مەنىۋى ئاتموسفېرانىڭ شاللىشىغا ئۇچراپ تەرەققىي قىلالمىدى ياكى باشقا رايونلارغا ئېقىپ كەتتى. دۇنيا قاراش ياكى ئاڭ فورمىسى ئىجتىمائىي بولىدۇ، ئۇ، بىر خىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتكە ماس كەلگەن بىلەن يەنە بىر خىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتكە ماس كەلمەيدۇ. دېمەك، دۇنيا قاراش مەلۇم بىر جەمئىيەتكە خۇسۇسىي بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان ئەدەبىي ئەسەرلەر، ھەيكەللەر كەبىي مەدەنىي شەكىللەر ئەنە شۇ جەمئىيەتكە رول ئويناش بىلەن چەكلىنىدۇ. بۇ مەدەنىي شەكىللەرنىڭ ياراتقۇچىلىرىمۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىستىخىيىلىك رەۋىشتە قايرىپ قويۇپ دۇنيا قاراشقا بېقىنىدۇ. ئادەم ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ خوجايىنى بولۇش كېرەكمۇ؟ ياكى قۇلى بولۇشى كېرەكمۇ؟ كىشىلەر قۇلى بولۇشى كېرەك، دەپ جاۋاب بەرمىسە كېرەك. بىراق ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى قۇللار ئۆزىنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمىگەن بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدا قۇل ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش مەۋجۇت بولمايدۇ. مۇئەييەن دۇنيا قاراشنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ئادەمدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيىسىنى ئازاد قىلىدىغان مەدەنىيەت بارلىققا كېلەمدۇ؟

ماركسىزم قائىدىلىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئاڭ فورمىسى ئۇستقۇرۇلمىغا كىرىدۇ. گەرچە ئۇ بازىسقا قارىتا پائالىيەتچانلىق رولىنى ئوينىسىمۇ، بەربىر بازىسنىڭ چەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. بۇ چەكلىمە دۇنيا قاراشنى بارا - بارا بازىسقا پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرىدىغان زەئىپ نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ.

ئەدەبىيات - سەنئەتچۇ؟ ماركسىزم ئەدەبىيات - سەنئەتنى بازىس بىلەن ئۇستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان ئارىچى ۋاستە دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مەلۇمكى، بۇ يەردە ئەدەبىيات - سەنئەت پەقەت ۋاستىدىنلا ئىبارەت ئىدى. ئەگەر ئەدەبىيات - سەنئەت ئاڭ شەكلىگە ئوخشاش مۇتلەق بېقىنما بولۇپ قالغان بولسا، مۇقەررەر ھالدا ئۇستقۇرۇلما ھېسابلانغان بولاتتى. ئەدەبىيات

ـ سەنئەت مۇنداق زىددىيەتكە ئىگە: ئەگەر ئۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە زىيادە ئارىلىشىپ كەتسە، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ قويىدۇ، ئەگەر ئۇ ساپ ئېستېتىك دۇنيانى ھەددىدىن زىيادە قوغلىشىپ جەمئىيەت ھاياتىدىن مۇتلەق قول ئۈزسە، ئىنساننىڭ رېئال تەقدىرىدىن يىراقلىشىپ كېتىدۇ. ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللانغۇچى كونكرېت جەمئىيەتكە تەۋە ئىنساندىن ئىبارەت بولغاچقا، ئىنسانىيەتكە دائىر بىرەر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماي قالمايدۇ. بۇ خىل روھ دوستويېۋسكىنىڭ مۇنۇ سۆزىدە يارقىن ئەكس ئەتكەن: "ئەي ئىنسان، ساڭا تەزىم قىلىۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئىنسانىيەت تارتىۋاتقان بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەرگە تەزىم قىلىۋاتىمەن".

بىزدە زىيالىيلار كۆپرەك ئىجتىمائىي پەن ساھەسىگە، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگە توپلاشقان. دەرۋەقە، بۇلار خەلقىمىزنىڭ بايلىقلىرى. ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى خەلقىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، ئىمكانىيىتى يەتكەن دائىرىدە تەربىيىلەپ كەلدى، ئۇلارنى ياخشى ئىشقا، ئىجاد ۋە مېھنەت بىلەن مەغرۇر ياشاشقا ئۈندەپ كەلدى. بىزنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مائارىپ سىستېمىمىزدىكى بەزى كىشىلەر شۇ قەدەر ساددىكى، ئۇلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى خەلقنى، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، دەپ ئىشىنىدۇ. بۇ خىل ئىشەنچ نورماللىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ، نۇرغۇن كىشىلەرنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويىدى، تالاپەتكە ئۇچراتتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئىنسانىيەت بىلەن بولغان بۇرچكارلىق ئالاقىسىنى چۈشىنىش بىلەن ئۇنىڭغا ئىشىنىش ئوتتۇرىسىدا زور پەرق بار. چۈشىنىش نورماللىققا ياتىدۇ، تەشەببۇسكارلىقنى يوقىتىپ قويۇش بەدىلىگە كەلگەن ئىشىنىش بولسا، ئاپتورنىڭ سۇبيېكتىپ ئەركىنلىكىدە بەرق ئۇرىدىغان ئىنسانىي چىنلىقنى يوقىتىدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنساننىڭ گۈزەللىككە مايىل ئىنتىلىشلىرىنىڭ سىرتلىشىشى ياكى كونكرېت بەلگىلەر بىلەن ماددىلىشىشى. گۈزەللىك ھېسسىي ۋە خۇسۇسىي بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىنساننىڭ ئەڭ پىنھان ئىستەكلىرىگە تۇتىشىپ كېتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ، ھېسسىياتنى مەنبە قىلىپ، ھېسسىياتقا تەسىر قىلىدۇ. ھېسسىيات كۈچلۈك روھىي ئېنېرگىيە سۈپىتىدە يالت قىلىپ چاقنايدۇ ـ دە، ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق چاقناش دىتى نازۇك كىشىلەرگە كۆپرەك مەنسۇپ بولىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئېلىپ كەلگەن ئويغىنىش ھاياجانى ئالامەت قىلغان ھېسسىي ئويغىنىش بولۇپ، ئۇ، ئەقلىي ئويغىنىشتەك تۇرغۇن، مۇقىم ۋە ئەمەلىي بولمايدۇ. گەرچە ئۇ خىل ئويغىنىش ئىنساندىكى سېزىمنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى يۈكسەك دەرىجىدە نامايان قىلسىمۇ، بەربىر جەمئىيەت ھاياتىدىكى رېئال مەسىلىلەرگە قويۇلغان ئىلمىي دىئاگنوز بولالمايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ياخشى كۆرۈش ئىنساندىكى تۇغما ئىقتىدار. ئىنسانىيەتنىڭ يىراق ئۆتمۈش دەۋرلىرىدىمۇ بىزنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان ئەسەرلەر يارىتىلغان. ھەتتا شۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، بۈگۈنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى يىراق ئۆتمۈشتىكى

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدەك تەسىر كۈچكە ئىگە بولغىنى يوق. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ گۈللىنىشىدىكى سۈپەت ئۆلچىمى خېلى بۇرۇنلا يېتىلىپ بولغان. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ راۋاجىنى ئۆلچەيدىغان ئەمدىكى ئۆلچەم ئەنە شۇ سۈپەتنىڭ كەڭ كۆلەمدە قانات يېيىپ، پۇقرالارنىڭ مەنىۋى ئىستېمال ئادىتىگە ئايلىنىشىدۇر. سۈپەت يۇقىرى سان ۋە كۆلەم ھالىتىگە كۆچتىمۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلە ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتىدىكى ئەركىنلىك مۇھىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئويلىغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنسانىيەتتىكى قىشلاقتا خاس تەبىئەتتىن تۇغۇلدۇ.

شۇڭلاشقا، چارۋىچى ۋە دېھقان مىللەتلەرنىڭ مىجەزى سەنئەتكە مايىل كېلىدۇ. يايلاقلاردا داستان ئېيتىش ئەنئەنىسى ئۈزۈلمەي قالمىغان بولىدۇ. مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت ئاشۇ مىللەتنىڭ ھاياتىدا تۈزۈم شەكلىدە رول ئوينايدۇ. يىغىلىشلاردا بولسا توي ـ تۆكۈن، بەزمە ـ مەشرەپلەر مىللەت ھاياتىنىڭ تىپىك ئىجتىمائىي كۆرۈنۈشلىرى سۈپىتىدە كۆزگە تاشلىنىدۇ. قائىدە ـ يوسۇنلار پۈتۈن بىر مىللەتنىڭ جەمئىيەت پۈتۈنلۈكىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان چېتىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. ھەيران قېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، دېھقان مىللەتنىڭ زىيالىيسىمۇ ئالدىراشلىق ۋە مۇرەككەپ زىددىيەت بىلەن تولغان شەھەر تۇرمۇشىدا تۇرۇپمۇ ئەنە شۇ ئېتنوگرافىيىلىك چەمبەرگە مەھكۇم بولىدىكەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەنىلا ئىجتىمائىي نەيرەڭلەردىن خالىي ھالدىكى سەنئەت تىپلىق پسىخىكا، لېكىن بۇ پسىخىكا شەھەردە بولىدىغان مەككارلىق ئادەتلىرى بىلەن چاڭلىشىپ سۈزۈكلۈكىنى يوقاتقان بولىدۇ. شائىر مىللەتنىڭ ياتلاشقان شائىر پەرزەنتلىرى بەئەينى ئۆرۈقى بۇزۇلغان قوغۇندەك ئەجدادلىرىغا تۈزۈك ئوخشىمايدىغان ياكى يېڭى سورتقا ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرەلمەيدىغان غەلىتە قىياپەتتە بولىدۇ.

مانا ھازىر دەبدەبىلىك قەسىدىلەر، مۇڭلۇق لىرىكىلار، دىيانەت، نادامەت ئىدىيىلىرى بىلەن تولغان پروزىلار، بىر ـ بىرىگە تاپا قىلىشىدىغان ماقالىلەر يېزىلىپ تۇرىدۇ. ئېكرانلاردا نەپىس ئۇسسۇللار، يەتتە ئىقلىمنىڭ ئاربلاشما ناخشىلىرى دىققەتنى مالىمان قىلىپ تۇرىدۇ. خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ئىستېمالى يۇقىرىقىلارنىڭ ئىچىدە پەندىنامە سۆزلەيدىغان ناخشىلارنى، ئەۋرىشىم ئۇسسۇللارنى ئالاھىدە بازارغا ئىگە قىلغانىكى، لوپا ئەينەك بىلەن قەدىمكى يېزىقلارنى مىڭ بىر جاپادا ئوقۇپ، تەقدىرنىڭ رايىغا يېشىم ئىزدەۋاتقان ئالىملار ماددىي، مەنىۋى قەرزدارلىقنىڭ كوچىسىدا يۈرمەكتە. ئالىملارنىڭ ئەقلى، نۇتۇقلىرى، يازغان كىتابلىرى ئەنە شۇ ئالىملارنى نورمال ياشىغۇدەك ماددىي شارائىتقا ئىگە قىلالمىدى. بايرام ۋە ئايەملەردىكى لاتاپەتلىك ئاشۇ قىستۇرمىلار بۈگۈنكى ئەقىل ـ پاراسەت دەرىجىمىزنىڭ رېئال ئورنىغا ۋەكىللىك قىلىدى، بىزنىڭ ئىجادكار روھىمىز پەقەت ئەنە شۇ تەرزدىلا ئەكس ئەتتى ۋە جارى بولدى. گەرچە سەنئەتچىلىرىمىزنىڭ بۈگۈنكى تاپاۋتى مەدەنىيەتلىك باشقا قاتلاملىرىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ كىرىمىدىن ئۈستۈن بولسىمۇ، بىراق ئۇ تەرەققىي قىلغان باشقا رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا يەنىلا كۆپ

تۆۋەن. پەن ـ تېخنىكىدىكى تۆۋەن ساپا تۆۋەن ئىقتىسادىي مۇھىتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

خەلقىمىز ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرلىرىگە ئىنتايىن باي خەلق، چەۋەندازلىق، نەيزىۋازلىق، كاماندازلىق، ئاتتا مىنىپ تۇرۇپ ئوينايدىغان چەۋگەن توپ ئويۇنى، بۇقا بىلەن چېلىشىش، چېلىشىش، ئوغلاق تارتىشىش، جانبازلىق، قوشقار سوقۇشتۇرۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش... كەبى خاراكتېر تاۋلايدىغان، جاسارەت، رىقابەت، تەشكىللچانلىق، تەرتىپ ـ ئىنتىزام، ئۇيۇشقاقلىق كەلتۈرىدىغان مەدەنىي شەكىللەر يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ ئورنىنى كىشىنىڭ خاراكتېرىنى يۇمشىتىدىغان، نازۇك، رايىش قىلىپ قويىدىغان، تەقدىرنىڭ سوئاللىرىغا پەرىشان ـ مۇڭ بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشنى ئۆگىتىدىغان مەدەنىي شەكىللەر ئىگىلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ شۇ قەدەر غۇرۇرسىز سەنئەتكى، ئۇ، بۈتتەك ئولتۇرۇپ كۆرىدىغان، ھاياجانلىنىش، چاۋاك چېلىش، ئىنكاس دېگەنلەرنى بىلمەيدىغان، خۇددى يوق تاماشىبىنلار ئالدىدىمۇ غەمزە قىلىشقا تەييار بۇ ھالەت ئوردا مەھرەملىرىنىڭ سالاپەتلىك، كىبىرلىك ھالىتىنى ئەسلىتىدۇ. بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىزدا غۇرۇر بولۇشى، ئۆز خەلقىنىڭ سەنئەت تارىخىغا ئەقدە بولۇشى، سەنئەتنى خورلىماسلىقى كېرەك. ئۇلاردا ئابرۇي ـ ئىناۋەت كۆز قارىشى بولۇشى كېرەك. مىنىڭچە، غۇرۇرى يوق سەنئەت ئىگىلىرىنىڭ سانى مىليونغا يېتىپ، كۆنگە نەچچە قېتىم ئويۇن كۆرسەتسىمۇ، خەلقىمىزنىڭ ساپاسى ھازىرقىدەك تۇرۇۋېرىدۇ.

ئەدەبىياتىمىزنى ئالساق، بىزدە مەلۇم مىقداردىكى ئىجادىيەتچىلەر قوشۇنى بار، بىراق ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىنى يېتەرلىك ئىجتىمائىي سەزگۈرلۈك، مول مەدەنىي قاتلام، يۈكسەك نەزەرىيىۋى پەللە نۇقتىسىدىن تەھلىل، تەتقىق قىلىدىغان قوشۇن تېخى يېتىلمىدى، بۇ پەقەت بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر قانچە ئادەمدىكى نەزەرىيىۋى رامكا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى زېمىنىدا يېتىلگەن رامكا بولماستىن، 19 ـ ئەسىر ۋە 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى رۇس ئەدەبىياتى، جۇڭگونىڭ "4 ـ ماي" دەۋرىدىن كېيىنكى ئەدەبىياتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن نەزەرىيە. بۇ نەزەرىيە ئەنئەنە، ئېتىقاد، ئېستېتىك دىت جەھەتتە تامامەن ئۆزگىچە بولغان مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى باھالايدىغان ئۆلچەمگە ئايلاندى. دېمەك، بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇرنىڭ كۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى رۇسلارنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتتۇق. بۇ پەقەت بىزدىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات زېمىنىدا ئومۇمىيۈزلۈك سادىر بولدى. بىر مىللەتتە مۇستەقىل نەزەرىيىۋى سىستېمىنىڭ بارلىققا كېلىشى شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەتتىكى ھاياتىي كۈچىنى ئاشكارىلايدۇ. بۇ سىستېما تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ ماس قەدەملىك گۈللىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشىدىن ھايات تاپىدۇ. ۋەھالەنكى، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ زىيالىيلىرى تەتقىقاتچى بولماستىن، پەقەت ئۈستقۇرۇلما قورالىغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار يېڭى تارىخىي دەۋردە يېڭى ئۈستقۇرۇلمىنى يەرلىك خەلققە يەتكۈزىدىغان ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى.

زىيالىيلار قاتلىمىمىزنىڭ ئىچىدە تارىخچىلارىمىز سالماق ئورۇن تۇتىدۇ. قايسىدۇر بىر يازغۇچىنىڭ "تارىخ ئايدىڭلاشتۇرۇلغان تەجرىبىلەر مەجمۇئەسى" دېگىنى يادىمدا تۇرۇپتۇ. بۇ تەجرىبە ئەۋلادلارغا توغرا هايات پروگراممىسى تۈزۈش، توغرا يۆنىلىش بەلگىلەش جەھەتتە مايالك رولنى ئوينايدۇ. بىراق تارىخ ئاختۇرۇش، تارىخ يېزىش تولىمۇ زىل مەسىلە. تارىخچىلار هامان فېئودال خانلارنىڭ رايى بويىچە بۇرمىلانغان دۆۋە - دۆۋە ماتېرىياللار ئىچىدىن ھەقىقەتنىڭ پارچە - پارچە سۆڭەكلىرىنى ئىزدەيدۇ ۋە بۇ سۆڭەكلەرنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ، ھەقىقەتنىڭ ئوبرازىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. بىراق بەزى سۆڭەكلەر چىرىپ يوقاپ كەتكەن بولىدۇ، تارىخچى مانا مۇشۇ تراگېدىيىنىڭ ئىچىدە ئۇزۇن ۋاقىت تۈنەيدۇ. بەلكىم فرانسىيە مۇتەپەككۇرى ۋولتېرنىڭ: "تارىخ خاتا يېزىلغان بولىدۇ، شۇڭا ئۇ تەكرار قايتا يېزىلىدۇ" دېگەن سۆزى مۇشۇ مەنىدە ئېيتىلغان بولسا كېرەك.

بۈگۈنگە ئىگە بولالمىغان خەلق ئۆتمۈشتىن تەسەللى ئىزدەيدۇ، بۇنداق خەلقنىڭ تارىخچىلىرىمۇ كەلگۈسىنى يېزىشنىڭمۇ تارىخ بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيدۇ. ف. نېتزى تارىخنىڭ تىرىكلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: تارىخ تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقانلار ئۈچۈن ياد ئېتىش، ئىززەت - ھۆرمەتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتقانلار ئۈچۈن قوغداش، ئازابلىنىۋاتقانلار ئۈچۈن تەنقىد (ف. نېتزى: "تارىخنىڭ پايدا - زىيىنى"، سودا نەشرىياتى 1998 - يىل 10 - ئاي نەشرى).

جۇڭگودا زىيالىي كادىر ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىمتىھانلاردا كەسپىي سىناقلارغا دۇچ كېلىش بىلەن بىرگە سىياسىي سىناقلارغىمۇ دۇچ كېلىدۇ. بەلكى سىياسىي سىناق ھەممىدىن مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىر زىيالىي كەسپىي ساپا ئىگىسى بولۇشتىن ئاۋۋال سىياسىينى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئاك فورمىلىرىنى بىلىشى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان ئاك فورمىلىرىنى بىلىشى، ھۆكۈمەتنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈشى كېرەك. ئىسلاھاتنىڭ قەدىمىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان رايونلاردا مۇتەخەسسىسلىشىش دولقۇنى پەيدا بولدى. ئەمما نىسبەتەن بېكىك، ئىقتىساد دېگەندەك تەرەققىي قىلمىغان، تېخى سولچىللىقنىڭ ئاسارىتىدىن تولۇق قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن رايونلاردا بولسا باشتىكى تەلەپ يەنىلا كۈچكە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە قاتتىق تەكىتلىنىدۇ. تۇراقلىق مائاش تۈزۈمى يۇقىرىقىلار بىلەن بىرلەشكەن ھالدا زىيالىيلارنىڭ مەنپەئەتدارلىق تۇيغۇسىنى بىر نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈپ قويدى. ئۇلارنىڭ پىكىر - خىيالى مائاشتا، مائاشنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچراتماسلىقتا بولدى. يۇقىرىدىن - تۆۋەنگىچە مائاشقا قاتتىق يېپىشتۇرۇلغان كونترول سىستېمىسى كىشىلەردە باشقۇرۇپ تۇرمىسا بولمايدىغان خىزمەت ئۇسۇلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇلاردىكى ئاك ئاشۇ خىل يېپىق، تار مۇھىتنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا تاپشۇرۇلغان ئىشخانا ۋە

ئىدارىلەر ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ئۈۋۈسىغا ئايلاندى. ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش بارلىق جانلىقلارغا خاس پائالىيەت بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئادەمگە خاس بىردىنبىر ئىقتىدار ئەمەس. ئەمما بۇ ئىقتىدار نەزەر دائىرىسى تار ئادەمنىڭ قەلبىدە خۇسۇمەتچىلىك، ناتوغرا زىددىيەت ئۆسمىلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئەتراپقا تېزلا يۇقىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ ياشاش تەرزىنى ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىگە كۆرە بەلگىلەيدۇ.

ئاڭ ناھايىتى كەڭ ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ھايات، بارلىق، ئىنسان ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر، دۇنيانىڭ ھاياتلىقتىن ئىلگىرىكى ھالىتى، ئۇنىڭ ھاياتلىق بىلەن بولغان ئالاقىلىرى، بۇ ئالاقىلەرنىڭ كەلگۈسىدىكى ئۆزگىرىشلىرىگە ئائىت ئىزدىنىشلەر ئاڭنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمما پەننىڭ تەرەققىياتى ئۇنىڭ بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىزدىنىشلىرى ئىنچىكىلەشتى، بۇ ھال ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىدىمۇ كۆرۈلدى. نەتىجىدە، قۇرتنى تەتقىق قىلغۇچىلار قۇرتقا ئايلىنىپ كېتىدىغان، جەمئىيەتنى تەتقىق قىلغۇچىلار قەغەز دۆۋىلىرى ئىچىدە ھەسەنشىرىككە ئايلىنىپ كېتىدىغان ئاقىۋەت كېلىپ چىقتى. زىيالىيلار بىلەن ئاددىي قاتلاملاردىكى خەلقنىڭ ئارىلىقى يىراقلاپ كەتتى. كۆپلىگەن زىيالىيلار پەقەت كۈندىلىك تۇرمۇشى ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ يۈرەكزادە بولۇپ كېتىدىغان، ئۆزى ئۈچۈن كىتاب يېزىپ، ئۆزى ئۈچۈن ئۇنىۋان ئالىدىغان، بالىسى قىزىپ قالسا يېرىم كېچىدە دوختۇرخانىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاسما ئوكۇل سالدۇرىدىغان، تېلېۋىزوردىن باشقىلارنىڭ باللىرىنىڭ يىتۈپ كەتكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆزىنى مىت قىلماي ئولتۇرۇپ كۆرىدىغان شەخسىيەتچىلەرگە ئايلىنىپ كەتتى.

زىيالىي دېگەن نېمە؟ بۇنىڭغا فرانسىيىنىڭ بۈگۈنكى زامان مۇتەپەككۇرى ليۇتارد مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ: "زىيالىيلار ئۆزىنى، ئىنسان، ئىنسانىيەت، مىللەت، خەلق، پرولېتارىيات، جانلىقلار ۋە باشقا مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزىنى قويۇپ تۇرۇپ پىكىر قىلىدىغان مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشايدۇ" (ليۇتارد: "كېيىنكى زامانىۋىلىق ۋە گۇۋاھلىق ئويۇنى"، شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1997 - يىل 1 - ئاي نەشرى). بۇ جاۋاب ھەر خىل تۈزۈمدىكى جەمئىيەتلەرنى تەڭ كۆزدە تۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، زىيالىي دېگەن گەپ ئۆزىنى باشقىلار بىلەن تەقدىرداش دەپ تونۇغۇچى دېگەن مەنىدىن دېرەك بېرىدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى پاراۋانلىقتا ياشاۋاتقان بىر ئەرباب يەنىلا زىيالىيلارغا قويۇق ئادەمگەرچىلىك پۇراپ تۇرىدىغان تەلەپنى قويۇۋاتىدۇ. بۇنىڭغا باققاندا، بىز قانداق تەلەپنى قويۇشىمىز كېرەك؟

يىلان ئادەملەر ۋىژىلداپ كۆيۈۋاتقان دوزاخ ئوتىغا تەمەچ توشۇپ تاشلايدىكەن، قارلىغاچ شىددەتلىك دوزاخ ئوتىنى ئۆچۈرىمەن دەپ ئاغزىدا سۇ توشۇپ چاچىدىكەن. "ئەي قارلىغاچ، تامچە - تامچە سۇ بىلەن بۇ ئوتنى قانداقمۇ ئۆچۈرەلەيسەن؟" دەپ سورالغاندا، قارلىغاچ: "ئىنساننىڭ ئازابىنى چۈشىنىش مېنىڭ ئەقىدەم، قانداق بولمىسۇن، ئۆز ئەقىدەم يولىدىكى ھەرىكىتىمدىن زىيادە لەززەت تاپىمەن" دەپ جاۋاب بەرگەن.

جەمئىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، يىلان بىلەن قارلىغاچنىڭ كۆرۈشى ھىلىمۇ مەۋجۇت. تەبىئەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، يىلان بىلەن قارلىغاچنىڭ ھەر ئىككىسىلا يارالمىش مەخلۇق. ئەخلاق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئادالەت ئەنە شۇنداق پاجىئەلىك دەقىقىلەردە تۇغۇلۇپ ئۆسىدۇ. دەسلەپتە ئۇ يىگانە بولىدۇ ۋە ئاشۇ يىگانىلىق ئىچىدە باشقىلارغا نىسبەتەن بولمىغان گۈزەللىك ھەم باتۇرلۇقتىن دەرس ئالىدۇ.

توغرا نىشانغا يۈزلەنمىگەن ئىلىم ئۆز ئىگىسىنى شەرمەندە قىلىدۇ، قارا نىيەت كىشىلەردىكە ئاپالاندۇرۇپ قويىدۇ. ئالۋاستىنى بىلىملىك ئەمەس، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ لېكىن ئالۋاستىنىڭ بىلىمى ئىبلىس ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

6

قالاق يېزا ئىگىلىكىدە تۇرۇۋاتقان بىر مىللەت بىلىم ئىگىلىكىنى مەزمۇن قىلغان 3 - قېتىملىق سانائەت دولقۇنىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. ساۋاتسىزلىق پاتقىقىدىن چىقىپ بولالمىغان بىر مىللەت كومپيۇتېر دەۋرىدىكى يەنە بىر ساۋاتسىزلىققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. تارىخنى ياخشى تونۇمىغان بىر مىللەت ئۆزىگە نىسبەتەن تامامەن ناتونۇش بولغان يېڭى ئەسىرگە كىرىۋاتىدۇ. ئالدىمىزدىكى دۇنيا ئىنساني ھەمكارلىقنىڭ تۈرلىرى كېڭىيىدىغان، مەدەنىيەت تىپلىرى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت كەسكىنلىشىدىغان، ئەقلىنىڭ قىممىتى بىۋاستە ئايان بولىدىغان بىر پۈتۈن دۇنيا. ئۇ، تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ ئالاھىدە تېزلىكى ۋە رىقابەت جەھەتتىكى رەھىمسىزلىكى بىلەن بىزنى كۈتمەكتە. ئامېرىكىلىقلار "21 - ئەسىر ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەسرى بولىدۇ" دېيىشىدۇ. ياۋروپالىقلار "21 - ئەسىر ياۋروپالىقلارنىڭ ئەسرى بولىدۇ" دېيىشىدۇ. مۇسۇلمانلار "21 - ئەسىر ئىسلام گۈللىنىش دەۋرى بولىدۇ" دېيىشىدۇ. ئېلىمىز "21 - ئەسىر شەرقىي ئاسىيالىقلارنىڭ دەۋرى بولىدۇ" دېيىشىدۇ. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ھەركىم يەنىلا ئۆزىگە پايدىلىق پۇرسەتلەرنى ئىزدىمەكتە ۋە ياراتماقتا.

پۇرسەت ئىزدەش بىلەن يارىتىشنىڭ بىرلىكى. مىلادىيەدىن ئىلگىرى ئۆتكەن يۇنان ئالىمى تاللىس ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى كۆزىتىپ كېتىۋېتىپ، دىققەتسىزلىكتىن ئالدىدىكى بىر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىر سودىگەر ئۇنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، مۇنداق دەپتۇ:

سىز ئاسماندىكى نەرسىلەرنى بىلمەن دەۋاتاتتىڭىز، پۇتىڭىزنىڭ ئاستىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەي قاپسىزغۇ؟ ئىلمىي تەتقىقاتتىن راستىنلا چوڭ نەپ ئاپسىز. ئازگالغا چۈشۈپ كېتىشىڭىزمۇ بىلىمنىڭ سىزگە كەلتۈرگەن پايدىسى.

تاللىس ئازگالدىن چىقىپ تەمكىن ھالدا ئۇنىڭغا:

ئېگىزدە تۇرالىغان ئادەمدىلا ئېگىزدىن ئازگالغا چۈشۈش ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى بولىدۇ. بىلىمسىز ئادەملەرنىڭ ئىشى ئەۋرەزدە ماكان تۇتۇش تۇرسا، ئۇنىڭ ئەركىن يىقىلىپ قوپۇشىدىن قانداقمۇ گەپ ئاچقىلى بولسۇن، دەپتۇ.

ئۆزى يىقىلغان ئادەمدە قوپۇش ئەركىنلىكى بولغاچقا، مەنزىلىگە يېتىپ بارالايدۇ.

1999 - يىل ماي

# مەدەنىيەتتە مۇنازىرە روھى

ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرى بىلەن ئۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى روھىي ئارىلىقنىڭ بارغانسېرى زورىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەندىشە ئىچىدە ھېس قىلماقتا. پەرزەنتلىرىنىڭ تۇرمۇش يولى، ئەخلاق ۋە كۆز قاراش جەھەتتىكى ياتلىششلىرى جەمەتلەرنى ئېغىر بوھران، ئېچىنىشلىق بۆلۈنۈشكە ئېلىپ بارماقتا. پەرزەنتلەر ئوقۇش، ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئۆيلىنىش - ئوچاقلىق بولۇش، پەرزەنتلىرىنى بېقىشتا ئاتا - ئانىلارغا تايانمىسا بولمايدىغان بېقىندىچىلىقتا تۇرسىمۇ، ئۇلار روھىي جەھەتتە ئاتا - ئانىلىرى بىلەن مۇئەييەن يىراقلىقنى ساقلىغان ھالدا غەلىتە بىر ئەۋلاد سۈپىتىدە ئايىنىپ كېتىۋەردى. ئاتا - ئانىلارنىڭ روزىغارى تۇرمۇشتا چىقىش يولى تاپالمىغان، ۋەيران بولغان، كرىزىسقا ئۇچرىغان ياكى ئېغىر بەختەجلىك ئاقىۋىتىدە روھىي ۋە ماددىي قەرزگە بوغۇلغان پەرزەنتلەر ئۈچۈن خوراپ تۈگەيدۇ. ماددىي جەھەتتىن ئاتا - ئانىلىرىغا موھتاج، روھىي جەھەتتىن ساياق بۇ بىر قىسىم ئەۋلادلار ئېغىر مېھنەت بەدىلىگە ئىگىلىك تىكلەۋاتقان ئەجدادلارنىڭ دۈمبىسىدىكى رودۇپايلاردۇر. ئۇلار ئاتا - ئانا مېھرىگە تولىمۇ كۆنۈپ كەتكەنلىكى تۈپەيلى، ئاتا - ئانىسىنى بايلىق ۋە شەپقەت مەنبەسى دەپ تونۇپ، ئۆزلىرىنىڭ روھىي تەنھالىقىنى ئۇلار ئارقىلىق داۋالايدۇ. ئىنسانىي ئاڭنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدا ياشايدىغان قانداقتۇر بىر مەنىۋى قەرزدارلىق غۇۋا مۇھەببەت رىشتىسىگە ئوخشاپ كەتكەن ھالدا ئۇلارنى ئاتا - ئانىغا باغلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە يېرىم ئىنسانىي مۇھەببەت، يېرىم دىپلوماتىيە ئېلېمېنتلىرى بار. بۇلار مىللىي ئاڭ ۋە مىللىي ئەخلاق جەھەتتىكى قىچىرلىششىنىڭ زامانىمىزدىكى ئەۋرىشكىلىرىدۇر.

يەنە شۇنداق بىر ئەۋلادلار بار: ئۇلار ئىش ئورنى ۋە مۇقىم مائاشقا ئىگە بولۇپ، ئاتا - ئانىلىرىغا ماددىي جەھەتتىن تايانمايدۇ، ئۇلار ئەجدادلىرىغا نورمال ئىنسانىي مۇھەببەت بىلەن باغلانغان. جەمەت ئىچىدە يېتىلگەن مۇئەييەن ئادەت ئورتاقلىقى، خاراكتېر ئورتاقلىقى ۋە شەجەر، ئۇلارنى جەمەت تۇيغۇسىغا ئىگە قىلغان، بۇ بىر ھېسابتا قانداقتۇر بىر مۇھەببەت ھېسسىياتىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما ئاتا - ئانا بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئېتىقاد مۇناسىۋىتىدە روشەن بۆلۈنۈش ئالىلىقاچان روي بېرىپ بولغان. پەرزەنتلەر ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئېتىقادى ۋە قىممەت قارىشىغا شەكلەن ئۇيغۇنلاشسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەقىقىي تاللىۋالغان يولى ئاتا - ئانىلىرىدىن پىنھان بىر بوشلۇقتا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە شۇنداق بىر ئەۋلادلار بار: ئۇلار غەربچە كىيىنىپ، غەربچە يەپ - ئىچىشنى ئەڭ ئالىي مەئىشەت، دەپ ھېسابلايدۇ. مەدەنىيەت ئۇلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەنە شۇنداق رەۋىشتىكى ئىستېمالىيەتتىن ئىبارەت. ۋىنو، ھامبورگ بولكىسى، غۇۋا تۈنەكخانا، بۆلۈمە ئولتۇرۇشى، مىكائىل جېكسون، سېرىق چاچ، "تاللا تاماق" قاتارلىقلار ئۇلار ئىنتىلىدىغان زامانىۋى جەننەتنىڭ

بەلگىلىرى . ئۇلار رەڭگارەڭ چىراغ ۋە شىددەتلىك جاز مۇزىكىلىرىنىڭ مەستخۇشلۇقىدا بىسلىپ ياتقان ياشلىق تۈيغۇلىرى ، شاش ھايات سەزگۈلىرىنى پارتلىتىپ ، ئارام تاپقاندەك بولۇشىدۇ .

ئىنساندىكى ئىجادىيلىق تۇغما بولىدۇ. لېكىن ئۆزىنى رويابقا چىقىرىدىغان راۋان يولغا ئېرىشەلمىگەندە، دۆملەنگەن ئەسەبىي ھېسسىياتقا ئايلىنىپ ئاخىر پارتلايدۇ، ئۇ ئىنساننى ھاراق - شارابقا، ئويۇنغا، ئەيش - ئىشرەتكە زورلايدۇ، شۇنداق قىلىش گويا قىساس ئېلىش كەبىي ئۇلارغا ئارام بېرىدۇ .

ئىنسان ئۆز بەختىنى ئىزدەش ئەركىنلىكىگە ئىگە . ئەمما زامانىۋى ئۇچۇر ۋە رىقابەتتىن مەھرۇم بولغان بىكىنمە تۇپراقنىڭ ساددا ياشلىرى ئۆزلىرىنىڭ يېڭىلىق خۇمارىنى سىملىق تېلېۋىزىيىدە كۆرسىتىلگەن غەرب فىلىملىرى ۋە داۋراڭ ( ئېلان سەنئەت ) كۆرۈنۈشلىرىدىكى يوسۇنلار، ئۆرپ - ئادەتلەر ۋە فورمىلارنى ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق قاندۇرۇشتى . غەرب ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەقىل ، شەخسىي رىقابەت، قانۇن، كاپىتال ، ئەركىن مۇنازىرە روھى بىلەن تولغان دۇنيا بولماستىن، ماشىنا، شاراب، قۇچاقلىشىش ، سۆيۈشۈش ، جىنسىي ئىختىيارىيلىق بىلەن تولغان دۇنياغا ئايلىنىپ قالدى . ۋەھالەنكى ، ئۇلارنىڭ چۈشەنگەنلىرى ئىجادىيەت ۋە باشلىق يارىتىش روھىغا تولغان غەرب دۇنياسىنىڭ تاشلاندۇق سىرتقى ھالىتىدىن ئىبارەت بولدى . مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتنىڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى ، ئەمگەكنىڭ يۈكسەك ھۆرمەتكە ئېرىشكەنلىكىدە . ئۇ يەردە ئەمگەك ۋە ئەمگەككە بولغان ھۆرمەت پۈختا قانۇنىي ئاساسقا ئىگە بولغان بولىدۇ، ئەمگەك ئەقىل - ھېسسىيات، ئەخلاق قاتارلىق پەزىلەتلەرنى تاۋلاش ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈش جەريانىغا ئايلىنىدۇ .

ئىجادىي روھ تەربىيە ۋە كاپالەتكە ئېرىشەلمىگەن جەمئىيەتتە كىشلەرنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارى كۆمۈلۈپ قالىدۇ، ئەقىل يۈزەكى ھالدىكى دورامچىلىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ . ئۇلۇغ كىشلەر ۋە ئۇلارنىڭ نەتىجلىرى كىشلەرنىڭ روھىيىتىگە ئىلھام بېرىپ جۇلالاندۇرىدىغان كۈچ بولماستىن، ئەكسىچە كىشلەرنىڭ روھىيىتىنى چوقۇندۇرۇپ تورمۇزلايدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەقىل - پاراسەتنىڭ تىزگىنىنى قولىغا ئېلىۋالغان ئەقىل ھاكىملىرىغا ئايلىنىدۇ. ئۇلۇغ نەتىجىلەردىن گۇمانلىنىش ئەركىنلىكى بولمىغان شارائىتتا، كىشلەر ئەقلىي مەجرۇھلۇق ئىچىدە ئۆزىنى بىلەرمەن ھېسابلاۋېرىدۇ .

مائارىپ مەكتەپ بىلەن چەكلەنگەن ئەھۋالدا، مەكتەپ جەمئىيەتنىڭ يىراق بىر چېتىگە بەند قىلىنغان لاگېرغا ئوخشاپ قالىدۇ، مائارىپنىڭ ئۆزىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە تۈرتكىلىك رولىنى يوقىتىپ قويىدۇ. ئەسلىدە بىلىم ۋە خاراكتېر قۇرۇلۇشى مەكتەپلەردە مەخسۇس ۋە پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىلىش بىلەن بىرگە جەمئىيەتمۇ ھەقىقىي تەلىم - تەربىيە ماكانىغا ئايلىنىشى ، ياشلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەنگەنلىرىنى جەمئىيەت ئاساسىدا ئەمەلىي ، ئۈنۈملۈك بىلىشكە ئايلاندۇرۇشى ، مەكتەپ بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا ئەكس ئەتتۈرۈش ۋە ئەكس ئېتىش

مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك ئىدى. ۋەھالەنكى، بىزدە مەكتەپ بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا يىراق بىر مۇساپە شەكىللىنىپ، مەكتەپلەر بىر ھېسابتا جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش تەقەززاسى بىلەن كارى يوق كونسېرۋاتىپ ئورگانغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەۋلادلىرىمىز مىللىي ئاڭ، مىللىي ئۆزلۈك تەربىيىسىنى مەكتەپتىن ئىبارەت مۇئەسسەسە ئورۇنلىرىدىن ئىلمىي ئاساستا ئاللمىغاچقا، ئۆزگىلەرنىڭ ئەقىل - پاراستىدىن تۇغۇلغان يېڭى ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلارنى ھەزىم قىلالايدىغان ئىممۇنىتېت كۈچى زور مىللىي ئاشقازانغا ئىگە ئەمەس.

بىز مىللىي ئۆزلۈكتىن ئايرىلغان مائارىپنىڭ كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتلىرىنى جەمئىيەتنىڭ ئىشسىز - ئىشلىق ئادەتتىكى ياشلارنىڭ قىياپىتىدىن كۆرۈش بىلەن بىرگە زىيالىيلارنىڭمۇ ساپاسىدىن كۆرەلەيمىز. بىزنىڭ زىيالىيلار قوشۇنىمىز ئېنىق مىللىي مەۋقە، زامانغا لايىق بىلىم ۋە رىقابەت مېخانىزمىغا ئىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھېچقانداق ماكان، زامانغا تەۋە بولمىغان بىر بوشلۇقتا، ئاز بىر قىسمى ئاتوم دەۋرىدە، ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى ئۇچۇر دەۋرىدە ياشايدۇ. بىز بۇ ھالىتىمىز بىلەن مەغلۇپ بولۇشتىن ئىبارەت غەلىتە تەۋەككۈلچىلىكنى ئۈستىگە ئالغان دونكىخوتقا ئوخشايمىز. دونكىخوت ئۆزى ئاق كۆڭۈل ئادەم، لېكىن ئۇ ئۆزىدىن تالاي يىللار بۇرۇنقى چەۋەندازلار دەۋرىدە ياشايدۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئۆز زامانىسىغا، روھى بولسا ئۆتمۈشكە مەنسۇپ، شۇڭا ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئۈزلۈكسىز مەغلۇبىيەتنىڭ جاراھەتلىرى بىلەن تارتۇۋېلىنغان. دونكىخوت مەغلۇبىيەت تۈۋرۈكىگە مىخلانغان تەۋەككۈلچى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى دات بېسىپ كەتكەن روھى بىلەن ئۆتمۈشكە مىخلانغان. زىيالىيلىرىمىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىلىمدىن خەۋەرسىز قېلىش بىلەن بىرگە، بىر - بىرىنى چۈشىنىش، بىر - بىرىگە ماسلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس، شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە مىللەتنىڭ ئەقىل پىرامىداسىنى تىكلەيدىغان ھەمجەھەتلىك ھەم تولۇقلىما خاراكتېرلىك قۇرۇلما مەۋجۇت ئەمەس. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ يېگانە روھىي ئارىلىدا شاھلىق تەختىنى قۇرۇشۇپ، تۈرلۈك تەسەللى بىلەن ياشىشىدۇ. بىز ھازىرغىچە تۆت زىيالىينىڭ بىر مەۋقەدە پىكىر قىلغىنىنى كۆرمىدۇق. دەرۋەقە، ئادەملەرنىڭ قىممەت قارىشى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ، بىراق زىيالىي ئىنتايىن ئاز بىزدەك خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، پىكىر ۋە بىلىم كۆپ خىللىقى ئەقىدە ۋە مەۋقە بىرلىكى ئۈستىگە دەسسەپ تۇرغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

بىزدە ماركسىزمچىلار بار، ئەمما ماركسىزم كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مەنپەئىتىگە تەتبىقلايدىغان سەرخىللار يوق. ئۇلار ماركسنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىنغان، ياتلاشتۇرۇلغان، ئۈزۈل - كېسىل بولمىغان مەھسۇلى بولمىش كونسېپكىلەرنى ئىگىلەش بىلەن دوگماتىزمنىڭ ناتىۋان قۇربانلىرىغا ئايلانغان. ئۇلار خۇددى ماشىنىغا ئوخشاش ئۆزىگە كىرگۈزۈلگەن ئاشۇ بىر پروگراممىنىلا ئىجرا قىلىدۇ. گەرچە ماركس دىن ۋە روھىيەت ئىلىملىرىنى مەلۇم دەرىجىدە تەتقىق قىلغان كىشى بولسىمۇ، بىراق ماركسىزمنىڭ بۇ غەيرىي

مۇخلىسلىرى روھىيەت ئىلىملىرىدىن قاتتىق قورقىدۇ. ماركسىزمنى پەن دېگۈچى ئادەم چوقۇم ھەر قانداق مەسىلىگە ئىلمىي مۇئامىلە قىلىشنى بىلىشى كېرەك ئىدى.

بىزدە دىنىي زاتلار بار. خۇددى پاكىستانلىق ئىسلام ئالىمى ئەكبەر ئەھمەد ئېيتقاندەك: "مۇسۇلمان ئالىملىرى ئۇچۇن سىرتقى دۇنيا مەۋجۇت ئەمەستەك بولۇپ قالدى. كارل ماركس ياكى ماكس ۋېبېرنىڭ ئەسەرلىرى ئۇلارغا نامەلۇم". ئۇلار ئېينشتېيننى تەتقىق قىلسا يەھۇدىيغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك، فېيرباخنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇسا ئاتېئىزمچىغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك قورقۇشىدۇ. مۇستەھكەم ئىمان ئۆز ئەتراپىدىكى توغرا - خاتا ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە ئىبرەت قىلىپ ئاڭلىق، ئۇنۇملۇك پائالىيەتكە ئايلىنالايدۇ.

بىزدە تەبىئىي پەنچىلەر بار، لېكىن ئۇلار پەن ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دەپ قاراشتەك پەن خۇراپاتلىقىغا گىرىپتار بولۇشقان. پەن تەبىئەت قانۇنلىرى ئۈستىدىكى بىرمىشتۇر. تېخنىكا تەبىئەت قانۇنلىرى ھەققىدىكى بىلىملەرنى ماددىي ۋاستىلەر جۈملىسىگە ئايلاندۇرۇشتۇر. ھازىرقى زامان گېرمانىيە پەيلاسوپى مارتىن ھادىگىر: "تېخنىكا ۋاستە ھەم پائالىيەتتۇر" دەپ ئىزاھ بەرگەن. گېرمانىيىنىڭ يەنە بىر پەيلاسوپى كارل ياسپېرس: "تېخنىكا بىر خىل ۋاستە، ئۇنى ياخشى ياكى يامان دەپ ئايرىغىلى بولمايدۇ" دېگەن. روشەنكى، پەن - تېخنىكا توغرا ئەقىدىگە تاپشۇرۇلغاندا، ئاندىن ئىنسان ئۈچۈن پايدىلىق. ئوران ئېنېرگىيىگە ئىگە بىر ماددا، براق ئۇنىڭدىن ئاتوم ۋە يادرو قوراللىرىنى ياساش تېخنىكىسى بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانلارنىڭ بېشىدىكى بالايىئاپەت كۆلەڭگىسىگە ئايلاندى. بۈگۈنكى تېخنىكا كۆپرەك ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلماقتا. مانا بۇ زامانىمىزدىكى ئەخلاقىي چىركىنلىك.

تېخنىكا كارل ياسپېرسنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئۆتكۈر تەبىئىي پەن، كەشپىيات روھى ۋە ئەمگەك تەشكىلىدىن ئىبارەت بىر قاتار ئامىللارنىڭ نەتىجىسىدە تەرەققىي تاپىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇ قانداقتۇر پەن ھەققىدىكى نەزەرىيىنى بىلىدىغان ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە مەنسۇپ بولىدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ھاكىمىيەت تەشكىلى بار خەلققە مەنسۇپ بولىدۇ. شېئىر بىلەن پەن - تېخنىكىنىڭ ئوخشاشمايدىغان تەرىپى شۇكى، شېئىرنىڭ مەبلىغى شائىرنىڭ خۇسۇسىي ھەسرىتى ۋە ساپ كۆڭلىدىن ئىبارەت، پەن تېخنىكىنىڭ مەبلىغى بولسا، مۇنتىزىم تەشكىلىي قۇرۇلمىغا ئىگە گۇرۇھ ياكى دۆلەتنىڭ مىلياردلىغان ئىقتىسادىدىن ئىبارەت. تارىخنى ۋاراقلىساق، ھۆكۈمران سىنىپلار ئۆزلىرىدىكى ئىدېئولوگىيىنى قول ئاستىدىكىلەرگە بىكارغا بەرگەن ياكى مەخسۇس مۇئەسسەسەلەرنى قۇرۇپ، ئاشۇلارغا چىقىم قىلىش بەدىلىگە ئۆزلەشتۈرگەن. ئەمما ئۆتكۈر پەن - تېخنىكىنى سىر تۇتقان. غەربلىكلەر "ئىنجىل" نى ھەقسىز تارقاتسىمۇ، لېكىن ھۈنەر - تېخنىكا دېگەندەك بايلىق ۋاستىلىرىنى پۇلغا ساتىدۇ. چۈنكى تېخنىكا شەيتاننىڭ قولىغا چۈشسە، شەيتاننى تەشەببۇسكار قىلىدىغان، پەرىشتىنىڭ قولىغا چۈشسە، پەرىشتىنى تەشەببۇسكار قىلىدىغان دەستەك. گەرچە تارىخ ھەقىقەتنىڭ قۇدرىتىگە قاراپ سىلجىسىمۇ، لېكىن ئۇ

ھەقىقەتنىڭ سەيناسىدا جەۋلان قىلغۇچە تالاي بەدەللەر كېتىدۇ. بىر ھەسسە كۈچ ھەقىقەتنىڭ قولىدا يۈز ھەسسە زورىيىدۇ.

پەن - تېخنىكىنى ئىگىلىگەندىلا تەرەققىي قىلالايمىز، دەيدۇ بىزنىڭ ئاق كۆڭۈل زىيالىيلار. ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەلەپپۇزىدىن خۇددى خەلقىمىز تەرەققىي قىلىشنى ئارزۇ قىلمايدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. ئامېرىكا جەمئىيەتشۇناسى ئالۋىن توفلېر: "تەرەققىياتقا ئارقىسىنى قىلىۋېلىش ۋىجدانسىزلىق" دېگەنىدى. دۇنيادا تەرەققىي قىلىشنى خالىمايدىغان خەلق مەۋجۇت ئەمەس، چۈنكى تەرەققىيات ھەر قانداق شەيئىنىڭ ھاياتلىق نىشانى، پەن - تېخنىكىنى قانداق قىلغاندا ئىگىلىگىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ ھازىرقى مائارىپ تۈزۈلمىسى بىلەن ئالاقىسى قانداق؟ تەبىئىي پەنچى زىيالىيلىرىمىز بۇ مەسىلىلەرنىمۇ قوشۇپ ئويلىشى لازىم.

بىزدە بىر تالاي ئەدىبلەر بار، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ھە دېسىلا مىللىيلىك، دېيىشىدۇ. 1980 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان "گۇڭگا شېئىر" ھادىسىلىرىنى تەنقىدلىگەندە، پېشقەدەم ئەدىبلەر "مىللىيلىك" نى كوزىر قىلىشتى. لېكىن بىز ھازىرغا قەدەر "مىللىيلىك" دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس مەنىسى قانداق؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب ئالالمىدۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق سوئالمۇ تېخى بارلىققا كەلمىدى. چۈنكى بىزدە بىر پۈتۈن ئەدەبىيات تارىخىمىزدىكى مىللىيلىكنى قېزىپ، پەلسەپە جەھەتتىن قارارلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان تەتقىقات ۋە ئوقۇتۇش يوق. بىزدە ھازىرغا قەدەر بارلىققا كەلگەن ئەدەبىيات تارىخى كىتابلىرى ئومۇمەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى يات ئىدېئولوگىيىلىك قېلىپى بىلەن ئۆلچەش ئۈستىگە قۇرۇلغان.

تەتقىقاتچى ياكى مۇئەللىپ سۆزلىگۈچىدۇر. بۇ يەردىكى "سۆز" نوقۇل مەنىدىكى نۇتۇق" مەنىسىنى بىلدۈرمەيدۇ. ئۇ مەلۇم مەدەنىيەت سالاھىيىتىدىكى كىشىنىڭ ئىزھارىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئىزھار قانداقتۇر بىر خۇسۇسىي ئىزھار ئەمەس، بەلكى مەلۇمبىر گەۋدىگە ۋاكالىتەن دېيىلگەن ئەقلىي، مەنىۋى ھۆكۈم. روشەنكى، سۆزلىگۈچىدە مۇئەييەن مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان سالاھىيەت بولىدۇ. ئەختەم ئۆمەر "يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام" ( بۇ ئوچېرك "شىنجاڭ مەدەنىيىتى" ژۇرنىلىنىڭ 1994 - يىل 1 - ، 2 - ( قوشما ) سانىدا بېسىلغانىدى. مۇھەررىردىن ) نى يازغاندا، ئۇنىڭغا نېمە تۈرتكە بولدى؟ ئۇ، چەت ئەللەرنى ئارىلىدى، ئۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ تەرەققىيات، مەئىشەت، ئۈستۈن مەدەنىي ھالەتلىرىنى كۆردى ۋە بىزنىڭ قاششاق، غېرىبانە تۇرقىمىز بىلەن سېلىشتۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىگۈچىگە خاس سالاھىيىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى شەرقىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا، غەربىي ئاسىيا جەمئىيەتلىرىنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت بولدى. مەن ئۆزۈمنى قانداق تونۇيمەن؟ ئۆزۈمنى باشقىلاردىن قانداق پەرقلەندۈرىمەن؟ ئۆزۈم بىلەن ئۆزگىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىمەن؟ مانا بۇ مەدەنىيەتكە ئائىت سالاھىيەت. مەدەنىيەتتىكى سالاھىيەت قان سىستېمىسىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى. ئىرق، مىللەت، تۈزۈم، جۇغراپىيىلىك مۇھىت قاتارلىقلار ئۇنىڭغا ھەل قىلغۇچ تەسىر

كۆرستىدۇ. ئۇيغۇرلار ئادەتتە چەت ئەللىكلەرنىڭ ياكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۆزىگە قانداق قارايدىغانلىقىغا ناھايىتى قىزىقىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ نوپۇس دەپتىرى، كىملىك، پاسپورتسىزلىق قاتارلىقلار ئۇلارنى بېكىنمە بىر ئورۇنغا مىخلاپ قويىدۇ. بىزدە ئاھالىنىڭ ئەركىن ئېقىپ يۈرۈشى يۈكسەك تىزگىنلەنگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە نامراتلىقمۇ كىشىنى ھېچيەرگە مىدىرلاتمايدۇ. بىزدە ئۆزى تۇرغان كەنتتىن ھېچيەرگە بارماي ئۆلۈپ كېتىدىغانلار كۆرمىلىك. ئادەمدە يېڭىلىققا، ئۆزگىچىلىككە ئىنتىلىش تۇغما بولىدۇ. خەلقىمىزنىڭ ئۆزگىلەر نەزەرىدىكى ئۆزىگە قىزىقىشى ئەنە شۇنداق بىر ئىش. يەنى ھەربىر مەدەنىي سالاھىيەت ئىگىسىنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىشتىكى نۇقتىسى ئۆزگىچە بولىدۇ، بۇلارنى بىلىش كىشىنىڭ بىلىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئۆزىنى ئەمەلىيەتكە يېقىنلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئەختەم ئۆمەرنىڭ ئاز - تولا ئىسلاھ بولغان مەدەنىي سالاھىيەتتە ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىن سۆز ئېچىشى كىشىلەرنىڭ ئۆز - ئۆزىنى باھالاش تۇيغۇسىغا مەلۇم دەرىجىدە پائال تەسىر كۆرسەتتى. ئەمما ئۇنىڭ كېيىنكى كۆزىتىشلىرى ئۆزلۈك جەۋھىرىنى يوقىتىپ قويۇش بىلەن خاراكتېرلىنىپ قالدى - دە، ئۆز بىلەن ئۆزگىنىڭ قايسىسى نۇقتا، قايسىسى ئوبيېكت ئىكەنلىكى روشەن بولمىدى. مەن قازاق قەلەمكەشىمىز شەرىپقان ئەبدالىينىڭ: "شېئىرىي مىللەتتىن ئەقلىي مىللەتكە ئايلىنىش دەۋرىنىڭ تەلپى" (بۇ ماقالە "شىنجاڭ مەدەنىيىتى" ژۇرنىلىنىڭ 1998 - يىل 2 - ، 3 - (قوشما) سانىغا بېسىلغانىدى. مۇھەررىردىن) دېگەن ماقالىسىنى كۆرگەندىن كېيىن، بىر قازاق دوستۇمدىن ئۇنىڭ پىكرىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى سورىدۇم. ئۇ: "ئۇ ھەرگىزمۇ قازاقچە كۆزىتىش يۈرگۈزۈش ئەمەس" دەپ جاۋاب بەردى. پېقىر شەرىپقانىنىڭ ئىجادىي روھتىكى پىكرىنى مۇئەييەنلەشتۈردۇ. مىللەت ئۆز ئەنئەنىسى ھەققىدە زامانىۋى تۇرغۇچتا تۇرۇپ ئويلىشى كېرەك، لېكىن ھېلىقى قازاق دوستۇمنىڭ پىكرىمۇ ئورۇنسىز ئەمەس. ئۇ، ئەنئەنىگە باھا بەرگەندە مىللىيەتتىن ئىبارەت يۈرەكنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىم، دېمەكچى. يېقىندا، موڭغۇل يازغۇچىسى مىڭ چېبى ئەپەندىنىڭ "يايلاق مەدەنىيىتى ۋە ئىنسانىيەت" ناملىق ئىككى توملۇق ئەسىرى نەشىردىن چىقتى. ئۇ بىر يايلاق مىللىتىنىڭ پەرزەنتى بولۇش سۈپىتى بىلەن يايلاق خەلقىنىڭ تارىخ، ئىجتىمائىي تەقدىرى ھەققىدە نېمىلەرنى دېيدىكىن، بۇنى ئۇقمايمەن. ئۇنىڭ كىتابىنى كۆرۈپ چىقىشقا تېخى ئۈلگۈرمىدىم. ھەر ھالدا تارىخنى مىللەتنىڭ ئۆز - ئۆزى ھەققىدە ئويغانغان نۇقتىدىن ئويلىنىپ، خۇلاسە چىقىرىشىنىڭ سان - ساناقسىز جەرياندىن ئىبارەت. شۇنداق ئىكەن، ئويلىنىش ئەڭ ئومۇمىي ئەنئەنە. غەرب ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ تەسىرى قىياندەك يامراپ كېتىۋاتقان، مىللىي مەدەنىيەت نۇسخىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشمە داغدامىلىشىۋاتقان، مەدەنىيەت بىلەن مەدەنىيەت ئۆزئارا سىڭىشىپ شالغۇتلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مىللىي مەدەنىيەتنى مەركەز قىلىپ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش ھەم تەس، ھەم مۇھىم.

ئۇنداقتا، ئاپتورنىڭ پىكىر بايان قىلىشتىكى مىللىي سالاھىيىتىگە نېمە يېتەكچىلىك

قىلدۇ؟ بىز رۇس يازغۇچىسى گوگولنىڭ پۇشكىن ھەققىدىكى مۇنۇ سۆزىدىن جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز: "ھەقىقىي مىللىيلىك دېھقان ئايال كىيىۋالغان يەڭسىز ئۇزۇن كۆڭلەكنى تەسۋىرلەشتە ئەمەس، بەلكى مىللىي روھنىڭ ئۆزىنى ئىپادىلەشتە. شائىر ناتونۇش ئالەمنى تەسۋىرلىسىمۇ، پەقەت مىللەت ئاملىغا ئىگە كۆز بىلەن، پۈتكۈل مىللەتنىڭ كۆزى بىلەن كۆزەتسىلا، مۇشۇنداق ھېسسىياتتا بولسىلا ۋە سۆزلىسىلا، شائىر شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە مىللەت بولالىشى مۇمكىن".

ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى مىللىيلىكنى يېڭىلاشقا قارشى چوماق ئورنىدا چۇشىنىدىغانلارمۇ بار. ئۇلار مىللىيلىكنى بارلىق سىرتقى تەسىرنى رەت قىلىشتىكى مەيدان، دەپ قارايدۇ. كىنو ـ تېلېۋىزىيە، MTV، ئېلېكترونلۇق سەنئەت قاتارلىقلار زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىنىڭ مەھسۇللىرى بولۇپ، پەن ـ تېخنىكا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى تېخىمۇ ئاممىۋى سورۇنغا ئىگە قىلدى. ئىلگىرىكى ئابستراكت ۋە كونكرېت تەپەككۇرلار ئېكران ئارقىلىق بىئوئوپتىك تەپەككۇرغا كۆپرەك ئورۇن بەردى. چەت ئەل كىنو ـ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى تېلېۋىزور ۋە ھەر خىل پلاستىنكىلار ئارقىلىق مىللىي تەپەككۇر زېمىنىغا سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. كۈچلۈك ئىلمىيلىك ۋە زامانغا ئارا تۇرالايدىغان مۇكەممەللىككە ئېرىشەلمەي، ئىستىخىيلىك ھالەتتە توختاپ قالغان مىللىي ئاڭ سىرتتىن كىرىۋاتقان تۈرلۈك يات تەسىرلەرنىڭ ئالدىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. نەتىجىدە، تاللاش ـ شاللاشنى بىلەلمىگەن روھىمىز خۇددى خىمىيلىك ئوغۇتقا كۆندۈرۈلگەن ئېتىزلىرىمىزغا ئوخشاش بۇلغاندى، ئۇنىڭدىن چىققان مەھسۇلاتلار ھەرخىل جاھىل كېسەللەرنى پەيدا قىلدى. يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، بىئوئوپتىك ئۈسكۈنىلەر ۋە ئېلېكترونلۇق ئۆتۈشمىلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئەندىزىسى، مىللىي ئەپسانىۋى روھ، مىللىي تىل، مىللىي ئىجتىمائىي گەۋدىدىن ھالقىغان يەر شارى خاراكتېرلىك ئاممىۋى مەدەنىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنداق شارائىتتا، ئىجادىي پائالىيەتچانلىق، ئۆزىنى يېڭىلاش ۋە قۇۋۋەتلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولمىغان پاسسىپ مىللىي روھنىڭ كۈن كۆرەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

بىزگە مىللىيلىك كېرەك، بىراق بىز ئىزدىمەكچى بولغان ۋە ياراتماقچى بولغان مىللىيلىك غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يەر شارى خاراكتېرلىك يامراشلىرى ئىچىدە قېلىۋاتىدۇ. مانا بۇ تارىخنىڭ ئىلگىرىكىسىگە ئوخشىمايدىغان يەنە بىر قېتىملىق خىرىسى.

بىزدە بىراۋ رۇسپەرەس، بىراۋ ئىنگلىزپەرەس، بىراۋ ئۆتمۈشپەرەس، يەنە بىراۋ بىر نېمە پەرەس. ئەيتاۋۇر ئۇلار ئۆز ساھەسىدىكى مەلۇم بىر ساۋاتنى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، دەپ قاراپ، ئۇنى دۇنيانى چۈشىنىشنىڭ بىردىنبىر مېتودىغا ئايلاندۇرىۋالغان. ئۇلار ئۆزلىرى چۈشەنگەن دۇنيانىڭ سىرتىدىكى مەۋجۇتلۇقنىڭمۇ جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن كېرەك ئىكەنلىكىنى ئاز ھېس قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار مۇنازىرە داۋامىدا ئۆز ساھەسىدە جاھىللىق بىلەن قېلىۋېرىدۇ ـ دە، مەزكۇر سورۇن ھېچقاچان بىرلىككە كېلەلمەيدۇ. بۇ دەل زىيالىيلىرىمىزدىكى ئەقىدىنىڭ

پارچىلىنىپ كېتىشتىن كەلگەن.

بىزدە بار دەپ قارىلىۋاتقان تەنقىدچىلىك تەنە قىلىش، ئىغۋا تارقىتىشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالدى. كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىغان ئەدىبلەر ئوخشاش بىر تۇپراق ۋە ئوخشاش بىر تىل مۇھىتىدا تۇرۇپ، بىر - بىرىدىن نېمىنى كۈتىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى.

ۋاقىتلىق (ئۆتكۈنچى) نەرسىگە بىلدۈرۈلگەن ئەقىدە ئۇزۇن داۋام قىلمايدۇ، بەلكى ئۇ نەرسە ئۆزىنىڭ چەكلىك بولۇشى شۇنداقلا تار ئەخلاقىي مەنىگە ئىگە بولۇشى تۈپەيلى، ئەقىدە قىلغۇچىنى بوھرانغا قويىدۇ. ئىنسانىنىڭ پاراستىدىن ھالقىغان، ئەمما بىز تونۇپ يەتكەنسېرى ئىلھام، پەزىلەت، جەسۇرلۇق ئاتا قىلىدىغان ئالەم قانۇنلىرى (مەڭگۈلۈك ھەقىقەت) غا بىلدۈرۈلگەن ئەقىدە ھەر بىر ئىنسانىنىڭ قەلبىگە ئورتاقلىق ھەم قېرىنداشلىق رىشتىنى چاتىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ھەر كىم ئۆز شەخسىيىتىدە ئومۇمىي ھەقىقەتنى تونۇيدۇ ۋە بۇ ھەقىقەتنى جارى قىلدۇرۇشتىكى بۇرچداشلىق چۆرىسىگە ئۇيۇشىدۇ.

بىز 20 - ئەسىردە دەل ئۆزىمىزگە كېرەكلىك مىللىيەت ۋە ھەقىقەتنى ئەجنەبىيلەردىن ئىزدىدۇق. ئەمما ئەمەلىيەتتە ئېرىشكەنلىرىمىز كۈتكىنىمىزدەك بولمىدى. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنى ئالساق، بىز ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئەنئەنىمىزنىڭ تارىخىي ئىزچىللىقىدىن كەلگەن مىللىي دىت بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاساسەن دېگۈدەك رۇس ئەدەبىياتىنىڭ قېلىپى ياكى باشقا تېپتىكى غەرب ئەدەبىياتىنىڭ مەسلەكلىرى بويىچە ئۆلچىدۇق. ئۇلارغا ئوخشىغانلىرى ياخشى ئەسەر بولدى، ئوخشىمىغانلىرى ئۆتمۈشكە تەئەللۇق چىرىندى نەرسە بولدى.

ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى كۆزەتسەك، ئېپىك ئەسەرلەردە بىر دولقۇن شەكىللەندى، بىراق شېئىرىيەتتە يىرىك ئەمگەك كۆرۈلمىدى. ئەكسىچە بىز شېئىرىيەتنى مىللىتىمىزدىكى ئەقلىي زەئىپلىكنىڭ مەنبەسى، دەپ قاراپ نەشرىياتلىرىمىزدىكى ئورنىنى تەدرىجىي قىسقارتىپ تاشلىدۇق. مەدەنىيەت ئانالىزىدا بۇنداق كۈلكىلىك مەنتىقىنىڭ كۆرۈلۈشى دۇنيا بويىچە تۇنجى ئەھۋال بولسا كېرەك. بەلكى بۇنداق ئەھۋال قايتا كۆرۈلمەس. كۆڭلى ياخشى بەزى تەقرىزچىلەر ياخشى شېئىرلار يوق، دەپ تاپا - تەنە قىلىشىدۇ. ۋەھالەنكى، ئاپتورلارمۇ ئادەم، ئۇلارمۇ تۇرمۇشنىڭ قوينىدا ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بىز ئىجادىيەتنى ھاياتتىن ئايرىپ قارىمىغانىكەنمىز، بۈگۈنكى كۈندە كۆز ئالدىمىزدىكى ھايات بوشلۇقىنىڭ بۇرۇنقىدىن كۆپ ئۆزگەرگەنلىكىدىن ئىبارەت پاكىتنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەك. بۇرۇن بىزنىڭ ھاياتىمىز ئۆزىمىزنىڭ مۇھىتى بىلەنلا باغلىناتتى، بىراق بۈگۈن بىزنىڭ ھاياتىمىز بىز تېخى كۆرۈپ باقمىغان مۇھىتتىكى ئىدېئال فورمۇلىلارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشىگە ئۇچرايدۇ. يەر شارىنىڭ يىراق بۇرجەكلىرىدىكى ۋەزىيەت بۈگۈن بىز تۇرغان رېئاللىقنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. پۇل، ماددىي ئىستېمالنى ئۆلچەم قىلىۋالغان جەمئىيەتنىڭ باش ئاغرىقلىرى شائىرلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم

قىلىش بىلەن بىرگە، شېئىرىيەتنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا مۆلچەرلىگۈسىز دەرىجىدە تارىيىپ كەتتى . چىلى شائىرى پابلونېرودا 2000 - يىلىغا بارغاندا ھومېردەك شائىرلارنىڭ تۈزۈۋكرەك ئوقۇرمىنى قالماسلىقى مۇمكىن، دېگەنىكەن . ئەمما 21 - ئەسىر شېئىرىيىتىدە گىرىك شېئىرىيىتىنىڭ قۇدرىتىگە ئۈمىد باغلىغانىكەن . نېرودا بۇ سۆزنى دېگەندە ئۆز مۇھىتىغا يارىشا ھالەتنى چىقىش قىلغان بولۇشى مۇمكىن . بىزدىمۇ "قۇتادغۇ بىلىك" نىڭ باھاسىنى چۈشۈرۈپ سېتىش ئەھۋاللىرى يۈز بەردى . ئەلىشىر ناۋائىينىڭ "خەمسە" سى سېتىلماي ياتتى . زادى ئەسەر ناچارمۇ ياكى ھازىرقى ئوقۇرمەن ناچارمۇ؟ بۇنىڭغا ئالدىراپ جاۋاب بەرگىلى بولماس . ھەر ھالدا ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ساپاسىدىكى ئۆزگىرىشنى نەزەرگە ئېلىش مۇھىمدەك تۇرىدۇ . ئالىي مەكتەپتە ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن ستۇدېنتنىڭ چىغاتاي ئۇيغۇر تىلى يېزىقىدىكى كلاسسىك مەنبەلەرگە چىشى پاتمايدۇ . مانا بۇ ھال "بۇلاق" ژۇرنىلىنىڭ خېرىدار تاپالماي نېپىزلەپ كېتىشىدىكى سەۋەب . بەكرەك ئاختۇرسا، بۇنىڭ جاۋابكارى كاردىن چىققان مائارىپ قۇرۇلمىسى .

مۇھىت ئۆزگەردى ، ئادەملەرنىڭ كاللىسى ئۆزگەرمىدى . بىز ئويلىنىش ۋە ئىجادىيەتكە گادايلىقىمىز بىلەن تاشقى تەسىرلەرنىڭ قورشاۋىدا قالدۇق .

قايسىدۇر بىر كىتابنىڭ مۇقاۋىسىدىكى بىر سۈرەتنى كۆرگىنىم ئېسىمدە . بۇ سۈرەت مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى: بىر قانچە كىشى داق يەردە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقانىدى . ئۇلارنىڭ ئولتۇرغان يېرى بىر قارىسا بىرەر دالىدىدەك كۆرۈنەتتى ، بىر قارىسا ئۆينىڭ ئىچىدەك كۆرۈنەتتى ، بىراق دىۋان ياكى ئورۇندۇق دېگەندەك نەرسىلەر يوق ئىدى . تېرىسى ۋە ئۆڭگى قارامتۇل كەلگەن بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئېكرانغا قاراپ تۇرۇشاتتى . كىتابنىڭ ئىچىدىكى ئىزاھاتقا قارىسام، ئۇلار ئاۋستراليىنىڭ تانامى قۇملۇقىنىڭ بىر چېتىدە ياشايدىغان يەرلىك خەلقلەر ئىكەن . ئۇلار غەرب پەن - تېخنىكىسىنىڭ بۇ ئاجايىپ مۆجىزىسىگە تىكىلىپ، ئۆزلىرىدىن يىراق ئىقلىملاردىكى ئىشلارغا مەپتۇن بولۇشقانىدى . بۇ، غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئىستىلاچىلىقنىڭ يەرلىك خەلق ئۆزى تاللىۋالغان شەكىلدە يۈرگۈزۈلۈشى ئىدى .

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇردى . ئامېرىكا قاتارلىق غەرب دۆلەتلىرى پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كاپىتالىستىك ئىقتىسادىي سىستېمىنى دۇنياۋى مىقياستا كېڭەيتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدى . ئۇلار رايون، دۆلەت دائىرىسىدە چەكلەنگەن بارچە ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ دۆلەت ياكى مىللەتتىن ھالقىغان دۇنياۋى ئىقتىسادىي سىستېمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولدى ، شۇنىڭ بىلەن دۇنياۋىلاشتۇرۇش، بازار ئىقتىسادى ، ئەركىن سودا قاتارلىق يېڭى چۈشەنچىلەر 21 - ئەسىر تەلەپلىرىگە مۇناسىپ ئەڭ زامانىۋى ئەندازلار سۈپىتىدە بارلىققا كەلتۈرۈلدى . دۇنياۋىلاشتۇرۇش ( Globalogy ) مەھەللىۋى ئىقتىسادلارنى دۇنيا ئىقتىسادىغا قوشۇپ، ئۇنىڭغا بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت .

ھوللاندىيە مەدەنىيەتشۇناسى رىيىن T. سىگىرس: "مەدەنىي سالاھىيەتنىڭ مۇھىملىقى ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى يېڭى كۆزىتىش بۇلۇڭى" سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە Arjun Appadurai ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرگەن ھالدا دۇنياۋىلىشىشنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

"دۇنياۋىلىشىش بەش تەرەپنى ، بەش خىل مەدەنىيەت يۈزلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار دۇنياۋى مىقياستا بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كېتىدۇ. 1. نوپۇسنىڭ ئېقىپ يۆرۈشىدىن كېلىپ چىققان ئىرقىي سىگىشىش. بۇ ئېقىپ يۈرۈش مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ساياھەتچىلەر، كۆچمەنلەر، مۇساپىرلار، سەرگەردانلار ۋە ئىشلەمچىلەر؛ 2. دۆلەت ھالقىغان شىركەت ۋە ھۆكۈمەت باشقارمىلىرى ئىلگىرى سۈرگەن تېخنىكا ئالماشتۇرۇش بولۇپ، بۇ، زاۋۇت ۋە ئۇسكۈنىلەرنىڭ يۆتكىلىشىدە كۆرۈلىدۇ؛ 3. پاي چېكى سودىسىدىكى مەبلەغنىڭ تېز ئايلىنىشىدىن كېلىپ چىققان پۇل مۇئامىلە بىرلىكى ؛ 4. تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ ئۇنىۋېرساللىقى . بۇ، كۆرۈنۈش ۋە ئۇچۇرلارنىڭ مەركەزلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل يۈزلىنىشنى گېزىت، ژۇرنال، تېلېۋىزور، كىنو قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ 5. ئاڭنىڭ بىردەكلىشىشى ، بۇ، بىر قىسىم نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر دۆلەتكە ئۇيغۇن ياكى دۆلەتكە قارشى ئاڭ فورمىسى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر مۇنداق: "دېموكراتىيە، ئەركىنلىك، پاراۋانلىق، ھوقۇق قاتارلىقلار" ( "مەدەنىيەتنىڭ ئۆتۈشۈشى ۋە ئەدەبىي ئوبراز"، يۆدەيىۋن، جاڭ خۇي قاتارلىقلار تۈزگەن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرستېتى نەشرىياتى 1999 - يىل يانۋار نەشرى . )

كومپيۇتېر ۋە خەلقئارالىق ئۇچۇر تورلىرى يۇقىرىقى يۈزلىنىشلەرنى بىۋاستە ئىلگىرى سۈرگەن ۋاستىلەردۇر. Internet غەربچە تەپەككۇر ۋە قىممەت سىستېمىلىرىنى جاھاننىڭ ھەممە ياقلىرىغا ئومۇملاشتۇرۇپ، يەرلىك مەدەنىيەت ئېغىر خانىۋەيرانلىققا دۇچ كېلىدۇ. بۇ ئەھۋال بىزدەك خەلقلەرنى تېخىمۇ قاتتىق ئەندىشىگە سالىدۇ.

شېكسپىرنىڭ دۇنياۋى تەسىرى نوقۇل شېكسپىر ئەسەرلىرىدىكى بەدىئىي كۈچنىڭ غەلىبىسى ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئىنگلىزلارنىڭ سىياسىي ، ئىقتىساد، ھەربىي ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالەمشۇمۇل ئورنى شېكسپىرنى دۇنياۋى مىقياستىكى گىگانت سۈپىتىدە تونۇتقان. رۇسىيىلىكلەر پۇشكىننى رۇس مىللىي روھىنىڭ بايرىقى ، دەپ تونۇپ ئىزچىل كۆككە كۆتۈرۈپ كەلدى . رۇسلاردا قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ بار، بىراق ئۇلار ئۈچۈن پۇشكىن كەم بولسا بولمايتتى . بۈگۈنكى كۈندە قازاقلار ئابايىنى ، ئۆزبېكلەر ناۋائىينى مىللىي روھنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە جاھان مۇنبىرىگە ئېلىپ چىقىۋاتىدۇ. دېمەك، كىشىلەر دۇنياۋىلىشىش ئېلىپ كېلىدىغان تەرەققىيات پۇرسەتلىرىنىڭ ئىچىدە مىللىي ئۆزلۈككە يېتىدىغان خەۋپنىمۇ سېزىشمەكتە. ئىقتىساد، سودا جەھەتتىكى رەھىمسىز رىقابەت ۋە تىنىمسىز يۈكسىلىش پائالىيىتى ئادەمگەرچىلىكنى يوقىتىدۇ، شۇنداقلا "غايە ۋاستىنى ئاقلايدۇ" قائىدىسى ، مەقسەتنىڭ توغرا بولسا

ياخشى - يامان ۋاستىلەرنى قوللىنىشتىن باش تارتماسلىق لازىم، دېگەنلىك بولۇپ، بۇ غەرب سىياسىيونلۇقىنىڭ ئاساسىي ئەنئەنىسى. بىر تەرەپتىن قارىغاندا، بۇ "ئۈرۈشنىڭ بىرى جەڭ، توققۇزى رەڭ" تەدبىرىنىڭ ئاشكارا نامايەندىسى. 500 يىل ئىلگىرى ماكياۋىللىي تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزكۇر قائىدە 20 - ئەسىردە سودا ساھەسىدە ئۈستىلىق بىلەن تەتبىقلىنىپ، 21 - ئەسىردە ئۆزىنىڭ ۋەھىملىك ئەۋجىنى نامايان قىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ.

21 - ئەسىر مىللىي مەدەنىيىتىمىز تېخىمۇ قاتتىق سىناقلارغا دۇچ كېلىدىغان ئەسىر. ئەلۋەتتە، بىز مول مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋە ئىجادىي روھقا ئىگە خەلقمىز. بىراق بىز ئۆلارنى ھېچقانچە قازمىدۇق.

ئامېرىكا خارۋارد ئۇنىۋېرستېتىدىكى يىرىك سىياسىيون ساموئېل خېنتىڭتون 21 - ئەسىردىكى ئۇرۇش ئىقتىسادىي ياكى ئاتۇم فورمىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش بولماستىن، دەل مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش، دەپ تەھلىل قىلىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى قانۇنلۇق ئورنىنى يوقىتىپ قويغان مىللەت ھېچكىم قىزىقمايدىغان مىللەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ، ھەتتا ئۇ ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ۋەسىقىلىرىگە ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى باشقىلارغا تارتقۇزۇپ قويىدۇ. ناۋائىي ۋە مىرزا ھەيدەرلەرنىڭ تار مىللىي تەۋەلىك غوۋغالىرىغا دۇچ كېلىشى بۇنىڭ بىر دەلىلى ئەمەسمۇ؟!

خىرىس ۋە رىقابەت ئالدىمىزدا. نۆۋەتتىكى مەسىلە مىللىي ئۆزلۈك ئوبرازىنى قانداق ساقلاپ قېلىش ۋە تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت.

1999 - يىل دېكابىر

# ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە بەدىئىي ئىنكاس

ئۆزى ۋۇجۇدقا كەلگەن دەۋرنىڭ روھىدىن مەلۇم دەرىجىدە دېرەك بېرەلەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇزېيلاردىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە ۋە كىشىلەرنىڭ ئەينى دەۋرنى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىش رولىنى ئوينىماقتا. سەنئەت تارىخىمىزدىكى ھەربىر نامايەندىمۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن مىللىي ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرلىكىنى سەنئەتنىڭ چىنلىق قانۇنىيىتى بويىچە ئۆز ۋۇجۇدىغا مۇكەممەل ھالدا مۇجەسسەم قىلغاچقا، ئالاھىدە زور قىممەتكە ئىگە بايلىق سۈپىتىدە قەدىرلەنمەكتە.

مەلۇمكى، سەنئەتنى چوڭقۇر مەزمۇن ۋە غايەت زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلغان نەرسە چىنلىق، ئەلۋەتتە. ھازىرغىچە ئوتتۇرىغا چىققان ئەدەبىي ئېقىم ۋە مېتودلارنىڭ ھەرقايسىسى چىنلىققا نىسبەتەن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سادىق بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە رېئالىزمنىڭ چىنلىق دەرىجىسى ئەڭ گەۋدىلىك بولدى.

رېئالىزم ئۇزۇن يىللىق ئەنئەنىگە ئىگە ئالاھىدە فورمۇلانىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزىدىن باشقا فورمۇلاغا ۋەكىللىك قىلغۇچى سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ تەبىئىتىدە قىسمەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئامىللىرى تېپىلىدۇ. ۋەھالەنكى، سەنئەتتە كۈچلۈك رېئالىستىك خاھىش بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەسەرلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار تۇرمۇشتىكى چوڭ - كىچىك تارىخىي جەريانىنى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ جانلىق ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىگەچكە، ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچىنى يوقاتماي كەلمەكتە. بۇنى قايسىبىر دەۋر، قايسىبىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى بولمىسۇن روشەن دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

ناھايىتى ئۇزۇن تارىخنى باشتىن كەچۈرگەن، مول قىممەتلىك مىراسلارغا ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ روشەن مىللىي روھنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رېئالىزم ئامىلىنى پەيدىنپەي راۋاجلاندۇرۇپ، ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنىڭ ئىلگىرى - ئاخىر ئوتتۇرىغا چىقىشى نەتىجىسىدە بېيىپ باردى. ھەتتا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۆلگىلىك رول ئوينىغۇچى زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىش باسقۇچىغىمۇ قەدەم قويدى. "10 يىل"لىق دەپسەندە بولۇش، خاراب بولۇش پاجىئەسىنى باشتىن كەچۈرگەن ئەدەبىياتىمىز يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان تىرىلىش، گۈللەپ - ياشناش ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ، سوتسىيالىستىك مىللىي شەكىل ۋە مەزمۇنغا ئىگە، زامانىمىزنىڭ يېڭى روھى بىلەن تولۇپ تاشقان نۇرغۇن ئەسەرلەر ۋۇجۇدقا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە جۇشقۇن قەلىمى بىلەن بىر قاتار ياخشى ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان ئاپتورلىرىمىزنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن سەنئەتكارلار سېپىمىز تېخىمۇ مۇنتىزىملاشتى.

ھازىرغىچە بارلىققا كەلگەن تارىخىي ۋە ھازىرقى تېمىلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۈرلۈك

شەكىلدىكى يېرىك ئەسەرلەر ئەدەبىياتىمىزنىڭ تېما جەھەتتىكى نەزەر دائىرىسىنىڭ ئۆزلۈكسىز تۈردە كېڭىيىۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى . بۇ ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن قاتتىق تەلەپ قويۇپ، مۇرەككەپ ھادىسىلەر بىلەن تولغان قايناق ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا قارىتا يۇرەكلىك ھالدا ھەقىقەت كۆزى بىلەن قاراپ، جاپالىق مېھنەت ۋە بىرقەدەر پىشقان بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق، سەنئەت بىلەن تۇرمۇشنىڭ يېقىنلىقىنى ھەتتا بىرلىكىنى تەبىئىي ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىدىن ئايرىلمايدۇ .

ئەنە شۇلارنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى يازغۇچى زوردۇن سابىردۇر. زوردۇن سابىر سەنئەتكە بولغان ساپ ۋە سەممىي مۇھەببىتى بىلەن جەمئىيەتىمىزنىڭ ھەرخىل ئامىللىرىنى باشتىن - ئاخىر ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر كۆزەتكۈچى قەلىمىنىڭ ئوبيېكتى قىلىپ كەلدى . شۇڭلاشقا ئۇ تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرىدىكى پۇتۇنلەي يېڭى كىشىلەرنى گۈزەل ۋە بەختلىك ھاياتنىڭ خوجايىنلىرىنى، ساغلام يېڭى ئارزۇ - غايىگە ئىگە جۇشقۇن روھ بىلەن ئىنتىلگۈچى ئەمگەكچىلەرنى ، مەرىپەتنى قىزغىن سۆيىدىغان يېڭى ئەۋلادلارنى ، ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىق رىيازەت ئىچىدىكى پىغانلىرىنى ۋە شۇ پىغان ئىچىدىكى يىمىرىلمەس ئىرادىلىرىنى ، ئومۇمەن سوتسىيالىستىك زامانىمىز مۇھىتىدىكى تۈرلۈك خاراكتېرگە ۋەكىللىك قىلغۇچى كىشىلەرنىڭ پورترېتىنى تۇرمۇش ۋە سەنئەتنىڭ رەڭدار بوياقلىرى بىلەن گىرەلەشتۇرۇپ سىزىپ چىقالىدى ھەمدە شۇ سەۋەب بىلەن ئۇنىڭ ياراتقان ئەسەرلىرى جەمئىيەتىمىزنىڭ ئېگىز - پەس تەرەققىيات يولىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى بولالىدى .

سەنئەتنىڭ بۈرچى نوقۇل ھالدا تۇرمۇشنىڭ ئىجابىي تەرىپىنى تەسۋىرلەشنىلا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ تارىخىي تەرەققىيات يۈنىلىشىگە توسالغۇ بولىدىغان پاسسىپ ئامىللارنى تەنقىدىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن چۈشەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم تەرەپىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەنقىدىي رېئالىزمنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولغان 19 - ئەسىر ياۋروپا تەنقىدىي رېئالىزمى ۋە ئۇنىڭ كىشىلەرگە مەلۇم ئاجايىپ رولى پاش قىلىش خاراكتېرىدىكى سەنئەتنىڭ جەمئىيەتنى تونۇتۇش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى تۈرتكىلىك ئەھمىيىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ . بۇنى ھەقىقىي يوسۇندا چۈشەنگەن يازغۇچى زوردۇن سابىر سوتسىيالىستىك تەنقىدىي رېئالىزم يۈنىلىشىگە قاراپ مېڭىشنى ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت غايىسىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇرۇپ، بۇ جەھەتتە نىسبەتەن زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى .

بىراق، ئىجتىھاتلىق يازغۇچىمىز زوردۇن سابىرنىڭ تۇرمۇش قاينىمىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرىشى يۇقىرىقى غەلىبىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى . بەلكى ئۇنىڭ چارچىماس قەلىمى تۇرمۇشنىڭ قېتىغا يوشۇرۇنغان، ئەمما كىشىلەر دىققەت قىلالمىغان تەرەپلەرگە دادىل يۈزلىنىپ، كىتابخانلارنى يېڭى ھەقىقەت بىلەن تەمىنلەشكە باشلىدى . ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان ئېلان قىلىنغان "ئارچا ياپرىقى" پوۋېستلار توپلىمى ، "ئايدىڭ كېچە"، "جىگدىلەر پىچىرلايدۇ"،

"ئېھ، توپىلىق يول" قاتارلىق ھېكايىلىرى يۇقىرىقى دېگەنلىرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

زوردۇن سابىر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى يىزىلاردا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى يېزىشتا، بىر تەرەپلىمىلىك بىلەن باي بولۇۋاتقان دېھقانلارنى يېزىشنىلا قوغلىشىپ كەتمەستىن، بەلكى ئىجابىي ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولغان، ئىنچىكە، ئەمما مۇھىم سەلبىي مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، مۇۋاپىق بەدىئىي يول بىلەن ئىنكاس قىلدى. بۇ ئەسەرلەردىكى ئىدىيىلەر يېڭى ۋە كۈچلۈك رېئال ئاساسقا ئىگە ھەقىقەت سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ روھىي زېمىنىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى قىممىتى ۋە ئابرۇيىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتتى.

بۇ قېتىم ئۇنىڭ قەلىمى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان يېڭى بىر مەسىلىنى جاكارلىدى. ئۇ بولسىمۇ، "تارىم" ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىللىق 11 - سانىدىكى "ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە" ناملىق ھېكايىدۇر. ھېكايە زوردۇن سابىرنىڭ بۇنىڭدىن بۇرۇنقى تەنقىدىي رېئالىزملىق ئىجادىيەتلىرىدىن مەلۇم بولغان قاتمال ئادەتلەرگە قارشى ئىسلاھاتچىل خاھىشىنىڭ راۋاجىنى ئۆزىگە تېما قىلغان بولۇپ، ناھايىتى كەڭ كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئۆزى سۈرەتلىگەن خۇنۇك بىر قىسمىغا ئوقۇغۇچىلارنى تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇشقا ئۈندەيدۇ.

بۇ ھەقتىكى ھېس قىلغانلىرىمىزنى بىر پۈتۈن توغرا نۇقتىئىنەزەر سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىچە، مۇكەممەل بولالماسلىق ئېھتىمالىغا ناھايىتى يېقىن پىكىرلەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇپ بېقىشنى خالايمىز.

يازغۇچىنىڭ ھېكايىدە ئېيتماقچى بولغانلىرى پەرقلىق ھالدىكى ئۈچ ئائىلە (گۈلسارە، نجات، يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارى قاتارلىقلارنىڭ ئائىلىسى) ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاش بولمىغان شەكىلگە ئىگە مۇناسىۋەت ئەڭ گەۋدىلىك رول ئوينايدۇ.

گۈلسارە ۋە نجاتلارنىڭ ئائىلىسى (ياكى ئەمەنجان ۋە جامال شۇجىلارنىڭ ئائىلىسى) ئوخشاش بولمىغان ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە، بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدىكى ئىككى خىل ئائىلە. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھەر ئىككى ئائىلە ئوخشاشلا يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ئوخشاش قانۇنىي ھوقۇق ۋە پۇقرالىق ھوقۇقىغا ئىگە ئائىلىلەردىن بولسىمۇ، ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىككى ئائىلىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتىكى نىسپىي پەرق ھەمدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇشىدەك تۈرلۈك ئەھۋاللار بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ھاياتىنى ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلغان. ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى يەككە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى داۋامىدا، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى جەھەتتىكى تەكشىسىزلىك ۋە تەڭسىزلىك ئامىللىرى تەدرىجىي چوڭ پەرققە ئىگە بولۇش يۆنىلىشىگە قاراپ راۋاجلىنىپ، ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى

ئەككى خىللىقنىمۇ تەدرىجىي زورايتتقان. بۇ خىل ئىجتىمائىي ھادىسە گەرچە سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈلمە سىياسىتىنىڭ چەكلىشى تۈپەيلىدىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئېغىمۇ زور سەلبىي راۋاجلىنىش باسقۇچىغا ئېلىپ بارالمىغان بولسىمۇ، ئەمما تامامەن بولمىسىمۇ، قىسمەن رەۋىشتىكى بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىگە ئېلىپ بارغان. شۇنداق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، بۇ ئەھۋال ھېكايىدىكى قەھرىمانلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئەڭ ئاخىرقى كۆڭۈلسىز ئاقىۋەتلەرنىڭ مەنبەسى ۋە سەۋەبچىسىدۇر. بەلكىم بىز يازغۇچىنىڭ ھەل قىلماقچى بولغان ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرىنى يۇقىرىقى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت شەكلىگە باغلاپ مۇھاكىمە قىلساق خاتا قىلغان بولماسمىز. ئۇنداق بولسا، رېئال مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنى بەدىئىي ئەدەبىيات مۇنبىرىگە ئېلىپ چىققان ئاپتور بىزگە نېمىلەرنى دېمەكچى؟ بىزنىڭچە بولغاندا، يازغۇچىمىز يېزىلاردا يەككە ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى بارلىققا كەلگەن دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى، ئۇلارنىڭ باياشات، قۇۋناق تۇرمۇشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىنتىلىشى ۋە شۇ خىل ھاياتنىڭ قوينىدا بەختىيار كۈلۈمسىرىشى قاتارلىق يېڭى ساھەلىرىدە پەيدا بولۇۋاتقان، دەۋرىمىزنىڭ ۋە پارلاق تۇرمۇش مۇھىتىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان ئىجابىي ئەمەلىيەت ھەم يۈزلىنىشلەرنى قۇۋۋەتلەش بىلەن بىرگە، سەل قاراشقا بولمايدىغان، پەيدىنپەي ھالدا يېڭىدىن بىخلىنىۋاتقان بىر مەسىلىنى ئاشكارىلىغان. ئۇ بولسىمۇ سوتسىيالىستىك يەككە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشى، بۇنىڭغا ماسلىشىپ يېزا ئىقتىسادىنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، كۆرۈلۈشكە باشلاۋاتقان ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ يوچۇن ۋە دەسلەپكى ئامىللىرىدۇر. بۇ ھەققەتەن ئىنچىكە كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئۆتكۈر كۆزلەر ئۈچۈن مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئاجىزانە تەرىزدە ئومۇمىيۈزلۈك شەكىللىنىۋاتقان ئەھۋال. شۇنداق بولسىمۇ، بۇنى ئېچىپ بېرىشكە قادىر بولالىغان ئاپتورلىرىمىز ناھايىتى ئاز بولدى. ھازىرقى يېزىلارنىڭ قىياپىتىنى سەنئەتنىڭ چىنلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، ئەتراپلىق ۋە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن ئەسەرلەر مەيدانغا كېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ ساندىكى ئەسەرلەر ئوخشىمىغان ۋەقە ھەم سۇژېت ئارقىلىق يەنىلا ئوخشاش بىر تېمىنى تەكرارلايدىغان ئورۇنسىزلىقلاردىن خالىي بولالمىدى. ئىجادىيەت تېما دائىرىسىنىڭ كەڭ بولۇشىغا نىسبەتەن ئەھمىيەت بېرىپ كېلىۋاتقان ئەدىبلەرنىڭ بىرى زوردۇن سابىر بۇ جەھەتتە يەنە بىر نۆۋەت نەمۇنە بولدى. ئۇنىڭ ئىنكاس قىلغانلىرى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈمىنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئالاقىدار بولغان، جىددىي ئويلىنىشقا ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىدۇر. سەنئەتكار تۇرمۇش ئىچىگە يوشۇرۇنغان يېڭى ئالامەتلەرنى ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە شەخسىي تۇيغۇلىرى بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، كىشىلەرگە يېڭى نەرسىلەرنى تەقدىم قىلىشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ياراتقىنى بەلگىلىك مۆجىزە خاراكتېرىگە ئىگە ئىجاد بولالايدۇ. يازغۇچى زوردۇن سابىر دەل ئەنە شۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى .

ئەلۋەتتە، يازغۇچىنىڭ پىكرى يالغۇز يۇقىرىقىنىڭ ئۆزىلا ئەمەس. يەنە ئۇنىڭغا ياندىش بولغان كىشىلىك ھاياتتا تېخىچە ساقلانغان بىر قىسىم كونا پىسخىك ئادەتلەر، مەرىپەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققان نادانلىقلار ۋە شۇ سەۋەبتىن مۇقەررەر يوسۇندا بولۇپ تۇرۇۋاتقان كۆڭۈلسىزلىكلەر توغرىسىدىكى تەنقىدىي پىكىرلەرمۇ بار. بۇمۇ ھېكايىنىڭ تۈپكى ئىدىيىسىگە مەنسۇپ ئاساسلىق نۇقتىلاردىن بولۇش بىلەن دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىمىزنى كونكرېتلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ھېكايىدىكى قەھرىمانلار ھەققىدە توختىلىش زۆرۈر.

ھەممىگە مەلۇمكى، ھەر قانداق ئەسەر مەلۇم نەرسىنى مەدھىيىلەيدۇ. زىددىيەتلىك تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلى ۋە تونۇشتۇرغۇچىسى بولغان سەنئەتمۇ قانداقتۇر بىر خىل ئىجابىيلىق بىلەن سەلبىيلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە كۈرەشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە مەلۇم بىر تەرەپنىڭ غەلىبىسى ۋە مەغلۇبىيىتى ئارقىلىق ئىدىيىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ۋەھالەنكى، شۇ زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى پېرسوناژلارنى ۋاستە قىلماي تۇرۇپ كونكرېتلىق ۋە روشەنلىككە ئىگە بولالمايدۇ.

ئەمدى بىز ھازىر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ھېكايىنىڭ ئۆزىگە كەلسەك، ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار ئوبرازى ئانچىمۇ كۆپ ئەمەس، بەلكى بىرقانچىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھېكايىنىڭ قۇرۇلمىسىنى ئىخچاملىقتا ۋە مۇكەممەللىككە ئىگە قىلغان.

ئەسەرنىڭ قەھرىمانى گۈلسارە بىزدە ناھايىتى چوڭقۇر ھېسداشلىق قوزغىغان بىر يېزا قىزىدۇر. تەبىئەت ئۇنىڭغا كونىراپ ياماق چۈشكەن ئاددىي سەھرا كىيىممۇ يوشۇرۇپ قالالمىغان ساددا ۋە پەردازسىز گۈزەللىكنى ئاتا قىلغان بولۇپ، بۇ خىل گۈزەللىك ئۇنىڭ مەسۇم قەلبىگە سىڭىپ كىرگەن مۇلايىملىق، ئۇياتچانلىق ھەمدە ساددىلىق بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن ئىتائەتچانلىقتىن ئىبارەت پىسخىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ تېخىمۇ ۋايىغا يەتكەن. لېكىن ئەنە شۇنداق فىگورىغا ئىگە، ئەنە شۇنداق خۇلققا ئىگە پاك قىزنى ئۆستۈرگەن زادى قانداق ئائىلە، زادى قانداق شارائىت؟ يازغۇچى بۇ سوئالىمىزغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن بىزنى ئۈرۈمچىدىكى بىر ئالىي مەكتەپنى تېخى يېڭىدىن پۈتتۈرۈپ كەلگەن نىجات ھەمدە گۈلسارە ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى ئەمەنجانلار (بۇلار ئازراق ۋاقىت بۇرۇن تونۇشمايدىغانلاردىن ئىدى.) ئولتۇرغان خادىكقا ئەگەشتۈرۈپ، "پاكار جىگدىلەر ئارىسىدا مۇساپىر موماي دەك مۈڭلىنىپ" تۇرغان، كوملاچ تاملىق مىسكىن، غېرىبانە ئۆيىگە باشلاپ كىرىدۇ. بۇ يەردە يەنە گۈلسارەنىڭ ئانىسى ۋە ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى كىر بېسىپ كەتكەن بەش ئۇكىسىنى ئۇچرىتىمىز. شۇنداقلا بىز بۇ ئائىلە كۆرۈنۈشىنىڭ گۈزەل قىز گۈلسارە بىلەن ئىنتايىن روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىمىز. ئاپتورنىڭ ئېچىنىش ھېسسىياتى بىلەن تولغان قەلىمى ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئېنىقلىقتا ئىگە قىلىدىغان تۈرلۈك رەڭدىكى ئېپىزوت بوياقلىرىنى بېرىشى داۋامىدا، خىلۋەتتىكى بۇ كىچىككىنە ئائىلىنىڭ مەدەنىيەت نۇرىدىن مەھرۇم بولغان بىر ساۋاتسىزلار دۇنياسى ئىكەنلىكى ئايان بولىدۇ. ئۇنىڭ

ئۆستىگە، ئۇلارنىڭ كۆندىلىك ئىستېمالى ئۆچۈن "يىرىك ۋە تەمسىز" زاغرا نېنى ۋە چامغۇر - پۇرچاقسىز ئېشى ھەر ھالدا بار بولسىمۇ، ئەمما باشقىلارغا قارىغاندا، بەربىر قەرزدىن قۇتۇلالماسلىقتەك غۇربەت تۇرمۇشنىڭ قۇچىقىدا ياشايدۇ. ھەتتا يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان روزى ھېيتنىڭ داغدۇغىسى ۋە ئاسايىشلىرىمۇ ئۇلارغا نېسىپ بولمىغان. بۇ يېتىشسىزلىك باللارنىڭ ئوقۇشتىن قېلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. "باشقىلارنىڭ باللىرى پاكىز، توق؛ ئۇلار كىچىك تۇرۇپلا چەت تىل، ئىلىم - بىلىم ئۆگەنمەكتە، تەبىئەت، جەمئىيەت سىرلىرىنى بىلىشكە قىزىقماقتا. سېنىڭ مۇنۇ توپىغا مىلەنگەن يالىڭاچ باللىرىڭ بولسا نان غېمىدە، ئۇلارنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى مايىلىق ئىسسىق تاماققا ئىنتىزار. ئۇلار ياخشى كىيىنىشنى، ساياھەت قىلىشنى، ئويۇن كۆرۈشنى ئارزۇمۇ قىلمايدۇ. بەخت مانا مۇشۇلارغا تازا زوْرۇر ئىدى. لېكىن، قىرىشقاندەك بەخت بۇلاردىن باتنۇۋالغان" دەپ ئويلايدۇ يەنە بىر قەھرىمان نىجات خۇرسىنىش بىلەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئاشۇ خىل تۇرمۇشقا قانائەت قىلىشقان، كۆنۈپ قېلىشقان. ئەسلىدە، ئۇلار زىننەتلەنگەن، ئازادە ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۆز بەختىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى ئويلىشى، ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشىمۇ كېرەك ئىدى. لېكىن ئەمەنجان ئائىلىسىدىكى يوقىرىقىدەك ساۋاتسىزلىقتىن كېلىپ چىققان ساددىلىق ۋە نادانلىق، مۇلايىملىق ۋە ئىتائەتچانلىق ئۇنچىلىك روھىي تىلەك ۋە قۇدرەتنىڭ بولۇشىنى چەكلىگەن ئەمەسمىدى؟ گۈلسارە مانا شۇ ئائىلىنىڭ قىزى يەنى ئىلىم دۇنياسىدىكى بۆيۈك يېڭىلىقلار كىشىلەرنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تېخىچە مەنىۋى نامراتلىقنىڭ قۇلى بولۇپ قالغان ئەمەنجان ئائىلىسىنىڭ قىزى. "بۇ قىزنى قانداقمۇ ئۆي ئىشى، ئېتىز ئىشىغا زايە قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇنداق چىراي، بۇنداق گۈزەللىك ئوقۇشقا، سەھنىگە، مىللىتىمىزنىڭ شان - شەرىپىگە سەرپ قىلىنىشى لازىم ئىدى. ئىست، زايە قىلىپلا ئاكا!" دەيدۇ نىجات يەنە.

نىجات يېڭىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەن ھېسسىياتچان، خەيرلىك ئىشلارغا ئامراق، ئوچۇق - ئاشكارا پىكىر قىلىدىغان، ئاق كۆڭۈل ستۇدېنت. ئۇنىڭ 80 - يىللاردىكى ياشلارغا خاس ئىلغار ئىسلاھاتچىلىق روھى بار بولۇپ، مەرىپەتسىزلىك ۋە خۇراپىيلىقنىڭ زىيىنىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن. شۇڭلاشقا ئۇ ئاشۇ خىل تەقدىرگە مەھكۇم بولغۇچىلارغا (مەسىلەن، گۈلسارەنىڭ ئۆيىدىكىلەرگە) چەكسىز ئىچىنىش ۋە ھېسداشلىق نەزەرى بىلەن قارىيالايدۇ.

نىجات تۇنجى قېتىملىق ئۇچرىشىشتىلا گۈلسارەنىڭ لاتاپىتىنى، ھەتتا غۇبارسىز روھىي گۈزەللىكىنى ۋە ئۇنىڭ ئاشۇ تەڭداشسىز گۈزەللىكى بىلەن نادانلىق، نامراتلىق چاڭگىلىدىكى تۇتقۇن ئىكەنلىكىنىمۇ تونۇپ يېتىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، نىجاتنىڭ يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بۇ قىزغا بولغان ساپ كۆيۈنۈش ھەمدە تەڭسىز خىياللار ئۇيغۇنسىزلىقلارغا گىرىپتار قىلغۇچى سىرلىق تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ تۇيغۇ ئەلۋەتتە، مۇھەببەت ئىدى. مانا بۇ مۇھەببەت نىجاتتا قىزنى مەلۇماتلىق قىلىش ئىستىكىنى ئويغىتىدۇ.

لېكىن، نىجاتنىڭ بۇ خىل خەيرخاھ، غايىچان ئىدىيىسى ئۇنىڭ 100 مىڭ يوْەنلىك ۋەجى بار

ھەشەمەتلىك ئائىلىسىدىكى نوقۇل بايلىق قوغلىشىشتىن ئىبارەت شەخسىيەتچىلىك زاۋىلىدا پارلاق بىر شولىغا ياكى تولىمۇ يىگانە بىر مەسىلەككە ئايلىنىپ قالىدۇ. نىجاتنىڭ دادىسى جامال شۈجى پارتىيە ئەزاسى ھەم ياچېيكا سېكرىتارى بولۇپ، باي بولۇش سىياستىنىڭ كۈچىدىن راسا بەھرىمەن بولغان، تۆرلۆك تەقدىرنامىلەر، تۆرلۆك ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلانغان كىشىدۇر. ۋەھالەنكى، نىجاتنىڭ ئۆزىمۇ پارتىيە ئەزاسى . ئەمما بۇلارنىڭ ئىدىيىسىدە خېلى زور پەرقلەر بار. جامال شۈجى كەنتتىكى "300 ملڭ، 500 ملڭ، 1 مىليون يۈەنلىك پۇلى بار دېھقانلارغا يېتىشىۋېلىش، ئۇلاردىن ئۆتۈپ كېتىش"نى ئويلايدۇ يۇ، ئەمەنجانغا ئوخشاش تېخىچە بېيىيالمايۋاتقانلارغا يار - يۆلەك بولۇپ، ئۇلارنى يېلىڭ - يالىڭاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايدۇ. نىجات دادىسىنىڭ باي بولۇش يولىدىكى باشلامچىلىقىنى قوللاش بىلەن بىرگە، زاغرىدىن، قەرزدىن قۇتۇلالمىغان دېھقانلار بىلەن كارى بولمايدىغان تار مەنپەئەتچىلىك ئىدىيىسىگە كەسكىن رەددىيە بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە "پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئاخىرقى مەقستى پۈتۈن دۇنيادىكى ئەمگەكچىلەرنى ئازاد قىلىپ، دۇنيادا كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش" ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، بېيىيالمىغان دېھقانلارغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلىدۇ. شەخسەن نىجاتنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەنجاننىڭ ئائىلىسىگە ھەر جەھەتتىن يار - يۆلەك بولۇشنى خۇشاللىق ۋە بەخت ھېس قىلىدۇ.

جامال شۈجى نىجاتنىڭ ئەقىل - پاراستىگە، دادىل ۋە توغرا پىكىرلىرىگە زوقلىنىدۇ، قايىل بولىدۇ، نىجاتنىڭ مەسلىھەتلىرى جامال شۈجىنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدۇ. جامال شۈجى ھەتتا ئۆزىنىڭ پارتىيە ئەزالىقىدىن، سېكرىتارلىق ھوقۇقىدىن پەخىرلىنىش بىلەن بىرگە، ئوغلىنىڭ كەلگۈسىدە "ۋىلايەتكە، ئاپتونوم رايونغا باشلىق بولىدىغانلىقىنى" ئارمان قىلىش بىلەنمۇ پەخىرلىنىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، جامال شۈجىنىڭ پارتىيە ئەزالىق ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇشتىكى مۇددىئاسى ھوقۇق ۋە مەنپەئەت بىلەن زىچ باغلانغان. بۇ يەردە بۇ ئاتا - باللارنىڭ ھەر ئىككىسى كوممۇنىست بولۇشتەك ئوخشاشلىقتا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىستىلىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى سېزىلىدۇ: جامال شۈجىنىڭ دۇنيا قارىشى قاتمال كونا ئىدىيىلەر بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ، ھوقۇقپەرەسلىك، تار مەنپەئەتچىلىك خاراكتېرىنى ھاسىل قىلغان. شۇڭا ئۇ ھەمىشە ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي غەرىزى ئۈچۈنلا ئىمكانىيەت ئىزدەيدۇ. نىجات بولسا دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە. ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا ھەقىقىي كوممۇنىزملىق خاھىش بىلەن بىرقەدەر ئەتراپلىق پەننىي ۋە مەدەنىيەت ئاساسى بىرلىشىپ كەتكەچكە، ساغلام كوللېكتىۋىزملىق روھى، ئىزچىل تۈردىكى يېڭىلىق يارىتىش روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ھەق بىلەن ناھەق، راست بىلەن يالغاننى ئايرىلاشتۇرۇۋەتمەي ئەركىن ئويلاشقا، ئەركىن سۆزلەشكە دادىل جۈرئەت قىلالايدۇ.

جامال شۈجى نىجاتنى تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۆز خاھىشىدىكى مۇناسىپ بىر قىزنى خىزمىتى بار بىر قىزنى ئىزدەيدۇ، ئاخىردا ئۆزىگە ئوخشاش ئىمتىياز ۋە

ئىقتىسادقا ئىگە بولغان يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان قىزىنى لايىق تاپىدۇ. نەتىجىدە، جامال شۇجىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر (ئەلۋەتتە، نىجاتمۇ بار) يېزىلىق پارتكوم سېكرېتارىنىڭ ئۆيىدە كەڭ كۆلەمدە مېھمان بولىدۇ.

نىجات بۇ يەردىمۇ بىر تەڭسىزلىكنى جامال شۇجىنىڭ بولغۇسى "قۇدىسى" تەرىپىدىن چاقىرىلغان پېشقەدەم مۇقامچىلار بىلەن يېزا كادىرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتىكى زور پەرقىنى كۆرىدۇ. نىجاتنىڭ مۇقامچىلارغا بولغان چوڭقۇر ھۆرمەت ۋە كۆيۈنۈشلىرى جامال شۇجىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. نىجات يەنىلا ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدە چىڭ تۇرۇپ، دادىسىغا مۇنداق كەسكىن سوئاللارنى قويىدۇ:

"نېمىشقا سېكرېتارلار يوقسۇل دېھقانلار بىلەن دوست - ئاغىنە بولالمايدۇ، نېمە ئۈچۈن ئەملى بارلار ئەملى يوق پۇقرالار بىلەن دوست بولۇپ مېھماندارچىلىق قىلىشمايدۇ، تەڭسىزلىكنى پارتىيە ئەزالىرى تۈگەتمىسە يەنە كىم تۈگىتىدۇ، دادا؟"

دېمەك، ئاتا - بالا كوممۇنىستلارنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىدىكى ئوخشىماسلىقلار ئەنە شۇلار. يەنە شۇنى ئالاھىدە قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، جامال شۇجىنىڭ نىجات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە جامال شۇجى تولىمۇ سىپايە ۋە ئىلمىي بولۇپ گەۋدىلەنسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇ ئۇنىڭ ئۆز شوپۇرى ئېلەككە قىلغان مۇئامىلىسىدىن ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇمدۇر.

نىجات گۈزەللىكنى سۆيىدۇ. ئۇ، تەبىئەتنىڭ سېخىي ۋە ھىممەتكار قولى بەرگەن تەبىئىي گۈزەللىكنى ئۆزىگە يىغقان يېزا قىزى گۈلسارەنى چىن دىلىدىن سۆيىدۇ. ئۇنىڭ گۈلسارەگە بولغان سەممىي ئەقىدىسى دادىسىنىڭ مەنپەئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى پىلانلىرىنى قەتئىي رەۋىشتە رەت قىلالايدۇ. ئۇ، ئادەملەرنىڭ كىشىلىك ئورنى ۋە ھوقۇقىنى ئىستىخىيىلىك ھالدا دەرىجىگە ئايرىغۇچى كىشىلەرنىڭ ھەر خىل سۆز - چۆچەكلىرىدىن قورقماي، ئالىي مەلۇماتلىق ستۇدېنت بولۇش سۈپىتى بىلەن يېزىنىڭ خىلۋەت قۇچىقىدا نەزەردىن ساقىت قالغان سەھرا گۈلىنىڭ پەزىلەتلىرىنى كۆرۈپ يېتىپ ياخشى كۆرۈشكە ئىنتىلەلىدى. شۇڭا ئۇ فېئودال خۇراپاتلىقنىڭ كۆزلىرى تەرەپ - تەرەپتىن تىكىلىپ تۇرغان مۇھىتتىكى ئادالەتلىك سۆيگۈنىڭ مەردانە ئىسيانكارى. موھتاجلىق تۈپەيلىدىن بىلىمسىز قالغان ساددا قىز گۈلسارەمۇ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى پاكلىقنىڭ كۈچى بىلەن ئۇياتچان، ئىزتىراپلىق سۆيگۈسىنى نىجاتقا بېغىشلايدۇ. ئەپسۇسكى، جامال شۇجى نىجاتنىڭ ئەركىن مۇھەببىتىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن گۈلسارەنى زورلۇق بىلەن خۇپپىيانە ھالدا ئۆز شوپۇرى ئېلەككە چېتىپ قويىدۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ بۇ قىممەتلىك مۇھەببىتى جامالنىڭ جاپاكەش، پۇلسىز كىشىلەرنى پەس كۆرۈش (مەسىلەن، ئەمەنجاننى "ھەق دېمەيدىغان دىۋانە، كېيەنگە كىرمىگەن مۇردا" دەپ ھاقارەتلەيدۇ)، دائىم بايلىق ۋە ئابرۇي قوغلىشىش ئىدىيىسىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشى، بىر - بىرىنىڭ ۋەسلىگە قەتئىي رەۋىشتە ئىنتىلىشى بۈگۈن ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۈتۈنلەي ھەقلىق

ئىدى. بىراق ئۇ شەخسىيەتچىلىك مۇھىتىدا گوياكى بىر خەۋپلىك ئامىلغا ئايلىنىپ، ھېسسىيات، ئىلھامغا تولغان يۇمران قەلبلەرنى دەھشەتلىك بىر زەربىگە ئۇچراپ باردۇ.

نىجات ئۆز ئوغلىغا رەھىمسىزلىك قىلغان دادىسىغا مۇنداق دەيدۇ: "ھەقىقىي ئىنسان باشقىلارنىڭ ئارزۇسى قانغاندا خۇشال بولىدۇ. بولۇپمۇ، كوممۇنىستلار شۇنداق". مانا بۇ نىجاتنىڭ ئۆز مۇھەببىتىگە ئازاب ۋە پاجىئە كەلتۈرگەن، ئىستىلى ساپ بولمىغان دادىسىغا بەرگەن جاۋابى، 80 - يىللاردىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ئارزۇسى ۋە خىتابى. نىجات ئۆز ئىنتىلىشلىرىگە سىپايە توسقۇنلۇقلار بىلەن يول قويمىغان ئائىلىسىدىن خوشلىشىپ چىقىپ، گۈلسارەنى ئىزلەپ قالغان يۇرتىغا قاراپ شۇنداق دەيدۇ:

"خەير - خوش، ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە!"

توغرا، بىز گۈلسارەنىڭ خۇنۇك تەقدىرىنى، جامالدەك ئادەملەر تەرىپىدىن چۇشىنەلمەي، قەدىرسىزلەنگەن، باشقىلارنىڭ ئالقىنىغا مەجبۇرىي تاشلاپ بېرىلگەن يۈرىكى، پىغانلىق كۆز ياشلىرىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، بىر تۇغقانلىرىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك.

بىز كۆرگەن ساۋاتسىزلىقلار، شۇ تۈپەيلى كېلىپ چىققان نادانلىقلار، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەر ھەممە كۈچلەر ئىلىم - پەنگە، كەلگۈسىگە يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى دۇنيادا بىر تراگېدىيە. ھازىرقى ۋەزىيەتتە مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بارلىق كىشىلەرنىڭ، جۈملىدىن ھېكايىدىن بىز كۆرگەن باللارنىڭ يۈرىكى گۈزەل ئەتە ھەققىدىكى ئۈمىد - ئارزۇلار بىلەن سۇغىرىلىشى لازىم.

ئەدىبنىڭ كۆزى بىر پۈتۈن ئايلىنالايدىغان نۇرلۇق رازۋېد چىرىغىغا ئوخشاش بولۇشى كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۆز دائىرىسىنىلا يورۇتىدىغان تۇرغۇن ستولبا چىرىغىغا ئوخشاپ قالماسلىقى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا كىتابخانلارغا ئەڭ يېڭى نەرسىلەرنى ھېس قىلدۇرالايدۇ. يازغۇچى زوردۇن سابىر تۇرمۇشىمىزدىكى بىر قىسىم تراگېدىك ئامىللارنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بايقاپ، ئۇنى ئاز - تولا بەدىئىي بوياق بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن دىداكتىكا بىلەن ئەمەس، بەلكى تەسىرلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆز پىكىرلىرىنى قويۇق پوئېتىك تۈس ئالغان تىل سەنئىتى بىلەن ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ بىز كۆرۈپ ئۆتكەن "ئۇنتۇمايمەن، گۈلسارە" ناملىق ھېكايىسى، بۈگۈنكى تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەدەبىياتىمىزدىن نەمۇنىلىك ئەسەر سۈپىتىدە ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ. بىزنىڭ بۇ ھېكايىنى كۆرۈپ جامال شۇجىدەك كىشىلەرگە شۇنداق دېگۈمىز كېلىدۇ: ئادەم جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىيلىقىنىڭ ياراتقۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھاياتتىكى بارلىق ئەۋزەللىكلەردىن بەھرىمەن بولۇش بىلەن بىللە، بەختسىزلىكلەرنىڭمۇ جاۋابكارى بولۇشى لازىم.

1985 - يىل ئاۋغۇست

# ئەدەبىيات ۋە مەۋجۇدىيەت

ئەدەبىيات تا هازىرغا قەدەر ئىنساننىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئىزچىل ئويلىنىشلىرىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ كەلدى. بۇ خىل ئويلىنىش مەيلى روھىيەت، مەيلى تەبىئەت، مەيلى جەمئىيەت نۇقتىسىدىن بولمىسۇن، ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ قىممىتىنى نىگىز قىلىپ كەلدى. نىگىز بىر، ئەمما نىگىزنىڭ شەرھلىرى كۆپ خىل بولدى، بۇ كۆپ خىللىق مەسىلەكلەرنى ۋە مەسلەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىلىشتۇرمىنى، رىقابەتنى، بەس - مۇنازىرىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. لېكىن مەۋجۇدىيەت ئۆزىنىڭ ماھىيەتلىرىنى ئىلىپ قېچىش ياكى يېڭىلاش بىلەن پىكىر دولقۇنلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ كېتىۋەردى.

ئىنساننىڭ تاماق يەۋەتقانلىقى، نەپەس ئېلىۋاتقانلىقى، پىكىر قىلىۋاتقانلىقى بىر خىل رېئاللىق، ئەمما ئىنسان ئۆزىنىڭ رېئاللىقىنى نېمىگە ئاساسەن بىلىدۇ؟ ئىنساننىڭ ھاياتىدىن ئىبارەت بۇ رېئاللىقنىڭ ئالدى - كەينىدە نېمىلەر بار؟ ئۇنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نۇقتىسى بولامدۇ؟ ھەرقانداق مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن رېئاللىقنىڭ چېكى بولىدۇ، بۇ ھېچبولمىغاندا ۋاقىت چېكى ياكى ماكان چېكى بولۇشى مۇمكىن. بىلىنگەن نەرسە بىلىنمىگەن نەرسىنى بەلگە قىلىش ئاساسىدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. دېمەك، بىلىش بار يەردە بىلمەسلىكمۇ مەۋجۇت، ئىنساننىڭ ئەقلىي پائالىيىتى ۋە ئۇنىڭ قىممەت ئىزدەش يۆنىلىشى بىلمەسلىكنى مەنزىل قىلىپ ئىلگىرىلەيدۇ، مانا بۇنىڭ ئۆزىلا ئىنسان پائالىيىتىنىڭ تۈرتكىسىگە ئايلىنىدۇ ۋە ئىنساندىن ئىبارەت سىرلىق بوشلۇقنى چەكسىز كېڭەيتىدۇ. مەۋجۇتلۇق چەكسىز روھىي پائالىيەتكە بېرىلگەن ئىمكانىيەت، مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن قۇتۇپنىڭ ئۇ تەرىپى. مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن قۇتۇپ پانىي، ئۇنىڭ ئۇ تەرىپى باقىي.

ئومۇمەن، دىققىتىنى ئىنسان قىممىتىگە مەركەزلەشتۈرمىگەن ئەدەبىيات مەۋجۇت ئەمەس. مەيلى ئۇ ئىنساننى ئەيىبلىسۇن ياكى مەدھىيىلىسۇن، بەربىر بىر خىل قىممەتنىڭ ھەرخىل ئەكسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. زۇنۇن قادىرى ۋەيران بولغان باقى ئۈچۈن ئاھ ئۇرىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئەسىردىكى تراگېدىيىلىك دىتىنىڭ خېمىرتۇرۇچى نېمە؟ ئىنساندا ھېسداشلىق بولىدۇ، خۇددى سانسىز پىلانېتىلارنىڭ ھەرىكىتىدىن كېلىپ چىققان ئېغىر دېڭىزى ئالەم بوشلۇقىنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە كەلتۈرگەندەك، ئاشۇ كۆرۈنمەس ھېسداشلىق پۈتۈن كىشىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ، تۇرقى كۆپ خىل بولسىمۇ ۋە بۇ ئىنساننىڭ نەسلى ئۈزۈلۈكسىز تۈرلىنىپ تۇرسىمۇ، بەربىر ئۆلاردىكى ئىلاھى نەپەس بىر، ئىنساننىڭ ئۆپكىسى ۋە يۈرىكىدىن ئىبارەت ماشىنا بىر قانۇنىيەتنىڭ ئىدارىسىدە ئوت ئالغان. بۇ ھەقتە فرانسىيە مەۋجۇدىيەتچىسى ژان پول سارتىرى مۇنداق دېگەن:"ھەربىر ئىنسان ئۈچۈن ھەممە نەرسە شۇنداق سادىر بولىدۇكى، گويا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ نىگاھى ئۇنىڭغا قارىتىلغاندەك، گويا ھەممە

ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىغا ماسلاشتۇرۇۋاتقاندەك." ( ئىزاھات: سارتىرى: "مەۋجۇدىيەتچىلىك توغرىسىدا" "جاھان ئەدەبىياتى" ژۇرنىلى 1997 - يىللىق 5 - سان ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەت مەتبۇئات كومىتېتى. ) پوتكۇل رىئاللىق ۋەئۇنىڭ ماھىيىتى "" رەقمىنىڭ ۋۇجۇدىغا ئۆزلەشكەن بولۇپ، بۇ يەردە قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى پارمىندىسنىڭ "بىر مەڭگۈ ئۆزىدە ۋە ئۆزگىدە، ئۇ مەڭگۈ ھەرىكەتتە ۋە جىملىقتا" ( ئىزاھات: ئەپلاتون: "پارمىندىس" سودا نەشرىيات 1985 - يىل. بېيجىڭ ) دېگەن سۆزىنى ئېسىمگە سالىدۇ.

لېكىن، "" زىددىيەت ھالقىلىرىدىن تۈزۈلگەن بۇ ھالقىلار ھادىسىلەر دۇنياسى ياكى تەقدىرنىڭ خىلمۇ خىللىقىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا ھاياتتا ھەممىسى ئوخشاشلا بەختسىزلىك بولسىمۇ، لېكىن بىر - بىرىگە تولۇق ئوخشاپ كېتىدىغان بەختسىزلىك بولغان ئەمەس، بەختسىزلىك ھەربىر ئادەمدە، ھەربىر ماكاندا، ھەربىر زاماندا ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرىدۇ. زۇنۇن قادىرى باقى، غۇنچەم قاتارلىق پېرسوناژلىرىنىڭ بەختسىزلىكلىرىنى جەمئىيەتتىكى سىنىپلارنىڭ تەڭسىز ئورنىغا باغلىدى. ئەگەر بىز ئەدەبىيات تارىخىمىزنى مىڭ يىل كەينىگە ۋاراقلىساق، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئاي تولدى ناملىق قەھرىمانىدا ئىپادىلەنگەن تراگېدىيە چۈشەنچىسىنىڭ ئۈنچە ئاددىي ئەمەسلىكىنى بايقايمىز. زۇنۇن قادىرى ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ تەقدىرىنى جەمىيەتكە باغلاش بىلەن چەكلەنگەن بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى تۈپ ئالامەتلەرگە باغلايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىنسان مەۋجۇدىيىتى ھەققىدىكى قاراشلىرى سارتىرىنىڭ "ئىنسان مەۋجۇدىيىتىنىڭ لايىھىسى قانداق بولسا ئىنسان ھەم شۇنداق" دېگەن ھۆكۈمىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

زۇنۇن قادىرى ئىنسان قىممىتىنى جەمئىيەت ۋە سىنىپ نۇقتىسىدىن ئىزاھلايدۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنساننىڭ مەۋجۇدىيىتى يەنە ئۇنىڭ پىشلى - ئىپتىبارى، خۇلقى - مىجەزى، روھى مەنبەسى نۇقتىسىدىن ئىزاھلايدۇ، بۇنىڭدىن بىز 20 - ئەسىرگە كەلگەندە ئەدەبىياتىمىزدىكى پەلسەپىۋى ئىزچىللىقنى قايسى دەرىجىدە ئۈزۈپ قويغانلىقىمىزنى قىياس قىلالايمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پەلسەپىۋى ئەنئەنىسى تاكى 19 - ئەسىرگىچە ئۈزۈلمەس ئېقىن سۈپىتىدە شاۋقۇن سېلىپ كەلگەندى. بىراق 20 - ئەسىرگە كەلگەن بۇ شاۋقۇن پەسىيىپ كەتكەن ياكى يوق بولۇپ كەتكەن. بۇ دەل مىللىي ئىماننىڭ يوقىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر ئەسىرلىك گاڭگىراش دەل ئاشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ، ئەمەلىيەتتە، ئىجتىمائىي، سىياسىي مەنىدىكى گاڭگىراشنىڭ يانتۇ كۆرۈنۈشىدۇر.

20 - ئەسىر جاھان ئەدەبىياتى قەدىمكى گرېكلەردىن باشلانغان ئويلىنىش ھەرىكىتىنى ئەۋجىگە كۆتۈردى. بۇ ئويلىنىش پەن - تېخنىكا، مۇستەملىكە، ئۇرۇش جاراھەتلىرى ئىچىدە قالغان ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ھالەتلىرى ئۈستىدە بولدى. جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادى، تېخنىكىۋى ۋە تارىخىي يۈرۈشلىرى ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇق ماھىيىتىنى غەرق قىلغۇەتتى. ئىنسان

سوۋىيتسىتىمالچىلىق ۋە ئۆز-ئۆمپەرەسلىك پاتقاقلىرى ئىچىدە تۇنجۇقۇشقا باشلىدى، بۇ كرىزىس هىيدىگىر، ياسپېرس، سارتىرى قاتارلىق مەۋجۇدىيەتچى پەيلاسوپلارنى تۇغدى، لېكىن ئۇلارنىڭ پەلسەپىلىرى ئۆزىنىڭ مۇنتىزىملىقى ۋە تولىمۇ قاتتىقلىقى تۈپەيلى ئاكادېمىيىلەر ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ئىلىم سەرخىللىرى بىلەنلا چەكلىنىپ كەڭ دائىرىدە ئاممىۋىلىشالمىدى، گويا مەۋجۇدىيەتنىڭ ئۆزى مەۋجۇدىيەت پەلسەپىسىنى تاشلاپ كەتكەندەك بىر هال يۈز بېرىپ، دۇنيا يەنىلا ئېغىر مەنىۋى بوھران ئىچىدە تېڭىرقاپ قىلىۋەردى. بۇنداق تېڭىرقاشلار بورخىس، مارسىل پۇرۇستى، مىلان كۇندېرا، كارۋىنولارنىڭ ئەسەرلىرىدە بەدىئىي رەۋىشتە ئۆز ئەكسىنى تاپتى. ئەدەبىياتتا پەلسەپە ئېلېمېنتلىرى بولىدۇ، ئەمما ئەدەبىيات پەلسەپە ئەمەس. دىندا پەلسەپە ئېلېمېنتلىرى بولىدۇ، ئەمما دىن پەلسەپە ئەمەس. بىز دىن، پەلسەپە، ئەدەبىيات قاتارلىقلارنى ئايرىم گەۋدە سۈپىتىدە كۆرۈپ كەلگەچكە، توغرا جاۋابتىن مەھرۇم بولدۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن پاسىل بولغان ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئىچىدە دىننىڭ ئاممىۋىلىقى ھەممىدىن كۈچلۈك ۋە مۇسەلسەل بولۇپ كەلدى. چۈنكى ئۇ ئىنساننىڭ رېئاللىقنى ئېچىپ بېرىش بىلەن بىرگە، بۇ رېئاللىقنىڭ ئالدى - كەينىدىكى مەۋجۇدىيەتنى يەنى تۇرلۇك ئېھتىماللىقلارنى يورۇتۇپ بەردى. ئىنسان نوقۇل ماددا ئەمەس، نوقۇل روھمۇ ئەمەس، ئۇ شۇنداق مەۋجۇدىيەتكى، ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىكى مۇقەررەرلىك ئېھتىماللىق بولۇپ چىقىدۇ، ئۇنىڭ تاللاش ھەرىكىتى بىر خىل تاللىنىش بولۇپ چىقىدۇ. "ھەر نەرسىنىڭ ھەقىقىتى قازا پەردىسى ئىچىدە يوشۇرۇندۇ". ("كەللە ۋە دېمەنە"دىن). ئىنساننىڭ ھەربىر تاللىشى باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىشقا ئىگە، ئۇنىڭ ئاخىرلىشىشى تاللاش ھەرىكىتىگە يەكۈن ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ يەكۈن نوقۇل ھالدا ئىنساننىڭ سۇبيېكتىپ تاللىشىنىڭ نەتىجىسى ئەمەس، ئۇنىڭدا يەنە ئىنسان ئەقلى مۆلچەرلىيەلمەيدىغان ئۆلگۈرمىگەن تۈرلۈك شەرتلەرنىڭ تەسىرى بار. "قازا" ئەنە شۇ ئاخىرلىشىشنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئۇ يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن بىرخىل پەردە ھالىتىدە ئىنسانغا مۆلچەرسىز ۋە رىغبەت ئاتا قىلىدۇ. مۇنۇ ھېكايە يۇقىرىقى پىكرىمىزنى ئوبدان ئىزاھلاپ بېرىدۇ:

بىر سودا كارۋىنى چۆلدە كېتىۋاتقاندا، ياللىغايىغ، جۇل - جۇل كىيىملىك بىر سوپى ئۇچراپ ئۇلارغا قوشۇلۇپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا بىر تىيىن پۇل بولمىسىمۇ، مەردانە چامداپ ناخشا ئوقۇپتۇ:

3

تۆگىگە يۈك بولمايمەن،
تۆگىنى يۈك قىلمايمەن.
باشقۇرمايمەن
باشقۇرۇلمايمەن
پەرۋايىم پەلەك ئۆتمۈشكە، ھازىرغا، كېلەچەككە
كۆڭۈللۈك تىنىپ، كۆڭۈللۈك ياشايمەن.

تۆگىگە مىنىۋالغان بىر سودىگەر ئۇنى قايتىپ كېتىشكە ئۈندەپتۇ. يول ئازابى ۋە ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىسەن دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

بىراق، سوپى پەرۋا قىلماي مېڭىۋېرىپتۇ. كارۋانلار بىر مەھەللىگە يېقىن كەلگەندە، تۆگىگە مىنىۋالغان ھېلىقى سودىگەر ئۆلۈپ كېتىپتۇ. سوپى مۇردىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ:

3

يول ئازابى كۆرمىدىم، بەلكى يەنە ئۆلمىدىم
تۆگە مىنىپ يول يۈرۈپ، ئۆزۈلۈك كەتتىڭ ھەمراھىم.
— ( ئىدرىس شەيخ: "سۇپىزم" خەنزۇچە ئىچكى ماتېرىيال. )

بۇ يەردىكى ئۆلۈم بىرخىل قازا، ھاياتتىن ئىبارەت پائالىيەتنىڭ تاماملىنىشى. بىراق ئۆلۈمدىن ئىبارەت ھەقىقەت سودىگەردە ئەكس ئەتتى. بۇ نېمىنىڭ تاللىشى؟ روشەنكى، ئىنسان تۇرلۇك ئېھتىماللىقلارنىڭ يىغىندىسى. سودىگەرنىڭ نەزەرىدە، ئۆلۈم تاشقى شارائىت قانۇنىغا يېقىن تۇرىدۇ. بىراق ئۆلۈم شارائىتى ئۇنىڭ ئېھتىماللىقىدا پىشتى. سوپىنىڭ نەزەرىدە ئۆلۈم ھەربىر دەقىقىدىكى ئېھتىماللىق بولۇپ، ئۇ بۇنىڭغا دادىل يۈزلىنەلىگەن، شۇڭا ئۇنىڭدا باشقىلارنى ئاسارەتكە ئېلىش ۋە ئۆزى ئاسارەتكە چۈشۈپ قېلىش ھاللىرى يۈز بەرمىگەن.

يۇقىرىقى ھېكايە ئەلۋەتتە، كونكرېت ماكان - زامان شارائىتى ( سىياسەت، تۈزۈم، قانۇن قاتارلىق ئىجتىمائىي ئالامەتلەر ) ئېلىپ تاشلانغان ۋاقىتتىكى ھادىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. تەسەۋۋۇپچىلارنىڭ نەزەرىدىكى ماكان - زامان پانىي ۋە باقىيدىن ئىبارەت ھەر ئىككى دۇنياغا ئورتاق. شۇڭلاشقا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىگە پەۋقۇلئاددە دەرىجىدىكى مىللىي ماركا ۋە جەمئىيەت بوياقلىرىنى بەخشەندە قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەتمىگەن. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە مىللىيلىك بار دېيىلسە، ئۇ ئاساسەن تىل ۋە تەپەككۇردىكى مىللىيلىكتىن ئىبارەت بولىدۇ. سېلىشتۇرما ئەدەبىياتنىڭ تەسىرشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تۈرك، ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى تېما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن بىر رايون ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. ئەرەب سەھرالىرىدا، مىسىرنىڭ نىل ۋادىلىرىدا يۈز بەرگەن ئىشلار تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا سىرلىق، رومانتىك تۈس ئېلىشقا باشلىغان. تۈرك شاھزادىسى ئافراسىياپ پارس شائىرى فىردەۋسىنىڭ قەلىمىدە ۋەھىمىلىك رەڭ بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان، تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامى ئەلىشىر ناۋائىي ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىگە سىڭىپ كىرگەن. يۇقىرىقى مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا ئىنسان ئۇقۇمى جەمئىيەتتىن سۇغۇرۇپ چىقىرىلىپ، يۈكسەك دەرىجىدە ئابستراكتسىيىلەشتۈرۈلگەن ياكى مەنىۋىلەشتۈرۈلگەن مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمىغا ئايلاندۇرۇلغان. روھىيەت شەرق شائىرلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر - تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ ۋەتىنى بولۇپ كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگەنلىرى ئايىغى چىقماس روھ سەپىرى. بىز ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئەسەرلىرىگە قارىساق، ئۇنىڭدا دەۋر

ئىزنالىرىدىن كۆرە باقىيلىق ئىزنالىرى روشەن، ناۋائىي ماتېرىيال تاللىغاندا، پۈتكۈل تۇران، يۇنان، ئىران، كەنئان ۋادىلىرىغا نەزەر تاشلىغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەۋجۇدىيەت روھى خېلى بۇرۇن پىشىپ يېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇ زامانىۋىلىق نۇقتىسىدىن ئىزچىللىشالمىغان ياكى 20 - ئەسىرگە كەلگەندە ئۇزۇلۇپ قالغان. 20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى دەۋر رەڭلىرىنى ئۆزىدە نامايان قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭدا چىن ئىنسان روھى كەمچىل بولغانلىقتىن، دەۋرنىڭ رەڭلىرى سۇس ئەكس ئەتكەن ياكى ئۆڭۈپ كەتكەن. ئەدەبىياتىمىزدىكى چىن ئىنسان روھى بۇ ئەسىرگە كەلگەندە نەگە كەتتى؟ ئىنسان نورمال ھاياتلىق مۇھىتى ۋە تەپەككۇر شارائىتىغا ئېرىشەلىگەندە، ئاندىن ئۆزى ھەققىدىكى تاكامۇل ئىزدىنىشكە قەدەم قويالايدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئىنسان چاكىنا قىلىقلارنىڭ چاتقاللىرىدا ھالسىراپ قالىدۇ.

غەرب ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت روھى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت روھىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق ئالدى بىلەن دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشكە، ئاندىن ئىجتىمائىي، مەدەنىي ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت روھى ئىلاھىي سۇبىستانسىيە دائىرىسىدە تۇرۇپ قالغان، غەرب ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت روھى پەلسەپە بالىياتقۇسىدا پەيدا بولۇپ، دىنىنىڭ زاكىسىغا ئورالغان، ئاندىن ئىلىم - پەن ۋە سىياسىي ئىسلاھات ئاتموسفېراسىدا يېتىلىپ، ئۆزىدىكى كۆپ قاتلام ۋە كۆپ قىرنى يېتىلدۈرگەن. ئىلىم - پەن ساھەسىدىكى بايقاشلار مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمىنى يېڭىۋاشتىن شەرھلەشكە ئېلىپ بارغان. شۇڭلاشقا غەرب ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت ئۇقۇمى مىللەت، رايون ۋە دەۋرنى تامغا قىلغان ھالدا كونكرېت تۈس ئالغان.

"مەۋجۇدىيەت" ئۇقۇملىرى غەربنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مۇتەپەككۇرلار تەرىپىدىن ئىزچىل تەتقىق قىلىنىپ كەلگەن بولۇپ، 20 - ئەسىرگە كەلگەندە، مەخسۇس بىر ئىدىيىۋى ئېقىمغا ئايلانغان. مەۋجۇدىيەتچىلىك ( Existentialism ) "مەۋجۇتلۇق"نى ئوبيېكتىپ چىنلىق مەنىسىدىكى "شەيئى" ياكى "رېئاللىق" ئۇقۇملىرىدىن كەسكىن پەرقلەندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدىكى مەۋجۇتلۇق رېئاللىقنىڭ ئەڭ ئومۇمىي ماھىيىتىدىن ئىبارەت، مەۋجۇدىيەت مەسلىسى بىلىشتىن ئاۋۋال تۇرىدۇ، بۇ ھوكۇم ئەپلاتۇننىڭ "ماھىيەت ھەممىدىن بۇرۇن" دېگەن ھۆكۈمىنىڭ راۋاجى ئىدى. سارتىرى بۇنى مۇنداق بىر مىسال ئارقىلىق چۈشەندۈرىدۇ:

"ئىنسان قولى بىلەن تەييارلانغان نەرسىنى، يەنى كىتاب ياكى قەغەز قىيىدىغان پىچاقنى ئالايلى. ئۇ مۇشۇ بۇيۇمنى تەييارلاش ھەققىدە مۇئەييەن چۈشەنچىگە، توغرىراقى، ئەينەن پىچاق چۈشەنچىسىگە ئىگە بولغان ۋە بۇ چۈشەنچە تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ھۈنەرگە ئىگە ھۈنەرۋەن تەرىپىدىن ئىشلەنگەن بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ پىچاق بىر جەھەتتىن، مۇئەييەن ئۇسۇل بىلەن ئىشلەپچىقىرىلىدىغان، يەنە بىر جەھەتتىن، مەلۇم پايدا ئېلىپ كېلىدىغان نەرسە ھېسابلىنىدۇ. پىچاقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇنى ياسايدىغان ئادەمنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى

بولمايدۇ. دېمەك، بىز پىچاقنىڭ ماھىيىتىنى يەنى ئۇنى ياساش ھەمدە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى بەلگىلەشكە ئىمكان بېرىدىغان ئۇسۇل ۋە سۈپەتلەر يىغىندىسىنى پىچاق پۈتۈشتىن ئىلگىرى مەۋجۇت ئىدى دېيىشىمىز مۇمكىن." (ئىزاھات: سارتېرى:"مەۋجۇدىيەتچىلىك توغرىسىدا" ئۆزبېكچە.)

دېمەك، پىچاق بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرىكى پىچاق تەسەۋۋۇرى ۋە ئۇنىڭ تېخى پايدىلىنىشقا كىرىشتۈرۈلمىگەن شارائىتى پىچاقنىڭ مەۋجۇدىيىتى بولسا، ياسىلىپ پۈتكەن پىچاق پىچاقنىڭ رېئاللىقىدۇر.

مەۋجۇدىيەت مەسلىسى ئوبيېكتىپ تەتقىقات ئېمىسى ئەمەس، بەلكى شەخسنىڭ ماكان - زاماندىكى ئالاھىدە ھاياتىغا بولغان ئويلىنىشى ئارقىسىدا روياپقا چىققان ماھىيەت. ئۇ بىر خىل ئىدىيە، بىر خىل چۈشەنچە، بىر خىل تەشنالىق، بىر خىل سىقىلىش، بىر خىل مەنسىزلىك، بىر خىل چەكسىزلىك رەۋىشىدە زاھىر بولىدۇ. ئادەم مۇئەييەن مۇقىم مەنىۋى مۇھىت ياكى ئەقلىي سىستېمىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ بوشلۇق تاپالماي، تىت - تىتلىق ئىچىدە قالىدۇ، ئۇ بۇ تىت - تىتلىق ئىچىدە بىر خىل تاللاش ئېلىپ بېرىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ، كېلەچەككە بولغان بىلمەسلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ، ئۇ ئاخىرىدا ئۆزىدىكى ئىمكانىيەتنىڭ تولىمۇ چەكلىك ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. مەۋجۇتلۇق ئۇستىدىكى ئىزدىنىش كىشىنى كۆپ خىل ئېھتىماللىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئادەم ئاشۇ ئېھتىماللىقلار ئىچىدە تاللاش ئېلىپ بارىدۇ شۇنداقلا كونكرېت ۋە تارىخىي رېئاللىقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مانا بۇلار غەرب مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىمىنىڭ ئاساسىي روھى.

يۇقىرىقى بايانلاردىن "مەۋجۇدىيەت" ۋە "رېئاللىق" ئۇقۇملىرىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقى مەلۇم بولىدۇ. "مەۋجۇدىيەت" تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇلمىغان رېئاللىق ياكى بىر خىل ئېھتىماللىق. "رېئاللىق" دۇنيانىڭ كۆپ قىرلىق قۇرۇلمىسىدا مەركىزىي ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇنى چۈشەندۈرگىلى، ئىزاھلىغىلى، ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. "مەۋجۇدىيەت" ئۆزىدىن ھالقىپ تۇرغاچقا، ئىگىلىگىلى بولمايدۇ. "رېئاللىق"نى قايتا كۆرسەتكىلى ياكى نۇسخىلىغىلى بولىدۇ. "مەۋجۇدىيەت" بولسا بايقىلىدۇ ياكى ئېپادىلىنىدۇ، "رېئاللىق" ئەقلىي مەزمۇنغا ئىگە، "مەۋجۇدىيەت" ھېسسىي مەزمۇنغا ئىگە. "رېئاللىق" كوللېكتىپ تەجرىبىدە، "مەۋجۇدىيەت" خۇسۇسىي تەجرىبىدە.

20 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى رېئاللىق دېگەندە كۆرگىلى، تۇتقىلى، ئىسپاتلىغىلى بولىدىغان ماددىي دۇنيا دەپ قارىدى، ئىنساننىڭ تەپەككۇرى، ئىدراكىدىن ئىبارەت چىنلىقى بۇسۇپ كىرىلمىگەن ياكى بۇسۇپ كىرىشكە جۈرئەت قىلىنمىغان چىنلىق بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقا بۇ دەۋر ئەدەبىياتى ئىنساننىڭ ماھىيىتىدىن يىراقتا قالدى ۋە پەقەتلا ئالاھىدە تارىخىي شارائىتنىڭ داشقاللىرىغا ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىسىدىن ياتلاشتى، بۇ ئەنئەنىنى زامانىۋى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش بۇرچى بىلەن سېلىشتۇرغاندا تولىمۇ

پاجىئەلىك ماگغۇرتلىشىشتىن بېشارەت بەردى . كىشىنى ئاچچىق كۈلكىگە دەۋەت قىلىدىغان بىر ئەھۋال شۇكى ، ئۆزلىرىنى ئەدىب دېيىشىۋالغان بىر توپ گۇمراھلار ئۆزىنىڭ ئەقىدىسىنى كۆچۈرۈپ كېلىنگەن، زورلاپ تېڭىلغان شاللاندىلارنىڭ ئۇستىگە دەسسەتتى ، ئۇلار ئالىلىبۇرۇن كۆيۈپ ئۆچۈپ بولغان مەشئەللەرنىڭ دەستىسىنى ئىپتىخار بىلەن كۆتۈرۈشۈپ ئۆزلىرىنى دانكودەك ھېس قىلىشتى . ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر شۇنچە كۆپ بولىسمۇ، ئۇلارنىڭ تەپەككۇرىدىكى پەللىسى ئالەمشۇمۇل بولىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كونكرېت سۈپەتلىرى زامانىمىز كىشىلىرى ئۈچۈن يەنىلا مۇئەممادۇر. ئاكادېمىيىلەر ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ئازغىنە خىزمەتلەر زامان تەلىپىدىن تېخى يىراق بولۇش بىلەن بىرگە، ئەكسىچە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆزىدە بولمىغان مەنتىقە بىلەن چۈشەندۈرۈلدى ، تەتقىقات شەيئىنىڭ ئۆزىدە بولمىغان مەنتىقىنى شۇ شەيئىگە تېڭىش ئەمەس، بەلكى شەيئىدە ئەسلىدە بار بولغان، بىراق ئۆزىمىزدە نىسبەتەن پىنھان بولغان مەنتىقىنى قېزىپ چىقىرىشتۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت روھى غەرب ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت روھىدىن پەرقلىنىدۇ، بۈگۈنكى زامان غەرب ئەدەبىياتىدىكى مەۋجۇدىيەت قارىشى سىياسى ، ئىجتىمائىي ئېلېمېنتلارغا ئىگە بىر قىسىم مەندە ئاقىزملىق خاھىشقا ئىگە . "مەۋجۇدىيەتچىلىك پەلسەپىسىدە ئادەمنىڭ تەنھالىقى ئاساسلىق تېما، ئادەمنىڭ خۇدانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشىدىن ئۈمىد يوق، چۈنكى خۇدا ئۆزىنىڭ رېئاللىقىدىن ئىلگىرى مەۋجۇت بولالمايدۇ؛ ( بىرونېل:"20 ـ ئەسىر فرانسىيە ئەدەبىياتى تارىخى" ) شۇڭلاشقا غەرب مەۋجۇدىيەتچىلىكى چۈشكۈنلۈك ۋە گاڭگىراش بىلەن تولغان، ئالبېرت كامىيۇ: ھايات بىمەنىلىك بولۇپ، ئۇنىڭغا يۈزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ، دېگەن .

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، خۇدا ئالەمدىكى ھەرقانداق مەنىسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى ، ئۇ مەۋجۇدىيەتنىڭ جەۋھىرى ، گۈزەللىكنىڭ چىرىغى ، ئالەم ھەرىكىتىنىڭ مەنزىلگاھى ، ئىنسان ئەقىل ـ پاراسىتىنى ھەرقانداق نوپۇز، ھەرقانداق شەكىل ھەرقانداق مەبۇتقا مەھكۇم بولۇپ قېلىشتىن قۇتقۇزىدىغان ھەقىقەت .

سەنكى مەۋجۇت، بەلكى ئەين مەۋجۇت .
( كۆزنىڭ مەۋجۇتلۇقى سېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇڭدىندۇر )
– ئەلشىر ناۋائىي

ئۇ خالاپ ياراتتى ، يارالدى پۈتۈن
ئۇ بىرلا دېدى: "بول"، بار بولدى پۈتۈن
ئەي بىرسەن بىرىكمەس ساڭا باشقا بىر،
بۇرۇن سەن جىمىدىن، جىمىدىن ئاخىر.
– يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يۇقىرىقى مىسرالاردىكى تىندىنسىيە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مىڭ يىللىق سۇلالىسىدە باشتىن ـ

ئاخىر مەۋجۇت بولۇپ، دەۋرلەرسىرى پۈتۈن خەلقنىڭ تەبىئەت، ئالەم، جەمئىيەت قاراشلىرىغا سىڭىپ كەتكەن. 20 ـ ئەسىرگە كەلگەندە بۇ تىندىنسىيە سۇسلاشقان، ئىستىخىيىلەشكەن ۋە ئۈزۈلگەن بىر قىسمەتتە كۆزلەردىن يىتتى ـ دە، 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە ئەخمەتجان ئوسمان، ئەركىن ئىبراھىملارنىڭ شېئىرلىرىدىن ئۆز ئىزچىللىقىنى تاپتى. ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن ھۆسنى زاھىرى (شەيئىلەرنىڭ تاشقى ھاللىرى) بىلەن جامالى مۇتلەق (مۇتلەق گۈزەللىك) نىڭ ئورگانىك بىرلىكىنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ. مانا بۇ ئەنئەنە ئىزچىللىقى ياكى ئەنئەنە زامانىۋىلىقى.

مەۋجۇدىيەت يولىدىكى تەۋەككۈلچىلىك ئەلۋەتتە يۇقىرىقىلارنىڭ يولى بىلەن چەكلەنمەيدۇ. كېلەچەك چەكسىز مۇمكىنلىكتۇر. ھەرھالدا 21 ـ ئەسىردىكى مۇستەقىل ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۆز ئىرسىيىتىنى يوقاتمىغاندىلا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

1999 ـ يىل نويابىر

# ئەدەبىياتنىڭ قىيامىتى ۋە نوھنىڭ كېمىسى

– « تەڭرىتاغ » ئەدەبىي ژۇرنىلىنىڭ ئون يىللىق خاتىرىسىگە بېغىشلايمەن

مەن 1986 - يىلى 8 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە تەقسىملەنگەندىن كېيىن، ئۆزۈمگە نىسبەتەن پۈتۈنلەي يېڭى ئىككى نەرسىگە يولۇقتۇم. ئۇنىڭ بىرى، قىياپىتى تامامەن يوچۇن بولغان ئۈرۈمچى شەھىرى مەركەزلىكىدىكى ئىجتىمائىي جەمئىيەت؛ يەنە بىرى، "تەڭرىتاغ" ئەدەبىي ژۇرنىلى. ئالىي مەكتەپ قورۇسىدا جەمئىيەتتىن خالىي ھالدا ئۆلۈك بىلىملىرىگە ئەرمەك بولۇپ ئۆتكەن، ھايات سىرلىرىغا تولىمۇ خۇراپىي نەزەر بىلەن قاراشقا ئۆگەنگەن ساددا بىر ستۇدېنت، گەرچە تەقدىرى يەرگە مىخلانغان دېھقان مىللەتنىڭ ئاشۇ دەۋرگە مۇناسىپ مەرىپەت قەھرىمانى بولسىمۇ، رېئال جەمئىيەت ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىگە تامامەن يات بولغان بىر تىلنىڭ لۇغىتىدەك تومتاق ۋە مەۋھۇم ئىدى. شۇڭا جەمئىيەت مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەقلىمنى لال قىلىپ، يەكسان قىلىپ تاشلايدىغان يېڭىلىق ئىدى. لېكىن ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇكى، ئاشۇ مەزگىللەردە زېھنىم دۇنيانىڭ زاھىرەن ۋە باتىن ھادىسىلىرىگە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇراتتى. گاھ ئېستېتىكىنىڭ شېئىرىيەت ۋە لاتاپەت جەھەتتىكى ئۆزگىرىشچان غەمزىسىگە سەما بولاتتى، گاھ مىستېتىكىنىڭ سوكۇنات سوپەتلىك نەرسىسىگە تەۋە بولاتتى. شۇڭلاشقا ئېسىمدىكى يارامسىز بارلىق كونا نەرسىلەرنى ئەخلەت ساندۇقىغا تۆكۈۋېتىپ، مۇقەددەس روھ سەپىرىمنىڭ يىراق مەنزىلىگە يېڭىدىن قەدەم بېسىشقا ئۈلگۈرەلەيتتىم.

مەن ئۆز - ئۆزۈمگە رەھىمسىز لۈكچەك بولۇشۇم كېرەكلىكىنى ناھايىتى تېزلا ھېس قىلدىم. مەن قوللىرىمنى يۇيۇپ، پاكىز تەرەت ئالغاندىن كېيىن يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىشىم، ئۇنىڭدىكى ئىنسان مۇھەببىتىگە زىت چىرىندىلەرنى تازىلىشىم، كالاپانلىرىنىڭ ئۇرۇشنى تۇغۇلغۇسى سەنئەتنىڭ رىتىمىگە ماس ھالدا توغرىلاپ سىلىشىم كېرەك ئىدى. مېڭەمنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قاتتىق سىقىپ ئۇنىڭ ھەقىقەتەن پاكلانغانلىقىغا تولۇق ئىشەنگەندىن كېيىن، تەبىئەت ۋە سەنئەتنىڭ نۆۋەتتىكى كۆلەڭگىسىگە تۇتۇشۇم كېرەك ئىدى.

بۇنداق تەقەززالىق مېنى خېلى قىينىدى، بىر مەھەل پەرىشان شېئىرلارنى يېزىش بىلەن ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقاردىم، يېڭى تۇرمۇش مۇھىتىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى روھىمدىكى زىددىيەتلىك داۋالغۇشنىڭ تېپىشىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر شېئىرلىرىمنىڭ تۈسى ۋە رىتىمىدە ئۆزگىچە ھالەت شەكىللەنگەندەك تۇيۇلدى. بۇرۇن بارماق ۋەزنىدە، بولۇپمۇ ئارۇز ۋەزنىدە شېئىر يېزىشنى بىر خىل تەبىئىيلىك ھېس قىلاتتىم، ئەمدىكى رىتىمىم قانۇندىن تاشقىرى بىر قانۇنىيەتنى ئىزدەۋاتقاندەك، ئەمما ئۇنى تېپىپ بولالمىغاندەك ئىدى. شۇ چاغدىكى تەسراتىم بويىچە بۇ قانۇنىيەتنى قانۇنىيەت دېمىسە بەكرەك مەزمۇنلۇق بولاتتى ۋە بۇ مەزمۇن ھېس ماھىيەتلىرىگە بەكرەك يېقىن ئىدى. بارا

- بارا پىكىرلىرىمنى تەڭكەش قىلىش ئۈچۈن دوستلارغا بەكرەك موھتاج بولدۇم.

مەن "تەڭرىتاغ" ژۇرنىلىنى ئەنە شۇنداق تەقەززالىق پەيتىدە تاپقاندىم. مەن ئەدەبىياتىمىزنىڭ يېڭى بىر تەۋەللۇتىنى مۇشۇ ژۇرنالدىن كۆرگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭدىكى پروزا ئەسەرلىرى ۋە ئەدەبىي ئاخباراتلار يازغۇچىنىڭ چىنلىق تۇيغۇسىغا، ۋىجدانىي ۋە خاھىشىغا بىرقەدەر مەسئۇل بولالىغانىدى. ئۇنىڭدىكى شېئىرلار كەيپىياتىنىڭ ساددا، ئەينەن كۆرۈنۈشكە ۋەكىللىك قىلىشقا ئىنتىلگەن بولۇپ، باتىن دۇنيادىن كەلگەن ئۇچۇرلار ھەشەمەتسىز، لېكىن مەھلىيالىق ئىدى. ھېسسىيات ئالدىنئالا بىكىتىلگەن شېئىرىيەت قېلىپىغا ئەمەس، بەلكى شېئىرىي قۇرۇلما ھېسسىياتنىڭ رىتىمىگە ئەگەشكەنىدى. گەرچە ئۇلار بىر پۈتۈن ھالدا بەدىئىي بالاغەتنىڭ تېپىك جۈملىسى بولالمىسىمۇ، ھېچبولمىغاندا ئەدەبىياتتىكى شەكىل كرىزىسىنىڭ ئاقىۋىتىدە ھاسىل بولغان روھىي بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ ئىسيانى ئىدى. روشەنكى، ھاياتىي كۈچكە ئىگە روھىي تەۋرىنىش بولمىسا مۇستەقىل شەكىلنىڭ شەرتىنى چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. شەكىل ئىلھام بىلەن سەۋەب ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنىڭ ماھىيىتىدۇر.

شۇنداق، مېنىڭ تۇنجى قېتىم كۆرگىنىم "تەڭرىتاغ" ژۇرنىلىنىڭ سىناق سانى ئىدى. بىراق شۇنداق ئېيتالايمەنكى، بۇ ژۇرنالنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر قانچە سانلىرى ئەدەبىياتىمىزدىكى تەۋەككۈلچىلىك ۋە سىناقنى ئىپادىلىدى. ئۇ مۇشۇ سەۋەبلىك شېرىن چۈش كۆرۈپ ياتقان بىر بۆلۈك كىتابخانلار ئاممىسى ۋە ئاپتورلار قوشۇنىنى ئۆزىگە تارتتى. ئەدەبىياتىمىزدا قاتتىق بىر سىلكىنىشكە ئوخشايدىغان مەنزىرە بارلىققا كەلدى. ئېرىنچەك ۋە ئېھتىياتچان يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىمىز ئەنئەنە بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئەنسىرەپ تۇرۇپ كۆز تاشلىدى. تولىمۇ ساددا مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان غۇلغۇلا باشلاندى. مانا بۈگۈن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئاشۇ چاغدىن باشلانغان يېڭى شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ بىر قانچە ۋەكىللىرىنى يارىتىپ بولۇپ، سۆزلۈك ئەمما كىچىك بىر ئېقىن سۈپىتىدە خىلۋەت جىرادا توختىماي ئاقماقتا. ئەدەبىيات جەمئىيىتىدە كۆپ خىللىقتا ياتىدىغان مەنتىقە مەۋجۇتكى، ئۇسلۇبلار قانچىلىك كۆپ خىل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ شۇنچە گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسىگە ئىگە بولىدۇ. سەنئەتتە ياشاش قۇدرىتىگە ئىگە ئامىللار قارشى تۇرىدىغان كۈچلەرنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھامان ئوتتۇرىغا چىقىدۇ ۋە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان مۇستەقىل مەۋقەگە ئايلىنالايدۇ، زەئىپ ئامىللار چوڭ نوپۇزلار تەرىپىدىن ھامىيلىقتا ئېلىنسىمۇ، ھامان سەپتىن چۈشۈپ قالىدۇ.

دەسلەپتە "تەڭرىتاغ" ژۇرنىلىنىڭ ھەيرانە ۋە مەستانە كىتابخانى بولدۇم، ئۇزاق ئۆتمەيلا قىزغىن، ئاكتىپ ئاپتورىمۇ بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمگە نىسبەتەن ئىزدىنىش خاراكتېرىگە ئىگە شېئىرلىرىم "ياشلىق چۈقانلىرى" سەھىپىسىدە پات - پات ئېلان قىلىنىپ تۇردى. ئاخىر شېئىرىيىتىمىزدىكى "گۇڭگا شېئىر" ھادىسىسى ئۈستىدىكى بەس - مۇنازىرىنىڭ بىر سەۋەبچىسى

ۋە ئىشتىراكچىسىغا ئايلاندىم. ھەپتە ئاخىرلىرى مېنىڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى تۆت كىشىلىك ياتىقىم شېئىرىيەت مۇخلىسلىرى بىلەن تولۇپ كېتىدىغان بولدى. مېنىڭ مېھمانلىرىم ياش ژۇرنالىستلار، مۇھەررىرلەر، شائىرلار، ستۇدېنتلاردىن ئىدى. بۇلارنىڭ بەزىلىرى يىراق شەھەر، ۋىلايەتلەردىن كەلگەن بولاتتى. بىزنىڭ ئورتاق تېمىمىز شېئىر، شېئىر يەنە شېئىر ئىدى. بارا - بارا دۇنياۋى ئەدەبىياتقا ئالاھىدە تەسىر بەرگەن فروئىد، شوپېنھاۋار، نېتسلارنىڭ نامىمۇ زىكرى قىلىنىدىغان بولدى.

شۇنداق قىلىپ ئاڭسىز ھالدا بىر سالون شەكىللەندى، بۇ سالوننى بىرەرسى ئالاھىدە تەشكىللىمىگەندى. ئەمما ئۇ ئەدەبىيات مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن بىردىنبىر جاۋابكار، قىزغىن سالون ئىدى. ئۇنىڭ پائالىيىتى بەزىدە ئاخشامدىن تاڭغا ئۇلىناتتى، بۇنىڭغا ئەزا دوستلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان تەنقىدى تەكەللۇپ بىلەن يۇمشىتىلغان بولماستىن، ئەكسىچە يالىڭاچ، يۈزتۇرانە ۋە رەھىمسىز ئىدى، بەزىدە ھەتتا ھەسەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن زەھەرخەندىلىكتەك تۇيۇلاتتى، ئۇلار ئەنە شۇنداق كەسكىن تەنقىدنى چاقچاق ئارىلاش پوزىتسىيە بىلەن قوبۇل قىلىشاتتى. بىزنىڭ سورۇنىمىز فرانسىيە سىمۋولىستلىرىنىڭ چۈشكۈن، پىغانلىق سورۇنلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بەزىدە بىكاسسو، ئاپوللىنار، كوكتولارنىڭ غەلىتە سۆھبىتىگە ئوخشاپ كېتەتتى. بىزنىڭ توغرا گەپلىرىمىزمۇ بولاتتى. لېكىن بولمىغۇر، ئەخمىقانە گەپلىرىمىزمۇ خېلى بار ئىدى. ئەمما ئەخمىقانە بۇ گەپلەر تامامەن ئۆز ئەقلىمىز بىلەن دېيىلگەچكە، ئۇلۇغ زاتلار دېگەن تەييار، راست گەپلەرگە قارىغاندا نەچچە ھەسسە قىممەتلىك ئىدى. نۇرغۇن رەزىلىلىك ۋە قانخورلۇقنى ئۆز باغرىغا سىڭدۈرۈپ كەتكەن تارىخنىڭ بىر - ئىككى ئېغىز خاتا گەپنى سىغدۇرالىشىغا قەتئىي ئىشىنىش كېرەك. ئەمەلىيەت ناتوغرا سۆزلەرنى ئەپۇ قىلىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق چىن سۆزلەرنىڭ يىپ ئۇچىنى تاپشۇرىدۇ.

"تەڭرىتاغ" ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرلىرى كۆپ ھاللاردا ئەنە شۇنداق سورۇننىڭ بىۋاستە كۆزەتچىلىرى ياكى ئىشتىراكچىلىرى ئىدى. بۇلار ياش قەلەمكەشلىرىنىڭ تۇرمۇشىدىن تارتىپ ئارزۇسىغىچە چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. ھەتتا مەن شۇنداق ھۆكۈم قىلالايمەنكى، بۇلار مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاپتورلارنىڭ قەلىمىدىن نېمە چىقىدىغانلىقىنى ئاساسەن مۆلچەرلىيەلەيدۇ، شۇڭلاشقا قانداق تەكلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. ئېھتىمال، ئۆز ئاپتورلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە بۇنداق بىۋاستە سىڭىپ كىرەلەيدىغان مۇھەررىرلەر ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك.

"تەڭرىتاغ" ژۇرنىلى مېنىڭ تەپەككۇرۇم ئۇچۇن يېڭى بوشلۇق بەردى، ماڭا يېڭى - يېڭى تەلەپلەرنى قويدى، مەن "تەڭرىتاغ" ژۇرنىلىنىڭ ئون يىللىق مۇساپىسىدە ئۆزۈمنى ئاساسلىق پېرسوناژدەك ھېس قىلدىم. مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ ژۇرنالدا ئېلان قىلىندى. مەن ئۆزۈمنىڭ شائىرلىق يېشىمنى مۇشۇ ژۇرنالنىڭ ئۆمرى بىلەن تەڭ دېسەممۇ بولىدۇ. بۇ ژۇرنال ماڭا نۇرغۇن قىزىققان دوستلارنى تونۇشتۇردى، ئۇلار سەنئەتنىڭ نازۇك رەۋىشلىرى تەرك

ئېتىلگەن مۇشۇ سۇيىئىستېمال دەۋرىدە سۆيۈملۈك ئۇلپەتلىرىمگە ئايلاندى. بىز شېئىرىيەت مۇشۇنداق تاشلىۋېتىلگەن ۋە خورلانغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، بىر - بىرىمىزگە شېئىرلىرىمىزنى ئوقۇپ بېرىپ كېلىۋاتىمىز.

زادى مەلۇم بىر ژۇرنال ياكى ژۇرنالىستىنىڭ تۆھپىسىنى نېمىدىن كۆرۈش كېرەك؟ مېنىڭچە، بىر ژۇرنالىست ياكى بىر ژۇرنالنىڭ تۆھپىسى ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ۋە مۇستەقىل ئىجادىيەت خاھىشىغا ئىگە بىر قاتار يېڭى ئاپتورلار قوشۇنىنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكىدە، بۇ ئارقىلىق ئەدەبىياتنىڭ پىكىر قاتلىمىدا داۋالغۇش پەيدا قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. مەن "تەڭرىتاغ" ئەدەبىي ژۇرنىلىنى ئاشۇنداق قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى دەپ قارايمەن. "تەڭرىتاغ" ئەدەبىي ژۇرنىلى ئون يىل جەريانىدا، بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىقىپ باقمىغان يېڭى بىر تۈركۈم ئاپتورلارنى تەربىيىلىدى ۋە يېتىشتۈردى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى زامانىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىبلىرىدىن بولۇپ قالدى.

بىزدە نەشرىيات سودىگىرى دېگەن ئۇقۇم ھازىرچە يوق. بىراق نەشرىياتچىلىق ۋە ژۇرنالچىلىق بازار ئىگىلىكىنىڭ روشەن تەسىرىگە ئۇچراۋاتقان بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە، بۇ ساھەدە ئىشلەۋاتقان خادىملار بەدىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمدىن تاشقىرى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىمۇ جىددىي ئويلىمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، نەشر ئەپكارلىرىمىز مۇئەييەن دەرىجىدە تىجارەت يۆنىلىشىنى ئالماي تۇرالمىدى. ئۇلار بۈگۈن مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى تەڭ ئويلاشقا مەجبۇر بولدى. بىرىنچى، نەشرى بۇيۇملار بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت؛ ئىككىنچى، نەشرى بۇيۇملار بىلەن ئىجتىمائىي ئەخلاق ۋە ئاڭ فورمىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت؛ ئۈچىنچى، ئاپتورلارنىڭ ئىستراتېگىيىسى بىلەن كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت. بۇ يەردىكى ھالقىلىق ئامىل يەنىلا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئاڭ فورمىسىنىڭ سۇبيېكتقا تېڭىلىشى بولۇپ، يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى بىماس ئاقىۋەت مۇشۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان. بەربىر، بىر نەشرىيات خادىمىنىڭ نەشرىيات سودىگىرىگە خاس قىممەت قارىشىغا ئىگە بولۇش كېرەكلىكى ھازىرقى ئەھۋالدا ئېتىراپ قىلمىسا بولمايدىغان بىر پاكىت. ئەمما نەشرىياتچىلىقنىڭ خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەركىزىي ئوبيېكت يازغۇچىنىڭ مەھسۇلاتىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇھەررىردە ئەتراپلىق بىلىم قۇرۇلمىسى ھەمدە دېموكراتىك پىكىر ئېڭى بولۇشى كېرەك. مەن ژۇرنالىستلىق ۋە نەشرىياتچىلىقتىن ئىبارەت بۇ كەسىپلەر ئۈچۈن يۈز نەچچە خىل پەننى بىلىشمۇ ئازلىق قىلىدۇ دەپ قارايمەن. دېموكراتىك پىكىر ئېڭى بىلىشنىڭ جەۋھىرى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدىغان ئەخلاقىي مەسئۇلىيەت. ژۇرنالىستلىق ۋە نەشرىياتچىلىق ھەرگىزمۇ ئۇدۇل كەلگەن ئادەم قىلىۋېرىدىغان ئىش ئەمەس، ھوقۇق تېخىمۇ ئەمەس، ئۇ بىر خىل ئەدەبىي تەنقىد جەريانى ياكى ئىجتىمائىي تەنقىد جەريانى، ھەقىقىي بىر نەشرىياتچى جەمئىيەت مائارىپىنىڭ يىرىك پېداگوگىدۇر. نەشرىياتچىلىقنى بىر خىل ھوقۇق ياكى ئىمتىياز دەپ قارايدىغان مۇتەئەسسىپ كىشىلەر مىللەتنىڭ ئەقىل

خەزىنىسىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان چاشقانلاردۇر، ئۇلار ھەممىشە بىرەر شەيىدىن خاۋاتىرلىنىپ ياشىشىدۇ. مەن ئامېرىكىلىق داڭلىق نەشرىياتچى ۋە مۇھەررىر ساكىس كوممىنسىنىڭ خانىمى دوروسى كوممىنس يازغان "مۇھەررىر قانداق بولىدۇ" دېگەن كىتابنى كۆرگەنىدىم. مەزكۇر ئەسەر ئۇنىڭ ئېرىنىڭ تەھرىرلىك ئىستىلى ھەققىدىكى تەرجىمىھالى خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ساكىس ئەپەندىنىڭ ئەدەبىيات سەھنىسىدىكى ئاتاقلىق شەخسلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغانىدى. نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ ئامېرىكىلىق ساھىبلىرى بولمىش يۇكىن ئونېل ۋە ۋىلىيام فولكنېرلار، ئۇنىڭدىن باشقا بىلمان، ئادرى سىستىۋېنسون، لۇئىس قاتارلىق شەخسلەر ساكىسنىڭ مۇھەررىرلىكىدە تونۇلغان كىشىلەر ئىدى. بۇ ئاسانمۇ؟ بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدىن دۇنياۋى شەخسنىڭ چىقىشى شۇ مىللەتنىڭ دۇنيادىكى ئورنى ۋە تەپەككۇرىنىڭ ختابنامىسىدۇر. مەلۇمكى، بۇ ئاسان ئەمەس. ساكىس ئەپەندىنىڭ ئىش - ئىزلىرىنى جاھانغا تاراتقان بۇنداق كاتتا شان - شەرەپ نەدىن كەلدى؟ "مۇھەررىر نېمە ئىش قىلىدۇ؟" دەپ سورايدۇ ساكىس ئەپەندى ئۆز - ئۆزىدىن ۋە مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:"مۇھەررىر ئالدى بىلەن بىر ئىشچى بولۇشى، ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىدىن پەخىرلىنەلىشى، ھەرخىل پىكىر ۋە ئىدىيىلەرنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن بايقاپ، ئىنكاس قايتۇرالىشى كېرەك... ئۇ ئىختىساسلىقلارنى بايقاش، ئەركىن پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئەڭ كەڭ بىلىم تارقىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ".

ژۇرنالىستتا ئاپتور ۋە كىتابخان ھەققىدە مۇئەييەن دىت بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزى مۇئەييەنلەشتۈرگەن مەلۇم قاتلام ئاپتور ۋە كىتابخانلارنىڭ بولۇشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، كەلگۈسىدە بولۇشقا تېگىشلىك غايىۋى ئاپتورلارمۇ بولۇشى كېرەك. مەنىۋىيەتنىڭ يېڭى نەسلىگە تەقەززا بولىدىغان ژۇرنالىست كېيىنكى تېپىتكى ئاپتورلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى مۇقەددەس بۇرچ دەپ چۈشىنىدۇ.

"تەڭرىتاغ" ژۇرنىلىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ۋە ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك ھاياتىدا ئەنە شۇنداق شەرەپلىك مەسئۇلىيەت تولا جۇلالىق بولمىسىمۇ، بىرقەدەر ئېنىق ھالدا ئىپادىلىنىپ كەلدى. مەن ساپ ئەدەبىيات ئېتىبارسىز قالغان ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتقان دەۋردىكى شىېئىرىيەتنىڭ چۈشكۈن يۈزقراسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن "تەڭرىتاغ" ژۇرنىلىنىڭ پەرۋىشكار ھىمايىسىگە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەلۋەتتە، "تەڭرىتاغ" ژۇرنىلى ئۆتمۈشتىكى ئىزچىل ھاياتى ۋە نەتىجىسىدىن مەستۇ - مۇستەغرەق بولۇپ كېتىپ، كېلەچەكتىكى يېڭى بۇرچنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، دەپ قارايمەن. ئىنسانىيەت 21 - ئەسىرگە كىرىش ھارپىسىدا تۇرماقتا، گەرچە يەر شارائىتىدىكى ھەرقايسى رايونلارنىڭ تەقدىرى باشقا - باشقا بولسىمۇ، ئوخشاش بىر قۇياش ئوخشاش يىلنامىدىكى كالېندارنى بەلگە قىلىپ، يېڭى ئەسىر ئۇپۇقىغا باشلىماقتا. ھەر قايسى ئەل ۋە مىللەتلەر ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا ئۆتمۈشىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، كەلگۈسىنىڭ پىلانىنى تۈزمەكتە. بىزدىمۇ 20 -

ئەسىردىكى تارىخىي رېئاللىق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئىستېتىك قاتلام، تەپەككۇر تارىخى ھەققىدە خاس مۇلاھىزىلەر بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن بۇنداق ئاقلانە ئەسەرلەر تېخىچە مەيدانغا كەلمىدى. ئۆتمۈشىدىن توغرا خۇلاسە چىقارمىغان مىللەت تارىختىكى خاتالىقنى تەكرار ئۆتكۈزىدۇ ۋە تەكرار ـ تەكرار پۇشايمان قىلىدۇ. "تەڭرىتاغ" ژۇرنىلى ۋە مىللىي ئىدېئولوگىيىمىزنىڭ تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەشر ئەپكارلىرىمىزنىڭ يۇقىرىقىدەك ئويلىنىشقا گىرىپتار بولۇشى ئەڭ ئەقەللىي تەلەپ بولۇپ، ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئەستايىدىل پىكىر قىلىشى جىددىي زۆرۈردۇر.

ھازىرقى ئەدەبىياتىمىز قانداق ھالەتتە؟

بىزدە ئەدەبىي گۈللىنىشنىڭ ئىجتىمائىي شەرت ـ شارائىتى بولغان ئەدەبىيات جەمئىيىتى ئاللىبۇرۇن كاردىن چىقتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت جەمئىيەتلىرى ئاپتور ۋە ئەسەرلەر دۇچ كېلىۋاتقان ئىقتىسادىي، مەنىۋى كرىزىسنى ئورتاق مۇزاكىرە قىلىپ، ھەل قىلىدىغان رولدىن ئومۇمەن قېلىپ، بازار ئىگىلىكى دەۋرىنىڭ ساختا رىغبەتلەندۈرۈشى ئاستىدىكى كۆرۈمسىز خارابىگە ئايلىنىپ قالدى. مۇئەسسەسىلەر ۋە ئورگانلار كونراپ، قانچە يامىسىمۇ يىپ تۇتمايدىغان كيىمگە ئوخشاپ قالدى، بۇنى كىيىۋالغان خادىملار ھۆججەت سومكىلىرىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزى مۇھىم دەپ بىلگەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قانچە قاترىسىمۇ، ئەھۋال ئۆزگەرمەيدىغان بولۇپ قالدى. تەھرىراتلار زاۋۇت رىقابىتىگە دۇچ كەلگەن كونا تۈگمەندەك مىسكىن كەيپىياتتا لېۋىنى چىڭ چىشلەپ كېتىۋاتماقتا. ئەدەبىياتىمىز پەقەت ئاپتور ۋە كىتابخانلارنىڭ تۇغما ئىستېتىك ئىقتىدارى ئاساسىدا ئازغىنە دائىرىدىكى مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىۋاتىدۇ. قەلەم ھەققى بار ـ يوقنىڭ ئارىلىقىدا. مال باھاسى ۋە ئىستېمالنىڭ سەۋىيىسىگە يېتىشىش بارغانسېرى قىيىنلىشىۋاتىدۇ. بۇ ئەدىبلەر ۋە مۇتەپەككۇرلار ئۆزلىرىنى خىلۋەتكە تارتىپ، كىشىلەرگە ئۈلۈغ گەپلەرنى قىلىپ بەرسە كۆڭلى ئۆتىدىغان بۇرۇنقىدەك دەۋر بولمىغاچقا، كىشىلىك تۇرمۇش ۋە ئائىلە قەلەم ئىگىلىرىنى ئىستېتىك تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، پۇل تېپىشقا ئۈندىمەكتە. يېزا بىلەن شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ چوڭ بولۇشى ۋە تۈزۈمىمىزگە يارىشا ئۇستقۇرۇلما مۇئەسسەسىلىرىنىڭ شەھەرگە مەركەزلىشىشى، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى ئاساس قىلىۋالىدىغان خىزمەت ئەخلاقى ئەدىبلەرنىڭ شەھەرگە كىرىۋېلىشىنى بەلگىلىگەن. يېزا تەبىئەتنىڭ بىۋاستە سىماسى، ئۇ ئەدىبكە ساددا، تەبىئىي خىسلەت ئاتا قىلىدۇ، شەھەر پروگماتىزمنىڭ داشقازىنى، ئۇنىڭ ئاسمىنىدا نەپىس ئوتنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرى ئۈزۈپ يۈرىدۇ. ئۆز نەپسى ئۈچۈن بىرەر جەسەتتىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە ئىككىلەنمەي جۈرئەت قىلالمىغان ئادەم شەھەردە كۈن كەچۈرەلمەيدۇ. شەھەردە ئادەمنىڭ توۋا قىلىشقىمۇ ۋاقتى يەتمەيدۇ. شۇڭا بۇنداق يەرلەردە سەنئەتنىڭ قەلبىگە زاھىدلارچە چۆكىدىغان ئادەملەر يوق ھېسابتا.

سادىغاڭ كېتەي، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قوشۇنىمىز شۇنچە كەڭ، بۇ سەپ گويا

چۆچەكتىكى بوياقچىنىڭ كۈپىگە ئوخشاپ قالدى، ھەرقانداق مەخلۇق ئۇنىڭغا چۆشۈپلا كەتسە، ھەيۋەتلىك "تالانت" بولۇپ كېتىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلالمىغانلار شائىر ـ يازغۇچى بولۇپ كېتەلەيدۇ، ئىلغار ئەربابلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، قەلەم جەھەتتە بىر قەدەر مۇستەقىللىقتا ئىگە كىشىلەرنى كەمستىشكە باشلايدۇ. بىرەر ئىشنى تەۋرىتىشكە قادىر بولالمايدىغان ئەنە شۇنداق بەندەئى گۇمراھلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇشى ئەخلاقسىزلىق جۈملىسىدىندۇر. بۇ ئەخلاقسىزلىق ئېھتىمال جىنايەتكىمۇ ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ سەپتە سۇدىيە ۋە ئىجرا قىلغۇچى بولمايدۇ، بىراق سەنئەتنىڭ قانۇنى ئۇلارنى تەبىئىي ھالدا بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇ ناتىۋان جەڭچىلەر بىر ـ بىرىنى دۇمبالاپ تۆكۈشىدۇ. بىزدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت مىتىلىرى ئۆز ئالدىغا مەپكۇرىسى بار ھەقىقىي سەنئەت ئەھلىنى چىرىتىپ تاشلاۋاتىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قورقۇنچلۇق قىيامىتى .

قۇلاق سېلىپ ئاڭلىساق، ئۇمىدۋار 21 ـ ئەسىردىن شۇنداق بىر ئەمر كېلىدۇ: ئەي، سەنئەتنىڭ پاك مۇخلىسلىرى، كېمىگە چىقىڭلار، سىلەر خەلق ۋىجدانىنىڭ، ئارزۇ ـ تەلەپلىرىنىڭ جانپىدا ھىمايىچىلىرى، سىلەر قەلبىنىڭ نازۇك ھېسسىياتىغا ھېكمەت بىلەن ئەمەل قىلغۇچىلار، توپان سۈيى ياماراش ئالدىدا تۇرىدۇ، كېمىگە چىقىڭلار، سىلەر مەنئۇبىيەت ۋە سەنئەتنىڭ پۈتۈنلەي يېڭى نەسلى ئۈچۈن كېرەك بولىسىلەر. نائەھلىلەرنىڭ ھالاك بولۇشىدىن ئەنسىرىمەڭلار، ئەخلاقسىزلىقنىڭ نالىسىمۇ بىر خىل مۇزىكا. سىلەر بۇ مۇزىكىنىڭ ساداسى ئىچىدە ئىمانىڭلارنى تېخىمۇ پاكىز يۇيۇڭلار!

يۇقىرىقى ئەمرنى "تەڭرىتاغ" ژۇرنىلى ئەڭ بالدۇر ئاڭلىيالايدۇ دەپ ئىشىنىمەن، 21 ـ ئەسىر قانال ئېغىزىدا تۇرۇۋاتقان "تەڭرىتاغ" ژۇرنىلى ئەدەبىيات قىيامىتىگە شىپا بولغۇچى نوھ كېمىسىگە ئايلىنىشى كېرەك. بۇ كېمە بۇلغانغان ۋە ياتلاشقان ئەدەبىيات دۇنياسىدا ئۆز قىممىتىنى ئىسپاتلاشقا مۇۋەپپەق بولالمىغان ئېتىقادلىق سەرخىللارنى تاللاپ قۇتقۇزۇشى، ئۇلارنى مىللەتنىڭ مۇستەھكەم غۇرۇرى ۋە ۋىجدانىنى بولىدۇرىدىغان خىمىرتۇرۇچقا ئايلاندۇرۇشى كېرەك .

ئەدەبىياتىمىز مۇرەككەپ ۋە ھالقىلىق ئەسىر ھارپىسىدا نېمىلەرنى قىلىش كېرەك؟ ۋىجدانلىق قەلەم ساھىبى بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشتىن باش تارتمايدۇ .

1996 ـ يىل ماي

# تارىخ تۇيغۇسىنىڭ بەدىئىي سۈرىتى

– يازغۇچى مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ « قۇم باسقان شەھەر» رومانى توغرىسىدا

1

بىزنىڭ شەھەر ئەسلىدە ئىنسانلاردا بولىدىغان ياخشىلىق ۋە يامانلىق نىسبىتىنىڭ تىمتاسلىقىدا گۈللەنگەن، قان ۋە تەشۋىشتىن خالىي ئۈتۈپىيىلىك شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ ئاسمىنىمۇ سىخىي، خىسلەتلەرگە باي بىپايان مەنزىرە ئىدى. بۇ شەھەردە قۇياش، يۇلتۇز، ئاي، قۇم زەررىچىلىرى ۋە جان نۇقتىلىرى كۆزگە كۆرۈنمەس ئىلاھىي يىپ بىلەن چىگىلگەنىكى، كۆكۈللەرنىڭ ئەركىن دەۋرەشلىرى ئۆزىنىڭ مەڭگۈ خورىمايدىغان تەبىئىي كۈچى بىلەن ئادالەت ۋادىسىنى ئۈپۈپۈقچە يايىغان، ئەگەر ئۇنىڭدا پىغان ياكى كۆز يېشى بار دېيىلسە، بۇ پەقەت ھاياتلىقنىڭ ئۆز ئىنتىلىشلىرىگە يارىشا مۇۋاپىق سىقىلىشلىرىدىن چىقاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ مەنبەسىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەچكە، بۇ سائادەت تۇزلىرىنى رازىلىق بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرەتتى. ئەگەر مەن دوزاخنى ئۆز ئارزۇيۇم بويىچە ياسىسام، ئۇنىڭ ئوتى قانچە دەھشەتلىك بولمىسۇن، مەن ئۇنى جەننەت دەپ ئاتايمەن. لېكىن باشقىلار قۇرۇپ بەرگەن جەننەت چىنارىمنى قۇرۇتۇۋېتىدۇ.

مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندى "قۇم باسقان شەھەر" نى كۆرسەتتى. مەن ئۇ بەرگەن قۇمدىن بىر تال ئالدىم - دە، قۇم بەرگەن روھىي رادىئولوگىيىنى بويلاپ ھۆكۈمرانلار، بەندىلەر، ھەتتا خۇدانىڭ كۆڭلىگە كىرىپ چىقتىم. تارىخ ئۆزىنىڭ قوپال، قانلىق ئىككى قولى بىلەن سىزىپ بەرگەن دائىرىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، دەل پاسىلغا كەلگەندە توختاپ قالدىم. ھەر قانداق زىلزىلە باشتا كىچىككىنە بىر خىيالدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەن مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ خىيالىنى دەڭسەشكە باشلىدىم.

قۇم ئۇششاق نەرسە، يالغۇز تۇرغاندا قاتتىق، توپلاشقاندا يۇمشاق نەرسە، ئۇ ئاستا - ئاستا، ئاز - ئازدىن كۆچىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ دەھشەتلىك ھالىتىنى سۈرئەتتىكى ئاستىلىقتا سىڭدۈرۈۋەتكەن.

"قۇم باسقان شەھەر" تارىخنىڭ كۈتۈپخانىسى، ئۇ، تارىخ ئەسلىيەتلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكى شولىسى، ئۇنىڭدىن بىز يازغۇچىنىڭ ئارزۇ تارىخىنى، مىللەتنىڭ كوللېكتىپ تەجرىبىسىنى، بايلىق پەلسەپىسىنىڭ سىمۋوللاشقان گەۋدىلىرىنى، زوراۋانلىقتا شېئىردىكى شېرىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئېپىسا روھىنى، مەنسىزلىككە قارشى ئەپچىل يۇمۇرلارنى كۆرىمىز، بۇلار ھەرگىزمۇ توزان باسقان ئۆتمۈشنىڭ نوقۇل ئۆزىلا بولۇپ قالمىغان، ئاپتور ئۇلارغا ئۆز قەلبىنىڭ جۇلاسىنى سىڭدۈرۈپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىگە تاشلىغان. گويا مىللەت تارىخى ئاپتورنىڭ خىيالەتلىك كۆزىدىن دوملاپ چۈشكەندەك.

2

ئانا تىما مەسلىسى مىللىي ۋىجداننى ئۆز شەخسىيىتىگە ئايلاندۇرالىغان ئاپتورلىرىمىزنىڭ ئېڭىدا خىرە ـ شىرە مەۋجۇت بولسىمۇ، تا ھازىرغىچە نەزەرىيىۋى نۇقتىدىن تۈزۈك تىلغا ئېلىنمىدى. نەزەرىيىۋى تەپەككۇر بىزدىكى ئەڭ پاجىئەلىك ئاجىز ھالقا بولۇپ، بۇنىڭ يىلتىزى ئۇزاق تارىخىي يىللار بىلەن تۇتىشىدۇ. بىز تارىختىن بېرى كۆپ تەرەپلىمە كۈچ بىلەن تەسىرلەشكەن مۇرەككەپ ھالەتلەردە ياشاپ كەلدۇق. بىزدىكى تارىخىي پاجىئەلەر ۋە ئۇتۇقلار مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس جۇغراپىيىسى، مىجەزى ۋە ئېتىقادى بىلەن ئىچكى مۇناسىۋەتكە ئىگە. بۇ ئامىللار تاشقى ئامىللارنىڭ كونكرېت خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن بىرىكىپ، تارىخىي نۇقتىلارنىڭ ھەربىر دەۋرگە خاس مەزمۇنى ۋە ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئەپسۇسكى، بىز ئۇلار ھەققىدە ئايرىم ـ ئايرىم، ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، نەزەرىيىۋى يەكۈن چىقارغان ئەسەرلەرنى تېخى ئۇچراتمىدۇق. پەلسەپە نامراتلىقى بۈگۈنكى كىشىلىرىمىزدە ئۆتمۈشتىكى ھەر قانداق دەۋرگە قارىغاندا، ئەڭ تېپىك باسقۇچقا كۆتۈرۈلدى.

مېنىڭچە، ئانا تىما ھەر بىر مىللەت ئۈچۈن ئايرىم بولىدۇ، خۇددى مېكسىكا شائىرى ئوكتاۋئوپاز: ھەر قانداق مىللەت ئۈچۈن "ھازىر" دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت. بىراق "ھازىر" نىڭ مەنىسى ھەر قايسى مىللەت ئۈچۈن ئوخشىمايدۇ، دېگىنىدەك، ئانا تىما ھەربىر مىللەت ئۈچۈن ئۆزىگە خاس مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە لايىق مەسلىسى بولىدۇ. بۇ مەسىلە مىللەتنىڭ مەلۇم بىر كونكرېت دەۋردىكى مەنپەئىتىنىڭ قانداق ئەكس ئېتىشى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. خۇددى بۈگۈنكى شارائىتتا پەلەستىن خەلقى دۇچ كەلگەن مەسىلە بىلەن تاجىكىستان خەلقى دۇچ كەلگەن مەسىلە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغاندەك. دېمەك، ئانا تېما مىللىي تەقدىرنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى كونكرېت مەزمۇنى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ، مىللەت تەقدىرنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئانا تېما مىللىي، دەۋرىي تۈس ئېلىش بىلەن بىرگە، بۇ دائىرىدىن ھالقىپ ئىنسانىي تۈس ئېلىشىمۇ مۇمكىن، چۈنكى دۇنياۋى قايىنامدىن خالىي تۇرىدىغان مىللەت ياكى تارىخ بولغان ئەمەس.

بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە لايىق مەسلىمىز بار. ئۇ بولسىمۇ، تەن ۋە روھىيەت خىللىرى بويىچە روناق تېپىش، ئىنسانىنىڭ دۇنيادىكى ھەققىي مەنىسىنى قولغا كەلتۈرۈش. بۇ مەسىلە بۈگۈنكى مىللىي ئىدېئولوگىيىمىزنىڭ ھەر قانداق تارماقلىرىدا ئەكس ئېتىشى كېرەك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جىددىي تەقەززالىق كەيپىياتىغىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. ئەگەر ھەر بىر قوۋم ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئىمكانىيەتلىرىنى تاپالمىسا، ماددىي مەنپەئەتنى گەۋدىلەندۈرۈۋاتقان پەن ـ تېخنىكا ئاخىر بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە قارشى كۈچكە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. تېخنىكا جەمئىيەتتە ماددىي ھەشەمەت پەيدا قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ قورالدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى نامايان قىلسىمۇ، بىراق مىللەتلەر، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى تۈپ زىددىيەتلەرنى ھەل قىلالمىدى. مانا بۇ، زامانىمىز كىشىلىرىگە ئورتاق بولغان پەن كرىزىسى. چۈنكى تېخى ئۇ، دۇنيادىكى بەختسىز

ئادەملەرنىڭ كۆز يېشىنى توختىتىپ بولالمىدى؛ ئۇ، غالىبلارنىڭ قولىدىكى قامچا بولۇپ كەلدى. پەننىڭ سەلتەنىتى ئورتاق قانائەتنى قولغا كەلتۈرۈش نىشانى ئۈستىگە قۇرۇلغاندا، ئۇ، كىرىزىستىن ساقىيىدۇ. ئەمما بۇ پەقەتلا شائىرلار تەلمۈرۈپ كېلىۋاتقان گۈزەل چۆچەكتۇر، خالاس.

ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ھەقىقىي مەنىسىنى تېپىش تەبىئەتنىڭ ئىرادىسىگە ئەڭ ئۇيغۇن كېلىدىغان ھوقۇق، بۇنداق ھوقۇقنىڭ ھەققانىيەتتىن پۈتكەن پۈتلىرى بار، ئۇنىڭ بىلەن ماڭغاندا، پەقەت ئادالەت دۈشمەنلىرىلا ۋايسايدۇ، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلمىلىرى ئەنە شۇ ئىرادىنىڭ مۇئەييەنلەشكەن قىسمىنى جاكارلايدۇ، ئۇنىڭ مەۋھۇم، يوشۇرۇن قىسمىنى پەقەت سەنئەتلا ئىنسانىي زىللىقىنى يوقىتىپ قويمىغان كىشىلەرگە سۆزلەپ بېرەلەيدۇ.

ئانا تىپما بىر مىللەت ياكى بىر دەۋر ئۈچۈن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تەقەززالىقتۇر. بۇنى ھېچكىم ئېيتىپ بەرمەيدۇ، ئاقىللار ئۆزى تاپىدۇ. ئوقۇرمەنلەر ئۇلارنىڭ قەلىمىنى كۆرگەندىن كېيىن، قەلەم ئىزلىرىدا كۆرۈنگەن نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدا بارلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ.

مېنىڭچە، ئانا تېما مەسىلىسى بۈگۈنكى زامان پروزىمىزدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ "ئىز"، "ئويغانغان زېمىن" قاتارلىق ئەسەرلىرىدە مەلۇم مەنىدە ئەكس ئەتكەندى. بىراق ئۆتكۈر ئەپەندى ئۆزىنىڭ مەنۋىيىتىدىكى بۈگۈنگە ۋە ئەتىگە تەئەللۇق زامان - ماكان ئىزلىرىنى ئۆتمۈشنىڭ زامان چېكى بىلەن نۇقتىلاپ قويغان - دە، دەلىل ياكى پاكىت دەپ قارالغان تارىخىي زامان ھادىسىلىرىنى بايان قىلىش بىلەن بولدى قىلغان، نەتىجىدە، ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىدىن كۆرە ئاخبارات قىممىتى ئۈستۈن چىققان.

مەيلى بۇلاردەك يىرىك تارىخىي رومانلار بولسۇن ياكى ئەدىبنىڭ مەنۋىيىتىدىكى تەبىئەتكە ئايلانغان، تارىخىي ماكان - زاماندىن ھالقىغان ئىدىئال گەۋدە بولسۇن، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى تارىخنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان روھىي مەنبەنى تولۇقلايدىغانلىقى شەكسىز. بىراق بىز ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى چىقىش نۇقتىسى قىلغىنىمىزدا، ئۇنىڭ مەزمۇن قىممىتى، ئىجتىمائىي قىممىتى ئۈستىدە سۆز ئېچىش بىلەن بىرگە، ئەدەبىياتنىڭ ئىستىل قىممىتىنىمۇ ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك. بىز ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ يۇقىرىقى مەھسۇلاتلىرىنى تارىخىي ئىجتىمائىي قىممەت نۇقتىسىدىن ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇشقا ھەقلىقمىز. ئۇ، دۆۋىلىنىپ ياتقان ئۆتمۈش خاتىرىسىدىكى بىر قىسىم ئۆرنەكلەرنى كىشىلەرگە كۆرسىتىپ، ئوقۇرمەنلىرىمىزدە رېئال تارىخىي روھ ھاسىل قىلدى. مېنىڭچە، ئۆتكۈر ئەپەندى شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇق تەلەپنى ئۆزىگە قويمىدى، دەپ قىياس قىلساق بولىدۇ.

مەتتىمىن ھوشۇر ئەپەندى ئەدەبىياتىمىزدا ئەنە شۇ يوسۇندا شەكىللىنىۋاتقان ئانا تېمىنى ئۆزىگە خاس دۇنيا قاراش ۋە بەدىئىي قىممەت نۇقتىسىدىن تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى بىزگە ئايان قىلدى. مەن "قۇم باسقان شەھەر" نى ئوقۇغاندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر تارىخ تۈيغۇسىغا چۆمدۈم. سۈپۈرگە ئاققان سەپەر دەرياسىدا ئېقىپ كېتىۋېتىپ، قايسى دېڭىزغا قۇيۇلىدىغانلىقىمنى خىيال

قىلدىم. ئۇ ھەقىقەتەن "سەپىرىنىڭ تىزگىنىنى كۆڭۈل ئىختىيارىغا تاپشۇرغان" جاھانكەزدى ئىدى. بىراق ئۇنى يىراق بىر يەردە نۇر چېچىپ تۇرغان ۋىجدان ئۆزىنىڭ ھۆرلەرگە مەنسۇپ ئاۋازى بىلەن پات - پات چاقىرىپ تۇراتتى. مەن ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، پىداكارلىقى ۋە تەۋەككۈلچىلىكىنى چۈشىنىدىغان ئادەم تاپالمىغان بەختسىز دونكىخوت تۇغۇلۇۋېتىپتۇ، دېدىم. ئارقىدىنلا مېنى بىر خىل ۋەھىمە چۇلغىۋالدى، ئارىمىزدا دونكىخوتنى چۈشىنىدىغانلار يوق ھېسابتا، مەن سۆيۈپ ئوقۇغان ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورىنى تىللىسام كىشىلەر مېنى چۈشىنەرمۇ؟

رومانىنىڭ 2 - ، 3 - قىسىملىرى كۆز قارىشىمنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئاخىر سۆيۈپ ئوقۇغان ئاپتورىغا ئەمەس، ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇرىنى ئاتتىرىدىغان سىمۋول دەپ چۈشەندىم. ئۇ بىر ئەركىن سەيياھ ئىدى. شۇڭلاشقا ئېشىكىنىڭ، ئەتراپىتىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ، قۇشلارنىڭ، پايانسىز چۆلنىڭ، ئالۋۇنسىمان مەھەللە - كەنتلەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىدۇ. ئۇ بىر پەيلاسوپ ئىدى. بىراق ئۇنىڭ كىتابلىرى كۇتۇپخانىسىدا ئەمەس، تەبىئەتتە ئىدى. ئۇ، كۆز ئالدىدىكى دۇنيانىڭ كۆزگە كۆرۈنگەندەك بولۇشىدىن گۇمان قىلاتتى. ئۇ، تەلىماتلىرىنى پۈتۈپ ئاۋارە بولمايتتى ياكى باشقىلارغا ۋەز قىلىپ سۆزلىمەيتتى. ئۇ، ئۆزى ياشىغان دۇنيادىن تېگىشلىك ئەقلىنى قوبۇل قىلالاتتىيۇ، دەرھال ئۇنىڭ مۇھاسىرىسىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئۆزى ئۇلۇغ تۇرۇپمۇ ئۇنى سەزمەيتتى. ئۇ گويا سوقرات بىلەن شاھ مەشرەپ ئىدى. ئۇ تاكى بىغەملەر شەھىرىنىڭ جىمجىتلىقى بۇزۇلغىچە ئەركىن ياشىدى، ئەركىن ھاياتىدىن ئەركىن پىكىرلەرنى ياندۇردى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى خۇددى ئەركىنلىكتىن ئىبارەت مەنۋى مەشئەلتىنىڭ ھەيكىلى ئىدى. ئۇنىڭ ۋەتىنى بىغەملەر شەھىرىنى ياۋلار دەپسەندە قىلىۋىدى، ئۇنىڭ دۇنياسىدىكى پادىشاھ بولمىغان، ئەسكەر بولمىغان، بەگ - دوتەيلەر بولمىغان، سىپىلى بولمىغان غايىۋى دۆلەت بەربات بولدى. ئۇ، قولىدىن كەتكەن ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىداكار جەڭچىگە ئايلاندى. ئۇمۇ خۇددى سوقرات ئۆز تەلىماتىنى ئىسپاتلاش يۈزىسىدىن ئۆلۈمگە رازى بولغاندەك، ئەركىنلىك پەلسەپىسى ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىدى.

سۆيۈرگە ئۆزىنى ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايتتى. ئۇ، ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى ئۆگزىدە يېتىپ ئارام ئېلىۋاتقاچ كۆكتىكى يۇلتۇزلار ۋە ئەركە شاماللاردىن ئىلھام ئېلىپ شۇنداق دەپ پىچىرلىغانىدى. ئۇ، بۇ جەھەتتە ھېمىڭۋاينىڭ "دېڭىز ۋە بوۋاي" دېگەن ئەسىرىدىكى بوۋاينى ئەسلەتتى. بىراق بۇ ئەسەردىكى بوۋاي ئۆزىنىڭ تەبىئەتنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. بەلكىم غەرىبلىكلەر دەل مۇشۇنداق بولغاچقا، تەبىئەتكە خىلاپ يۈرۈشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندۇ. سۆيۈرگە يۇقىرىقىدەك ئويلىغاچقا، تەبىئەت بىلەن بولغان گارمونىيىنى ساقلايمەن دەپ جىم تۇرغاندۇ. پەلسەپە ئىنقىلابى ئەنە شۇ ئىككى پىكىر ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلماقتا.

بىز سۆيۈرگىنى ساتىرىك سىمۋول دېدۇق. بۇ مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرى، سوپپورگىنىڭ ھاياتقا تۇتقان مۇئامىلىسى، ھايات ئادالەتسىز، بىراق ئۇ بۇنداق ھاياتقا چاقچاق قىلاتتى؛ يەنە بىرى، ئۇنىڭ غايىۋى دۆلىتى بەربات بولغاندا ئۇ ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن جىددىي ھالەتكە ئۆتتى، مانا بۇ ھال قارا يۇمۇر ئىدى. يۇمۇر چېكىدىن ئاشقاندا، كىشىنى كۈلدۈرمەي ئەكسىچە ئويغا سالىدىغان ھېكمەتلىك پاسقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

سوپپورگىدە شەرق دانىشمەنلىرىنىڭ سىماسى ئىپادىلەنگەن. شەرق دانىشمەنلىرى خەلق ئارىسىدىكى يۇلتۇزلارغا ئوخشايدۇ، ئوردىلار پەقەت مىزاندىن ئاداشقىنىنى چۈشەنگەندىلا ئۇلارغا قاراپ پال ئاچىدۇ. شەرق تارىخى دانىشمەنلەرنىڭ گېپىنى كېچىكىپ چۈشىنىشكە ئادەتلەنگەن. قاراڭ، يانتاق ئاقساقال سوپپورگىنىڭ مەسلىھەتىنى كېچىكىپ چۈشەندىغۇ!

سوپپورگە ھېلىمۇ ئاشۇنداق ھالەتتە ئارىمىزدا مەۋجۇت. تارىخ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ يىغىندىسى ئەمەس، بەلكى ھازىرنىڭ ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان رېئال روھ؛ بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەتىمىن ھوشۇر ئەپەندى بۇ روھنى دەلىل ياكى ئىسپات دەپ قارىمىغان، بەلكى جاھان ئۆزگىرىشلىرىگە كېپىل بولغۇچى ھەرىكەت دەپ قارىغان.

بىز "قۇم باسقان شەھەر" رومانىدىكى تارىخ تۇيغۇسىنى قانداق چۈشەنسەك بولار؟

ئىتالىيە پەيلاسوپى كىروچى تارىخ بىلەن يىلنامىنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ: "ئالدىمىزدىكى ئىشلار تارىختۇر، كەينىمىزدىكى ئىشلار يىلنامىدۇر" دەپ قارايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭچە ئاۋۋال تارىخ، ئاندىن يىلنامە مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ يەردە ئۇ ئېيتىۋاتقان تارىخ دەل كەلگۈسىنى ئىجاد قىلىۋاتقان ئىدىيە ھەرىكىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئالايلى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىر رېئال تارىخي شەخس. ئەمما بۈگۈننىڭ ئۆزىدە كېرەك بولىدىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روھى بولمىسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر روھىدىكىلەرنىڭ تارىخى ئۆلگەن بولىدۇ. بۇلارنى "قۇم باسقان شەھەر" گە تەتبىقلىغاندا، سوپپورگە، يانتاق ئاقساقال، ئۈچ ئاكا ـ ئۇكا، قۇياش شەھىرى، بىغەملەر شەھىرى، چۆل يىگىت قاتارلىقلار تىرىك نامايەندىلەر سۈپىتىدە كۆزىمىزگە تاشلىنىدىغان كونكرېت شەخسلەر ياكى جايلارغا ئايلاندۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ بەربىر ئاپتورنىڭ تارىخ چۈشەنچىسىنىڭ سىمۋوللاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت. بىراق مەتىمىن ھوشۇر ئەپەندى كۆتۈرۈپ چىققان تارىخ پاكىتلار تىزىملىكى بىلەن قاتماللاشتۇرۇلغان مۇردا تارىخ بولماستىن، ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇرىدا جانلاندۇرۇلغان، قىسمەت، ئىبرەت، ھېكمەت، ئىستەكلەر كۆكرەك قازىنىدا تاۋلاش جەريانىدا ئىجاد قىلىنغان، زامان چەكلىرى شېئىرىي كەڭلىك ئۈستىگە قۇرۇلغان چۆچەكلەر ئارقىلىق يوقىتىلغان. ئاپتورنىڭ زارىقىشلىرى مۇپەسسەل تارىخ چايقىلىشلىرى سۈپىتىگە كىرگۈزۈلگەن تارىخ ئىدى. شۇڭلاشقا ئەسەردىن ئۆتمۈش دەۋرىمىزنىڭ تارىخىي سۈرەتلىرىنى ئىزدىسەك، بۇ ئورۇنسىزلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. بىز ئۇنىڭدىن يازغۇچىنىڭ بۈگۈنكى مىللىي تارىخشۇناسلىق كرىزىسىدىن شۈركۈنۈپ تۇرۇپ قوبۇل قىلغان ئىدىيە چىنلىقىنى ئىزدىسەك مۇۋاپىق بولىدۇ، دەپ قارايمەن. ئاپتور تارىخنى نېمە ئۈچۈن

چۆچەكلەشتۈرىدۇ، بۇ قانداق زۆرۈرىيەتتىن كېلىپ چىققان؟ چۈنكى مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندى يىلنامە تارىخچىسى ئەمەس، ئۇ بىر يازغۇچى، شۇنداق ئىكەن، ئۇنى تارىخنى يازدى دېگەندە، ئۇنىڭ يازغانلىرى ئومۇمىي ساۋات خاراكتېرىدىكى تارىخ ئەمەس، بەلكى بۈگۈنگە دارىتمىلانغان تارىخ ئەپسانىسى، ئۇنىڭ ئۆچۈن ئۆتمۈشمۇ بۈگۈنگە مەنسۇپتۇر. ئۇ ھامان چەكسىز ھازىرقى زامان ھالىتىدە ياشايدۇ ۋە پىكىر قىلىدۇ. ئۇنىڭ يازغانلىرى مەڭگۈلۈك ۋەقە بولۇپ، جەمئىيەت ھاياتىدا كېيىن كۆرۈلىدىغان ھادىسىلەرمۇ ئاشۇ ئەپسانىۋى ۋەقەنىڭ ئىستىلىستىك ۋارىيانتى بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

رومانىنىڭ 2 ـ قىسمى بىر خىل يىمىرىلىش ۋە ياتلىشىش قىسسىسىدۇر، 3 ـ قىسمى بولسا، يىلتىزغا قايتىش مارشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا سۈپۈرگىنىڭ روھىي سىماسى قايتىپ كېلىپ بىزنى خاتىرجەم قىلىدۇ. بۇلغانمىغان ـ پاك ئەجداد بىلەن ئەۋلادلار تارىخنى يېڭىدىن باشلاشقا كىرىشىدۇ. ئاپتور شەخسىيەتچىلىك، ئاچ كۆزلۈك تۈپەيلى ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ ئارزۇسىنى تەرك ئەتكەن ۋە قېرىنداشلىق رىشتىدىن ۋاز كەچكەن ئاكا ـ ئۇكىلارنىڭ گادايلىق تەقدىرىنى بىزگە تاپشۇرۇش ئارقىلىق، يېڭى تارىخ ئۈچۈن جىددىي كېرەك بولىدىغان ئىمانىي غۇۋۋا ئېيتىپ بېرىدۇ.

3

سىمۋول ئەدەبىياتنىڭ مەجازى ۋاستىلىرىنى بېيىتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە فورمۇلاغا ئايلىنىپ قالدى. سەنئەتتە ھەمىشە سىمۋول كېرەك بولىۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭدا مەلۇم بىر شەيئى باشقا نەرسىلەرگە ۋەكىللىك قىلماستىن، ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. نەرسىلەرنى ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەكىللىك قىلدۇرۇشمۇ كاتتا سەنئەت. ئەپسۇسكى، ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ۋە ئوقۇرمەنلىرى ئەسەرگە سىمۋوللۇق تۈس بېرىشكە بەكلا ئامراق. بىزدە شېئىرىيىتىمىزنى كاردىن چىقىرىۋاتقان نۇقتىلىق ئامىللارنىڭ بىرى سىمۋول كىرىزىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

مەن مەمتىمىن ھوشۇر ئەپەندىنىڭ بۇ رومانىنى سىمۋول خاراكتېرلىك تەپەككۇر ئەندىزىسىدە يېزىلغان دەپ قارىدىم. چۈنكى ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئىندىۋىدۇئال ئاڭنىڭ قانات يېيىشى بولماستىن، كوللېكتىپ ئاڭنىڭ ئوبيېكتلاشتۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بولغان. بىز ئۇلاردىن شەخسىي ئالاھىدىلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى ناھايىتى ئاز ئۇچرىتىمىز. بۇ، رومانتىك مەسىلىلىك خۇسۇسىيەتكە قاراپ يۈزلىنىشىدىكى بىر سەۋەب. يەنە بىر سەۋەب شۇكى، پېرسوناژلار يەككە قاتلاملىق خاراكتېرگە ئىگە قىلىنىپ، ئۇلاردىكى زىددىيەت ئۆزىنىڭ خاراكتېرىدىكى بىر قانچە قارىمۇقارشى ئامىللار ئوتتۇرىسىدا كۆرسىتىلمەستىن، ئەكسىچە قارىمۇ ـ قارشى پېرسوناژلار ئارا كۆرسىتىلىدۇ. ئادەتتە مەسىلىلەردە ئاشكارىلانغان خاراكتېر يەككە قاتلاملىق بولىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر مەسىلىدە يولۋاس تەسۋىرلەنگەن دېسەك، ئۇ بىرلا خاراكتېر ياكى پەزىلەتكە

ۋەكىللىك قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن بىر قانچە زىددىيەتلىك خاراكتېر ئامىللىرىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. روماندا ئۆمەر بىلەن بارات باشتىن - ئاخىر ۋاپاسىزلىق، ئاچ كۆزلۈكنىڭ مىسالى بولۇپ كۆزگە چېلىقىدۇ. سەپەر ساددىلىق، ساپلىق ۋە ھالاللىقنىڭ مىسالى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. روشەنكى، رومانىدىكى كۆپلىگەن پېرسوناژلار ئاپتورنىڭ ئەخلاقىي سىما جەھەتتىكى تەقسىماتىنى بۆلۈشۈۋېلىپ سەھنىگە چىقىدۇ. بۇلار تامامەن مەسىلىچە ئالاھىدىلىك؛ ئەلۋەتتە، مەسەل سىمۋوللاش يولى بىلەن ھاياتىي كۈچ تاپىدۇ.

كىشىلەر ئارىسىدىكى توتېم ۋە چوقۇنۇش شەكىللىرىدىن قارىغاندا، سىمۋول تۇرمۇشتىكى ئومۇمىي مەسىلە. بۇرۇن ئۆتكەن داھىيلار، قەھرىمانلار، ئۇلار قولغا كەلتۈرگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر كېيىنكىلەر تەرىپىدىن تارىخىي سىمۋولغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. بەلكىم ناپولېئون: "تارىخ كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن كەلتۈرۈپ چىقارغان تەمسىلدۇر، خالاس" دېگەن ئىبارىتىنى مۇشۇ مەنىدە ئېيتقان بولسا كېرەك.

شەيئىلەرنى تەمسىللەش شېئىردىن بېشارەتتۇر. بىز ئۇنىڭدىن ھەم شەيئىگە ئائىت، ھەم شائىرنىڭ روھىغا ئائىت ئىككى چىنلىقتا ئېرىشىمىز. شۇڭا ھاياتىي كۈچ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، شېئىر پاكىتتىن بەكرەك چىن بولىدۇ. مەتىمىن ھوشۇر ئەپەندى تارىخىي دەلىلدىن بەكرەك چىن بولغان شېئىرىي دۇنيانى يايغانكى، ھەقىقىي تارىخنىڭ قۇياشى ئۇنىڭ ئۇپۇقىدىن كۆتۈرۈلىدۇ.

مەن "قۇم باسقان شەھەر" نى يۇقىرىقى بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مەسەلچە پروزا دەپ ئاتاشنى لايىق تاپتىم. مۇشۇ ئەسىردە فرانسىيىدە يېڭى مەسەلچىلىك پروزا ئېقىمى بارلىققا كېلىپ يوكىنار، مېشىل تورنېر قاتارلىق يازغۇچىلار بۇرۇنقى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ۋە قىسسە ئېپوسلاردىن پايدىلىنىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۇلگىسىنى كۆرسەتكەنىدى. "ھازىرقى دۇنيادا مەۋجۇت بولۇۋاتقان چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۆتمۈشتىمۇ مەۋجۇت ئىدى" دەيدۇ يوكىنار "ھازىرقى زامانىۋى تۇرمۇشىمىزدىكى نۇرغۇن كرىزىسلەرنىڭ نېگىزى يەنىلا ئالدىنقى بىر قانچە ئەسىردىن كېلىپ چىققان".

مەن بۇ قېتىم ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ خاس مىللىي تىپىنىڭ بىخىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئەلۋەتتە، بۇنداق تىپنىڭ بىراقلا ۋايىغا يېتىشىنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەسەردىكى خاراكتېرلەر، تەبىئىي ۋە تەدىئىي مۇھىتلار، سۇژېت راۋاجىنىڭ ئۇلىنىشى، پېرسوناژلارنىڭ سۆز - ھەرىكىتى ئۇيغۇرلارغا خاس مەدەنىي مۇھىت ۋە پىكىر شەكلىنىڭ كارتېنىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇسلۇب جەھەتتىن مۇستەقىل ئۇيغۇر رومانى بولۇش شەرتىنى ھازىرلىغان.

يازغۇچىمىزنىڭ ئىزدىنىش ئۇستىدە كېتىۋاتقانلىقى بىزگە مەلۇم. ئۇ بىر قاتار پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىنى ئەسەردە يارىتىلغان مەنىۋى مۇھىت دولقۇنلىرىغا چىپچىۋەتكەچكە، كىشىگە تەبىئىي ئۆزلىشىدۇ. ئەسەرگە سىغۇۋقانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، بەدىئىي قايناقلىقتىن كۆرە

تارىخىي تەسىراتتىن كەلگەن مۇئەييەن ئۇقۇمنىڭ ئاپتور ئېڭىغا بەكرەك قوماندانلىق قىلغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ئەپسانىۋى تەپەككۇرى ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى بوشلۇق بىلەن قانائەتلەنگەن، تارىخ ئېڭىمۇ يالاڭ تەركىبلىك پىكىرگە ئايلىنىپ قالغان. مەدەنىيەت، دىن، جەمئىيەت ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت كۆپ تەركىبلىك ئويلىنىش ئەمەلگە ئاشمىغان. مېنىڭچە، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەتتىن دېرەك بېرىدىغان فولكلور زاپىسىمىز سەنئەتكارنىڭ ئويلىنىشى ئۈچۈن ھەر قانداق ئىمكانىيەتنى بېرىدۇ. بىز ياشاۋاتقان بۇ تۇپراقتا يەرلىك مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىن باشقا ھىندى - ياۋروپا مەدەنىيىتى، ئەرەب - پارس مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسى بار، ئېتىقاد ۋە تەپەككۇر شەكلىمىزمۇ بىر قانچە خىل دىنىنىڭ مۇپەسسەل تەسىرىگە ئىگە. ھەربىر دىن بىر خىل تەپەككۇر نۇسخىسى سۈپىتىدە تەپەككۇرىمىزنى تۈز يۆنىلىشلىك، يانتۇ يۆنىلىشلىك، شاخسىمان يۆنىلىشلىك زامان بىلەن تەمىنلەيدۇ.

سەنئەتكارلار جەۋھىرىنى ئىزدەپ چەكسىز يېشىنىدىغان كىشىلەردۇر. نەتىجە ئۇلار ئۈچۈن قاسىراقتا ئوخشايدۇ، كامالەت ئىزدەۋاتقان يازغۇچىنىڭ ئاشۇ قاسىراقنىڭ جۇلاسىغا ئۇزاق تىكىلىپ قاراشقا ۋاقتى يەتمەيدۇ.

1996 - يىل ئۆكتەبىر

# قىلىپ بىلەن ئەمەس، قەلب بىلەن

ژانىرلار ئوتتۇرىسىدىكى نىسپىي پەرقنى مۇتلەقلەشتۇرۇپ چۈشىنىش زور بىر تۇركۈم كىشىلىرىمىزدە يەنىلا مەۋجۇت. بۇ ئەمەلىيەتتە بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ سىرتىدىكى نەزەرىيە مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشى بولۇپ، بىزدە ئۇنىڭ تېخىچە ھۆكۈمران بولۇپ تۇرۇشى نەزەرىيە ساھەلىرىمىزدىكى قاتماللىقتىن كەلگەن. تارىختىكى ۋە دەۋرىمىزدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەققىدە ئېيتقانلىرى شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى، شېئىرىيەت بىلەن پروزا بىر - بىرىگە يېقىن كەلمەيدىغان يات ژانىرلار ئەمەس، تارىخىي نۇقتىدىن قارىغاندا، پروزا شېئىرنىڭ راۋاجى، ئېستېتىكا نۇقتىسىدىن قارىغاندا، پروزا سۇژىت ئارىسىغا سىڭدۈرۈلگەن شېئىر، شېئىر بولسا يوكسەك پىرىسلانغان پروزا. ئۆمەر مۇھەممىدى، زۇنۇن قادىرىلارنىڭ ھېكايىلىرىدىن شېئىر پۇراپ تۇرىدۇ، ئۇلار خاراكتېرلار ۋە سادىدا، ئاممىباب تىللىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدىغان شائىرانە سەزگۈرلۈكى ئارقىلىق پروزىنىڭ نوقۇل مەنىدىكى بايانچىلىق ئەمەسلىكىدىن بېشارەت بېرىشكەن.

مەتىمىن ھوشۇر ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا مەۋجۇت بولغان، ئەمما دىبگەندەك روناق تاپالمىغان ئەنە شۇنداق ئەنئەننى تاپشۇرۇۋالغان ۋە ئۇنى ئۆزىگە خاس رەۋىشتە يوكسەلدۈرگەن تالانتلىق يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ "قۇم باسقان شەھەر" رومانىنى ئۇيغۇر ئېپوسچىلىقىنىڭ زامانغا خاس ۋارىيانتى دېيىشكە بولىدۇ، ئۇ شۇنچە ئىخچام قۇرۇلمىنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ شائىرانە دۇنياسىنى پات - پات چاقنىتىپ ئۆتىدۇ، شېئىرلاردىكىگە ئوخشىمايدىغان سالقىن لىرىك تۈس پېرسوناژلارنىڭ ئەڭ ئۇششاق قىلىقلىرىغا قەدەر ئۆزلەشكەن. مەتىمىن ھوشۇرنىڭ كۆپلىگەن ھېكايىلىرىنى يۇمۇرلۇق لىرىكا دەپ سۈپەتلەشكە توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە، لىرىكا مۇڭ بىلەن ھەمنەپەس بولىدۇ، لىرىكا بىلەن يۇمۇرنى قاملاشتۇرۇپ بىرىكتۈرۈش بىزنىڭ خەلق قوشاقلىرىمىزدىكى ئالاھىدىلىك. مەتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پىسخىك قاتلىمىدىكى يۇمۇرىستىك ئېلېمېنتلارنى ئۆزىگە يۇغۇرۇش بىلەن بىرگە، بۇ يۇمۇرچە ئالاھىدىلىكنى پوئېتىك رەڭ، پەلسەپىۋىلىك ۋە تېرەن ئىجتىمائىي مەنىدارلىققا ئىگە قىلغان. بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ بىراقلا ئوقۇپ چىقىدىغان بولساق، ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكىنىڭ بارغانسېرى روشەنلىشىۋاتقانلىقىنى، ۋەزمىن تۈس ئېلىۋاتقانلىقىنى، ھايات ئۇپۇقلىرىنىڭ ھەممە بۇرجەكلىرىگە قانات يېيىۋاتقانلىقىنى بايقايمىز.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى پروزا ئۇيغۇر كىتابخانلىرىنىڭ مەنىۋى ئىشتىھاسىنى قاندۇرۇشتىكى سالماق تەرەپ بولۇپ قالدى، ئارقا - ئارقىدىن مەيدانغا كەلگەن يېڭى ئەسەرلەر ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش بىلەن بىرگە، بۇرۇنقىدىن يوكسەك بولغان ئېھتىياجلارنى ئويغاتتى. يېڭىدىن پەيدا بولۇپ، قوشۇن ھالىتىگە كېلىۋاتقان ئۇيغۇر پروزىچىلىقى گەرچە جۇڭگو ۋە

غەرب ئەللىرىنىڭ تېلېۋىزىيە فىلىملىرى ۋە كىنو فىلىملىرىنىڭ رىقابىتىگە دۇچ كېلىۋاتقان بولىسمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى تۇرمۇشنى ۋە يۈز بېرىۋاتقان يېڭىلىقلارنى ئۆزىنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ دىتى بىلەن باھالاش مەنىۋى ئېھتىياجىنىڭ جەۋھەرلىك ۋە نازۇك تەرىپى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى تۇرمۇش ئوبيېكتىپ ۋەقەلەرنىڭ يىغىندىسىلا ئەمەس، بەلكى ئويلاش، ھۆكۈم قىلىشمۇ بار. تۇرمۇش ئەنە شۇ ئويلاش، ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلىگەن كىشىلەرگە ھەقىقىي مەنسۇپ بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۆز ئەدىبلىرىنىڭ دۇنيا قارىشىدىن تاسقىلىپ ئۆتۈپ، ئۆز ئانا تىلى بىلەن روياپقا چىققان مىللىي تۇرمۇش خەلقىمىز ئۈچۈن سۆيۈملۈكتۇر. بۇ پروزا قوشۇنىمىزنىڭ زورىيىشىغا تۈرتكە بولىدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى . مەمتىمىن ھوشۇر تېلېۋىزور رىقابىتىگە دۇچ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىدا كىتابخانى ئەڭ كۆپ يازغۇچى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالدىراش رىتىمىگە غەرق بولۇپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قىسقا، ئەمما ئۆتكۈر ھېكايىلىرى بىلەن ئۆزىگە جەلپ قىلدى ، ئۇنىڭ "قىرلىق ئىستاكان"، "داپ" قاتارلىق بىر قىسىم ھېكايىلىرى فىلىمگە ئايلاندۇرۇلۇپ ئېكرانغا چىقتى . شۇنداق قىلىپ، "مەمتىمىن ھوشۇر" دېگەن ئىسىم ھېكايە زوقمەنلىرى ئارىسىدا ۋە ئۇيغۇر ئېكرانچىلىقىدا بىر قىزىق نۇقتا بولۇپ قالدى .

نۆۋەتتە، ئۇيغۇر پروزىچىلىقى ئۇمىدلىك بىر ساھە سۈپىتىدە يىرىك ھەجىمگە قاراپ يۈزلىنىۋاتىدۇ، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ھەجىم يۈرۈشى ئەمەس، بەلكى مەلۇم مەنىدە ئېستېتىك ئىزدىنىشتۇر. ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ پەللىسىنى رومانىنى ئۆلچەم قىلىپ بېكىتىدىغان مەنتىقە مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ سەنئەت بولغانىكەن، ئۇنىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى تۇتقا بولىدۇ. شۇڭا رومانچىلىق تەرەققىي قىلىش بىلەن بىرگە ھېكايىچىلىقمۇ تاكامۇللىششى كېرەك . ھېكايىدىكى تاكامۇللۇق يىرىك ژانىرلاردىكى ساغلاملىقنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. ئۆمەر مۇھەممەدىنىڭ "ئېغىر كۈنلەردە" دېگەن ھېكايىسىدىن يېتىدىغان بەدىئىي ساۋاقلار بىزنىڭ كۆپلىگەن رومانلىرىمىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايىلىرىدىكى ئىچكى پۇختىلىق پىشقان بەدىئىي ئۆرنەك سۈپىتىدە خۇددى پروزا مەكتىپىگە ئوخشايدۇ. لېكىن بۇ مەكتەپ ئۆزىنى ئالىلقانداق رىشاتكا ياكى قاشالار ئارقىلىق تۇرمۇشتىن ئايرىۋالغان ئەمەس، بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدىكى پاسىلنى يىراق بىر يەردىن كۆرگەندەك بولىمىز ـ دە، پاسىلغا بارماقچى بولىمىز، پاسىل بىز يېقىنلاشقانسېرى ئالدىمىزغا چەكسىز بىر دالانى تاشلاپ يىراققا قاچىدۇ، شۇنداق قىلىپ بىز ئۆزىمىزمۇ سەزمىگەن ھالدا تەبىئىي ، ساپ مىللىي تۇرمۇشنى مەۋجۇداتلارنىڭ بىپايان كۆلىمىدە ھاۋادەك كۆرۈنمەس رەۋىشتە يېيىلىپ كەتكەن مەمتىمىن ھوشۇر روھىنى كۆرىمىز. مانا بۇ مەمتىمىن ھوشۇر شەخسىيىتىنىڭ تاسقىلىشىدىن كەلگەن بەدىئىي فورما بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن ھەربىر كىتابخان ئۆزىگە كېرەكلىك بولغان ئېلېمېنتنى تاپالايدۇ.

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ ھېكايە ئارقىلىق ياراتقان پەللىسى پروزىچىلىقىمىزنىڭ بەدىئىي

مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىكى يۇقىرى سەۋىيىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ھەر قېتىم يازغۇچىغا خاس ئەدىبلىك شۆھرىتىنىڭ جەۋلان قىلىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنىڭ ھالال سۈتىنى ئەمگەن ۋىجدانىنىڭ ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشى بىلەن قولىغا قەلەم ئالغاندەك تەسىرات بېرىدۇ. ئۇ ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ھەر بىر دېتال ۋە دىيالوگدا ئېرىپ كېتەلەيتتى. مانا بۇ يازغۇچىدىكى ۋە ئۇنىڭ ئەسىرىدىكى تەبىئىيلىكنىڭ سەۋەبى. تارىختا نوقۇل ماھارەتكە تايىنىپ يازغۇچى بولغانلار يوق. ئەگەر ئۇنداق بولغان بولسا، ھەرقايسى ھۆكۈمەت ۋە مۇئەسسەسىلەر يازغۇچىلار مەكتىپى قۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىقۇرۇلمىسىغا خىزمەت قىلدۇرغان بولاتتى. نۇرغۇن يازغۇچىلار كېيىن ئۆزىنىڭ يازغۇچى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغان. گارسىيە ماركوس باشتا ئادۋوكات بولماقچى بولغان. لۇشۈن دوختۇر بولماقچى بولغان. بىراق ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ئىززىتى بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنى سەزگەندىن كېيىن، بۇ توقۇنۇشنى ئەسەر يېزىش ئارقىلىق يەڭگىللەتمەكچى بولۇشقان. مەتىمىن ھوشۇرمۇ ئەنە شۇنداق. ئۇنىڭ "گۈلدەستە" ناملىق باللار ھېكايىسى 1978 - يىلى "ئىلى گېزىتى"دە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىشكە باشلىغان. تاسادىپىي نەتىجىگە ئېرىشكەن ياكى رىغبەتلەندۈرۈلگەن ئۇرۇنۇشلار ۋە تەۋەككۈلچىلىكلەر كۆپ ھاللاردا كېيىنكى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالىدۇ. مەتىمىن ھوشۇرنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىگە قارىتا جامائەتنىڭ دىققەت قىلىشى ئۇنى بىر مۇھەررىرگە ۋە بارا - بارا كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىغا ئايلاندۇردى. ئۇ بۈگۈنگە قەدەر "نەي ئاۋازى" (1982)، "كونا - يېڭى ئىشلار" (1987)، "ئۆلۈككە خەت" (1993)، "بۇ چۈش ئەمەس" (1991) قاتارلىق ھېكايە توپلاملىرىنى، "نۇزۇگۇم"، "خاسىيەتلىك قار"، "ساۋاقداشلار"، "سالام، ھېسام ئاكا" قاتارلىق پوۋېستلارنى ئېلان قىلدى. 1996 - يىلى شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان "قۇم باسقان شەھەر" رومانى كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ يىل شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ تاللانما ئەسەرلىرىنى "مەتىمىن ھوشۇر ھېكايىلىرىدىن تاللانما" (1 - ، 2 - كىتاب)، "مەتىمىن ھوشۇر پوۋېستلىرىدىن تاللانما"نى نەشر قىلدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قازاق، خەنزۇ، موڭغۇل، قىرغىز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىندى، ئامېرىكا، ئۆزبېكىستان، قازاقىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ تىللىرىدىمۇ ئېلان قىلىندى. بىر قىسىم خەنزۇ ئوبزورچىلار ئۇنىڭ ھېكايىلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ كۆپ قېتىم ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ "ساۋاقداشلار" ناملىق پوۋېستى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن "يېڭى دەۋردىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر" مۇكاپاتىغا، "ئۆلۈككە خەت" ئەسىرى 1996 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 40 يىللىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى باھاشتا "مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى" غا، "ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ ئىلى ۋارىيانتى" ناملىق ئىلمىي ئەسىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا، "بۇ چۈش ئەمەس" ناملىق ھېكايىلەر

توپلىمى 1993 - يىلى ئۆكتەبىردە 4 - نەشرى قىلىنىپ، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئۇنىڭ ھېكايىچىلىقتا قالدۇرغان مۇساپىلىرى پەقەت مەنتىمەن ھوشۇرغا خاس بولغان بىرخىل كۆزىتىش ۋە بايقاش كۈچىنىڭ بارغانسېرى تاۋلىنىپ، تېپىكلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ ئاپتور ئۆز ئىمزاسىنى قويمىسىمۇ تونۇۋالغىلى بولىدىغان بىر ئۇسلۇبنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئىدى. بۇ قانداق ئۇسلۇب؟ بۇنىڭغا مۇنداقلا جاۋاب بېرىش قىيىن.

كۆز ئالدىمىزدىكى بىر تامچە سۇ ئاددىي كۆز بىلەن قارىغاندا، ئاشۇ بىر تامچە سۇدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئەمما مىكروسكوپ بىلەن قارىغاندا، ئۇنىڭدا كاتتا مۆجىزىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز. مەنتىمەن ھوشۇر بىز سەل قارىغان ئىشلار، ئادەملەر، مەنزىرە ۋە قىياپەتلەردىن ئۆزىگە كېرەكلىك خۇرۇچلارنى بايقىۋالالايدۇ. گويا ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە سىرلىق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ تەسۋىرلىرىدە سىرلىق تۈس ئالمىغان شەيئى ۋە ھادىسىلەر كەم. ئۇنىڭ پېرسوناژلىرىنىڭ قىلىق ھەرىكەتلىرى، ئويلاش ئۇسۇلى، گەپ - سۆزلىرى، ھەتتا ئاپتورنىڭ جۈملە ئۇسلۇبىدا روشەن نورمالسىزلىقلار مەۋجۇت. بۇ نورمالسىزلىقلار بىز كۆنۈپ كەتكەن تۇرمۇش مەنتىقىسىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ئېنىق مۇئەييەنلىشىدۇ. ئۇنىڭ ھېكايىسىدىكى دۇنيا روھى بىنورماللىقتا گىرىپتار بولۇپ، پۈتكۈل ئەسەر بىر قارىسا بىمەنە تۇيۇلىدۇ، لېكىن ئىچكىرىلەپ قارىغاندا، تەقدىرنىڭ ئوچۇمدا تېپىرلاپ يۈرگەن ئەرزىمەس كىشىلەرنىڭ روھىي چىنلىقى نامايان بولىدۇ - دە، بايىقى بىمەنىلىك دەل بىمەنە تۇرمۇش قائىدىلىرىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ چىقىدۇ، بۇ چاغدا، ھېكايىدىكى چوڭ - كىچىك ھەممە نەرسىنىڭ ياتلاشتۇرۇلغان ئىنسان روھىنىڭ بېشارەتلىرى ئىكەنلىكى سېزىلىشكە باشلايدۇ. كىتابخان ئالجوقا سۆزلەپ، بولۇشىغا ياشاپ يۈرگەن ئاشۇ ئاددىي كىشىلەرنىڭ رېئاللىقتىكى تېتىقسىزلىق ۋە مەنسىزلىككە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ نەقەدەر ئۇستۇنلۈكىنى بىلىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مەنتىمەن ھوشۇرنىڭ بىمەنە پېرسوناژلىرى ئىنسانىي نۇقتىدا ئالىيجاناب ۋە سۆيۈملۈك بولۇپ چىقىدۇ. خەلقىمىز ئەپسانىۋى روھقا باي، ئۇلار ئۇچۇر تورلىرى بىلەن قاپلانغان بۈگۈنكى دۇنيادىن يىراق ھالدا كۆز ئالدىدىكى تەبىئەتنى، ئادەمنى، شۇنداقلا تارىختىكى ھەرخىل شەخسلەرنى خىيالىيلاشتۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ پاكىت تۈسىنى سۇسلاشتۇرۇپ، روھىيەتنىڭ چوڭقۇر، ساپ ئېقىنلىرىدا چايقاپ، ئاخىر ئۇلارنى روھىيەتنىڭ ۋۇجۇدىدىن تۆرەلگەن مەۋجۇتلۇققا ئايلاندۇرىدۇ، سەن ئۇنىڭدىن ھەم ئوبيېكتىپ دۇنيانى، ھەم سۇبيېكتىپ دۇنيانىڭ قابىللىقىنى كۆرەلەيسەن. مەنتىمەن ھوشۇر خەلقىمىزنىڭ سەنئەت روھىدىكى بۇ ئەنئەنىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇنى يۇمۇر، سىمۋول بىلەن بىرلەشتۈردى.

بۇرۇت ئادەتتىكى بىر نەرسە. ئەمما تۇرمۇشتا بۇرۇتقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىشلار نۇرغۇن ئادەملەر تەرىپىدىن ئۇششاق - چۈششەك تەسىراتلار تەرىقىسىدە ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ ياكى بىرەر قېتىملىق كۈلكىگە ساپاق قىلىنىدۇ. ئەمما يازغۇچى مەنتىمەن ھوشۇر "بۇرۇت"نى

بوش قويۇۋېتمەيدۇ. ئۇنىڭ "بۇرۇت ماجىراسى" ھېكايىسىنىڭ باش قەھرىمانى "مەن" ئاپتورنىڭ "سارائ" سالاپەتلىك قەھرىمانى بازار باشلىقىنىڭ بۇرۇتى بارلارنى تىزىملاۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋەسۋەسىگە چۈشىدۇ، ئەسلىدە شاپ بۇرۇتلۇق بىرسى پىچاق كۆتۈرۈپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرغان بولۇپ، "بۇرۇت" مەسىلىسى مەزكۇر "دېلو"نىڭ تۇگۈنى بولۇپ قالىدۇ. "مەن" ۋەھىمە ئىچىدە ئۆزىنىڭ ۋە ئوغلىنىڭ بۇرۇتىنى ئالدۇرىدۇ، باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بۇرۇت قويۇش كۈتۈلمىگەندە "مەن" ئۈچۈن ئېغىر ساراسىمىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ - دە، ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى نورماللىق ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. "بۇرۇتى بارلارنىڭ چوقۇم پىچىقى بولماي قالمايدۇ" بازار باشلىقىنىڭ بۇ گېپى "مەن"دىكى روھىي بىنورماللىقنىڭ يىلتىزى ئىدى.

"سىزنىڭ كونا پوپايىكىڭىزنى چۇۋۇۋاتىمەن. شۇنى باللارغا ئەپلەپ بىرنېمە قىلىپ بېرەيمىكىن، دەيمەن، دەپسەن".

مەن ئويلىنىپ تۇرۇپ، خۇشال بولۇپ كېتىپتىمەن - دە:

"مېنىمۇ چۇۋۇپ باشقىدىن توقۇپ باقساڭ بولمامدۇ؟ دەپتۇدەكمەن."

"مەن" چۈشىدە ئۆزىنىڭ چۇۋۇلۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدۇ. ئەسەردىكى "كونا پوپايىكنى چۇۋۇپ قايتىدىن توقۇش" نازۇك ئىجتىمائىي مەنىگە ئىگە تەمسىل. بۇ بۈگۈنكى جەمئىيەتتىكى ياتلىششىنىڭ ماھىيەتلىك كۆرۈنۈشى. شەكىل يېڭى، لېكىن يىپ كونا. "چۇۋۇپ توقۇش"تىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇ ئىنسان خاراكتېرى ۋە مەدەنىيەتتىكى ياتلىشىش ھادىسىسىنىڭ پەلسەپىۋى مۇجەسسەمىگە ئايلانغان. بۇ ھېكايىدە چوڭنى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىش، كىچىكنى چوڭايتىپ كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بەدىئىي ماھارەت بىراقلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، بۇ خىل تېمىدىكى ئىزچىللىق يازغۇچىنىڭ "داپ"، "چار خورار" ھېكايىلىرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ئەمما بىز ھەر قېتىم ئوخشاش بىر مەسىلىنىڭ باشقا بىر يۈزىنى كۆرىمىز. ئاپتور مۇشۇ بىر قاتار ھېكايىلىرىدە ياتلىشىش ۋە بىمەنىلىك ئۈستىدە بىرەر قارارنى چىقارمايدۇ. بەلكى ئۆزى يارىتىۋاتقان سۇژېت لوگىكىسىغا قوشۇلۇپ كەتكەن ھالدا ھېكايىسىدىكى چىنلىقى بىۋاستە ياشايدۇ. بۇ يەردىكى سۇژېت لوگىكىسى بىمەنىلىك راۋاجىنى باشتىن - ئاخىر ھۆرمەتلەشتە كۆرۈلىدۇ، ئاپتورنىڭ ئۆز پېرسوناژى بىلەن بىر مەيداندا قوشۇلۇپ كېتىشىگە ئېنىق بولغان قانداقتۇر بىر دۇنيا قاراش، ئىدىيە، ئاڭ دېگەنلەردەك دوگما مۇئەييەنلىك يېتەكچىلىك قىلمايدۇ، ئۇنداق بولغاندا، بىز ئاپتورنىڭ ئۆز ئەسىرىدىكى سەنئەتنىڭ قاتىلغا ئايلانغانلىقىنى كۆرگەن بولاتتۇق. ئاپتورنىڭ ئۆز پېرسوناژلىرى بىلەن ھەمنەپەسلىكىگە ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان قەلب يېتەكچىلىك قىلىدۇ، قەلب يىغلايدۇ، كۈلىدۇ، تىترەيدۇ، توڭلايدۇ، ئېرىپ پارغا ئايلىنىدۇ، ئەمما ئۇ پىكىر قىلمايدۇ. شۇڭلاشقا بىز مەتىمىن ھوشۇرنىڭ بىر قىسىم ھېكايىلىرىدىن قانداقتۇر بىر ھېسقا كېلىمىز يۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئېنىق پىكىرنى يەكۈنلەپ چىقالمايمىز، ئۇنىڭ "چوشقىلارغا بايرام" ناملىق ھېكايىسى يۇقىرىدا قەيت

قىلىنغان ھېكايىلىرىدىكى تەۋەككۈلچىلىكنىڭ مەنىسىنى ئىزاھلىغاندەك بولىدۇ. بۇ ھېكايىدە ئادەملەرنىڭ مىجەزى ۋە تەقى - تۇرقى بىلەن چوشقىلارنىڭ مىجەزى ۋە تەقى - تۇرقى ئالمىشىپ كېتىدۇ. "ئۇلارنىڭ ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپ كېتىشلىرى قورسىقىنى بەك تويغۇزۇۋېتىپ، ئۆزىنى ئالالماي سافادا مۆگدەپ قالغان غوجاملارغا ئوخشاپ قالاتتى" بىز يەنە ئەسەردىكى چوشقىلارنىڭ ئاغزىدىن مۇنۇ گەپلەرنى ئاڭلايمىز:

. . . "ئويلاپ بېقىڭلار، ھەممە پاسكىنچىلىقنىڭ مەنبەسى نېمە؟ ئادەم! ئۇلار ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ۋۇجۇدىنى تازىلاش لازىملىقىنى ئويلاپمۇ باقمايدۇ. . ." چوشقىلار ئادەممۇ ياكى ئادەملەر چوشقىمۇ؟ ھېكايىدىكى تەمسىللىك ھەم ساتىرىك ئوبرازلار بىزنى ئەنە شۇنداق گاڭگىرىتىدۇ. بىراق ئاپتورنىڭ بۇ نۆۋەتتىكى تەۋەككۈلچىلىكى تۇرمۇشقا بولغان تەنقىدىي خاھىشنى بىرقەدەر يورۇتقاندى. يازغۇچى تەۋەككۈلچى سەيياھ، ئەسەرنى باشلاش ئۇنىڭدىن بولىدۇ، بىراق راۋاجلاندۇرۇلۇش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇلۇش ھەرگىزمۇ ئاپتورنىڭ مەقسىتىگە باقمايدۇ، ئاپتور كۆپ ھاللاردا تىزگىننى يوقىتىدۇ، ئۇ ھەردەم دېگۈدەك تاسادىپىي تۇغۇلۇۋاتقان مەنتىقىنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنغان ھالدا سەپىرىنى تاماملايدۇ. شۇڭا بەزى تەۋەككۈلچىلىك يازغۇچىنى ئېنىق خاھىشقا ئىگە قىلىپ، يەنە ئۆزى تەۋەككۈلچىلىك يازغۇچىنى بىقارارلىق ئىچىدە قالدۇرىدۇ. بۇنىڭ قايسىسى نەتىجە، قايسىسى مەغلۇبىيەت، ئالدىراپ بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ.

مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ "ساراڭ"غا توقۇلغان بىر يۈرۈش ھېكايىلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ قۇراشتۇرۇپ چىقىدىغان بولساق، بۇ ھېكايىلەر بىر - بىرىنىڭ داۋامىدەك كۆرۈنىدۇ ياكى بۇ ھېكايىلەرنىڭ يىغىندىسىدىن يىرىك بىر ئەسەر پەيدا بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. قۇرۇلمىسى دانىيىلىك بىدىستروپىنىڭ چاتما ھەجۋىي رەسىملىرىنى ئەسلىتىدۇ، پېرسوناژلارنىڭ پورترېتى خۇددى تېز سىزمىدەك سىدام تەسرات بېرىدۇ، بۇ تەسرات ئۇلارنىڭ ھەرىكەت دىئالوگلىرىدىكى تېپىكلىكلەر نەتىجىسىدە سوزۇلۇپ رەڭلىنىشكە باشلايدۇ. "بۇرۇت ماجىراسى"دىكى بازار باشلىقىنىڭ، "ئالتۇن چىشلىق ئىت"تىكى دوختۇرنىڭ ئوبرازلىرى ئەنە شۇنداق.

ھايات6#1578؛ بىكى تەڭسىزلىكلەر، ھىيلىگەرلىكلەر، ئاچ كۆزلۈك ۋە نەپسانىيەتچىلىكلەر ئۇستىدىن قاتتىق كۈلۈش، رەزىللىك ھاملىرىنى ھەجۋىيگە ئېلىش مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ بىز يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتكەن ھېكايىلىرىدىكى روشەن خۇسۇسىيەت. ئەمما بىز ئۇنىڭ دەسلەپكى ئىجادىيەت باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بەزى ھېكايىلىرىگە قارايدىغان بولساق، يارقىن شېئىرىي مەنزىرە، مۇڭ ئارىلاشقان ئىنسانپەرۋەرلىكنى كۆرىمىز. بۇ جەھەتتە، "ئايخان"نى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىش مۇمكىن. "بۇ چۈش ئەمەس"، "كۆز يامغۇرى" قاتارلىق ھېكايىلەر "ئايخان" تىپىدىكى تراگېدىيىلىك تۈس قويۇق ئەسەرلەردۇر. "ئايخان"نى لىرىك شېئىر دېگۈمىز كېلىدۇ، ئۇنىڭدىكى تىل ۋە كەيپىياتنىڭ رىتمى خۇددى تەمبۇر بىلەن ئورۇنلانغان لەرزان رومانتىك كۈيىنى ئەسلىتىدۇ، ئۇنىڭ ھۆزۈرى تومۇزدىكى سىم - سىم يامغۇردەك كىشىنىڭ

روھىغا خۇش ياقىدۇ. يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك تۇيغۇسىنى ، ھاياتنىڭ مۆجىزىۋى قىممىتى ھەققىدىكى ئىنچىكە قاراشلىرىنى ۋە گۈزەللىك غايىسىنى ئۆز زاماندىشلىرىدىن خېلىلا يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئايخان چىرايلىق، ئېلىشىپ قالغان قىز. ئۇنىڭ كېلىشكەن بەستى ، ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياتىي كۈچى ئەقلىي مەجرۇھلۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان تەلەيسىزلىك ۋە بەختسىزلىكنىڭ جۇل - جۇل كىيىملىرى ئىچىگە غەرق بولۇپ كېتىدۇ، كىشىلەر ئۇنى ساراڭ دەپ ئەخمەق قىلىدۇ، كولدۇرلىتىدۇ، يىرگىنىپ ئۆزىنى چەتكە ئالىدۇ، لېكىن ئايخان بۇنىڭغا قارشى ھالدا ئۆز دۇنياسىغا بولغان سەممىيلىكىدە قېلىۋېرىدۇ. تەبىئەت ئۇلۇغ - دە. سازلىق بويىدىكى دەرەخنىڭ ئاستىغا سايىدەشكە بارغان قاۋۇل تۆمۈرچى يۈيۈنۈپ - تارىنىۋاتقان ئايخاننىڭ قاملاشقان بەدىنىنى كۆرۈپ قالىدۇ. ئاسماندىكى قۇياش بىلەن قاۋۇلنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھاياتلىق قۇياشى بىرلا ۋاقىتتا پارلاپ، ئايخاننىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان گۈزەللىكىنى پاش قىلىدۇ. ئايخان بىلەن قاۋۇل ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ مۇھەببەت ۋە ھاياتنىڭ شېرىن ھېسلىرىنى تونۇپ يېتىشكە باشلايدۇ. ھېچكىم كۆزگە ئىلمىغان ئايخان ھېچكىمدە بولمىغان مۇھەببەت ۋە ۋاپادارلىقنى نامايان قىلىپ ئاشىقى ئۈچۈن جان تەقدىم قىلىدۇ. قەھرىمانلار، داھىيلار ۋە سىپايىگەرلەردىكى ئۇلۇغلۇقنى كۆرۈش ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ، بىراق ئەرزىمەس دەپ قارىلىپ، بىر چەتكە سىقىپ چىقىرىپ قويۇلغان مىيىپلار ۋە مەجرۇھلاردىكى ئۇلۇغلۇقنى كۆرۈپ يېتىش پەزىلەت ۋە يۈكسەكلىك تەلەپ قىلىدۇ، بۇنى بىر ئەدەبىي ئەسەردە سۈرەتلەش بولسا سەنئەتكارانە تالانتنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋەھالەنكى ، بىزنىڭ مەتنىمىز ھوشۇر "ئايخان"غا كەلگەندە، يۇقىرىقى تەلەپلەرنى بىر - بىرىگە سىلىشتۇرۇپ جۇلاغا كەلتۈردى . "ئايخان"دىكى شېئىرىي دۇنيا شائىر يازغۇچى دەپ قارىلىدىغان تۇرگېنېفنىڭ "مۇمۇ" ھېكايىسىدىكى شېئىرىي دۇنيادىن قېلىشمايدۇ. "مۇمۇ"دىكى باش قەھرىمان گېراسىم گاچا. ئۇنىڭ تاتىياناغا بولغان مۇھەببىتى ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بارلىق ئەقىدىسىنى مۇمۇ ئىسىملىك ئىتقا بېغىشلايدۇ. "ئايخان" ھېكايىسىدىكى ئايخاننىڭمۇ بىر ئىتى بار بولۇپ، ئايخاننىڭ بىردىنبىر ۋاپادار ھەمراھى . ھەر ئىككى ئەسەردىكى ئىت مەۋجۇدىيەت قىممىتى جەھەتتە، ئالىيجاناب ئىنسانلار بىلەن بىر ئورۇنغا قويۇلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە جەمئىيەتتىكى ئادالەتسىز، چاكىنا ئادەملەر بىلەن روشەن سېلىشتۇرما. كىشىلەر ئايخاننى ساراڭ دېيىشتى ، لېكىن ئۇ مۇھەببەت يولىدا ئۆز ماھىيىتىدىكى ئېسىللىكىنى ئىسپاتلىدى .

مەتنىمىن ھوشۇر ئۆزىنىڭ تىمىسىنى شۇ پېتى تەكرارلاشتىن خالىي بولالىغان. بىز "كۆز يامغۇرى"غا قارايدىغان بولساق، "ئايخان"دىكى تىندىنسىينى كۆرىمىز، لېكىن بۇ قېتىم كۆرگىنىمىز ئاشۇ تىندىنسىينىڭ باشقا بىر قاتلىمى . ئەختەم ھېسداشلىقنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان تاش يۈرەك ئادەم. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى نە بىر جانلىقنى، نە بىر ئادەمگە ئىچ ئاغرىتىشنى زادىلا بىلمەيدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئىنسانىي مۇھەببەتتىن خەۋەرسىز.

شۇڭلاشقا ئۇنىڭ قولدىن ياخشىلىقنىڭ ئورنىغا زىيانكەشلىك كېلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى نادىرنىڭ رەشىدەگە بولغان مۇھەببىتىگە زاۋاللىق يەتكۈزۈپ ئۆمۈرلۈك ئارماندا قويىدۇ. يىللار ئۆتىدۇ، كوپېراتسىيە تۈزۈمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئەختەم مەھەللىنىڭ چېتىدىكى بىر يەرگە جاي سېلىپ خۇدىنى بىلمەي ئىشلەيدۇ، قاتتىق ئەمگەك بىلەن بېخىللىق ئۇنى باي قىلىدۇ، بىراق ئۇ يەنىلا هاياتتا بولىدىغان بەختتىن مەھرۇم. ئۇ ياشلىقنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ.

بىر ئۆسمۈرنىڭ يۇمران ۋۇجۇدىدىكى ئىللىق راھەت ئەختەمگە ئىنسانچىلىقتا بولىدىغان شەپقەت ۋە مۇھەببەتنى تونۇتقاندەك بولىدۇ، ئۇنىڭدىمۇ خوتۇنلۇق بولۇش، بالىلىق بولۇش ئىستىكى يانىدۇ. ئۇ هايات، مۇھەببەت، ئازاب دېگەنلەرنى چۈشىنىپ، مەنىۋى جەھەتتىن ھەقىقىي ئادەم بولغاندا ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ تراگېدىيىمۇ ياكى كومېدىيىمۇ؟ ئۇ باشتا هايۋانىي ئادەم ئىدى ، ئاخىر مەنىۋى ئادەمگە ئايلاندى ، لېكىن ئۆلدى . بۇ يەردىكى تراگېدىيىنىڭ قاتلىمى ئانچە ئاددىي ئەمەس ئىدى . ئەختەمدە تراگېدىيىلىك تۇيغۇ يوق ئىدى، ئۇ تراگېدىيىنى چۈشەنگەندە، تراگېدىيىگە يولۇقتى . چارس . . خارس ئۆزىنىڭ "ئەدەبىيات ئەنئەنىسىنىڭ ئاسىيلىرى" دېگەن كىتابىدا:"بۇ پاجىئەلىك دۇنيادا تراگېدىيىنىڭ كەملىكى كومېدىيىنى شەكىللەندۈرگەن" دېگەن بىر سۆزنى نەقىل قىلىپ ئۆتىدۇ، بۇ سۆز ئەختەمنىڭ تەقدىرىگە دەلمۇ دەل چۈشىدىغاندەك قىلىدۇ. هېكايىدىكى ئەختەم بىلەن نادىر بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان كىشىلەر. يازغۇچى بۇ ئىككىسىنىڭ هاياتىدىكى زىددىيەتلەرنى ئىككى يۆنىلىش بويىچە ئېلىپ بارىدۇ، ئەختەمنىڭ سەھىپىلىرى ئاچچىق ـ چۈچۈك ھەجۋىي بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ، لېكىن نادىرنىڭ سەھىپىلىرىگە كەلگەندە، ئاپتور گويا شائىرغا ئايلىنىدۇ، ئىككى پېرسوناژغا تەۋە تەسۋىردىكى رەڭ روشەن پەرقلىنىدۇ. مانا بۇ خاراكتېرگە لايىق بەدىئىي مۇقام. ئۆز زىددىيەتلىرى ئىچىدە ئۆزگىرىۋاتقان، ئەسلىدىكى هالىتىدىن يات بىر هالەتكە كۆچۈۋاتقان، ھەتتا ئۆزىگە تامامەن زىت قۇتۇپقا ئۆتۈۋاتقان ئەختەمدەك ئوبرازلار مەتىمىن هوشۇر هېكايىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

مەتىمىن هوشۇر ئۆزىگە زاماندىش كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ۋە روھىي قىياپىتىنى ماتېرىيال مەنبەسى قىلغان هالدا ئۆزىنىڭ تارىخ تۇيغۇسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، كۆز ئالدىدىكى كىشىلەرنىڭ چىرايى ، مىجەزى ، تىلى ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى تارىخ ، بۇلار قەدىمكى تارىخنىڭ يادنامىلىرى سۈپىتىدە قاندا، ئېرسىيەتتە، مەدەنىيەتتە ياشايدۇ. تارىخ يىلنامە ۋە تارىخىي شەخسلەر بىلەن باغلانغان تارىخىي ھۆججەتلا ئەمەس، ئۇ پەقەتلا ئەينى دەۋرلەردىكى تارىخنىڭ ماددىي پوستى ياكى پاكىتلىرىدۇر، خالاس . ھەقىقىي تارىخ روھتا، يەنى خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنكى روھىدا بولىدۇ، مانا مۇشۇ روھ تىرىك بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ كېلەچىكى بىلەن ئۆتمۈشى بولىدۇ. بۈگۈنكى روھ ئۆلگەن ئەھۋالدا، بىزگە مەنسۇپ تارىخ

بىلەن كېلەچەكمۇ ئۆلگەن بولىدۇ. مەتتىمىن ھوشۇر دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ روھىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ھاياتلىق ئىنتىلىشلىرىنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، تارىخنى ۋاستىلىق يوسۇندا يورۇتۇپ بېرىشنى ئۇستىگە ئالغاندەك تۇرىدۇ. بىز ئۇنىڭ بۇنداق خاھىشىنى "قۇم باسقان شەھەر"دىن ئېنىق كۆرۈپ يېتىمىز.

كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھاياتلىق شارائىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە ياخشىلاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ، بۇ جەرياندا يەنە ئۆز ـ ئۆزىنى مەنىۋى ياقتىن مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ، ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن تۈرلۈك مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەيدۇ. مانا بۇ ھەرقانداق دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ئورتاق رېئاللىق، شۇنداقلا ئەدەبىياتنىڭ زامانىۋى تېمىسى . گەرچە ھەرقايسى رايون كىشىلىرىنىڭ ئەنە شۇ خىل زامانىۋى كۆرۈنۈشىدە زور پەرقلەر بولسىمۇ، ئەدىب ۋە سەنئەتكارلار ئۆز خەلقلىرىنىڭ رېئال ھالىتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ مەڭگۈلۈك تېمىلارنى يورۇتىدۇ، ئۆز خەلقلىرى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئىلغار غايىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىز مەتتىمىن ھوشۇر ئەسەرلىرىدىن خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى قىياپىتى ۋە خۇلقى ـ مىجەزىنى كۆرۈۋالالايمىز. مانا بۇ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى زامانىۋىلىقنىڭ تېماتىك تەرىپى . بىز ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ سەنئەتتە ياتىدىغان تەرەپلىرىدىن جاھان ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەرلەرگە خاس ئىلغارلىقنىمۇ يېتەرلىك تاپالايمىز. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى زامانىۋىلىق بەربىر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا قارىشى، مەدەنىيىتى ۋە روھىي ھالىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا ئەدەبىياتىمىزدىكى زامانىۋىلىق ئۇقۇمىنى چۈشەنگەندە، ئامېرىكا، فرانسىيە ئەدىبلىرىنى ياكى خەنزۇ ئەدىبلىرىنى ئۆلچەم قىلىۋالساق بولمايدۇ. بىز چوقۇم ئۆزىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ كۆزى بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەك. مېكسىكا شائىرى ئوكتاۋىئو پاز ھەربىر خەلقنىڭ ئۆزىگە لايىق "ھازىر"ى بولىدۇ، دېگەندى . ئىجتىمائىي فورماتسىيىنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىدا ياشاۋاتقان خەلقلەرنىڭ بارلىقىنى كۆزدە تۇتقاندا، "زامانىۋىلىق" ھەربىر مىللەتكە خاس مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ، بۇ دەل زامانىۋىلىق مىللىيلىكتىن ئايرىلمايدۇ، دېگەنلىك.

"ئىنسان" دېگىنىمىز مەنىۋى ئۇقۇم. بىر مەنىۋى ئادەم ئۆزىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىتنى تىل بىلەن چۈشىنىدۇ، تىل بىلەن سېزىدۇ، تىل بىلەن تېتىيدۇ. شۇنداق ئىكەن، تىل مەنىۋى ئادەمنىڭ سەزگۈ ئەزاسى . ئەتراپىمىزدىكى ماددىي دۇنيا گويا سەزگۈ زىچلىقىدىن تۈزۈلگەن تېرە، تارىخ تىلىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە سەزگۈنىڭ چەكسىز كېڭىيىشى . مەتتىمىن ھوشۇر تىلدىن ئىبارەت ئەنە شۇ تارىختىكى ساپلىقىنى ساقلاپ قېلىپ، بەدىئىي تىل يۈكسەكلىكىدە راۋاجلاندۇرۇۋاتقان يازغۇچى . تىلىمىز لېكسىكا ۋە گراماتىكا جەھەتتە شالغۇتلىشىپ كېتىۋاتقان، ئەدىبلىرىمىز خام تەرجىمە تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ كېتىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا، مەتتىمىن ھوشۇر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاددىي ـ ساددا، يۇمۇرلۇق، شوخ، كۆپ قىرلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە قورال قىلدى . ساپ مىللىي تىلغا ئېرىشمەي تۇرۇپ ساپ مىللىي روھنى تاپقىلى بولىدۇ!؟ بىز مەتتىمىن ھوشۇرنىڭ تىل ئۇسلۇبىدىكى ئىخچاملىق ۋە

تىپىكلىكىنى ئاپتور تىلى ھەم پېرسوناژ تىلىدىن ئوخشاشلا بايقىيالايمىز.

"قاراڭلارچۇ، ماۋۇ كارامەتنى ، دېيىشتى ئۇلار بىر كۈنى بىر - بىرىنى نوقۇشۇپ، توختى كاستۇم كىيىپتۇ!

كاستۇم كىيىپ ئىشەك ھارۋىسى ھەيدىدى، دېگەن گەپ ئېغىلغا زەدىۋال تارتقاندەك بىر ئىش - دە.

توختەك كاستۇم كىيگەن بولسا، كاستۇم دېگىنىڭمۇ تايىنلىق نېمىكەن." ("بۇ چۈش ئەمەس")

بۇ دىئالوگلاردىن پېرسوناژلارنىڭ سالاپىتى، خاراكتېرى ۋە ئاۋازىنى ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ، بۇنداق تىپىكلىكنى پەقەت مەزكۇر ھېكايىنىڭ ئانا تىلىدىكى نۇسخىسىدىلا يارقىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. دەل مۇشۇنداق مىللىيلىكنىڭ ئۆزىلا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنىشىدىكى مۇمكىنسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. تىلدىكى بۇلغىنىش مىللىي ئىماندىكى بۇلغىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. شۇڭا داغىستان شائىرى روسۇل ھەمزەتوف "ئانا تىلىم ئەتە يوقىلار بولسا، مەن بۈگۈنلا ئۆلۈشكە رازىمەن" دېگەنىدى.

مەمتىمىن ھوشۇر بىر قېتىملىق سۆھبىتىمىزدە "يازغۇچىدىكى ئىجادىيلىق ھەممىدىن مۇھىم، ئۇ تەسىردىن ئەلا" دېگەنىدى. بىز ئۇنىڭ گېپىدىكى چىنلىقنى ئەسەرلىرىدىن راۋۇرۇس كۆرەلەيمىز.

بىز مىللىي ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ تەۋەككۈلچى يېڭى ئېراغا كۆچۈۋاتىمىز. نۆۋەتتە، غەربنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت سىستېمىلىرى دۇنياۋىلىشىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. ۋىسكى، تورت، ھامبورگ بولكىسى، دىسكو ئۇسسۇلى قاتارلىقلار ئاللىبۇرۇن شەھەرلىك ياشلىرىمىزنىڭ رومانتىك ئىستېمالىغا ئايلاندى. (تورلۇق) مىللىيئەدەبىياتنىڭ ئالمىشىشىغا تەھدىت سېلىپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋاللار ئەدىبلىرىمىزگە يېڭى كرىزىس، يېڭى ئويلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئىنكاس بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بېشارەتمۇ بېرەلىشى كېرەك. تۇرگېنىف بازاروفقا ئوخشاش كىشىلەر بارلىققا كېلىشتىن ئىلگىرى بازاروف ئوبرازىنى ئوتتۇرىغا چىقارغانىدى. ئەدەبىيات ئۆز دەۋرىدىن كېيىنكى ئادەملەرنى تۇغالامدۇ - يوق، بۇ ئەلۋەتتە، بىرلا مەمتىمىن ھوشۇرنىڭ مۇلاھىزە تېمىسى ئەمەس. نىتشى: "ئۆزىنىڭ جەسەت كۆلىنى تاغقا ئېلىپ چىققان كىم؟" دەپ سورىغانىكەن. ئۆزىنىڭ جەسەت كۆلىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئېگىز تاغلارغا چىقىپ، يىراقلارغا قاراش قەلەم ساھىبلىرى ئۈچۈن ناھايىتى زۆرۈر.

1999 - يىل ئۆكتەبىر

# كەنجى * نېمشقا قايتتى ؟

( *ئىزاھات: كەنجى زوردۇن سابىرنىڭ "دولان ياشلىرى" ناملىق ھېكايىسىدىكى ئاساسلىق پېرسوناژ. )

– يازغۇچى زوردۇن سابىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

"نەينى چېلىشتا پىۋۇلەشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە بارماقلىرىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۆشۈكلىرىنى بېسىشنى بىلىشىڭ كېرەك." مەن بۇ سۆزگە قوشۇلىمەن. بۇ يەردىكى پىۋۇلەش ۋۇجۇدتىكى روھىيەتلىك پارتلاشتىن دېرەك بەرسە، بارماقنى ئىشلىتىش سەنئەتتىن دېرەك بېرىدۇ. بىراق روھىيەتلىك پارتلاش قەيەردىن كېلىدۇ؟ نەينى پىۋۇلەش ئۈچۈن ئۆرغۈپ تۇرغان قىزىق قان، ھاياجانلىق يۈرەك، تەشنا تەن كېرەك بولىدۇ. شۇڭا بىز يۇقىرىقى ئىبارىگە قاندىكى يوشۇرۇن ئىستەكنىڭ رولىنىمۇ قېتىپ قويۇشىمىز كېرەك.

بىزدە ھازىر سەنئەتتىن سۆز ئېچىش زۆرۈرىيىتى شۇنچە كۈچلۈكمۇ؟ بىزگە كېرىكى نوقۇل سەنئەتنىڭ ئۆزىمۇ ياكى سەنئەتنى ئۆز گەۋدىسىنىڭ مۇھىم بىر ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇشنى بىلەلىگەن ھاياتلىقمۇ؟ ھازىر بىزگە ئىسسىق قان كېرەك بولۇپ قالدى. ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ سەنئەت مۆجىزىسىنى ساپ، ئىسسىق قانىنىڭ ئۇپۇقىدىن كۆرۈپ كەلدى. بىز دولقۇنىنىڭ تايىنى يوق شاۋقۇنسىز دەريادىن بەھەيۋەت كېمىلەرنى، ئۇستىخانلىرى مۇستەھكەم قاۋۇل كاپىتانلارنى ئۇچرىتالمايمىز. ئانا تەبىئەت بىلەن ئالاقىسى قويۇق ياۋايى قان ئۆزىنىڭ راۋان ھەرىكىتىگە دەخلى قىلىدىغان غەلدى – غەشلەرنى سۈرۈپ بەدەننى روھلاندۇرىدۇ. بۇنداق بەدەندىكى ھەربىر ھۈجەيرە ھاياتلىق ئىستىكىدىكى ياڭراق چۇقانغا تولغان بولىدۇ. بىراق بىز ئاشۇ چۇقاننى يوقىتىپ قويدۇق.

بىز ئەرشنى تەمە قىلىپ، زېمىننى ئۇنتۇپ كەتتۇق؛ روھىي لەززەت سەۋداسىغا گىرىپتار بولۇپ، ئەزىز تېنىمىزنى ئۇنتۇپ كەتتۇق؛ مۇھەببەتنىڭ غايىۋى مەنزىللىرىگە تەلمۈرۈپ، تومۇرىمىزدىكى ھايۋانىي ئېلېمېنتلارنى تاشلىۋەتتۇق. بۇنىڭغا بىر قانچە ئەسىر بولدى. تەڭداشسىز بەختسىزلىك شۇكى، نەچچە ئەسىر ئىچىدە قۇرۇپ چىققان ۋاپاسىز روھىي جەننىتىمىز بىقىنىقى دەۋرلەردىكى ئۇرۇنسىز ئىدىيولوگىيە ئۇرۇشىنىڭ ئېغىر زەربىسى ئاستىدا نازاكەتلىك كۆرۈنۈشىنى يوقاتتى. كەنجى ئاشۇ ئۇرۇشتىن قالغان خارابىنىڭ بىر بۇرجىكى. ئۇ دادىسى بىلەن ئانىسى سۆيۈشۈپ تۇرۇپ توۋلاپ كەلگەن مۇھەببەت قوشاقلىرىنى ياخشى كۆرمىدى. ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىدىكى ئەقىل ۋە ساغلاملىقنى، جىسمانىي ۋە روھىي قۇدرەتنى دەۋر تەقەززاسىدىكى نادان شەرەپ ئىگىلىرىدىن بولۇشقا قۇربان قىلدى. ھاياتنى ئاساسىنى يوقاتقان نەزەرىيىۋى قائىدىلەر، زامان ئېھتىياجىنى چىقىش قىلغان تەشۋىقاتلار كەنجىنى ساختا شان – شەرەپكە ئىشتىھاسى ئەدەپ كەتكەن تىرىك مومىياغا ئايلاندۇرۇپ قويغان.

سىياسىينىڭ ئۆتكۈنچى بورانلىرىدا قاڭقىپ، ئىنسانىيەتسىزلىكنىڭ قاقشال گىردابىغا يىقىلاپ قالغان كەنجى ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان سۆيگۈ ناخشىلىرىنى فېئودالىزمنىڭ ئاسارىئەتىقىسى دەپ چۈشەندى.

بۇ ئەھۋال كىشنى ئازابلايدىغان بىر كارىكاتۇرا: ساپ ئىنسانىي تەبىئەتتىن كەلگەن مۇھەببەت ناۋاسى ۋە ئۇنىڭغا كىيدۈرۈلگەن "فېئودالىزم" قالپىقى ناخشا ئېيتىدىغانلار ۋە ناخشىغا قالپاق كىيدۈرگەنلەرنىڭ زادى قايسىسى فېئودالىزم؟ راستىنى ئېيتقاندا، سەنئەتخۇمار پالتاخۇننىڭ ئوغلى كەنجى زامانىۋى فېئودالىزمنىڭ ئېچىنىشلىق قەھرىمانىغا ئايلىنىپ قالغاندى.

كەنجى بۇنى تونۇپ يەتتىمۇ؟ ئۇ ئاخىر تونۇپ يەتتى. قان ئىدىيىدىن غالىب كەلدى. ئۇ ياشلىقنىڭ شېرىن سەۋدالىرىغا غەرق بولغانسېرى، ئۇنىڭ قېنىدىكى بىلىنەر - بىلىنمەس ئاڭلىنىدىغان مۇھەببەت ناخشىسى سوزۇلۇپ، ئۇلتۇرسا - قوپسا ئۇزۇلمەي ئاڭلىنىدىغان بولدى. ئۇ چىن ئىنسان ھاياتقا بولغان ئاشىقانە ئەقىدىسىنى "ئاسىدە" ئىسىملىك رەسىمگە سەمىمىي سىڭدۈرگەندى. ئۇ ئۆزىمۇ مۆلچەرلەپ بولالمىغان سۆيگۈ سىرىنى ۋە بۇ سىرنىڭ ئاجايىپ سالماقلىرىنى ئاشۇ ئىختىيارىي ئىپادىلەشتىن كۆرۈپ يەتكەندى.

مۇھەببەت كەنجىنى ئويغاتتى. زامان ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نۇرغۇن ھۆججەيرىلەرنى ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ، ياشلىق ئۇنى تولۇقلىدى ۋە مۇھەببەتكە بولغان تەلەپنى ئىنسان ئۇچۇن ئىسيانغا ئايلاندۇردى. ئاسىدە كەنجىنى چىن ئىنسانلىقنىڭ مۇنبەت تۇپرىقىغا سۆرەپ ئەكەلدى. ئۇ گويا مۇھەببەت بابىدا قايتىدىن ئىمانغا كىرگەن بىر كاپىر ئىدى. ئۇ ئىنسان مۇھەببەتتىن ئىبارەت مۇشۇ ئىماننىڭ تەپتى بىلەن ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك سوغۇق ۋۇجۇدىنى ئىللىتتى. ئاتا - بوۋىلىرى ئېيتىپ كەلگەن كۈيلەرنىڭ سېھرىي كۈچىنى تاپالىدى.

دېھقان سەنئەتكار مەتيا كەنجىنى "سەنئەتنى خورلايدىغان ياۋايى تەبىئەتلىكلەرنىڭ خىلىدىن سەن!" دېگەندى. ئەمەلىيەتتە ئىقتىدار ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. دولان ئۇسسۇلى ئاشۇ ئىقتىدارنى ئاخىر تاپتى. كەنجى سەنئەتنىڭ ھارارىتى بىلەن ئاسىدەدىن بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغان دىلرەبالىقنى ئۇچراتتى. ئۇ بۇ مۆجىزىدىن ھەم ھەيران قالدى، ھەم لەززەت ئالدى.

مۇھەببەت ئۆز مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنقىلاب ئەمەس، بەلكى تەبىئەت. بىراق ئۇ ئەركىن ئىپادىلىنىش ۋە قېنىش مۇھىتىنى تاپالمىغاندا ئىنقىلابقا ئايلىنىدۇ. مۇھەببەت ئىنسانلارنىڭ ھايات ئىگىلىرىگە ئارزۇ - ھەۋەسلىرى بۇرمىلانغان ياكى رەت قىلىنغان ئەھۋال ئاستىدا تىنىمسىز چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. ئۇ خۇداغا، دەل - دەرەخلەرگە، ئەزىم دەريالارغا، چاقماقلارغا، ئاپئاق قار ئۇچقۇنلىرىغا سىڭىدۇ. ئۇ ھەتتا پۈتۈن بىر كائىناتقا ئايلىنىدۇ، ئۇ ھەممە شەيئىگە ئۆزىنى چۈشەندۈرىدىغان تىلنى يارىتىدۇ. مەسچىت، چېركاۋ ۋە بۇتخانىلارنىڭ ئۇلى مۇھەببەت ئۈستىگە قۇرۇلغاچقا تا بۈگۈنگىچە غولىماي كەلگەن.

بىز روھىيەت مەدەنىيىتىگە چوقۇنۇپ كەلدۇق. ئەمدى تەن مەدەنىيىتىگە يۈرۈش قىلايلى!

بىز مۇھەببەتنىڭ بىر پۈتۈن مەنىسىنى روھ بىلەن تەن بىرلىكىدىكى نورمال ھاياتتىن تاپالايمىز. بىز مۇھەببەتنىڭ ئىلاھىيلىقىنى ، مەنىۋىلىكىنى ئۇلۇغلاش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ھايۋانىيلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنداق قىلمايدىكەنمىز، يالغانچى - كاززاپلاردىن بولۇپ قالىمىز.

زوردۇن ئەپەندىنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرىنى جەم قىلىپ، تارىخىي نەزەر بىلەن قارىغاندا، ئېپوس خاراكتېرلىك كۆرۈنۈشلەرگە ئىگە. بۇ كۆرۈنۈشلەر مۇھەببەت ۋە ھاياتنىڭ مەنىسىنى يوقىتىپ قويغان ياكى ئۇنى ئىزدەپ تاپالماي گاڭگىراپ يۈرگەن خىرە - شىرە كىشىلەرنىڭ مەيداندىن ئىبارەت. بۇ ئەسەرلەردە يېزىلاردىكى ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىدىن كېيىن ئاز - تولا پۇل كۆرۈپ ھېجىيىۋاتقان كىشىلەرمۇ ئاز ئەمەس. سەگەك كىتابخان ئاشۇ ھېجىيىشنىڭ كەينىدىكى مىسلىسىز روھىي گادايلىقنىمۇ كۆرۈۋالالايدۇ. تېخىمۇ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، بۇ خىل روھىي گادايلىق ئۆزىمىزدىمۇ يوق ئەمەس.

ۋانگوك كونا بىر پاي ئاياغنى سىزغاندا، ئۆزىنىڭ روھىي ساپاسىنىمۇ قوشۇپ سىزغاندى. ئەلۋەتتە ئەدىبلەرمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالمايدۇ. زوردۇن ئەپەندىدەك بىر ئەۋلاد يازغۇچىلار ئۆز ئىستىبداتىغا يارىشا مۇھتتا ئەمەس، دەل ئەكسىچە مۇھتتا مىللىتىمىزگە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى قالدۇردى. خەلق ئۆز دەۋرىگە يارىشا مۇنەۋۋەر يازغۇچىسىنىڭ مەنىۋى ئوبرازىنى يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە ھەرگىز قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ. بەلكى ئاشۇ ئوبرازنى يازغۇچىدىن تالىشىدۇ.

بىزگە توماس مان، مورىياكلاردەك دۇنياۋى قامەتلەر ئەلۋەتتە كېرەك. بىراق زوردۇن ئەپەندىدەك ئۆزىمىزدىن چىققان مىللىي قامەتلەر تېخىمۇ كېرەك.

# رەڭ تۇلپارى

شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسى رەسىم دەھلىزى 1994 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە بىر جۈپ ياش رەسسام نەجمىدىن، رەشىدەلەرنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسىنى ئۆتكۈزدى. بۇ ئىش كەڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ۋە ھەۋەسكارلار، ھەر قايسى ساھەدىكى قاتناشقۇچىلار ئارىسىدا ناھايىتى ياخشى تەسىر قوزغىدى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا تۈرلۈك ياخشى تەسىراتلارغا ۋە مۇھاكىمە تېمىلىرىغا ئىگە بولدى.

بۈنى ئالدى بىلەن مۇنۇ تەرەپلەردىن يىغىنچاقلىغاندا دېيىش مۇمكىن: بىز بىر جۈپ ئەر - ئايال ئىسىملىرىنىڭ ھەمىشە توي، بەزمە - مەشرەپ، نەزىر - چىراغ باغاقلىرىنىڭ ئاخىرقى قۇرلىرىغا ئالاھىدە قىستۇرۇلۇشىغا كۆنۈپ قالغاندۇق. لېكىن نەجمىدىن، رەشىدەلەرنىڭ ئۈنىگغا ئوخشىمىدى. ئۇلار كىشىلەرنى جاپالىق بەدىئىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ مېۋىسىگە تەكلىپ قىلغان ۋە ئىسىملىرىنى قەيت قىلغان. مانا بۇ ئۆزىنىڭ نام - ئەمەلىنى ئىسپات قىلىش جەھەتتىكى ئىككى خىل قىممەت. ئەلۋەتتە بىز ھەر ئىككىسىنى قوللايمىز. لېكىن كېيىنكىسىدە، قانداقلا بولمىسۇن مەدەنىيەت ئۈچۈن ئائىلىنىڭ ئامىۋى ئادەتلىرىدىكى ئورنى ۋە شادلىقىنى قۇربان قىلىش روھى ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ھازىرنىڭ ئۆزىدىن بۇنداق ئۆرنەكلەرنى ئانچە كۆپ تاپالمىساق كېرەك.

ئۇلۇغ ھەيكەلتىراش رودىن ئۆزى ياشىغان دەۋرگە ئىشارە قىلىپ، بۇ "تېخنىك ۋە زاۋۇت باشلىقىنىڭ دەۋرى، سەنئەتكارنىڭ دەۋرى ئەمەس" دەپتىكەن. بۇ گەپ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە ماس كېلەمدۇ - يوق، بۇنى بىلمەيمەن. ئېھتىمال، سەنئەتكارلار بەزىدە شۇنداق ئويلاپ قالىدىغاندۇ. ئەمما بۈگۈنكى رېئاللىق بىزگە شۇنى ئېنىق كۆرسىتىۋاتىدۇ: نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەپسى پۇل رىقابىتى دۈپەيلىدىن جىددىيلىشىپ كەتتى. مەنىۋى نەرسىلەرنىڭ بازىرى كاسات بولغاچقا، زېھنىي ئەمگەكچىلەرنىڭ زېھنى باشقا تەرەپلەرگە چېچىلىپ كەتتى. كىشىلەرنىڭ چىرايى مال باھاسى دۈپەيلىدىن پات - پات ئۆزگىرىپ تۇردى، سەنئەت ۋاقتى كەلگەندە يەڭنى بىر شىمايلىسا قېشىمىزغا قايتىپ كېلىدۇ ياكى ئۇ كېتىپ قالسا كارايىتى چاغلىق دەپ قارايدىغانلار پەيشىنى قېقىپ چوت سوقۇشقا ئۆتۈپ كەتتى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، نەجمىدىن، رەشىدەلەر سەنئەتكە بولغان ئەقىدىسىدىن قايتمايدىغان، گۈزەللىك ئۈچۈن ۋايىسماي بەدەل تۆلەيدىغان كىشىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئەڭ يارقىن ئىسپاتلىدى. مەسىلە ئىسپاتلانغان نۇقتىدا ئەمەس، ئىسپاتلاشنىڭ ئۆزىدە. روشەنكى، بۇ ئىش يىغىنچاق قەدىر - قىممىتىگە سازاۋەر.

ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇ قېتىملىق كۆرگەزمە نەجمىدىن، رەشىدەلەرنىڭ مەن قاتنىششقا ئۈلگۈرگەن ئىككىنچى قېتىملىق رەسىم كۆرگەزمىسى. بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن كۆرگەزمىدىن ئالغان مۇنداق بىر تەسىرات تېخىچە

يادىمدا تۇرۇپتۇ: مەن بەدىئىي خاھىش ۋە ئېستېتىك غايە جەھەتتىن ئەڭ ياخشى دوستلارغا ئېرىشكەنىدىم. مەن ئەدەبىي تىل ئارقىلىق سۆزلەشكە تىرىشىپ، كۆڭۈلدىكىدەك ھەل قىلالمىغان روھىي قاتلامنى ئۇلارنىڭ سىزىملىرىدىن كۆرگەندەك بولدۇم. راست، ئۇندەش ۋە سوئال بەلگىلىرىگە، تىترەڭگۈ چېكىتلەرگە تولغان ھاياجانلىق جۈملىلەر ئارتقۇرالمىغان ۋەزىپىلەرنى بوياق ۋە شەكىللەر جىمجىت تۇرۇپ ئېيتىپ بېرەلەيدۇ. داۋىنچىنىڭ "ئەڭ ئاخىرقى كەچلىك تاماق" دېگەن ئەسىرى "ئىنجىل" دا ئېيتىلمىغان نۇرغۇن سىر قەلئەلىرىنى ئاشكارىلىغان ئەمەسمۇ؟ بۇلارنى ئويلىغان ۋاقىتتا، ئادەمنىڭ رەسسام بولغۇسى كېلىدۇ. گەرچە بۇ ھەر قايسى سەنئەت تۈرلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئالاھىدىلىكىدىن كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن رەسىم تىلىنىڭ بىۋاستىلىقى، تەرجىمىگە ھاجەتسىزلىكى ئۇنى تۇسالغۇسىز ئاممىۋى ئىمكانىيەتكە ئىگە قىلىدۇ.

نەجمىدىن، رەشىدەلەر ئۇيۇشتۇرغان ئىككى قېتىملىق كۆرگەزمىدىن مۇنداق پەرق ۋە ئوخشاشلىقنى ھېس قىلىش مۇمكىن: بۇرۇنقىدا ئابستراكتلىق ۋە مەۋھۇملۇق ئاساسىي ئورۇندا ئىدى. بۇ قېتىمقىسىدا ئوبيېكتتىكى رېئاللىق بىلەن خىيالىي سىزىم گىرەلەشتۈرۈلۈپ، كىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان ئوبرازلار رەڭ جەھەتتىكى سۈزۈك فانتازىيىنىڭ دولقۇنىغا چۆمدۈرۈلگەن. بۇرۇنقىسىدا ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ مۇڭلۇق كۈيى قارامتۇللۇق ئىچىدىكى خىيالىي گەۋدىلەر ۋە شەكىل فانتازىيىسى ئارقىلىق نامايان قىلىنغان بولسا، ئەمدىكىسىدە ئۇ خىل مۇھەببەت ئاز - تولا ئىللىقلىق ۋە سىقىلىش تۇيغۇسى بېرىدىغان رەڭلەرگە، يەنى سارغۇچلۇقنى ئاساسىي بىرلىك قىلغان رەڭ قاينىمىغا سىڭدۈرۈلگەن. مانا بۇ پەرق. ئوخشاشلىق شۇكى، ئاساسەن ھەر ئىككى كۆرگەزمىدە كىشىلىك ۋۇجۇد تېما قىلىنغان.

قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر نۇقتا باركى، بۇرۇنقى كۆرگەزمىدە، بۇ ئەر - ئايال رەسساملار ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبلىرى بىلەن ئالدىمىزغا چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەسىملىرىدىكى كەيپىيات تامامەن ئوخشمايتتى، بۇنى قاراپلا بايقاشقا بولاتتى. بۇ نۆۋەت ئۇلاردىكى پەرقنى تونۇپ يېتىش ئانچە ئاسانغا توختمايدۇ. تېماتىكا تەرەپتىكى ئوخشاشلىقلار گويا بۇ پەرقنى يوققا چىقارغاندەك قىلىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇسلۇب پەرقى ماھارەت ۋە رەڭ تۇيغۇسى جەھەتتىكى ئىنچىكىلىككە قاراپ ماڭغان. نەجمىدىننىڭ بوياق تۇتقان قولى بىرقەدەر كەسكىن ھەم قايناق تۈس ئالغان بولۇپ، ئۆزىنى رەڭنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرغان. رەشىدە بولسا بىرقەدەر مۇلايىم قەلەم بىلەن نەپىسلىك بابىدىكى تەلەپكە كۆپرەك مايىل بولغان.

ھېسسىيات ئەۋجىنى مەنبە قىلغان يوشۇرۇن نەپىسلىك قوپال تاشقى كۆرۈنۈشلەرنىڭ كەينىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئالدىرىماي ئاشكارىلىققا ئۆتىدۇ. رەڭنى چۈشەنگەن ۋە رەڭ مەستخۇشلۇقىغا ئېرىشكەن ئادەمنىڭ سەنئىتىدىكى كەسكىن ھەرىكەتلەرمۇ كۆپ ھاللاردا نەتىجىلىك قەدەملەردىن بولۇپ چىقىدۇ. پىكرىنى نەجمىدىنگە مەركەزلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، ئۇ بۇ قېتىم ئۆزىگە يات بولغان بىر قېتىملىق سىناقنى ئېلىپ بارغان. ئۇ بولسىمۇ ئىللىق رەڭلەرنىڭ

تېگىدىكى مەيۋىسلۇكنى قانداق كۆرستىش .

بۇ قېتىمقى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى خوتەندە ئىجاد قىلىنغان بولۇپ، رەسىمدىكى ئادەملەر ئوبرازى خوتەن تۇرمۇشىدىن ئالغان ئالاھىدە تەسىراتنىڭ ھەم زېمىن، قۇياش، ئادەملەرنىڭ بىر تۇتاشلىقىدىكى كەلىماتىنىڭ روشەن ئىزنالىرىغا ئىگە. بۇلار تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت - مەنزىرىلەرنى قىستۇرمايمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

كەلىمات رەسساملارغا ھەرخىل يورۇقلۇق تۇيغۇسى بېرىدۇ. نەتىجىدە، ئۇ رەسساملاردا ئاڭسىز ھالدىكى ئىجادىي يېڭىلىقنى پەيدا قىلىدۇ. بىر شەيئىنىڭ ئوخشىمىغان يورۇقلۇق نۇقتىلىرىدا بەرگەن رەڭ تەسىراتى پەرقلىنىدۇ، بۇ ئەلۋەتتە، رەسساملارنىڭ سىزىمىدە ئەكس ئېتىدۇ. نەجمىدىننىڭ بۇ قېتىمقى رەسىملىرىدىكى بەدىئىي ئۆزگىرىشنى نىسپىي ھالدا مۇشۇنىڭدىن كەلگەن دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ رەسىملىرى كىشىگە بىر قارىسا خىيالىي تۇيغۇ بېرىدۇ، بۇ تۇيغۇ ئادەم ئۇستىگە مەركەزلەشكەن ئۇرلۇك رەڭلەرنىڭ قاتلىرىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ، بىر قارىسا ئوچۇق رېئال تۇيغۇ بېرىدۇ، يەنى رەسىمدىكى ئادەم سەنئەتتىن يۇلقۇنۇپ چىققان نەق ئاشۇ ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ. بۇ يەردە ئادەملەرنىڭ تېرىسى ۋە كىيىم - كېچەكلىرىدىن كېلىۋاتقان روھىيەت رەڭلىرى بىلەن نەجمىدىننىڭ تومۇرىدىكى قان ئەلەڭگىسى قۇياش نۇرى ئاستىدا ئارىلىشىپ، رەڭ ئالۋۇنى كېلىپ چىققان - دە، ئادەملەر گاھ يىراقتا، گاھ ئالدىمىزدا كۆرۈنىدۇ.

رەسسام گۈزەل ياكى رەزىل دېگەندەك كاتېگورىيىلەشكەن خاراكتېرلارنى يارىتىشقا ئۆزىنى ئىسراپ قىلمىغان، ئۇ بۇنداق فورملاشقان سەنئەتتىن ئاللىبۇرۇنلا چىقىپ كەتكەن. بىز ئۇنىڭ رەسىملىرىدىن ئادەمنى، مۇستەقىل تۇيغۇ كۆزىدىكى رەڭنى كۆردۇق. مودېل ۋە يورۇقلۇق شارائىتلىرىدىن ھالقىپ كېتەلىگەن گۈزەللىك ئىشقىنى كۆردۇق. ئۇ ئادەملەرنى ئوبرازنىڭ ماتېرىيالىغا، ئوبرازنى قانداقتۇر بىرەر مەيدان ياكى مەسلەكنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويماي، بەلكى روھنىڭ قەدرىنى بىلىپ - بىلمەي ئىزدەشتەك ھاياتىي كۈچنىڭ ئىگىسى سۈپىتىدە سىزىپ چىققان.

نەجمىدىن رەسىملىرىنىڭ ئىجادى ۋە تەسىرى مەنبەلىرى ئۈستىدە ھازىرچە بىر نېمە دېيىش تەس. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ئىجادىيەت جەريانىنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ تەھلىل يۈرگۈزگەندە مەلۇم بولىدۇ. شارائىت ھازىرچە ئۇنداق ئىمكانىيەتنى بىزگە بەرمىدى. لېكىن ئىككىلەنمەي ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇ ئەدەبىياتىمىزدا تېخىچە ھەل بولمىغان بەزى مەسىلىلەرنى رەسىملىرىدە ئىشقا ئاشۇردى. ئۇ ئىپادىلەشتىن ئىپادىلىنىشكە ئۆتتى.

1994 - يىل يانۋار

# تۇپراق ۋە گۈل - گىياھ روھى

– شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ « ئۆمۈچۈك، شېئىر ۋە تەپەككۇر قاتلىمى » ناملىق ماقالىسىگە ئىلاۋە

ئادىل تۇنىياز خاسلىق ياراتقان شائىرلارنىڭ بىرسى . خاسلىق شائىرنىڭ سۈپىتىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شېئىرىيەتتە قانچە شائىرنىڭ بارلىقى دەل قانچە خاسلىقنىڭ بارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ، ئادىل تۇنىياز ئۆزى قۇرۇپ چىققان ئاشۇ شەكىلسىز سەلتەنەتتە دۇنيا، ھاياتلىق، ئۆلۈم ھەققىدە مۇستەقىل ئويلاندى . ئويلانغاندىن كېيىن ئېرىشكەن تېپىشماقلىرىنى باللارچە تەشۋىش ، ساددا تىل ، تەبىئىي رىتىم بىلەن تۆكۈپ تاشلىدى . ئۇ ئۆزىنىڭ شېئىر دۇنياسىدا ھەممە نەرسىگە ھەيران قالىدۇ. بۇ ھەيرانلىق شۇ قەدەر مەسۇمكى ، ئۇنىڭدىن ئېخنىكا دەۋرىدىن يات بىر ئىنسان بالىسىنىڭ پاكىز ھىدىنى روشەن سەزگىلى بولىدۇ. ئادىلنىڭ خاسلىقى دېگىنىمىزدە يەنە مۇنداق نەرسىلەرمۇ بار: ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى مەنۋى قىياپەتلەر ئاساسەن ئۇيغۇرلاشقان. كېيىنكى شەھەر ھاياتى ئۇنىڭ بىر سەھرا بالىسىغا خاس كۆزىتىش ئادىتىنى يوقىتىۋەتمەستىن، ئەكسىچە، تېخىمۇ تاۋلىغان. سەھراغا بولغان قاتتىق سۆيۈنۈش ۋە سېغىنىش ئۇنىڭ كۆزىتىشلىرىنى رومانتىك رەڭگە ئېرىشتۈرگەن. ئۇ، غەمزىدار شېئىرىي نازاكەتتە چاڭلاشقان كۆزلىرى بىلەن ئەسلىمە ماكانىدىكى مەۋجۇداتلارنى مالتىلايدۇ - دە، ئۇيغۇر يېزىلىرىدىكى ھەر بىر مەنزىرە قويۇق لىرىك كەيپىياتقا چۆمىدۇ. ئادىل بۇ مەنزىرىلەرنى ياۋروپانىڭ دېڭىزلىرىغا، "ئىنجىل" مەدەنىيىتىنىڭ بەلگىلىرىگە تېگىشىۋەتمىگەن، بۇ ئۇنىڭ تولىمۇ قىممەتلىك تەرىپى . ئامېرىكا شائىرىT. ئېلىلئۇت مېتافورا ھەققىدە مۇنداق يېشىم بەرگەن:

كۆز سۆز - بېكىتىش . . .

كۆز شائىرنىڭ دۇنياسى ، سۆز ئەنە شۇ دۇنيا تەرىپىدىن خاسلاشتۇرۇلىدۇ، بېكىتىش "كۆز" بىلەن "سۆز"نىڭ "نىكاھ"ىدىن كېيىنكى شەكلىدۇر. بۇ يەردىكى ھالقىلىق نۇقتا "كۆز"دۇر. ئادىل زاھىر ۋە باتىن كۆزىنىڭ ھەر ئىككىسىنى تەڭ ئىشقا سالغان. ئۇ زاھىر كۆزى بىلەن قاغىلىقنى ، قەشقەرنى ، ئىلىنى ، ئۇرۇمچىنى . . . كۆرگەن، كۆرگەندە ئەڭ ئىنچىكە دېتاللار( ئۆمۈچۈك تورى ، كالا كۆزى ، ئوتۇن دۆۋىسى ، تۇخۇم ساتقۇچى موماي . . . ) نىمۇ قولدىن بەرمىگەن، ئادىل بۇلارنى كىشىلەرنىڭ روھىي قاتلىمى ، ئېتىقادى ، ھايات چۈشەنچىسىنى بىلىشتىكى كۆزنەككە ئايلاندۇرغان . ئۇ ئۆزى كۆيلىگەن ھەر بىر مەۋجۇتلۇقنىڭ كەينىدىكى سىرلىق مەنىنى ئىشارە قىلغاندا، بىز ئۇنىڭ باتىن كۆزىنى ئۇچرىتىمىز. بۇ كۆز ئەڭ پاك بۇلاق رەۋىشىدە مەنە سۇلىرىنى ئوخچۇتىدۇ. بۇ سۇلار شېئىر ۋادىلىرىنى كۆكلىتىپ تۇرىدۇ. بىز ئۇنىڭ "قەشقەردىكى يەر شارى" ناملىق داستانىنى كۆرگىنىمىزدە، ساپ مىللىيەت بىلەن تويۇنغان تونۇش

ۋادىنى ئۆچرىتىمىز. ئادىل بۇ ۋادىنىڭ گىياھلىرىنى شامال بولۇپ قۇچىدۇ، مەست بولىدۇ، سۆزلەر مەستلىك ئىلكىدە تورزۇيدۇ، تورزۇغان سۆزلەر شائىرنىڭ ۋەتىنىدىن قىسسە بايان قىلىدۇ.

بىز شائىرنىڭ تىترىگەن يۈرىكىنى كۆرىمىز، لېكىن بۇ يۈرەك ئۈزۈل - كېسىل مۇزلاپ كەتمەيدۇ. شۇرىغان ئۇنىڭ يۈرىكىگە دارىغان ھامان، ئۇ ئۆزى ئۆچۈن ئەڭ نەق بولغان تۇپراقتا يۈرىكىنى دوملىتىدۇ. مۇشۇ يەرگە كەلگەندە باللىقتىكى بىر ئويۇن ئېسىمدىن كەچتى:

قىش پەسلىنىڭ قەدىمى يېتىشى بىلەن ئۆستەڭلەردىكى ئويناق سۇلار نەگىدۇر غايىب بولاتتى. ئەينەكتەك مۇزلار ئۆزىنىڭ ئاستىدىكى سۇ ناۋاسىنى ياۋاشلىتىپ، يازنىڭ سېغىنىشنى كۈچەيتىۋېتەتتى. باللىقتا قانداقتۇر بىر كۈچ قۇتراپ تۇرسا كېرەك، بىز مۇزلارنى تاش بىلەن سوقۇپ سۇندۇرۇپ ئويناپتتۇق، چېقىلغان ئىزدىن مۇلايىم سىزىلۇك سۇلار كۆرۈنۈپ قالاتتى. بىز كۆزنەكتەك چوڭلۇقتىكى نېپىز مۇزلارنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈپ، كۈن چۈشۈپ تۇرىدىغان تاملارغا يۆلەپ تۇرغۇزاتتۇق. ئاندىن يۇمشاق توپىنى مۇزنىڭ يۈزىگە قۇرۇق ئۈن سەپكەندەك تەكشى سېپەتتۇق ۋە بىر پەس كۈتەتتۇق. ئىللىق تۇپراق ۋە كۈن نۇرىنى كۆرگەن مۇز ئاستا - ئاستا ئېرىشكە باشلايتتى - دە، دۇغ سۇلار پەسكە سىرغىپ، مۇز يۈزىدە ئەگرى - بۈگرى سىزىقلارنى قالدۇراتتى. بۇ چاغدا بىز قولىمىزدىكى ئەپچىل تاياق بىلەن مۇز يۈزىنى يەڭگىل سىپايتتۇق ("ساغاتتۇق"). مۇزنىڭ ئاستىغا يىغىلغان دوغاپنى "قايماق" دەپ ئاتايتتۇق. ئەمدىلىكتە بۇ ئويۇنلارنى ئوينىمىغانغا ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ كەتتى. بىرەر ئەسىر بولدىمىكىن دېگۈسى كېلىدۇ ئادەمنىڭ. جاھان ناھايىتى تېز ئۆزگىرىدىكەن، ئۆزگەرگەنسېرى نۇرغۇن نەرسىلەر ياتلىشىپ بارىدىكەن. بىر قېتىم قىش پەسلىدە يۇرتۇمغا بارسام، بىزدەك ئويۇنخۇمار باللارمۇ قالماپتۇ، ئۇلار ئاتا - ئانىلىرى گىرىپتار بولغان جان بېقىش ھەلەكچىلىكىگە بالدۇرلا شېرىك بولىدىغان بوپتۇ. شىرىلداپ ئاققۇدەك سۇنىڭ، مۇز تۇتقۇدەك ئۆستەڭلەرنىڭمۇ تايىنى قالماپتۇ. ھەي، ھەي، باللىقىغا قانمىغان باللار! مانا چوڭ بولغانسېرى پىكىر قىلىشنىڭ ئۇزاق يوللىرىدا ماڭىدىكەنمىز، ھەر بىر دوقمۇش بېشىمىزنى قايدۇرىدىكەن. چارچىساقمۇ ماڭمىساق بولمايدۇ. پىكىر دېگەن بەربىر پىكىر - دە، باللىقتىكى ھېلىقى ئويۇنلارنى ھازىر ئويلاپ كۆرسەم، بىر ھېكمەتنى چۈشەنگەندەك بولىمەن: قەھرىتان قىشتا سۇلار مۇزلايدىكەن، ئادەملەر مۇزلايدىكەن، ھاۋا مۇزلايدىكەن، دەل - دەرەخلەر، گۈل - گىياھلار، قۇشلارنىڭ نەپىس ئاۋازلىرى مۇزلايدىكەن، بىرلا تۇپراق مۇزلىمايدىكەن. تۇپراق ئۆزىدىكى تەمكىن ھارارەت بىلەن مۇزلارنىمۇ ئېرىتىۋېتىدىكەن. تېخىمۇ ئاجايىپى شۇكى، بىز تۇپراق مۇزنىڭ ئېرىتمىسىنى "قايماق" دەۋالغانىدۇق. بۇ "قايماق"تا قەھرىتان، ئاپتاپ، تۇپراق، تاياق، تام، سۇ دېگەن نەرسىلەر بار ئىدى. بۇلار ھەم بىر - بىرىگە ئۇيغۇن ئامىللار ئىدى. شېئىر ئەنە شۇنداق مۇرەككەپ نىسبەتلىك دۇنيانىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ.

ئادىلنىڭ شېئىرلىرىدا ساماۋى نەرسىلەرگە قارىغاندا، زېمىندىكى نەرسىلەر سالماق ئورۇن

تۇتىدۇ، ئۇنىڭدىكى يۇلتۇزلار ۋە ئاي زېمىندا بولىدىغان سادىدىلىقنىڭ زىننەتلىرىگە ئايلانغان.

شائىرنىڭ ۋەتىنى سۆزلەر، لېكىن ئۇ سۆزلەرگە قانائەت قىلمايدۇ، ئۇ سۆزلەرنى ئۆزگەرمەس قىممەت سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئادەملەرگە ئوخشاش جېنى بار مەۋجۇتلۇق، دەپ قارايدۇ. شائىرنىڭ نەزەرىدە سۆزلەرنىڭمۇ ئەركەك ـ چىشىسى بار، سۆزلەرمۇ ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. ئۇلار نەچچە مىڭ يىللىق هايات تارىخىدا هەرخىل چىرايلارغا كىرىدۇ، لېكىن تومۇرىدىكى مىللىي قانىنى ۋە گېنىنى هەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ. بىر پارچە شېئىردا سۆزلەر سۆزلەرنى تۇغىدۇ، مۇشۇنداق تۇغۇلۇشنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكىدە چەكسىز بىر زامان ئۆز پايانىنى يايىدۇ. شائىر يىراق بىر يەردىن بىزگە قاراپ چىقىپ كېلىدۇ. بىر پارچە شېئىردا 100 سۆز بار دېسەك، بۇ دەل شائىر روھىنىڭ 100 خىل ئاتىلىشىغا ياكى شائىر روھىنىڭ 100 كېچىكتىن ئۆتۈشىگە تىمسال بولىدۇ. ئادىل تۇنىياز ئۆز شېئىرلىرىدا سۆزلەرنى لېكسىكا بىلەن ئەمەس، دەل سۆز بىلەن يېڭىدۇ. يېڭىپ چىققان ئاشۇ سۆز شېئىردىن ئىبارەت.

ۋاقىت،
ئوخشىمىدىكەن قومۇشلۇقتىكى
يۇپيۇملاق غاز تۇخۇمىغا.
— "ۋاقىتنىڭ سىرتىدا"دىن

ۋاقىت،
لىكىلدىتىپ نەم قۇيرۇقنى،
هەر كۈنلۈكى تالاي رەت،
غېرىبسىنىپ كىرەر ئىشكتىن.
— "ئۆمۈچۈك ناخشىسى"دىن

ۋاقىت
پاخپايتقانچە سالۋار چىپچىنى،
غېرىبسىنغان مومايغا ئوخشاش
كىرىپ كېلەر سۆرىلىپ.
— "ئۆمۈچۈك ناخشىسى"دىن

بىز ۋاقىتنىڭ ئۈچ خىل ئوبرازىنى كۆردۇق. شائىر ۋاقىتنىڭ تۈسىنى تۇرغۇن شەكىلدە ئەمەس، بەلكى ئۆزگىرىشچان شەكىلدە كۆرگەن. بۇخىل ئۆزگىرىشچانلىق مەنىۋى مۇهىتنى ۋۇجۇدقا چىقارغان مەنزىرە تەرىپىدىن يېڭىلىق تاپىدۇ. مانا بۇ ۋاقىتقا نىسبەتەن فىزىكلارنىڭ ئەمەس، دەل

شائىرنىڭ جاۋابىدۇر. شائىرنىڭ جاۋابى مۇئەييەنلىكتە ئەمەس، مۇئەييەنلىكنىڭ چەكسىز ئىنكارىدا، شائىر ئەنە شۇ چەكسىزلىكنىڭ سەپىرىدە جان بېرىدۇ. يۇقىرىقى پارچىلاردا شائىرنىڭ ۋاقىت تۇيغۇ، ئوبرازلارنىڭ گارمونىيىسىگە بەكرەك تايانغان. ئەگەر شائىر ئۇنى رىتىم، مىسرا قۇرۇلمىسىنىڭ كۆپ خىللىقىدا ئايان قىلغان بولسا تېخىمۇ كامالەتلىك بولاتتى. بۇ يەردە شائىر ۋاقىتنى قىياس قىلىشتا، رەسساملارغا يېقىنراق تۇرغان.

شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ ئەپسانە روھىنى مەلۇم بىر سۆزگە كۆپرەك مەزكەزلەشتۈرۈشى مۇمكىن. قاغا ئاللان پوئې ئۈچۈن ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى قاغا ئەمەس ئىدى، كېمە رىمبو ئۈچۈن ئادەتتىكى كېمە ئەمەس، ئۇلار شائىر دۇنياسىنىڭ يارقىنلىشىشىدىكى تېپىك شەرتلىك ھالقىش. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، شائىرلار قانداقتۇر بىرەر سۆزنى ئاڭسىز رەۋىشتە ئۆزلۈك توتېمغا ئايلاندۇرۇۋالسا كېرەك. بىز ئادىل تۇنيازنىڭ شېئىرلىرىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئۆمۈچۈك ھەققىدىكى تەلقىنلىرىنى كۆپ ئۇچرىتىمىز، ئۆمۈچۈك ئادىل ئۈچۈن سىرلىق روھىي ئالەمدىن بېشارەت بېرىدىغان مۆجىزىگە ئايلىنىدۇ. شائىر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى، ئۆزگىنى، ئىجادىيەتتىكى غېرىبلىقنى، مەرھۇم، ئەمما مۇستەھكەم رىشتىنى كۆرىدۇ.

. . . . . . . . .

كىم ئۇ نۇردەك قىمىرلاۋاتقان؟

. . . . . . . . . . .

چىرمىلىپ ھېسابسىز خىيال يىپىغا

شائىر ئۇ ئۈن ـ تىنسىز قوشاق توقۇغان.

— "ئۆمۈچۈك قەبرىسى"دىن

ئۆمۈچۈك تور توقۇيدۇ، توقۇغاندا قۇسۇپ تۇرۇپ توقۇيدۇ. ھەربىر تور بىر نۇر سىزىقى. بۇ يەردە ئۆمۈچۈكنىڭ قۇسقانلىرى تامامەن نۇر بولۇپ چىقىدۇ. ئادىلنىڭ نەزەرىدە ئۆمۈچۈك غېرىب قوشاقچى. مانا بۇ ئۆمۈچۈكنىڭ ئادىلغا خاس قىممىتى. بۇ قىممەتنى ئادىلنىڭ شېئىر دۇنياسىدىن ئايرىۋەتكەندە قۇيۇقرۇق تەمسىلگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ف. نىتزىنىڭ قەلىمىدە ئۆمۈچۈك زەئىپ قىساسخور سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ئۇ قاراڭغۇ بۇرجەكلەرگە، زەي ئۆڭكۈرلەرگە تور يېيىپ، باشقىلارنى قىلتاقتا چۇشۇرۇشنى ئويلايدۇ. ياپونىيىنىڭ مىڭجى يىللىرىدا ئۆتكەن يازغۇچىسى ئاكوتاگاۋاليۇنوسكېنىڭ "ئۆمۈچۈك تورى" ناملىق ئەسرىدە، ئۆمۈچۈك يامانلىقتا ئۇچىغا چىققان رەزىل كەنداتانىڭ رەھىمگە ئېرىشىپ ئامان قالىدۇ. ساكيامۇنى دەل ئاشۇ ئۆمۈچۈكنىڭ تورىنى دوزاختا ئازابلىنىۋاتقان كەنداتانىڭ يامىشىشىغا ساڭگىلىتىپ بېرىدۇ. ئەمما كەنداتا ئۇ تورغا باشقا دوزاخ بەندىلىرىنىڭمۇ يامىشىپ جەننەتكە ئۆرلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەسەت قىلغاندا، تور بىردىنلا ئۈزۈلۈپ دوراخقا قايتىپ چۈشىدۇ. دېمەك، بۇ يەردە ئۆمۈچۈك ۋە ئۇنىڭ تورى ھالاللىقنىڭ ھامىيسى قىلىنغان. ئۆمۈچۈك ياخشىلىق بابىدا ھەر قانداق ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلەيدۇ، يامانلىق

بابىدا ئۈزۈلۈپ كېتىدۇ. روشەنكى، هالال نازۇكلۇق تەگداشسىز قۇدرەتتىن ئىبارەت. ئەسەر بىزگە ئۆمۈچۈك تورى ئارقىلىق بەخت ۋە جەننەتنىڭ خۇسۇسىي بولمايدىغانلىقىنى جېكلەيدۇ. كۆرۈشكە بولىدۇكى، بىز ئۈچ خىل قەلەمدىن ئۆمۈچۈكنىڭ ئۈچ خىل قىممىتىنى كۆرىمىز، بۇ ماهىيەتتە ئەدىب قەلبىدىكى قىممەتنىڭ ئەكس ئېتىشى.

ئوقۇرمەنلەر ئادىل تۇنىيازنىڭ ئۆمۈچۈكلىرى هەققىدە تۈرلۈك قىياسلارنى قىلىشىۋاتقاندا، ئاپتورنىڭ ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇ هەقتىكى بەدىئىي پەلسەپۋى مۇهاكىمىسىنى سۇنماقچى بولىدۇ. ئۇ ئۆمۈچۈكنى بىر قاتلاملار بويىچە مۇهاكىمە ئوبيېكتى قىلىدۇ هەمدە ئۆمۈچۈك بىلەن بولغان پەلسەپۋى ئالاقىسىنى شەرهلەيدۇ. قارىغاندا، ئاپتور ئۆمۈچۈكنىڭ ئېستېتىك مەنىگە ئالاقدار تەرەپلىرىنى مۇهىم دەپ قارىمىغاندەك تۇرىدۇ. بىز ئاپتورنى ئاساسەن دېگۈدەك بىر پەلسەپۋى مۇهاكىمچى سالاپىتىدە كۆرىمىز. شائىر ئادىل دۇنيانى بەرق ئۇرۇپ تۇرغان سەبىي تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ، كىشلەرنى مەست قىلىدۇيۇ، كىشلەرنىڭ نېمىدىن مەست بولغانلىقىنى چاندۇرمايدۇ، بىراق تەنقىدچى ئادىل مەست قىلىشنىڭ رېتسىپلىرىنى ئېيتىپ بېرىشكە شۇنچە تىرىشىدۇ. شائىر ئادىل پەقەتلا شائىر ئىدى، تەنقىدچى ئادىل بىزگە خېلى روشەن فروئىدىزمچى سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. ئۇنىڭ پىكىر قاتلىمى ئارانلا ئۇ ئەمەس، ئەمما ئۇ بىر ئاساسىي قاتلامدىن ئىبارەت ئىدى. ئادىل تەبىئەت، جىنس ئالدىغا كەلگەندە تىپىك ئانانىزمچى، ئۇ دەرەختىن، ئايدىن، قۇملۇقلاردىن، دەريالاردىن ۋە جانلىقلاردىن ئاياللار دۇنياسىغا خاس ئالامەتلەرنى، ناز - خۇلقلارنى بىمالال ئۇچرىتالايدۇ - دە، دىمىقىپ كەتكەن جىنسىي روهنى ئۇلارغا قارىتىپ قويۇۋېتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق سەنئەتتىكى ئەركىن بوشلۇقنى تاپقاندەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەت سونايلىنىپ يېتىپ هاياجانلىق تىنىۋاتقان ئايالغا ئوخشايدۇ. ئادىل ئۆزىنى هاۋا ئارقىلىق ئايالنىڭ ئۆپكىسىگە، ئاندىن تومۇر - تومۇرلىرىغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك هېس قىلىدۇ. "ۋاقىت قەپەسىدىن ئۇچۇپ چىقالايدىغان شېئىرلارنىڭ بىر قانىتى دىنىي تۇيغۇ، يەنە بىر قانىتى جىنسىي ئاڭ" دەيدۇ ئاپتور ماقالىسىدە. بىزنىڭ بىلىشىمىزچە، ئادىلنىڭ دىنىي تۇيغۇسى جىنسىي مۆجىزىلەرگە چەكسىز هەيران قېلىش بىلەن گىرەكلەنگەن. تەنقىدچى سۈپىتىدىكى ئادىل شۇنداق ئېيتىدۇ: ئۆمۈچۈكتە ئەپسانە بار، ئۆمۈچۈكتە سىمۋول، ئىجادكارلىق ماهىيىتى بار، ئۆمۈچۈكتە شائىرنىڭ غېرىبلىقى بار.

بىز بۇ قېتىم تەنقىدچى ئادىل تۇنىيازنى كۆرۈۋاتىمىز. ئۇ، شائىر ئادىل تۇنىيازنىڭ "ئۆمۈچۈك ناخشىسى" ناملىق داستانى هەققىدە كۆپ تەرەپلىمە مۇهاكىمە يۈرگۈزىدۇ. ئەلۋەتتە، ئەدىبلەرنىڭمۇ تەنقىد ئىقتىدارى ۋە تەنقىد هوقۇقى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆزى هەققىدە ئېيتقانلىرى ئەنە شۇ تەنقىد هوقۇقىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، ئەمما ئۇ هەرگىزمۇ مەزكۇر ئەدىب هەققىدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق تەنقىد هېسابلانمايدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، ئادىل تۇنىياز پەقەت ئادىل تۇنىياز تەنقىدچىلىرىنىڭ بىرىدۇر. شۇڭا ئوقۇرمەنلەر شائىرنىڭ ئۆزى هەققىدىكى ئوبزورىنى ئەڭ مۇۋاپىق

كېسىم، دەپ چۈشەنمەسلىكى لازىم. بۇ پەقەت ئادىل تۇنىياز تەنقىدچىلىكىدىكى بىر قىردىن ئىبارەت.

ئادەملەر ھوقۇق، پۇل، كەسىپ قاتارلىقلارغا بولغان سادىدىلىقىنى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ ئاساسىغا ئايلاندۇرۇۋالغان دەۋردە، بىز شائىرغا بېرىلگەن رىغبەتنىڭ كەملەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. شائىر ئادىل تۇنىياز مانا مۇشۇنداق بىر دەۋردە بىزگە بېرىلگەن بىر ئامەت. ئۇ، سوغۇق غېرىبلىقنى بىزنىڭ كىشلىرىمىزگە ئۇنتۇلغان ئىنسانىيلىقنى ئاگاھلاندۇرۇش يۈزىسىدىن تەقدىر قىلىپ تاللىۋالدى. ئۇ، نۆۋەتتە ئۆزىنى تەكرارلاپ سالماسلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مەنىۋى دۇنياسى ئۈستىدە ئويلىنىشى كېرەكتەك تۇرىدۇ. شائىر ئۈچۈن ئەڭ ياخشى پەللىگە پەقەت بىرلا قېتىم چىقىش كۇپايە. بىز ئۇنىڭ ئۆزىدىن ۋاز كېچىشىنى سىناق قىلالايدىغانلىقىغا ئۈمىدۋارمىز.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، گرېك شائىرى ھومېرنىڭ "ئودېسسا" داستانىدىكى بىر دېتال ئېسىمگە كېلىپ قالدى: ئودېسسا مۇشەققەتلىك سەپىرىدە خىزىر ھېرمىسنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. ئۇ ۋەھشىي جادۇگەر كېرىكىنىڭ تۇرارگاھىغا كېتىۋاتقاندا، ھېرمىس ئۇنىڭغا جادۇگەرلىككە تاقابىل تۇرىدىغان خاسىيەتلىك گىياھ تەقدىم قىلىدۇ. بۇ قارا قورساق كىشلەر ئۇنى بايقىمايلا دەسسىۋېتىدىكەن. ئەمما ئۇ گىياھنىڭ كىچىككىنە ئاق گۈلى زەھەر قايتۇرالايدىكەن، كېسەل ساقايتالايدىكەن. كېيىن ئودېسسا كېرىكىنىڭ سېھرىي ھارىقى تەرىپىدىن زەھەرلەنگەندە، كىچىككىنە ئاق گۈلنىڭ خاسىيىتى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. شېئىر ئەنە شۇ كۆرۈنمەس گۈلگە ئوخشايدۇ، بۈگۈنكى كىشلەر ئۇنى چەيلەپ مېڭىپ يۈرۈشىدۇ. ئادىل تۇنىياز شېئىرلىرىدىكى مۆكمۇ مۇشۇ يەردە.

1999 - يىل ئاۋغۇست

# يۇسۇپ ھۇسەيىن

ھەقىقەت ئەكس ئەتكەن ئەخلاق - پەزىلەت دىمەكتۇر

— يۇسۇپ ھۇسەيىن

كىشىلەر ئۇنىڭ "نەپەس ۋەزنى"دە شېئىر يازىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. "نەپەس ۋەزنى" دېگەن بۇ ئىبارە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتىپ كېتەلمىدى. ھېچبىر سەھىپىدە ئىلمىي مۇلاھىزىلەرمۇ بولمىدى. ئەكسىچە، يۇسۇپ ھۇسەيىننىڭ "نەپەس ۋەزنى"دىكى ئۇزۇن مىسرالىق شېئىرلىرى كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچرىدى. بىزدە يەڭگىلتەك مەسخىرىلەر ئاز ئەمەس. بىز خۇددىمىزنى يوقاتقان ھالدا كۈلۈشنى ياخشى كۆرىمىز. بۇ كۈلكىلەردىن تارىخىي، دەۋرىي مەسئۇلىيەتنى ئىزدەپ تېپىش قىيىن، پىكىرلىرىمىز تراگېدىيىلىك چوڭقۇرلۇققا نامرات بولغاچقا، تارىخ ئوتتۇرىغا قويغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتىن شۇنچە يىراقتا تۇرۇپتىمىز. بىزنىڭ ئەگەشمە، تەقلىدىي رېئاللىق تۈيغۇمىز ئۆزىمىز كەلتۈرۈپ چىقارغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى دەسسەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئاخىر نۇرغۇن ئىشلار ئۆز ۋاقتىدا ھەل بولماي كېلەچەككە مىراس بولۇپ قېلىۋەردى.

خۇددى "نەپەس ۋەزنى" ئىلىم شەرەندازلىرىنىڭ دىققىتىدىن خالىي قالغاندەك، يۇسۇپ ھۇسەيىن شۆھرەت سەلتەنىتىدىن تولىمۇ يىراق بىر سەھرادا تۇپراقنىڭ ھەقىقىي ساپ پۇرىقىغا جور بولغان ھالدا زامانىمىز كىشىلىرى ھەزىم قىلالمىغان ئىلاھىيەت پىكىرلىرىنى تەلقىن قىلىپ، تولۇق خاكسار بىر شەخسكە ئايلاندى.

مەن بۇ كىشىگە ئۇنىڭ "نەپەس ۋەزنى"دىكى شېئىرلىرىنى كۆرگەندىن كېيىن قىزىقىشقا باشلىغانىدىم. بۇ چاغدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتاتتىم. گەرچە بىز بىر شەھەردە ياشاۋاتقان بولساقمۇ، ئەدەبىيات كوچىسىدىكى ئېھتىراسلىق ھېسلار تۈپەيلى، مەندە ئۇ كىشى بىلەن دىدارلاشقۇدەك جۈرئەت تۇغۇلمىغانىكەن. كېيىن خىزمەتكە چىقتىم. ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىككى يىل ئىشلەپ، شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي باشقارمىسى قارىمىقىدىكى "شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى"غا تەھرىر بولۇپ يۆتكەلدىم. تەھرىرلىك ھاياتىمدىكى قىزىق بىر ئىش مۇنداق باشلاندى: باشلىقىمىز بىر پارچە ماقالىنى مېنىڭ كۆرۈپ بېقىشىمغا بەردى، بۇ دەل يۇسۇپ ھۇسەيىننىڭ "نوپۇز ھەققىدە" دېگەن ماقالىسى ئىكەن. دېمەك، مەن خېلىدىن بېرى دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان مىستېتىك شائىر يۇسۇپ ھۇسەيىننىڭ ئىملاسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتىم. خەتلەر زىچ ۋە قويۇق يېزىلغان بولۇپ، گەۋدىسى ۋە شەكلى بىر قىسىم چىغاتاي ئۇيغۇر ئىنشالىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى، ماقالە مەن تەھرىرلىك نۆۋىتىسىدا تۇرۇپ كۆرگەن ماقالىلەرنىڭ ئىچىدە مېنى ئەڭ سۆيۈندۈرگەن ماقالە بولدى.

ماقالىدە نوپۇزنىڭ نورمال ۋە بىنورمال تەرەپلىرى، نوپۇزنىڭ زومىگەرلىك ئامىللىرى جەمئىيەتشۇناسلىق، ئېستېتىكا، پسىخولوگىيە تەرەپلىرى بويىچە قويۇق پەلسەپۋى تۈستە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىش جەھەتتىكى خاسلىقى مېنى جەلپ قىلىۋالغانىدى. پروفېسسور ئەپەندىلەرنىڭ باش ماقالە ئورامىدىكى جۈمىلىلىرى ۋە كونسېپىك خاراكتېرىدىكى پىكىرلىرىنى كۆرۈۋېرىپ چارچىغان زېھنىم يۇسۇپ ھۇسەيىندىن قۇتۇلۇق خەۋەر ئىشتىكەندەك شېئىريي ئىلھام سەزدى. رابىغۇزى تەسۋىرلىگەن نەبىيلەرنىڭ بىرەر ۋارىسى زاھىر بولغاندەك، ئۇنىڭ ئارامبەخش شامىلى يەلپۈپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ماقالىگە ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدە پىكىر يازدىم. كېيىن بۇ ماقالىنى بېسىش - باسماسلىق مەسىلىسى باشقارمىمىزدىكى چوڭ مەسىلىگە ئايلاندى. ئاخىر ماقالە ئىنستىتۇتنىڭ مەلۇم بىر رەھبىرىنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا يوللاندى.

"ماقالىدە ئىدېئالىزملىق خاھىش ئېغىر، ئېنىگېلسىنىڭ نوپۇز كۆز قارىشىغا زىت، ئەگەر بۇ ماقالىنى سىلەر باسساڭلار مەن قارشى ماقالە يازىمەن" ماقالىگە نىسبەتەن بىزنىڭ ئالغان جاۋابىمىز ئەنە شۇنداق بولدى. بىز بۇ گەپتىن قورقۇپ كېتىپ ماقالىنى ئېلان قىلمىدۇق.

مەن كىتاب كۆرسەم تىل ۋە پىكىردىكى خاسلىقنى بەكرەك ئىزدەيمەن، ئاپتورنىڭ سەرگۈزەشتىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىرەر - ئىككى ئېغىز گەپنى ئۇچرىتالىسام، كىتابنىڭ پاخال يەرلىرىنى ئەپۇ قىلىۋېتىمەن. كىتاب ئوقۇپ ئاپتور تەرىپىدىن ئالدىنىپ قالىدىغان ئىشلاردىن خالاس بولماق تەس. يۇسۇپ ھۇسەيىندە ئۇسلۇب خاسلىقى بولۇش بىلەن بىرگە ئىجادىيلىقمۇ زور ئىدى. خەنزۇ تىل - يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كلاسسىك پەلسەپە ئەسەرلەرنى كۆرگەندە ئۇيغۇرچە ھەل قىلمىغان بەزى ئاتالغۇلار يۇسۇپ ھۇسەيىننىڭ يازۇلىرىدا ئوبدان ھەل بولغانىدى. ئۇ غەرب پەلسەپىسىنى شەرقنىڭ، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت چەمبىرىنىڭ ئاشقازىنى بىلەن ھەزىم قىلغانىدى. يۇسۇپ ھۇسەيىننىڭ مەنىۋىيەت خەزىنىسىدە گرېك، رىم، ئەرەب، پارس، ھىندى مەدەنىيەت مىراسلىرىدىكى گۈزەل نەمۇنىلەر تېپىلاتتى. ئۇ ئۆزى يولۇقتۇرغان ئۇچۇرلارنى، زامانىۋى ئىلىملەرنى ھېكمەت قازىنىدا بىرلىكتە ئېرىتىپ، يېڭى مەھسۇلاتلارنى يارىتىشقا ماھىر كىمياگەر ئىدى. مۇشۇنداق روشەن تەسىرات مەندە يۇسۇپ ھۇسەيىن بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىستىكىنى پەيدا قىلدى. ياشلىقنىڭ شۇنداق بىر پەرىشان چاغلىرى بولىدۇ ئارزۇلىرىڭ جاھانغا پاتمايدۇ، باشقىلار سېنى چۈشەنمەيدۇ، كىشىلەردىن ئاسانلا رەنجىپ قېيداپ قالىسەن، بولۇپمۇ دەۋرنىڭ ھەسرىتىنى ھۆددىگە ئالغان بىر شائىر پوئېتكول كائىناتنىڭ پۈقراسى سۈپىتىدە شور پېشانىلەرگە ئورتاق تىل بىلەن خۇداغا پىچىرلايدىغان بولۇپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئاشقانە يۈرىكىنى چۈشىنىدىغان نە بىر قىز، نە بىر يولداش تېپىلمايدۇ، سەن بىر ئاددىي بەندە بولۇش سۈپىتىڭ بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى دوستلارغا خۇمارمۇ بولۇپ قالىسەن. دوست ئاسان چىقمايدۇ. مانا مۇشۇ چاغدا بىر ئىجتىمائىي سائادەتتىن قۇرۇق قالساڭمۇ، يېگانە قەلبىڭ يېپيېڭى تۇيغۇ ۋە پىكىرلەرنىڭ

ئۇنۇملۇك تۈپرىقىغا ئايلىنىدۇ. شۇندىلا قەلبىڭدىكى مۇتالىئەگە شېرىك بولالايدىغان ئارىغلارنى ئىزدىگۈلۈك كېلىدۇ.

پەرىشان دەقىقىلەر مەنىلەر دېڭىزىنىڭ نەھرى، بۇ دېڭىزنىڭ تەكتىدە ئاداققىچە ئۆچمەيدىغان پىراق يالقۇنى بولغاچقا ھەمىشە قايناپ تۇرىدۇ. پول ۋالېرى دېڭىزدىكى ئەبەدىي يېڭى باشلىنىشتىن ھايات سىرلىرىنى كۆرسەتكەنىدى.

شائىر مۇزدەك دېڭىزنىڭ ئاستىدا ئوت بار دەيدۇ، بۇ گەپنى كۆيۈپ تۇرغان كىشىلەر رەت قىلمايدۇ.

پەرىشان دەقىقىلەر ئىنساندىكى خاسلىقنىڭ رېئاللىق ئۇستىدىكى قانائەتسىزلىكىدىن كېلىدۇ، ئەتراپىدىكى تەرتىپ، ئادەت ۋە تۇرمۇش لوگىكىسىنىڭ بوييۇنتۇرۇقلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالالىغان كىشىلەر مەنىۋىيىتىدىكى قۇدرەتنى گاھ - گاھ، خىرە - شىرە كۆرۈپ قالىدۇ. خاسلىق ئىسيانى ئۆز ياماراشلىرى داۋامىدا ھامان بىر سىقىلىشنى تېپىدۇ. شۇڭا ئۆكتىچىلەرنىڭ سۆزلىرى كەسكىن تەنقىد خاراكتېرىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە، چوڭقۇر تراگېدىيىلىك يىلتىز ھەم مۇڭلۇق تۇرمۇش ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىگە.

شۇ مەزگىللەردە تۇرمۇشۇم بەكلا تەرتىپسىز ئىدى، روھىم تۆۋەن، نېرۋام چارچىغانىدى. چۈشكۈنلۈك ئۆزىنىڭ ئېغىر قاناتلىرى بىلەن باش ئۇستۇمدە ئەگىپ يۈرەتتى، ئۇنىڭ پەرۋازىدىن چىققان سوغۇق شامال ئىچ - تېشىمنى زىمىستان كەيپىياتىغا ئەسىر قىلاتتى، ھېمىڭۋاي، كاۋاباتا ياسۇنارى، يېسىنىنلارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ھەققىدىكى ئويلار كاللامنى چۇلغىۋالاتتى. كىشىلەرنىڭ ئەتىگەندە سۈت سېتىۋېلىشلىرى، توي نەغمىلىرى، ھۆپپەرلەرنىڭ قىزغىن توۋلاشلىرى... ئەنە شۇنداق ئاددىي، نورمال كىشىلىك تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئەقلىمگە سىغمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇلۇغۋار تەنھالىقتىكى كىشىلەرنىڭ ئىستىكىنى پەقەت خۇدالا چۈشىنىدۇ. كىرىست ئۇستىدىكى ئەيسا ئاسىي بەندىلەرنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى ئۆز ئۇستىگە ئېلىپ "ئۇلارنى كەچۈرگىن" دەپ پىچىرلىغاندا، ئەيساغا يۈرەگۈزۈلگەن جازانى تاماشا قىلىۋاتقان گۇمراھلار بۇنى ھەرگىز ئاڭلىيالمىدى. ئەيسا پەقەت ھەق ئىگىسىگىلا چۈشىنىدىغان بىر سىرنى ئۆزىنىڭ ئاشۇ قالتىس دوقمۇشىدىن ئىلگىرىلا دالالەتلىرىگە سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى.

ئاشۇ پەرىشانلىقلار ۋە بىئاراملىقلار مۇقەددەس تەنھالىقتىكى ۋەھىمە پەللىسىگە يېتەلمىسىمۇ، ھاۋادىن نەپەس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە بىر ئادەمنىڭ ياشلىقى ئۈچۈن سالماقلىق پىكىر ئېلىپ كېلىدىغان روھىي تولغاق ئىدى.

ئاشۇنداق بىر كەيپىياتتا يۈسۈپ ھۆسەيىنگە خەت يازدىم. پىكىرلىرىمنى، ھېسلىرىمنى، روھىي قاپتاللىرىمنى تۆكتۈم. ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي يۈسۈپ ھۆسەيىندىن جاۋاب خەت كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خېتىدە "نەپەس ۋەزنى"نىڭ كېلىپ چىقىشى، غەمكىنلىكنىڭ نەپەس بىلەن مۇناسىۋىتىنى

شەرھلىگەندى. مەكتۇپ ساھىبى بۇ خەتكە خىلى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغان بولۇپ، روھىيەت ھادىسىلىرىگە نىسبەتەن مۇئەللىپنىڭ سەممىي ئەقىدىسى بىلىنىپ تۇراتتى.

كەيپىيات نەپەسنىڭ قانداق بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەيتتى يۇسۇپ ھۆسەيىن. شۇنداق ئىكەن، نەپەسنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ئارقىلىق كەيپىياتقا تەسىر كۆرسىتىش تامامەن مۇمكىن. بىر قېتىملىق نەپەس سۈمۈرۈش ۋە چىقىرىش بىلەن مەزمۇنلىنىدۇ، بىز نەپەس ئالغىنىمىزدا مۇئەييەن ئوكسىگېن مىقدارى ئورگانىزمىمىزدىكى تۆرلۈك ئايلىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ. نەتىجىدە، ئوكسىگېن قان ۋە نېرىپ سۈپەتلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئەگەر ئادەم مەلۇم تۈرتكە تۈپەيلى پىكىر قىلسا، ئاشۇ ئوكسىگېن مىقدارىنىڭ تۈر ئۆزگىرىشلىرى بەدەندىكى ئېلېمېنتلارغا شۇنداق تەپەككۇر ئېنېرگىيىسىگە، ئاخىر ئاۋازغا، ھەرپكە، بەلگىلەرگە ئايلىنىدۇ. دېمەك، "نەپەس" ھالقىسى ئارقىلىق ماددا ۋە روھنىڭ ئىچكى - تاشقى ئالەملىك ئايلىنىشلىرىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز. "نەپەس ۋەزنى"دىكى شېئىرلار كىشىلەرگە ئوبراز، ئارزۇ - ئارمان خىللىرى بىلەن تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بولدى قىلمايدۇ، بەلكى يەنە ئۇ ھەزىم جەريانىدا مۇئەييەن نەپەس قانۇنىيىتى ئۇستىگە قۇرۇلغان تاۋۇش ئېقىنى ياكى جۈملە (مىسرا) قۇرۇلما ئارقىلىق ئادەتتىكى نەپەس مىقدارىنى ئۆزگەرتىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئورگانىزمدىكى فىزىكىلىق، پسىخىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كىتابخان شېئىرنى ئوقۇش جەريانىدا نەپەسنىڭ ئىقتىدارى ئارقىلىق ئۆزى سېزىپ يېتەلمىگەن مەنىۋى ھاياتنى باشتىن كەچۈرىدۇ.

يۇسۇپ ھۆسەيىن يۇقىرىقى قاراشلىرىنى بۇددا دىنى ۋە تويىن دىنىدىكى بەزى تەلىماتلار ئارقىلىق ئىزاھلىغان، خەنزۇلاردىكى "نەپەس گۈمپىسى"نىڭ قائىدىلىرىنى شېئىرىيەتتىكى كەيپىيات، ھېسسىيات ھادىسىلىرىگە تەتبىقلىغاندى.

بىزنىڭ ئوقۇش ھاياتىمىز ئاللىبۇرۇن كەلتۈرۈپ چىقىرىلىپ، چاسلاپ قويۇلغان تەييار ئۆقۇملارنى ئاڭلاش بىلەن ئۆتكەندى. بىر مەسىلە ئۈچۈن ئۇنداق كەڭ مەدەنىيەت ئىقلىملىرىدىن دەلىل ئىزدەيدىغان پەزىلەتلەرنى كەمدىن - كەم ئۇچرىتاتتۇق. يۇسۇپ ھۆسەيىن ماگا قۇم توچكىسى ئارقىلىق كائىنات ھالىتىنى ئىشارە قىلىشتەك خىلۋەت بىر كوچىنى كۆرسەتكەندەك بولدى. ئەمما يۇسۇپ ھۆسەيىن قۇمدىن ئىبارەت ئالەم پونكىتىدىكى كۆرسەتكۈچلەرنى ئالەمنى بىر ئالغان روھىي قۇۋۋەت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرەتتى، ئۇلارنى ئۆزى بىلگەن سىفىرلار بىلەن خاتىرىلەپ ئالاتتى. ئېينىشتېيىن تەجرىبە بىلەن روھىي رادىئولوگىيىنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە تەڭ تاياندى. ئۇ بارمىقنى بىر چىقىرىۋىدى، دەقىقە ئارا سان - ساناقسىز زامان دەرۋازىلىرىنى تېشىپ ئۆتتى. ھەربىر سەييارە ئۇنىڭ چەكسىز ماكان - زامان ئوربىتالىرى بىلەن پۈتكەن كاللىسىنىڭ ھۇجەيرىسىگە ئايلاندى. شۇڭا ئاندىروتوماس:"ئېينىشتېيىننىڭ ئاپئاق چاچلىرى كائىناتتا لەپىلدەپ تۇرىدۇ" دېگەندى.

يۇسۇپ ھۆسەيىندە بەرەس كېسىلى بار ئىدى. ئۇ ئاشۇ تۈپەيلى كېلىپ چىققان

مەيۈسلىكلىرىنى، كىشلەرنىڭ كۆزىدىن چىقىپ تۇرغان يىرگىنىش ئالامەتلىرىنى، يېتىمسىراشلىرىنى، ئەلنىڭ كۆزىدىن خالىي بىگانىلەرچە ھاياتىنى يېزىپ، ماڭا روھىي ئىستىغپارغا ئوخشاپ كېتىدىغان سەرگۈزەشتلىرىنى كەڭ - كۆشادە ئىزھار قىلغانىدى. "قۇياش تازا قىزىغان پېيشىن مەزگىللىرىدە قىزىل دەريا ۋادىسىنى ئايلىنىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەنھالىقىنى تەجرىبە قىلىمەن" دەپ يازغانىدى ئۇ. بۇ گەپ ماڭا شېئىردەك تەسىر قىلغانىدى. ھېرمان ھېسسى ياش چاغلىرىدا ساكىيامۇنى باشتىن كەچۈرگەن روھىي بېشارەتلەرنى قايتا ئاڭلاش ئۈچۈن خىلۋەت بىر تاغ باغرىدا دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ بېقىپتىكەن. مەن قۇرئان قىسسىلىرىنى ئوقۇغىنىمدا، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى ئانتىك تەنھالىقى ھەققىدە پىكىر قىلماپتىكەنمەن. پىكىر قىلىش ئادىتىگە ئىگە كىشلەر ئۈچۈن ھەرقانداق نەرسە ئاجايىپ پەلسەپىۋى سىستېمىنىڭ يىپ ئۇچى بولالايدۇ.

ئەھمەد يەسەۋى 63 ياشقا كىرگەندە، مۇھەممەد پەيغەمبەردىن ئارتۇق ياشامدىم دەپ ئوچۇقگۆرگە كىرىۋالغانىكەن.

يۈسۈپ ھۆسەيىن، ھېرمان ھېسسى، يەسەۋى . . . بۇلار روھنى تەجرىبە قىلىشنىڭ ئۆپۈقىدا ئۈچرىشىپ تۇرىدۇ، بىز ئۇنى نۇر غەمزىسىدە كۆرۈپ تۇرىمىز.

بىر پارچە خەت روھىيەت سىرلىرى ھەققىدە كۆپ يىپ ئۇچى بەردى. نىمىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش، نىمىلەرنى ئاختۇرۇش كېرەكلىكى ھەققىدە مەندە نۇرغۇن ئويلىنىش بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئارىمىزدا نورمال خەت ئالاقىسى باشلاندى. ئۇ ئېلان قىلىنغان شېئىرلىرىمنى كۆرگەندىكى روھىي مۇئەمالىرىنىڭ يېشىملىرىنى دەرھال يېزىپ ئەۋەتەتتى.

ئارىدا بىرەر يىل ئۆتتىغۇ دەيمەن، يازلىق تەتىلدە ئانامنى يوقلاپ قەشقەرگە باردىم. يۈسۈپ ھۆسەيىننى ئاتايىتەن ئىزدەپ كۆرۈشتۈم. ئۇ ماڭا بىر قاراشتىلا ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئادەمدەك كۆرۈندى. بېشىغا شەپكە كىيىۋالغان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەندى. قارىغاندا، ئۇ ئۆزىنى جاھانساز زىيالىيلاردەك پاكىز، رەتلىك، خۇشخۇي تۇتۇشقا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىسە كېرەك. ئۇ دائىم شۇنداق يۈرەمدۇ ياكى مەن تاسادىپىي بىر ئەھۋالدا شۇنداق ئۇچراتتىممۇ، بۇنىسى نامەلۇم. پەرىزىمچە، ئۇ ئاشۇنداق يۈرۈشتە تەبىئىيلىك ھېس قىلسا كېرەك. ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى بىلمىگەن كىشلەر ئۇنى دېھقان دەپ ئويلاپ قالاتتى.

بىز بىرلىكتە شەھەر كوچىلىرىنى ئايلاندۇق، خەلق باغچىسىنى ئارىلاپ، سايىلەردە مۇتالىئە قىلدۇق، تاماق يېدۇق، پارىكىمىز ئاساسەن شەرق تەسەۋۋۇپچىلىقى ھەققىدە بولدى. ئۇ ماڭا ئەلىشىر ناۋائىينىڭ "لىسانۇتتەيىر" (قۇشلار تىلى) دېگەن ئەسىرىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىشىمنى ھاۋالە قىلدى. بىر مۇنچە قۇشلار تاكامۇلىنى ئىزدىدى، يەتتى، ھېچنېمە يوق دېيىشتى. "قۇشلار تىلى"نىڭ ئىدىيىسى ئۇنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇشىچە ئەنە شۇنداق ئىدى. بۇ دەل فرانسۇز يازغۇچىسى ئالبېرت كامۇسنىڭ مەۋجۇدىيەتچىلىك ئىدىيىسىگە يېقىن ئىدى.

"قۇۋۋەت ھەزىمدە" دېدى ئۇ تاماق يەپ قايتىۋاتقىنىمىزدا، "ئات بىدە يەيدۇ، تۆگە پاخال يەيدۇ، ئادەم ئاشۇ پاخاللارنىڭ جەۋھىرى بولمىش گۆرۈچنى يەيدۇ، ئۇنى باشقا قۇۋۋەتلىك خۇرۇچلار بىلەن قوشۇپ ھەرخىل تائاملارنى ئېتىپ يەيدۇ. بىراق ئات بىلەن تۆگە جىسمانىي جەھەتتىن ئادەمدىن كۈچلۈك. سەۋەب شۇ يەردىكى ، بىدە بىلەن پاخال ئات ۋە تۆگىنىڭ ھەزىم قىلىشى ، ئۆزلەشتۈرۈشى ئارقىسىدا ئادەمگە نىسپەتەن ئۇلارغا ... بولمىغان جىسمانىي قۇۋۋەتنى ھاسىل قىلدى . بىراق ئادەم دۇنيانى ئەقلىي ھەزىم قىلىش بىلەن ۋاستىگە ئېرىشتى . بۇمۇ بىر خىل كۈچ" .

"بىر كۈنى ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىردىم" دېدى ئۇ يەنە، "بىر يىگىت باشقىلار غاجاپ قويغان سۆڭەكنى كورۇسلىتىپ چايناۋاتاتتى . مەن ھەيران بولۇپ قارىدىم. يىگىت قاۋۇل ۋە كېلىشكەن بولۇپ ماڭا قارىغاندا ساغلام تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەۋزەل نەرسىلەرنى يەپ، قوللىرىم بەرەس . بۇنداق سىلىشتۇرما نەدىن كەلدى؟مەسىلە ھەزىم قىلىشتا" .

بۇ ھەقىقەتەن غەلىتە پىكىر ئىدى . ئەمما ھەممىدىن بەك ئۇنىڭ كۆزىتىش ئادىتىگە قىزىقتىم. ئۇنىڭ كۆزىتىش نۇقتىسى قانچىلىك كەڭ بولمىسۇن، بەربىر ھەممىسى ئۆزىنىڭ روھىي سۈپىتىنى مەركەز قىلاتتى . ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ھەرقانداق بىر ئىش ئۇنىڭدىكى روھىي تۇيغۇنىڭ ئاللىگورىيىلىك كۆرۈنۈشى ئىدى .

بىزنىڭ سۆھبىتىمىز ئاشۇنداق ئاخىرلاشتى . كېيىن قەشقەرگە قايتا بارغىنىمدا، ئۇنى ئىزدىگەن بولساممۇ كۆرۈشەلمىدىم. كىشىلەر ئاسانلىقچە ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدىكەن. ئېھتىمال ، ئۇ خىزمەتداشلىرى ئارا ئۇنتۇلغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك .

بىر خەت يېزىشىپ تۇردۇق . ئۇ ھەقىقەتەن ھوسۇللۇق ئادەم بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا خەت بىلەن قوشۇپ ماقالىلىرىنى ئەۋەتەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن خىجىلمەنكى ، مەن ئۇنىڭ نۇرغۇن خەتلىرىگە جاۋاب يازالمىدىم. مەن ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تىل ئۇسلۇبى ، پىكرى مېتودىدىن ئىلھام ئالاتتىم ۋە مۇۋاپىق بىرەر مەتبۇئاتقا ھاۋالە قىلاتتىم .

ئاڭلىسام، يۈسۈپ ھۇسەيىننى سارالڭ دېگەنلەر بولغانىكەن، ئۇنداق دەيدىغانلار ھازىرمۇ يوق ئەمەس. بەزىلەر ئۇنىڭ ماقالىلىرىنى كۆرۈپ "قىزىتمىسى ئۆرلەپ قېلىپ يېزىپتۇ" دەپ جاۋاب بەردى . مەن ھېچنېمە دېمىدىم. بەزى ماقالىلەرنى ئۇلاردىن قايتۇرۇۋېلىپ ساقلاپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى مەتبۇئاتلاردا ناھايىتى ئاز ئېلان قىلىندى . ئاساسلىق سەۋەب، ئۇ ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇلدا پىكىر قىلىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ نەچچە نۇر يىلى چوڭقۇرلۇقىدا ئولتۇرۇپ ئۆزىدىن ناھايىتى يىراقتا قالغان جاھانسازلارغا توۋلىغاندا، ئۇنىڭ ئاۋازى بىلىنەر - بىلىنمەس چىقىدۇ. دېمىسىمۇ ھەقىقەتەن قاتتىق ۋارقىراپ جاكارلىمىسىمۇ ھەققانىيەت قۇلىقى بار ئادەملەر ئاڭلىيالايدۇ. نادانلارنىڭ قۇلاق پەردىسى يىرتىلىپ كەتكۈچە ۋارقىرىساڭمۇ ئۇلار چۈشەنمەيدۇ. دانالار جىمجىتلىقتىن ۋەھىمىگە ئېرىشىدۇ.

يەنە باشقا سەۋەبلەرمۇ بار، مۇھەررىرلەر ئۇنىڭ خېتىنى ئوقۇشنى تەس كۆرىدۇ، ئۇنىڭ هادىسىلەرگە ئىچكىرىلەپ كىرىشى ناھايىتى مەۋھۇم. ئۇ رېئال بىلەن خىيالنى پەرقلەندۈرمەيلا بىر پۈتۈن مەۋجۇدىيەت دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ تەتقىقات خاراكتېرلىك ماقالىلىرىدە خىيالىلىق بەكلا ئېغىر، ئۇ دەۋر بىلەن دەۋرنى، شەخس بىلەن شەخسنى شەيئى بىلەن شەيئىنى بۆددىزمدا دېيىلگەن سامسارا روھى بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ. مەڭگۈ تايىنىپ تۇرىدىغان بىر روھىي سۇبستانسىيە ئۇنىڭ دۇنياسىدىكى بارلىق تۇرلەرنى ئاربلاپ تۇرىدۇ. يۇسۇپ ھۇسەيىن گويا سانلىق تەپەككۇردىن خالىي ئىدى، ئۇنىڭ نەزەرىدىكى سان كۆندىلىك تۇرمۇشتىكى ئىلىم - بىرىم، ھېساب - كىتاب، خاتىرىلەش - ئۆلچەش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىستېمال خاراكتېرىدىكى سان بولماستىن، بەلكى روھنىڭ ھەرىكىتى ياكى تەقى - تۇرقىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ماھىيەتلىك بەلگە ئىدى. ئۇ ماتېماتىكىدىكى سانلارنى فورمال لوگىكا كاتېگورىيىسىدىن چىقىرىپ، يۇسۇپ ھۇسەيىن دۇنياسىنىڭ خاس ھەرپلىرىگە ئايلاندۇراتتى. ئومۇمەن، سانلار، ھەرپلەر، بەلگىلەر، گېئومېترىك شەكىللەر قانداق تەرىزدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يۇسۇپ ھۇسەيىننىڭ باشقىلار چۈشىنىپ كېتەلمىگەن ئۆز - ئۆزىنى ئىزاھلىشىدىكى خۇسۇسىي ماتېرىيال ئىدى.

كىشىلەر يۇسۇپ ھۇسەيىننى ئانچە چۈشەنمىدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. ئۇ نام چىقىرىش، ئۇلۇغ شەخسلەردىن بولۇش، كىتاب چىقىرىش، ئىقتىسادىي نەپ ئۈندۈرۈش ئۈچۈن پىكىر قىلمىدى. ئەكسىچە، ئۇ پىكىر قىلمىسا تۇرالمايدىغانلىقى ئۈچۈن پىكىر قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ "پىكىر ئېقىمى" دېگەن خۇراپات تۈپەيلىدىن، سەن "لوپا ئەينەك مېتودىغا دۇچ كېلىسەن" دېگەن پىكرى بويىچە، خاس پىكىر يولىنى ئىزدەشتە تىنىمسىز تەۋەككۈلچىلىك قىلدى.

ئۇ دەل ئاشۇ تەۋەككۈلچىلىك روھى، ئۆزگىچە، غەلىتە پىكرى ئۈچۈن ھاقارەتلەندى، يەكلەندى ياكى پىكىر ئەھلى ئۈچۈن كەم تېپىلىدىغان يېگانە تۇرمۇش ئۇسلۇبىغا ئېرىشتى. ئامېرىكا شائىرى ئېدگار ئاللان پوئې ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۆلمەس قۇرلارنى يېزىۋاتقاندا، ئامېرىكا جەمئىيىتى ئۇنى ئاچ قويغانىكەن، ئۇ ئاچلىق دەردىدىن تەھرىر بۆلۈملىرىگە مۇراجىئەت قىلغانىكەن. ئۇ بەختسىز ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۇ دۇنياغا كەتكەندىمۇ تۆھمەتكە قالغانىكەن. دۇنيادىكى ھەقىقىي ئىجادكارلارنىڭ نۇرغۇنلىرى بەختسىزلىك ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغان.

بىزنىڭ يۇسۇپ ھۇسەيىن بەلكىم ئاچ قالمىغاندۇ، ئەمما ئۇ ھېچبولمىغاندا "ساراڭ" دېيىلدى، بىزدە باشقىلارغا ئوخشىمىغان يولنى تۇتقانلار ئاسانلا "ساراڭ"غا ئايلىنىپ قالىدۇ. بىزدە ئاتالمىش پەزىلەتنىڭ خان تاجىنى ئاممىباب ئادەملەر دەل ۋاقتىدا كىيەلەيدۇ. تارىخ ئۈچۈن ئاز - تولا ئىش قىلغانلار تۆھمەتكە قالىدۇ ياكى كېچىكىپ چۈشىنىلىدۇ. تىرىكلىكىدە قەدىر - قىممەت تاپالمىغان ئەھلى پازىللار ئۆلگەندىن كېيىن كەچۈرۈمگە ئېرىشىدۇ ياكى ئۇنتۇلىدۇ،

ھەرقانچە بولسا بىرقانچە ئون يىل، بىرقانچە يۈز يىلدىن كېيىن ئۇنىڭغا ئابىدە تىكلىنىدۇ. بېخىللارچە باھا بېرىلىدۇ.

يۈسۈپ ھۇسەيىن ئاغرىنىشنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ئۇ ئۆزىمۇ شۇنداق دېگەن:

"بىلدۈرۈلسە مەلۇمدۇر، بىلدۈرۈلمىسە مەجھۇلدۇر،

كۆنمىگۈچە مەجبۇرىيەت، كۆنگەنگە مەمنۇنىيەت".

بەلكىم، بەختىنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە يۈسۈپ ھۇسەيىننىڭ جاۋابى باردۇر.

بەلكىم، ئۇ ئۆزىنى ئىسپاتلاشقا ئۈلگۈرەر.

1997 - يىل دېكابىر

# شېئىرىيەت دېڭىزىدىكى يېتىم ئارال

– ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ خەنزۇچە نەشرىدىكى « سالغا تېشى » ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن

ياپونىيىلىك مەشھۇر جامائەت ئەربابى چىتىيەن دازو مەشھۇر ئىنگلىز تارىخچىسى ۋە پەيلاسوپى ئارنولد تويىنبىدىن: "سىز قايسى دۆلەتتە تۇغۇلۇشنى ئۈمىد قىلىسىز؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: "مەن بۇددا دىنى تارالغان جۇڭگو شىنجاڭدا تۇغۇلۇشنى ئۈمىد قىلىمەن" دەپ جاۋاب بەرگەنىدى ( "21 - ئەسىرگە نەزەر" چىتىيەن دازونىڭ بېغىشلىمىسى ) .

تويىنبى ئەپەندىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاددىيلا بىر ئارزۇ دېيىشكە بولمايتتى، بەلكى ئۇ شىنجاڭنىڭ بۇددىزىم دەۋرىدىكى پارلاق ھەم مىسلىسىز سەنئىتىنى، كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان مەدەنىيىتىنى ۋە ھاياتىي كۈچىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن بىر پەيلاسوپنىڭ لىرىك قەلبى ئىدى . تالاي يىللارنىڭ تۇمانلىق باغرىدا غۇۋا تۇس ئېلىشقا تارىخ ئۆزىنىڭ تولىمۇ چالا ياكى يېرىم - يارتا گەۋدىسى بىلەن تارىخچىلاردىن تەسەۋۋۇر تەلەپ قىلىدۇ. ئىلمىي قىياسقا ئۆزگىرىشتىن بۇرۇنقى ئەنە شۇ تەسەۋۋۇر تارىخچىنىڭ چىنلىققا تەشنا قەلبىنىڭ رومانتىكىسى سۈپىتىدە نۇر چېچىپ، داۋاملىق ئېچكىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. شۇڭلاشقا تارىخچىغا تۆرتكە بولىدىغان كۈچنىڭ بىر قىسمى چىنلىق، يەنە بىر قىسمى شېئىردۇر. بۇ، ئەقىل تىزگىنىنىڭ كۆرۈنمەس ئۇچىنى ھەقىقەتكە تاپشۇرغان تارىخچىلارغا مەنسۇپ .

تارىخنىڭ خاتىرىلەشتىن ئىبارەت ھەممىگە مەلۇم ئەھمىيىتىمۇ بار. بىراق ئۇنتۇشتىن ئىبارەت كېسەللىمۇ بار. بۇنداق كېسەل ئوردا تارىخچىلىرىدا ھەممىدىن ئېغىر بولۇپ، ئۇلار ئىنسان روھىنىڭ ھېسسىيات مەنتىقىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، جەمئىيەتنىڭ ھۆكۈمرانغا مايىل ئاتالمىش لوگىكىسىنى توقۇپ چىقىرىشىدۇ. چىڭغىز ئايتماتوف "ئەسىرگە تەڭ بىر كۈن" ناملىق رومانىدا ئۇنتۇشنىڭ كېلەچەكتە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېغىر زىيانلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئۆتتى . ئۇنتۇش ئۇنتۇغۇچىنى پاجىئەگە زورلاش بىلەن بىرگە ئۇنتۇلدۇرغۇچىنى چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ، زىيانىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت تەڭ تارتىدۇ. قەھرىمانلارنىڭ جاسارەتلىرى، شائىرلارنىڭ تراگېدىك ھېسلىرى ئەنە شۇ سەۋەنلىكنىڭ بەلۋاغلىرىدا بوغۇلۇپ، بۈگۈننىڭ ئېنېرگىيىسىگە ئايلىنىدۇ.

جۇڭگو خەرىتىسىنىڭ غەرب تەرىپىگە قارىسىڭىز، زور گەۋدىنى تەشكىل قىلغان بىر جاي بار، ئۇ بولسىمۇ، بىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى . دۇنيا تارىخىنىڭ، جۈملىدىن جۇڭگو تارىخىنىڭ قاتمۇ قات رىشتى بۇ رايونغا شۇنداق باغلانغانكى، بىز بۇ تارىخنى كەينىگە قايتۇرۇپ ۋاراقلىغانسېرى مەدەنىيەتكە دائىر ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى بايقايمىز. بۇ يەردە ئىران، يۇنان، ھىندىستان مەدەنىيىتى ئەنئەنىۋى، يەرلىك تۇران ( ئۇيغۇر ) مەدەنىيىتى ئاساسىدا تەرەققىياتنىڭ يېڭى لىنىيىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ يەردە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى قىتئەلەرگە ئايرىپ تۇرۇۋاتقان

شامان دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى شۇنداقلا ئاز - تولا خرىستىئان دىنى ئامىللىرىنىڭ مۇجەسسەمى بار.

بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ھون چەۋەندازلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك كۆلەڭگىلىرى بار، تۈرك ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرىدىن چاچرىغان ئۇچقۇنلا بار، ئۇيغۇر كىمياگەرلىرى تاۋلاپ چىققان تۆمۈرنىڭ مەزمۇتلۇقى بار. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا گۈزەل قىزلار دەرەخلەرنىڭ كاۋىكىدا تۇغۇلىدۇ، ئادەملەر ساماۋى نۇر تەرىپىدىن زېمىنغا تېرىلغان، ئادەملەر زېمىندىن ئۈنىدۇ. بۇ يەردىكى بوۋاقلار كۆك بۆرىلەرنىڭ تىلىنى چۈشىنىدۇ، ئاۋازىنى ئاڭلىسا شادلىنىدۇ. بۇ يەردىكى بوۋاقلار 40 كۈن ئىچىدىلا تەڭداشسىز باتۇرغا ئايلىنىدۇ. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ قەدىم تارىخىنى ماگىللان تەرىپىدىن "تىنچ" دەپ سۈپەتلەنگەن تىنچ ئوكيانمۇ سۆزلەيدۇ: ئاشۇ يىراق تىنچ ئوكياندا ئۇيغۇرلار قۇرغان قۇياش ئىمپېرىيىسىنىڭ سىرلىق ئەرۋاھى چايقىلىپ تۇرىدۇ( چېرچۋارد: "قەدىمكى ‹مۇ› چوڭ قۇرۇقلۇقى" 1997 - يىل موسكۋا سۇفىيا نەشرىياتى، رۇسچە نەشرىدىن يەتكەن ئۇچۇر ) .

بۇ يەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇرۇۋەتلىك ئالقانلىرى دەستىلەنگەن، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىدىن قۇم ھېكمەتلىرى ئاپىرىدە بولغان. بۇ يەردىكى قۇملار بەئەينى چۈش قۇدۇقلىرى. تارىخنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ۋە قان - ياشلىق قىسمەتلىرى زېمىننىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقىپ يۈرۈپ، ئاشۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىگە ئايلانغان. ئاسمان ھەركۈنى مۇشۇ قۇدۇقتا يۇيۇنىدۇ.

بۇ يەر مەڭگۈلۈك چېڭقى چۈش. قۇياش ئەڭ سەممىي نۇرلىرىنى بۇ يەرگە بېرىدۇ. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى قوقاستەك قىزىپ كەتكەن زېمىنغا دەسسەپ يۈرۈپ، بەدەنلىرىنى مىس رەڭدە تاۋلايدۇ. ئۇلار بىپايان ئوت دېڭىزىدا قىيامەتنىڭ تەنھالىقىنى مەشق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرۇپ، قاغجىراپ كەتكەن لەۋلىرىدىن كەۋسەردەك سەگىتمە ناخشىلار ئۇرغۇپ چىقىپ، كۆكۈل ۋادىسىدا باراقسان بوستانلارنى پەيدا قىلىدۇ.

بۇ يەرنىڭ قىزلىرىنىڭ مېڭىشىدا دۇنخۇاڭ غارلىرىدىكى سەنەملەرنىڭ نەپىس جەۋلانلىرى بار. مىڭئۆي تارىخ ھەزىم قىلالمىغان مىلك قۇڭغۇراق، يىللار شامىلىنىڭ توختاۋسىز تېگىشى ئىنسانىيەتنىڭ تېخى تەبىر تاپمىغان نازاكەتلىك پىنھان چۈشىدىن سادا بېرىدۇ.

بۇ يەرنىڭ كىشىلىرى خۇددى ۋاڭ مېڭ تەسۋىرلىگەندەك ساددا، ئاق كۆڭۈل، ھېسسىياتچان ۋە يۇمۇرلۇق. لېكىن ئۇلارنىڭ ساددىلىقىدا پەيلاسوپلارغا خاس چوڭقۇرلۇق بار. ۋاڭ مېڭنىڭ تىل ئۇسلۇبىغا بۇ يەردىكى ئۇيغۇلارنىڭ شوخ ۋە بەڭۋاش گېپلىرى قوشۇلۇپ كەتكەن. ۋاڭ مېڭ ئۇيغۇر تىلىنى ئىككىنچى ئانا تىلىم دېگەن. تىل روھىي ۋەتەن. بۇ تىلدا ئوخشىمىغان ھايات ئىقلىملىرى تۇغقانغا ئايلىنىدۇ. تاش ئۇخلاپ قالغان كۈي بولۇپ چىقىدۇ. زەھەر ئاقساقاللارنىڭ خاسىيەتلىك دۇئاسى بىلەن شەربەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ تىلدا تۇمانلار كۈلۈمسىرەيدۇ، ئاسمان پەقەت چېكىت بولۇپ قالىدۇ. بۇ تىل مەڭگۈلۈككە سوزۇلغان ئۇزاق يول. يۇلتۇزلار

شائىرلارنىڭ سەپىرىدىن ئۆنگەن تۇزان .

بۇ يەردە شۇنداق بىر روھىي كامالەت بار: بۇ كامالەت نەسرىدىن ئەپەندىگە ئوخشاش ھېكمەتلىك كۈلەلەيدىغان كومېدىيىلىك ئوبرازنى ياراتقان . ئەگەر نەسرىدىن ئەپەندى نامىغا توقۇلغان لەتىپىلەرنى بىر يەرگە جەم قىلىپ سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ئۇنىڭ كۈلكىسى ھادىسىلەر مەنتىقىسىنى زورمۇ زور بۇرمىلاشتىن كەلگەن يۈزەكى كۈلكە ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ ماھىيىتىگە يېتىشتىن كېيىنكى تەسەۋۋۇپچە كۈلكە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئۇنىڭ بىپەرۋالىقىدا ئالەملىك قانۇنىيەتكە نىسبەتەن چوڭقۇر ھۆرمەت ئەكس ئەتكەن، ئۇنىڭ ئەخمەقلىقىدە ھۆكۈمرانلار ۋە جاھانسازلارغا قارىتا ئاچچىق تەنە بار. ئۇ، كىشىلىك خاراكتېرنىڭ ھەممە قىرلىرىنى ئۆزىگە تولۇق مەركەزلەشتۈرگەن تەۋەككۈلانە ئوبراز. بۇ كومېدىيىلىك ئوبرازنىڭ ئەكسىچە بولغان يەنە بىر سەنئەت مۆجىزىسى بار، ئۇ بولسىمۇ، دۇنيا بويىچە ئەڭ زور مۇزىكىلىق داستان ئۇيغۇر 12 مۇقامى . ئۇيغۇرلار ھايات، ئالەم ۋە ئىلاھ بىلەن بولغان سىرلىق دىئالوگنى بۇ دىئالوگنىڭ قاتلىمىدىن ئوخچۇپ چىققان مەنە فونتانلىرىنى مۇزىكا رەۋىشىدە ئىزھار قىلىدۇ. بۇ مۇزىكىلاردا شۇنداق بىر مۇڭ باركى، بۇ مۇڭ ھەرگىزمۇ ئادەتتىكى ھاياتنىڭ كوچىلىرىدا ئېزىپ يۈرگەن ئادەمنىڭ  چۈشكۈنلۈكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ، ئەكسىچە، پانىي ھاياتتىن ھالقىشتىن كېيىنكى ئىلاھىي ماكاننىڭ چەكسىزلىكىدە تونۇلغان ھەيرانلىق، ئىزتىراپ، بىلىشكە بولغان تەشنالىق، ئالەم روھى ئىلكىدىكى لاماكانلىق بار. ئۇنىڭدىكى تېكىستلەر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى جەۋھەرلەر سۈپىتىدە مۇزىكىدىن ئىبارەت پەرىشتىلەر تىلىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى ئۆتىگەن. نەسرىدىن ئەپەندىدە ھاياتقا نىسبەتەن كومېدىيىلىك نەزەر ئىپادىلەنگەن بولسا، ئۇيغۇر 12 مۇقامىدا بىرخىل سىرلىق تەشۋىش، شېرىن تەلپۈنۈش، يارقىن مۇڭ ئەكس ئەتكەن. مانا بۇ ھاياتقا تۇتۇلغان يەڭگىل ۋە قاتتىق پوزىتسىيىنىڭ ئوخشاش قىممەتتىكى يۈكسەك ئېستېتىك دۇنياغا ئايلاندۇرۇلۇشى .

تارىخ، تەرەققىيات، تەبىئەت، خاتىرە . . .

تارىخ بۇ يەردە يۈز بەرگەن ئىشلاردىن، ئىنسان كامالىتى ھەققىدىكى بەدىئىي بايقاشلاردىن ئوكتاۋئىوپاز يازغان سىرلىق تەنھا قەسرنى قۇرۇپ چىققان. بۇ قەسر ئۆزىدىكى ھەرقانداق تەۋەككۈلچىنى ئىرماش - چىرماش كوچىلىرى بىلەن مۇقەددەس بىر سۈزۈكلۈككە يېتەكلەيدۇ. بۇ سۈزۈكلۈك دەل ئەدەبىيلىكنىڭ ئىشكى . تەكلىماكان ئەنە شۇنداق سىرلىق تەنھا قەسرنىڭ ماددىي كۆرۈنۈشى بولۇپ، بۇ يەردىكى قۇم بارخانلىرى تىنماي چىقىپ تۇرغان شاماللاردا ئورنى ۋە ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدۇ. لەھزىلەر ئارا تۇغۇلغان قۇم قەلئەلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان تالاي ئەسىرلىك تىلسىملارنى شاماللار تىلىدا بوغۇق جاكارلاپ، ئىككىنچى بىر شەكىلگە كىرىدۇ. مانا بۇ سىر تاشقىنى، بۇ تاشقىندىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھاۋالىسى بەرق ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ھازىرنىڭ ئۇپۇقلىرى جامال ئېچىپ نۇر ياماشلىرىنىڭ سۈرئىتىدە يېڭىچە ئالەمگە ئايلىنىپ تۇرىدۇ.

تارىخ، تەرەققىيات، ئۈنتۈش، ئىزنىقىش . . .

دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى ۋە مەدەنىي ئالاقىلەرنىڭ دېڭىز ئارقىلىق بولۇشى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى، جۈملىدىن تەكلىماكان ۋادىلىرىدىكى تورسىمان تۈگۈنلىرىنى ئۈنتۈلدۈرۈشقا باشلىدى. ھىندىستان، كەشمىر، شام (سۇرىيە)، ئىران، ئىراقلارغا، شۇنداقلا چاڭئەن، سۇجۇلارغا مېڭىپ تۇرىدىغان سودا كارۋانلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك كولدۇرما ئاۋازلىرى ئاستا - ئاستا سۇسلىشىپ، كىشىلەرنىڭ جاھانغا پۇر كەتكەن ئىجادكار روھى ئوكيان ساھىللىرىنى ئېكسپېدىتسىيلىرى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇشقا باشلىغان ياۋروپا كىشىلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا نۇر چېچىشقا باشلىدى.

ئەنە شۇ شانلىق تارىخ، ئەنە شۇ پارلاق مەدەنىيەت، شېئىرىيەت، مۇزىكا، رەسساملەرنىڭ ئەينى دەۋرلەردىكى گارمونىك گۈللىنىشى ئەمدىلىكتە جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى سانلىق ئالىملارلا بىلىدىغان گۈزەل رىۋايەت بولۇپ قالدى. دەۋرنىڭ سىرلىق مۆجىزىلىرى داڭلىق مۇزېيلارغا نوپۇز ۋە شۆھرەت ئاتا قىلغۇچى قىممەتلىك بېزەككە ئايلاندى، شۇنداقلا تىرىك تارىخنىڭ سۆلتى، كۈچى ۋە قەھرى بولۇشتىن قالدى. ئۇلاردىن ھۇزۇرلىنىش، ئۇلارنى بىلىش پەقەت ئاز ساندىكى ئاكادېمىكلارنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى.

گارسىيە ماركوس "يۈز يىل غېرىبلىق" رومانىدا لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ دۇنياۋى ئورتاقلىق ۋە گۈللىنىشتىن مەھرۇم ھالدىكى تەنھالىقىنى دۇنياغا ئاڭلاتتى. مانا ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، لاتىن ئامېرىكىسى ئەمدىلىكتە ھەرگىز تەنھا ئەمەس، ئۇلار بۈگۈن ھەيۋەتلىك دۇنياۋى ئېقىمنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنلىرىغا ئايلاندى. ئۇلاردىن چىققان گارسىيە ماركوس، پابلو نېرودا، ئوكتاۋئوپاز، بورخىس، ئاستورىياس قاتارلىقلارنى پۈتكۈل جاھان ئۇستاز، دەپ تونۇيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرى ئىنسان تەقدىرىنىڭ ئۆزگىچە خىلۋەت كۆرۈنۈشلىرىنى تەسۋىرلەپ، كىشىگە چىن ئىنساني سۆيگۈ ۋە گۈزەللىك ھەققىدە چوڭقۇر ساۋاقلارنى بېرىدىغان ئۈنۈۋېرسىتېتقا ئايلاندى.

تەكلىماكان ۋادىلىرىدا مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى قۇچاقلاپ ياتقان كىشىلەر لاتىن ئامېرىكىسى مۇشۇ ئەسىردە تەرك ئەتكەن ئېغىر تەنھالىقنى ئۆزىنىڭ تەقدىرى سۈپىتىدە كۆرۈپ كەلمەكتە. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ ھەرگىزمۇ بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تاللىۋېلىشى ئەمەس، بەلكى ئۈنتۈغاق تارىخنىڭ يادنامىسى. بۇ يەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەدەبىياتى دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان ئىقلىملىرىدىكى تۈرلۈك خەلقلەرنى، دىنلارنى، ئۇلارنىڭ ھەققەت يولىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئۆزىنىڭ رېئال مەسىلىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىيالىدى. بۇ يەرنىڭ خەلقى ئۆزلىرىنىڭ چۆچەك - ئەپسانىلىرىدە، قىسسە - داستانلىرىدا دۇنياۋىلىقنى تېما قىلدى. 15 - ئەسىردىكى بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى ئەلشىر ناۋائيي ماكېدونىيلىك ئىسكەندەر ھەققىدە داستان يازدى. ئۇنىڭ قەلەمىدە خوتەن شاھزادىسى پەرھاد ئەرمەنىستان مەلىكىسى شىرىننى ياخشى

كۆرۈپ قىلىپ، قۇرغاقچىلىق ۋەھىمىسىدە قالغان ئەرمەن خەلقىغە سۇ باشلاپ كېلىدۇ. مانا بۇ بىز بۈگۈن ھەدەپ تىلغا ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىنتېرناتسىئونالىزم، پلاتون، ئارىستوتېل ئىدىيىلىرى مىڭ يىل ئىلگىرىلا فارابى ئارقىلىق بۇ يەرنىڭ كىشىلىرىگە ئۆزلەشكەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ "قۇتادغۇ بىلىك" ئەسىرىدە گرېك ماتېماتىكلىرىنىڭ ئىسمى كۆزگە چېلىقىدۇ. ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئەسەلىرىدە سوقرات غاردىكى ئەۋلىيا سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەتتا گرېك ئالىملىرى خەلقىمىزگە شۇ قەدەر ئومۇملاشقانكى، بىر قىسىم قىسسە - چۆچەكلەردە پەيغەمبەرلەر قاتارىدا مۇقەددەسلەشتۈرۈلىدۇ.

بۈيۈك پارس شائىرى شەيخ سەئىدىنىڭ "گۈلىستان" ئەسىرى بۇ يەردىكى ئەنئەنىۋى مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىكى بولۇپ كەلدى. ئەرەب - پارس تىللىرى بۇ يەردىكى مىڭ يىللىق مائارىپ تارىخىدا ئۆگىنىش ئىزچىل يولغا قويۇلۇپ كەلگەن چەت ئەل تىللىرى ئىدى. خوجا ھافىز، جالالىدىن رۇمىي قاتارلىق پارس تىللىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بۇ يەردە ھەممىگە تونۇش. سەئىدىيە خانلىقى ۋە ئافاق خوجا دەۋىردىكى ئوردىلاردا ئۆتكۈزۈلگەن مۇشائىرىلەردە جالالىدىن رۇمىينىڭ شېئىرلىرى بىۋاستە پارسچە ئوقۇلاتتى. 19 - ئەسىرگە كەلگەندە بۇ شائىرلارنىڭ دىئالېكتىك ئېلېمېنتلارغا باي تەسەۋۋۇپ ئىدىيىلىرى گېرمانىيە مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىلھام بۇلىقىغا ئايلاندى. گېگىل جالالىدىن رۇمىينى ئۆزىگە تەسىر كۆرسەتكەن بۈيۈك ئۇستاز قاتارىدا تىلغا ئالىدۇ. گيوتى ھافىزنىڭ غەزەللىرىنى تولۇپ تاشقان رومانتىك قىزغىنلىق بىلەن قەدىرلەيدۇ، ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يازىدۇ( گيوتىنىڭ "" نامىلىق توپلىمىغا قارالسۇن ) .

شەيخ سەئىدىنىڭ قەشقەرگە كەلگەندە ھېيتگاھ مەسچىتىدە ناماز ئوقۇغانلىقى ھەققىدىكى قەيتلەر بار، ئەرەب تەسەۋۋۇپ پەلسەپىسىنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى بولغان غەززالىنىڭ قەشقەر مەدرىسلىرىگە كېلىپ مۇدەررىسلىك قىلغانلىقى ھەققىدە خەلق قىسسىلىرى بار. بۈنىڭدىن سىرتقى دۇنياغا نىسبەتەن روھىيەت ئىشىكلىرىنى داغدام ئېچىۋەتكەن، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى يىمىرىلمەس ئىممۇنت كۈچى بىلەن ھەزىم قىلغان بىر خەلقنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس . تۇران، ھىندىستان، ئىران، يۇنان، ئىراق قاتارلىق ئەللەر بىلەن قۇتۇپلانغان مەزكۇر مەدەنىيەت بەلۋاغلىرىدىن تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگە قېرىنداشلىقنى ، ئىلغارلىقنى ۋە بىر - بىرىگە بولغان ساپ پەرۋىشكارلىقنى تونۇپ يېتىش تەس ئەمەس.

20 - ئەسىر ئەنە شۇنداق جەڭگىۋار ئەنئەنە ئېغىر ۋەيران بولۇپ، مەدەنىيەت جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك ئەۋجىگە چىققان، ئىجابىي روھ يىگىلىگەن، ياتلىششنىڭ بوھرانلىرى ئۇزۇلمەي يۈز بېرىپ تۇرغان بىر ئەسىر بولدى. بىز زامانىۋىلىقنىڭ دۇنياۋى رەپتارىدىن خېلى يىراقتا قالدۇق. ئەجدادلىرىمىزنىڭ شاش، غالىب روھى گاڭگىرىغان، توغرا ئەقىدىنى تاپالمىغان ھالىتىمىز بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولدى. دېمەك، تارىختا بۇرۇن گۈللەنگەن مىللەتلەردە كۆرۈلگەن ھازىرقى ئەنە شۇنداق قاتمال ھالەت بىزدە ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە ئەكس ئەتتى .

روھىي سۇلغۇنلۇق ئۇنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى بولغان شېئىرىيەتتە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. شېئىرىيەت ئىنسان روھىدىن ئىبارەت بۇ ئورىبېتىدىن چىقىپ كەتكەنسېرى يۇمرانلىقىنى، بىغۇبارلىقىنى، ھالال ۋە خاسلىقىنى يوقاتتى. قېپقالغىنى تولا ئىشلىتىپ جۇلقى چىقىپ كەتكەن قاپىيە شەكلى، تۇراقلىشىپ فورمۇلاغا ئوخشاپ كەتكەن بىرقانچە ئوبرازلاردىن ئىبارەت. شېئىرىيەت ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق كېسەلچان ئەپتى بىلەن دىداكتىكا ئېلىپ باردى، ساختا ئوبراز، يالغان چېچەنلىك ۋە تاشقى بېزەكدارلىقى بىلەن دەۋرنىڭ ماھىيەتتىن يىراق كۆپۈكلىرىنى كۆيلىدى، چوڭقۇر دېڭىز شېئىرىيەتتىن خالىي قېلىۋەردى. شائىرلارنىڭ خىيالىدا پوئېتىك پەرۋاز، پەلسەپۋى سېنتېزلاش پۈتۈنلەي غايىب بولدى. شېئىرلار بۇيرۇتما قىلىپ يېزىلغان بولدى. ئۆزىدىكى سەممىيلىكنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان بۇ شېئىرلار دەۋرنىڭ شائىر دۇنياسىغا بولغان چاكىنا ئارىلىششىنى چاندۇرۇپ قويدى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى بۇ ھال ئەلۋەتتە ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئەدەبىيات بىلەن تەقدىرداش ھالدا كېلىپ چىقتى.

جەمئىيەتتە شېئىرىيەت ئۇچۇن جىددىي كېرەك بولىدىغان ئوكسىگېننىڭ بولماسلىقى تىلنىڭ مېيىپلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سۆزلەر ئۆزىنىڭ تۇيغۇغا نامراتلىقى تۈپەيلىدىن لاپسىيىپ قالدى. بىراق ئىنسان ئۆز تەبىئىتىگە يات رېئاللىقنى ھامان قوبۇل قىلالمايدۇ، جۇڭگولۇقلار ئاپەتلىك "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى" دىن كېيىنكى ئازراق روھىي ئازادىلىكنى ئاخىر تاپتى. بۇ ئاز - تولا روھىي ئازادىلىك تۇنجۇققان، قاغجىرىغان ئىنسانىيلىقنىڭ كۆرىشىگە ئىمكانىيەت ياراتتى. ئاز - تولا روھىي ئازادىلىك غايىسىگە ئېچىلغان رۇجەكتىن كىشىلەر مەلۇم نىسبەتتە ئۆز تەبىئىتىگە لايىق غايىۋى رەڭلەرنى كۆرۈپ ئاچىدۇ، ئۆزى ھەققىدە سەممىي ئويلاشقا ئۈلگۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئىنكاس ۋە ئىپادىلەشنى ماھىيەتكە شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدۇ. مەشھۇر ئەدەبىي ئوبزورچى شى ميەن ئەپەندى مۇنداق دېگەنىدى: "شېئىرىيەت سەنئىتىنىڭ سولۇپ يەنە ياشنىشى، ھالاك بولۇپ يەنەھاياتلىق تېپىشى ھەرقانداق كۈچ رەت قىلالمىغان بىرخىل تارىخىي قانۇنىيەت" ( "گۇڭگا شېئىرلاردىن تاللانما"، باھار شاملى ئەدەبىيات - سەنئەت نەشرىياتى، 1987 - يىل شېنياڭ ).

ئۇزاق مەزگىللىك قاتماللىقتىن كېيىنكى بىردىنبىر تاللاش ئەلۋەتتە ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھاتتىن ئىبارەت بولىدۇ، بۇ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە، جۈملىدىن شېئىرىيەت ساھەسىدە بىر دولقۇننى شەكىللەندۈرىدۇ. بىبي داۋ، شۇتىڭ، گۇ چېڭ قاتارلىقلار مانا مۇشۇ دولقۇننى پەيدا قىلغان ئىسسىق بوران ئىدى، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى گويا تۇرمۇشتا يوق نەرسىلەرنى غۇۋا قىلىپ دەپ بېرىدۇ. ئۇ نەرسىلەر سىرتقى تۇرمۇش ھادىسىلىرىگە تەتبىقلىغاندا ئەقلىغا سىغمايدىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما ئىنساننىڭ روھىي ھادىسىلىرىغا شۇنچە يېقىن ئىدى، ئۇلارنىڭ باتىن ( روھى ) كۆز بىلەن كۆرگەندە شۇنچە يارقىن، گۈزەل بولۇپلا قالماي، يەنە رېئاللىقنىڭ خىلۋەت بىر پارچە زېمىنى بولۇپ چىقىدۇ.

بىي داۋ باشچىلىقىدىكى "گۈڭگا شېئىرلار" بارلىققا كەلگەندە ۋە بۇ ھەقتە قىزغىن بەس - مۇنازىرە بولىۋاتقاندا، ئۇيغۇرلاردىمۇ ئەخمەتجان ئوسمان باشچىلىقىدىكى شېئىرىيەت ھەرىكىتى باشلاندى. بىر قىسىم ياش شائىرلار بىي داۋ قاتارلىق زاماندىش شائىرلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلدى. مۇختار مەخسۇت، پەرھات ئىلياس قاتارلىق شائىرلار بىي داۋ، شۇتىڭلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردى. ئۇلار خەنزۇ شېئىرى تىل قۇرۇلمىسىدىكى بەزى مىللىي خاسلىقلارنى ئۇيغۇر شېئىرى تىلىدا سىناق قىلدى. بىراق ئەخمەتجان ئوسماننىڭ تەسىر قوبۇل قىلىشىدىكى روھىي زېمىنى ئەرەب تىلىدىن ئىبارەت بولدى. ئۇ سۈرىيىنىڭ دەمەشق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئالتە يىل ئوقۇش جەريانىدا مىستېتىك تۇيغۇغا باي ئەرەب شېئىرىيىتى بىلەن يېتەرلىك تونۇشتى. روھىيەتتىكى مۆرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ كۆرۈنمەس دەرىجىدىكى نازۇك قۇلۇپلىرىنى تۈمەنمىڭ ھۈنەر بىلەن ئېچىپ تاشلايدىغان مۇزىكىدار ئەرەب تىلى ئۇنى مەنە پەلەكلىرىنىڭ يارقىن سەييارىلىرى ئارىسىغا باشلاپ كىردى. ئىنسانىي چەكلىك مەبۇدلار ۋە پانىي نوپۇزلارنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنىڭ ئۇپۇقىنى ئىلھامبەخش سۆيگۈ بىلەن ئېچىپ بەرگەن مۇقەددەس "قۇرئان كەرىم" ئۇنىڭ شېئىرىيەت ئۆچۈن كېرەك بولىدىغان سەزگۈلىرىنى كەسكىن ئويغاتقاندا، پانىي ئاسارەتكە مەھكۇم ئۇنىڭ ۋۇجۇدى تىتىلىپ كەتكۈدەك بولاتتى. بۇنى ئۇنىڭ شېئىرىدىن ئىبارەت تەرجىمھالى ئايان قىلدى. ئۇ، ئىلاھىي دۇنيانىڭ پايانسىزلىقىدا ئۆزىنىڭ بەندىلىكىنى ھېس قىلاتتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىسيانىدىن مەغرۇرلانغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىبلىسلىقىنى ئاشكارىلايتتى. ئۇنىڭ پەلسەپە مەكتىپىدىن قوبۇل قىلغانلىرى ئىبلىستەك خۇش پۇراق ۋە مەست قىلغۇچ ئىدى، شۇنداقلا ئىبلىستەك گۇناھبەخش ئىدى. ئۇ، مەڭگۈلۈك پالىنىشنىڭ سەپىرىدە بايقاش ئېلىپ باراتتى، بايقاشلىرىدىن كېلىپ چىققان سامانى قان تېمىپ تۇرغان يۇلتۇزلىرى بىلەن مىخلايتتى، بۇ يۇلتۇز سۆز ئىدى، قان ئېرىشىش بەدەللىرى ئىدى.

ئەخمەتجان ئوسماننىڭ سۈرىيىدە ئەرەب تىلىدا نەشر قىلىنغان "تويلار سىرى" ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا سۈرىيە ئوبزورچىسى نازىم مۇھەننا"باياۋان ئېستېتىكىسى" دېگەن نامنى بەرگەنىدى. باياۋاندا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوبراز ۋە قىياپەتلەر بولمايدۇ. بىپايان ئاسماننىڭ تېگىدە سىدام قۇم دونياسى ئۇپۇققا سىڭىپ كېتىدۇ. ئۇ يەردە ۋاقىت گويا توختاپ قېلىش رەۋىشىدە چەكسىز كېڭەيگەن بولىدۇ. ئۇ يەردە باشلىنىش يوق، ئاخىرلىششىمۇ يوق، ئۇ يەردە ئاۋازمۇ يوق، سۈكۈنات بۇ ئىقلىمنىڭ ئېقىش يۆنىلىشى. مانا بۇ تەبىئەتتىكى تەسەۋۋۇپ. شائىر بۇ يەردىن ئۆزى تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان سىرلىق تەكلىماكاننىڭ رەمزىنى كۆرىدۇ. ئۇ، ئەرەب باياۋانلىرىدا يۈرۈپمۇ قەلبىنى ئۆزىنىڭ ئانا سەھرالىرىدا دوملىتىدۇ.

ياش شائىرلار ئالدى بىلەن شېئىرنى ساختا بۇرچكارلىقتىن ئازاد قىلدى. ئۇلار "شېئىرنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىپىسى بار" دېگەن سۆزدىن دادىل گۇمانلىنىپ، شېئىرنى پاك ئادىمىي خاسلىق سۈپىتىدە تونۇدى. شېئىر بىر قاتار قائىدە - نىزاملارنىڭ يىغىندىسى ياكى قانداقتۇر بىر

ئىجتىمائىي نوپۇزنىڭ بىقىندىسى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلىڭ ئۆز - ئۆزىنى سىزىش قۇدرىتى، بۇنداق سىزىش مۇئەييەن مۇھىتنى شەرت قىلغان ھالدا يۈز بېرىدۇ، دەپ تەشەببۇس قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن مۇنازىرە بولدى:

A: شېئىر چۈشىنىلىشى كېرەك، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئەھمىيىتى بولىدۇ.

B: شېئىر چۈشىنىلىشى كېرەك ئەمەس، ھېس قىلىنىشى كېرەك. تەلپۈنۈش يۈزدە - يۈز چۈشىنىشنىڭ مەھسۇلى ئەمەس.

A: شېئىر بىرخىل ئىدىيە مۇكەممەللىكى.

B: شېئىر بىرخىل كەيپىيات، بىرخىل ئۆزۈڭ سىزىق.

A: شېئىر مەنتىقىدە.

B: شېئىر مەنتىقىنىڭ سىرتىدا.

A: قاپىيە شېئىرنىڭ ھۆسنى.

B: قاپىيە شېئىردىكى مۇزىكىنىڭ ئەڭ ئاشكارا ئامىلى. "شېئىر ئاۋاز بىلەن تۇيغۇ ئوتتۇرىسىدىكى تەۋرىنىش" ( پول ۋالېرىي ).

روشەنكى، ياشلار شېئىرىيىتى مەزمۇن ئاسارەتلىرى ۋە شەكىل قانائەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ، شېئىرىيەتنى ياتلىششتىن ئىلگىرىكى ھەقىقىي ھالەتكە قايتۇرۇش ھەرىكىتىدىن بەلگە بەردى. ئۇلار غەرب مودېرنىزم شېئىرلىرىنىڭ تىل، قۇرۇلما جەھەتتىكى يېڭىچە ئۇسلۇبلىرىنى ئۆگەندى ۋە ئۆزلەشتۈردى. لېكىن ياشلارنىڭ شېئىرىيىتى يەنىلا "ئوغۇزنامە"، تاش ئابىدىلەر، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر ناۋائىي، مەشرەپ، موللا بىلاللارنىڭ ئاساسلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغان شېئىرىيەتتۇر. چۈنكى ياشلار ئەجدادلىرى تەرىپىدىن پىشۇرۇلغان شېئىرىي تىلنىڭ ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئىمكانىيەتلىرىنى زورايتىشقا تىرىشتى. گەرچە ئۇلار غەربتىن ئۆگەنسىمۇ، ئەمما ئانا تىلدىكى ئىرسىيەت ۋە تۇرمۇشتىكى مىللىيەت ئۇلارنى مۇستەقىل خاھىشقا ئۈندىدى. ئۇلار ھېرمان ھىسسىي ئارقىلىق ئەھمەد يەسسەۋىينى، سان جون پېرىس ئارقىلىق ئەلشىر ناۋائىينى قايتا تاپتى. ئۇلار ئەجدادلىرى ياراتقان شېئىرىيەتتىن دۇنياغا ئورتاق بولغان ئامىلنىڭ نۇرغۇن ئىكەنلىكىنى بايقاپ غۇرۇرلاندى.

بىپى داۋلار تارىخىي ئويلىنىشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولسا، ئۇيغۇر ياش شائىرلىرى مىللىي ئەپسانىلەرنىڭ دۇنياۋى مەنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى نىشان قىلدى. چۈنكى ئىنسانلىڭ قابىلىيەت بايىلىقنى ئەڭ كەڭ دائىرىدە قىزىپ چىقىرىشنى مەقسەت قىلغان كېيىنكى سانائەت دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى تېرىمنى ئاساس قىلغان دېھقان مىللىتى سۈپىتىدە ياشاۋاتاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پوئېتىك تەپەككۇر ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ خەلقنىڭ مىجەزىدە، تىلدا، ئېتىقاد ۋە ئۆرپ - ئادىتىدە قويۇق شائىرانە قاننىڭ ئىسسىق ھىدى ئۆرلەپ تۇرىدۇ. ياشاش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت

ئىجتىمائىي دارۋىنىزم ئەڭ رەھىمسىز تۈس ئالغان بۈگۈنكى شارائىتتىمۇ، بۇ خەلق ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە باللارچە مەسئۇلىيەتسىز قارايدۇ. ساناتەتنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ۋە بۇلغىنىشلىرى قاپلىغان، كۆيگەن نېفىت گازى پۇراپ كەتكەن ھاۋادا بۇ خەلقتىن يەنىلا تۇپراق، ئۆسۈملۈك پۇراپ تۇرىدۇ. مانا بۇ شېئىر قاغجىراۋاتقان دۇنيادىكى ساپ شېئىر T. S ئېلىئوت سۆرەتلىگەن باياۋان بۈگۈنكى دۇنيادا ئاپەت خاراكتېرلىك كېڭەيدى، شېئىرنىڭ ۋەتىنى تارايدى. شېئىر بۈگۈنكى شارائىتتا كىشىلەرنىڭ قىنى ۋە مجەزىدىكى جەۋھەر ئەمەس، ئەكسىچە ماھارەتكە ئايلاندى. شۇڭلاشقا دۇنيا بۇ خەلقنى سەزمىدى. لاتىن ئامېرىكىسىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان ئېغىر تەنھالىق بۇ خەلقنى شېئىرنى، مۇزىكىنى، شارابنى، خۇدانى سۆيۈشكە ئۈگەتتى. بارغانسېرى ئىچ مجەز بولۇپ كەتكەن بۇ خەلق ئالەمنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۆز زىددىيىتىنىڭ ئىچكى تاناسىپلىقى ئارقىلىق چۈشىنىدىغان بولدى. ئۇلار پاكىز قەلبىنىڭ ئەڭ خىلۋەت ئىچىگە چېكىنىۋەرگەچكە، ئۆزىنىڭ پايانىنى ئالەمگە باراۋەر ھېس قىلىدىغان بولدى.

مانا بۇ شائىر مىللەتنىڭ تەقدىر مەنتىقىسى. شېئىرىيەت ھۆججەتسىزىدىن پۈتكەن بۇ ھالال ۋۇجۇد نۇرغۇن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى ياكى نۇرغۇن نوبېل تىنچلىق مۇكاپاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

ئۇيغۇر شېئىرىيەت دۇنياسى تېخى ھېچكىم بايقىمىغان يېگانە ئارال، لېكىن بۇ ئارال روبىنزون كىروزوغا ئۇچراپ قالغان ھېلىقى ياۋايىلار ئارىلىغا ئوخشىمايدۇ. بۇ يەردە مىللىي خاسلىقى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان پارلاق مەدەنىيەت ۋە شېئىرىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق سۇلالىسى بار.

قولىڭىزدىكى بۇ توپلام بۈگۈنكى ئۇيغۇر ياش شائىرلىرىنىڭ دېڭىزىدىن ئىرغىپ چىققان بىر چاڭگال سەدەپ، ئۇنى بىر پۈتۈن مىللىي شېئىرىيەتنىڭ بالاغىتى سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى تارىختىكى بىر قانچە قېتىملىق بالاغەتنى تەكرارلاشقا بولغان كۈچلۈك ئىنتىلىشنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە تونۇسىڭىز بولىدۇ.

كىمگىدۇر شېئىرىيەت نىقاب بولسا گەر،
كىم ئۈچۈندۇر دۇكان
بايلىق مەنبەسى.
ئۇنىڭ ئۈچۈن بولسا نىقاب ئەمەس دەرد،
شۇنداق ئاغرار ئىدى نازىم يۈرىكى.
– "نازىم يۈرىكى"

مانا بۇ رۇس شائىرى يېۋگېنىي يېۋتوشېنكونىڭ ئۇيغۇر شائىرى موللا بىلال نازىمغا بەرگەن باھاسى.

شېئىر ئۇيغۇر ئۈچۈن ھاياتنىڭ ئۆزى، ئۇ ئوقۇيدىغان نەرسە ئەمەس، ياشايدىغان نەرسە.

1999 - يىل ئىيۇل

# ئەدەبىي ساۋاتنىڭ قازىلىق ئورنى قەيەردىن كەلگەن؟

1

ئىنسانلار تۇتىمىزم دەۋرىدە ياكى ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەر قانداق نەرسىدە روھنىڭ بولىدىغانلىقىغا لەززەت بىلەن ئىشەنگەندى. زامانلار تالاي ئىلىم دەۋرەشلىرىنى، جۈملىدىن ئەقلچىلىك، ئۇنۇمچىلىك مۇساپىلىرىنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن، دۇنيا ماددىي ھالاۋەتشۇناسلىق، ئەخلاقىي چىركىنلىكلەر تۇپەيلى ئېغىر ۋەيران بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، شەيئىلەر ئارا پايانسىز ئۇچۇر تورىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تەجرىبە ئارقىلىق تونۇپ يەتتى، يىراق يەردىكى بىر تۈپ دەرەخ، دېڭىزنىڭ تەكتىدىكى بىر تۈپ گىياھ، يىلاننىڭ خىرىسىغا دۇچ كېلىۋاتقان كىچىك قۇش، ئاستا ـ ئاستا چوڭقۇرلاپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئىنچىكە يىلتىز ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ھاياتىمىز، ئەقلىي قوماندانلىق چاڭگىلىدىكى ۋۇجۇدىمىز، بىز ئۇنتۇپ كەتكەن قايسىدۇر بىر ئىقتىدارى بىلەن ئالەم سۆھبىتى ئېلىپ بارىدۇ.

"بولدۇم بىنامەن تۇپراق ئىچىندە،

بىر دانە ئەردىم، مىڭ دانە بولدۇم."

شائىر مەشرەپ ئۆزىنىڭ مەۋجۇدىيەت نېگىزى بولمىش روھىنى ۋۇجۇدىدىن تاشقىرى ھەربىر نەرسىدىن كۆرۈپ يېتەلىگەن. بۇ خۇددى يېگانە بىر قۇياش ئۆز خىسلىتىنى ھەربىر كۆل، ھەربىر ياپراق، ھەربىر كۆزدىن ئۇچراتقىنىدەك ئەھۋال. قۇياش روھى ھەربىر لەھزىدە بىر ـ بىرىگە زىنھار ئوخشاشمايدىغان شەكىل بىلەن قېنىمىز ھەرىكىتىنىڭ يېڭىدىن ـ يېڭى كۆزلىرىگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، بۇ روھنى شائىر تىل بىلەن، مۇزىكانت ئۈن بىلەن، رەسسام گۈن (رەڭ) بىلەن ئىزھار قىلىدۇ. تەپەككۇر تارىخىمىز شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شائىرلار ئىلھام (ئالەملىك ئۇچۇر) نىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر دەقىقە ئىچىدە جاكارلىغان ھەقىقەتنى پەن نەچچە مىڭ يىل ئىچىدە ئىسپاتلايدۇ. بىز مەيلى سېزەيلى ياكى سەزمەيلى، مەيلى ئېتىراپ قىلايلى ياكى قىلمايلى، نازۇك سەزگۈلىرىمىز بىلەن پايانسىز ئالەم سۆھبىتىگە ھەمىشە داخىل بولۇپ تۇرىمىز. بىز تەرجىمە كەتمەيدىغان يەنە بىر بوشلۇق ئىچىدە شەيئىلەر بىلەن ئوخشاش ھاياتنى باشتىن كەچۈرىمىز.

2

بىز ئۇقۇملار قايىنىمىغا كىرىپ قېلىپ، جەۋھىرىمىزنىڭ ئاۋازىنى يىتتۈرۈپ قويدۇق. ھەقىقىي بەدىئىي ئەسەرنىڭ داشقىلى ھېسابلىنىدىغان بەدىئىي فورما ۋە قېلىپلار ئاخىر سەنئەتنىڭ ئانا يىلتىزىنى قۇرۇتۇشقا قاراپ يۈزلەندى. ئۇلۇغ ئەدىبلەرنىڭ ئادەت كۈچلىرىگە قارشى بەدىئىي تالانتى قالدۇرغان ئۆلمەس ئەسەرلەر دەۋرلەرسىرى ياشاش جەريانىدا تاشلىغان قاسراقلار ئۇقۇملار سۈپىتىدە سەنئەتنىڭ مەنبەسىنى خىرەلەشتۈردى. بولۇپمۇ خىيالىي، ھېسسىي چايقاشلاردىن قايتا ـ قايتا ئۆتمىگەن قېرى ئۇقۇملار ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزدىكى ئېغىر خۇراپىيلىقنى

شەكىللەندۈردى. ئەدەبىي ساۋاتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئەدىبلەرنىڭ چۈقان سېلىپ تۇرغان جان ئۆركەشلىرىگە، ئۆزگىرىشچان تەسەۋۋۇر دۇنياسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان.

قېنى، بىز قاراپ باقايلى، بىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەمۇرىي ئورگىنى، بىر مۇھەررىر بىر پارچە ئەسەرگە نىسبەتەن سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچىدىن مەھرۇم ھالدا، كۆپ ئارقىدا قالغان ئەدەبىي ساۋات، قېلىپ ۋە قائىدە ـ مىزانلار بويىچە دىئاگنوز قويمىدىمۇ؟ ئوبزورچىلار ۋە تەتقىقاتچىلار ئاشۇ ئەدەبىي ساۋاتلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بەرگەن دەستەك بىلەن ئەدەبىي ھاياتنىڭ تولغىقىدىكى ئەدىبلەرنىڭ كاللىسىدا ياڭاق چېقىۋاتامدۇ؟ گويا غەيرىي ئەدىبلەر ھەقىقىي ئەدىبلەرنىڭ خاراكتېر ئارخىپىنى تۇرغۇزۇپ چىقىپ، كىشىلەرگە "بۇنى راست دەپ بىلىڭلار" دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەندەك ئەھۋاللار يۈز بەردى. بىر مەزگىللىك جەريان ئىسپاتلىدىكى، ئەدەبىي ساۋات ئۆز دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشتەك ئەخلاقسىزلىقى بىلەن ئەدىبنىڭ، تەبىئەت، جەمئىيەت، ئالەم ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان ئىچكى مۇناسىۋەت مەنتىقىسىنى ھۆرمەت قىلمىدى.

زادى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى مۇقەررەرلىكتىن كېلىپ چىققانمۇ ياكى زۆرۈرىيەتتىنمۇ؟ ھايات مۇقەررەرلىكمۇ ياكى زۆرۈرىيەتمۇ؟ بىز تۇغۇلۇشتىن بۇرى ئىنقىلابىي مەقسەتلەرگە ئىگىمىدۇق؟ بىز دۇنيادا ھاياتنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچنېمىسىنى كۆرمىدۇق. ھايات ھەققىدىكى تۈرلۈك قاراشلىرىمىزنى ھايات ھەققىدىكى تەسىراتلارنىڭ يىغىندىسى دېيىشكە ياكى ھاياتنىڭ ئۆزگىچە بىر ۋارىيانتى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ قاراشلار قانچىلىك ئاقىلانە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھاياتتىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكنى ئۆزگەرتىپ تاشلىيالمايدۇ. سېسىق ئالما ھىدى نېمە ئۈچۈن شائىر شىللېرنى (ئىزاھات: شىللېر گيوتى بىلەن دەۋرداش نېمىس شائىرى.) غىدىقلىيالايدۇ ئالمىنىڭ پىشىپ يەرگە چۈشۈشى ھاياتلىق بېكىتىدىكى بىر قېتىملىق ئالمىشىش، شىللېر سېسىغان ئالما ئارقىلىق ئاخىرەت مەنىسىگە ئىگە كۆزنىڭ دراماتىك مەنزىرىسىنى كۆرگەندەك بولىدۇ، بۇنىڭدىن كەلگەن ئىلھام شائىرنىڭ ئۆزىگىلا ئاڭلىنىدىغان ھۇۋلاش بىلەن، ئېتىنىڭ تىلىدىكى گۈزەل نەغمىگە ئايلىنىدۇ. ھايات ئەنە شۇنداق ھادىسە، ئۇ توختاۋسىز ۋاقىت سەپىرى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇقىم مەنىسىنى تاشلايدۇ. د. ھ. لاۋرىنس "مۇقىم مەنىدىكى ھايات بىزنىڭ بىر خىل خاتا چۈشەنچىمىز" دېگەنىدى. بىراق ئاشۇ خاتا چۈشەنچىگە ئاساسلانغان ئەدەبىي ساۋاتلار (لۇغەتلەشتۈرۈلگەن تەبىر ۋە چۈشەنچىلەر) ھاياتنىڭ ھەقىقىي بازىسىغا قاراپ ئىچكىرىلەۋاتقان ئەدىبلەرگە قارىتا قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئىسكەنجىگە ئايلىنىپ كەتتى، بۇ ئىسكەنجە چىيەن جۇڭشۇ ئەپەندى تەسۋىرلىگەن قورغاندەك ئىچكىرىدىكىلەرنىڭ چىققۇسى كەلمەيدىغان، تېشىدىكىلەرنىڭ كىرگۈسى كەلمەيدىغان ھالەتتە، ھەقىقەت بىلەن سەپسەتە ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق ئۇرۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئەدەبىي ساۋات بۈگۈنكى كۈندە، ئەدەبىيات قازىلىرىنىڭ كېسىم پىچىقىغا ئايلاندى، شۇنى كەسكىن ئۇقتۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئەدەبىياتتا قازى يوق. ئەدەبىياتتا روھىيەتلىك

تاناسىپ بار. كىمكى بۇ تاناسىپنىڭ مۇۋاپىق ئەزاسى بولالمايدىكەن، ئۇ، داۋراڭسىزلا شالىلىنىپ قالىدۇ. ئەدەبىياتتا نوپۇز يوق، بىكىتىلگەن ئۆلچەم تېخمۇ يوق، ئۇ بىر ئەركىن تەۋەككۇلچىلىك مەيدانى ، بۇ مەيداندا ھەركىم ئۆزىگە لايىق يول بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ھەقلىق، سەن مەيلى نېمىنى قانداق يازسەن، يازغانلىرىڭ قانداق ژانىر. . . بۇلارنىڭ ھەممىسى بەرىبىر. ئىشقىلىپ، سىنىڭ يازغانلىرىڭ كىشلەرنىڭ روھىغا تەگسۇن، ئىز قالدۇرسۇن، ھەقىقىي ھاياتنى تونۇتسۇن، بىر پارچە ئەسەر ئالدى بىلەن ئاپتورنىڭ، كېيىن كىتابخاننىڭ تامامەن ئۆزىگە مەنسۇپ ۋەتىنىگە ئايلىنالىسا سەنئەت دېگەن شۇ. سەن ھېچقاچان ئۆز ۋەتىنىڭدە تۇرۇپ يات ئىقلىمنىڭ ئەمىر ـ مەرۇپلىرى بىلەن سىقىلىپ يۈرمەيسەن.

3

ھىندىستان دانىشمەنلىرى: "سەنئەتتىكى يۈكسەكلىكنى باللاردىن ئۆگەن" دېگەنىكەن. تاگور ئەنە شۇنداق قىلدى ، ئۇ قېرىپ كەتكەن چاغلىرىدىمۇ باللىقتا خاس ئوماق قەلبىنى يوقىتىپ قويمىدى . قىزىمنىڭ ئۈچ ياش ۋاقتلىرى بولۇپ، رەسىم سىزىشقا ئىنتايىن بېرىلىپ كەتكەندى . بىر كۈنى ئۇ شەكلى تاشقا ئوخشايدىغان بىر كۆرۈنۈشنى سىزىپ، ئادەمنىڭ كۆز، بۇرۇنلىرىدىن دېرەك بېرىدىغان دۈگىلەكلەرنى ، ئەگرى ـ بۈگرى سىزىقلارنى ئوتتۇرىغا تەرتىپسىز ھالدا قوندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۇ بۇ "ئەسەر" نى ماڭا كۆرسەتكەندىن كېيىن، "بۇ نېمە، تاشمۇ؟" دەپ سورىدىم، قىزىم بىردىنلا دومسايدى ـ دە، "مەن ئادەم سىزغان تۇرسام" دېدى. مەن رەسىمگە قايتىدىن نەزەر سالدىم. بىر قارىسام ئۇ شەكلى ئۆزگەرگەن ئادەم بېشىدەك كۆرۈندى. بىر قارىسام، بىر پارچە تاش ئۆمچىيىپ قاراپ تۇرغاندەك كۆرۈندى. ئۇشتۇمتۇت ئاندىروتوماسىنىڭ "كائىنات ۋە ھاياتلىقنىڭ سىرى" دېگەن ئەسىرىدىكى "تاش ئەپەندى، بىز ئەسلىدە بىر ـ بىرىمىزگە ئوخشاش ئىدۇق" دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ قالدىم. بۇ بىئولوگىيىلىك تەدرىجي تەرەققىياتنىڭ ئالىي تۈرى بولغان ئىنسانلارنىڭ تەسىرلىك مۇراجىئىتى ئىدى . قىزىم ئالتە يېرىم ياشقا كىردى . ئۇ ئەمدى رەسىم سىزمايدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ ئوقۇتقۇچىسى بەرگەن تاپشۇرۇقتىكى "4 + 4 = ?" دېگەن ئەقلىي سوئالغا جاۋاب بېرىش بىلەن ئاۋارە بولۇشقا باشلىدى . دېمەك، ئۇ بىر ئىجتىمائىي ئادەم بولۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەقلىي بىلىملەرنى ئۆگەنمىسە بولمايتتى . جەمئىيەتتىمىز يولغا قويۇۋاتقان مائارىپ، باللارنى جەمئىيەتتىكى نېسۋىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئېلىپ بارمىسا بولمايتتى .

مەن ھېلىقى "ئەسەر" نى ساقلاپ قويدۇم. چۈنكى بۇ رەسىمدىكى تاش ئادەملەرگە خاس كەيپىيات بىلەن قاراپ تۇراتتى . قىزىم ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئادەم ۋە تاش ئوتتۇرىسىدىكى جىنسلىق پەرقنى ئېلىپ تاشلىۋەتكەنىدى .

مەشھۇر ماتېماتىك ۋە فىزىك نيۇتون ئۆزىنى دېڭىز ساھىلىدا قۇلۇلە يىغىپ يۈرگەن باللارغا ئوخشاتقانىكەن. ئېينىشتېين نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنى يازغاندا، مۇزىكىنىڭ ئىلھامبەخش

كۆچىدىن پايدىلانغانلىكەن. بۇ ئەھۋاللار داۋاملىق ئەقلىي تەپەككۇر قىلىپ تۇرىدىغان تەبئىي پەن ئالىملىرى ئۆچۈنمۇ فانتازىيىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. فانتازىيىنىڭ بىزچە مەنىسى "خىيال"، "تەسەۋۋۇر" دېگەن بولىدۇ. خىيال ۋە ئىلھامنىڭ زۆرۈرلۈكى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تۇرمۇشتىكى بارلىق تەپەككۇر شەكلى سەنئەتتىن ئىبارەت بولىدۇ.

بىزگە ئەدەبىي ساۋاتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى شۇنچە زۆرۈرمۇ؟ بۇنى باللاردىكى تەسەۋۋۇر ئالىمى، شۇنداقلا ئەپسانىلەردىكى خورماس بىشارەت كۈچى رەت قىلىدۇ.

4

ئىستىلىستىك رەڭدارلىقتا ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كېتىدىغان خال قويۇش ئەدەبىياتى ياكى گىرىم قىلىش ئەدەبىياتى بىزدىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. بىز كۆپ ھاللاردا بىر پارچە شېئىرنى تىل جەھەتتىكى پاساھەت دەپ قارىدۇق؛ بوغۇم، رىتىم، قاپىيە دەپ چۈشەندۇق. ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇتتۇرا ئەسىرگە تەۋە كلاسسىزملىق ئەدەبىيات ئۇسلۇبىنىڭ قالدۇقى بولۇپ، تا بۈگۈنگىچە شېئىرىيىتىمىزدىكى پاسسىپ ئىنكاسنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىر ناخشىچىنىڭ سەھنىدىكى ھەرىكىتى ناخشىدىكى كەيپىياتنىڭ ئېھتىياجىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان دەرىجىدە كۆپ بولۇپ كەتسە، ناخشىچىنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يېتىدۇ. ھەتتا ناخشىچىنىڭ گىرىم ۋە مىمىكىسى چوقۇم ناخشا بىلەن جىپسىلاشقان بولۇشى كېرەك. شېئىردىكى ماھارەتلەرنىڭ دەرىجىسىمۇ مۇئەييەن بىر تەبىئىيلىكنى ساقلاپ قېلىشى كېرەك. بىز بىر ئادەمنىڭ ساغلام ھاياتىي كۈچىنى كىيىۋالغان ھەيۋەتلىك، پوزۇر كىيىملىرىدىن ئەمەس، يەنىلا تېرىسىدىن، بەش ئەزايىنىڭ راۋۇرۇسلۇقىدىن بىلىمىز. شائىردا شېئىرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدىغان تەۋرىنىش راستىنلا بار بولسا، ئۇ مۇۋاپىق تىل بىلەن تەبئىي ھەشەمەتسىز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئانىلار ئادەتتە پەرزەنتلىرىنى "ئانام"، "دادام" دەپ ئەركىلىتىدۇ، بۇ يەردىكى ھېسسىيات ناھايىتى تەبئىي بولغاچقا، ئادەمگە ئىللىق مېھرىبانلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ.

ئەدىب ئۆز ئەسىرىنىڭ ئۇتتۇقلۇق چىقىشىنى، كىشىلەرنى جەلپ قىلىشىنى، كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنى ئويلىماسلىقى كېرەك، شەيئىلەرنى ئىپادىلەيمەن دەپ زورۇقماسلىقى، ئەكسىچە سەنئەتكە ياتىدىغان ھەر قانداق ساۋاتنى مۇتلەق ئۇنتۇپ كېتىشى كېرەك. ئومۇمەن، ئەدىبنىڭ يېزىقچىلىقى ئۇنىڭ ھاياتقا ماس تەبئىتىدىكى قىزغىنلىقنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ئايلىنىشى لازىم. شۇ چاغدا شەيئىلەر ئادەتتە يوشۇرۇپ كەلگەن سىرلىرىنى تاسادىپىي بىر شەكىلدە ئەدىبكە ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

شائىر دېمەكچى بولغانلىرىنى شەيئىلەرگە دۆڭگەپ ئىزھارلىشى كېرەكمۇ ياكى شەيئىلەر شائىرنىڭ ئۆزىگىلا ئايدىڭ بولغان تىل بىلەن ئىزھار قىلغان مۇزىكىنى ئۆزىگە دۆڭگەپ خاتىرىلىشى كېرەكمۇ؟ ناۋادا شائىر ئۆزىنى "ئالەم سۆھبىتى" نىڭ بىر ئەزاسى دەپ چۈشىنىدىكەن، ھادىسىلەر دۇنياسىدىكى بىر ئورتاق تىلنى تېپىشى كېرەك. شۇ چاغدا بىزگە ئەدەبىي ساۋاتنىڭمۇ

كېرىكى بولمايدۇ، تەنقىد ۋە ماختاشلارغا قاراپ ئولتۇرۇش تېخىمۇ ھاجەتسىز.

1997 - يىل ئىيۇن

# ساھىل ۋە سەييياھ

( چاتما ماقالىلەر )

## مۇقەددەس قول

مەن ياشىمىغان سۇلالىلەر، مەن ياشىمىغان دەۋرلەر يوق. بارلىق يادنامىلەرنى ۋە ئەسلەرنى يوق قىلىپ، كالېندارلارنى تاشلىۋېتىپ باقاي، ئۇلارنىڭ كەينىدىكى ۋە ئاراچىلىرىدىكى بىپايان زامان يەنىلا ماڭا مەنسۇپ. مېنىڭ شەكلىم ئەنە شۇ چەكسىزلىك بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە خىلۋەت.

دوستلار، مەن مۇشۇ ھالىتىم بىلەن سىلەرگە قول ئۇزىتىمەن. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ خىلۋىتىمنى ئۆزىنىڭ يېگانە دۇنياسىدىكى بىر ماكان دەپ ھېس قىلىدىغانلار كۆپ بولمىسا كېرەك.

راستىنى ئېيتسام سىلەرگە نېمە ئۈچۈن قول ئۇزىتىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، لېكىن قول ئۇزاتمايمۇ تۇرالمايمەن. ھەرقانداق يېگانىلىق ئۆزىدىن غەيرىي بولغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى . . . دۇنيالاردىن ئۆزىنى تارتىپ، ئاجايىپ يېپيېڭى سەلتەنەتنى سۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئويغاق كىرپىكلىرىگە تالاي دۇنيا ئۆتكۈزۈلگەن بولىدۇ. مېنىڭ يېگانىلىقىم تۈنۈگۈن كافكانىڭ قەلئەسىگە كېتىۋېتىپ ھالسىزلىنىپ يىقىلغان بولسا، بۈگۈن ياكى تۈنۈگۈن نامەلۇم بىر پاسىلدا تۇرۇپ ئۆزىنىڭ يىتۈپ كەتكەن تۈگمىسىنى ئىزدەيدۇ. ئەتىسى ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ مەركىزىنى ئىزدەيمەن دەپ بارمىقىنى كېسىۋالىدۇ، بۈنىسى نامەلۇم، ئىشقىلىپ، ھەممىسى يېگانىلىق. مېنىڭ تۇزقاچام ئاشۇنداق بىرلا يېگانىلىق توپلىمىدىن پۈتكەن بولۇشى ياكى ( تالاي ) دېگەن سۆز بىلەن سۈپەتلىسە بولىدىغان توپلىمىدىن پۈتكەن بولۇشى مۇمكىن، بۇنداق ۋاقىتتا، "بىز" بىلەن "تالاي" نىڭ پەرقى تۈگەپ، ئوخشاش بىر سۆز بولۇپ قالىدۇ.

سىلەر مېنىڭ ئاسمىنىم، دوستلار. ئەگەر مەن كۆزۈمنى ئېچىپ قارىمىسام، قىمىرلاشقا، سەكرەشكە، پەرۋاز قىلىشقا ئۆتمىسەم، مۇشۇنداق بىر ھەرىكەت مۇھىتىغا لايىق ئاسمان تېخى يارىتىلمىغان بولىدۇ. ئاسمان يۈرىكىمنىڭ قانداقتۇر بىر قەۋىتىدە، ئۆزىنىڭ قېلىن بۇلۇتلىرىغا چۈمكىلىپ پۇرسەت كۈتىدۇ. سىلەر بىلسىلەر، ئاسماننى ئادەمنىڭ ئۆزى تۇغىدۇ. ئەما كىشىلەر بىلەن كۆزى ئۆتكۈر كىشىلەرنىڭ ئاسمىنى ئوخشىمايدۇ. لېكىن بىز ھەممىسىنى "ئاسمان" دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەيمىز. دېڭىزمۇ بىر تامچە، لېكىن ئۇمۇ تامچىلاردىن پۈتكەن. ئاسماننىڭ كەينىدە ئاسمان، تامچىنىڭ ئىچىدە تامچە. بۇ ئاشۇنداق بىر ئىش.

توغرا، مەن ئاسمانغا موھتاج، ئەمما بۇنى مەڭگۈلۈك موھتاجلىق دېگىلى بولمايدۇ. ناۋادا مەن ئىچىمگە قاراپ ئۇچماقچى بولىدىكەنمەن، ئاسمان ئەلۋەتتە مېنىڭ ۋۇجۇد كەڭلىكىمنىڭ تېررىتورىيىسىدە بولىدۇ. دەل مۇشۇنداق ۋاقىتتا، ئۇنىڭ بورانلىرى ۋە يامغۇر، چاقماقلىرىنى ئۆزۈم ھېس قىلىپ تۇرىمەن. ئۇنىڭ تەڭرىسى بىلەن سۆزلەشمەن بىر تىلدا

سۆزلىشمەن، بىر چىمدىم ۋاقتىنىڭ چىمەنزارىدا شەبنەمگىمۇ، قۇرتقىمۇ ئايلىنىپ قالىمەن، ئايلىنىپ - ئايلىنىپ تويۇنىمەن، سىرتىمغا يۈزلىنىمەن، بۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن قانچە مىڭ يىل كېتىدۇ، بىلمەيمەن. پوستۇمنى يارىمەن - دە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى بوشلۇق سىلەر بولسىلەر، دوستلار. سىلەر پايانسىز بولغاچقا، مېنىڭ ھەرىكىتىمدىن كېلىپ چىققان تىل شاۋقۇنلىرىنى سەزمەي قالسىلەر، ئۈزۈكلىرىنى تىكشاپ تۇرغان ۋاقىتقا توغرا كەلسە سىزىپىمۇ قالسىلەر. مانا بۇ بىزنىڭ ئاسمىنىمىز تۇتاشقان جاي. بۇ جاينىڭ ئۆزىمۇ ئاسمان، چۈنكى ئۇ ئۆزى كۆتۈۋاتقان رولنى تاسادىپىي ئويناپ مەنە قۇياشغا ئايلاندى. شۇنداق، ئىككى نۇر قوشۇلغان جاي يېنىۋاتقان چىملىق.

قول ئېلىشىش؟...

بىز ئۇنى تۇغۇلۇش (شەكىلگە كىرىش) تىن بۇرۇن ئەڭ مۇكەممەل ئېلىپ بارغان دېسەم ئىشىنەمسىز؟ بىزنىڭ قوللىرىمىز نوقۇل مەنىنىڭ ئۆزىلا بولۇپ تۇرغاندا سانغا پاتمايتتى. ئۇ چەكسىز بولغاچقا ياكى بىزنىڭ سەزگۈ ئورگىنىمىزدىن زىيادە كۆپ بولغاچقا، سۇنۇشقان قوللىرىمىزنى سەزمىگەنمىز. سېزىلمىگەننى يوق دېيىشكە سىزنىڭمۇ تىلىڭىز كۆيىدۇ. سېزىلمەسلىك شەرت ئەمەس، ئەمما سېزىلمىگەن نەرسە مەنىنىڭ مەركىزى، مەركەزدە نېمە بار، قاراپ بېقىڭلار.

قول ئۇ قول دەپ ئاتىلىشتىن بۇرۇن زادى نېمە؟

ھېكمەت بىزنىڭ قول دەپ ئاتىغانلىقىمىزدىمۇ ياكى قول دەپ ئاتىلىشتىن بۇرۇنقى نەرسىدىمۇ؟ بۇنى نېملا دېسە بولۇۋېرىدۇ. بىراق بىز دەۋاتقان قولنى كىشىلەر شېئىر دەپ ئاتىغاندەك قىلىدۇ. دېمەك، شېئىرمۇ قول، بايا بىز قول ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيەلمىدۇق، ئۇنى ئېنىق دېيەلىگەن ۋاقىتىمىزدا شېئىر قول ئەمەس. قول ئۆزىدىن ۋاز كەچكەندە شېئىر قول بولىدۇ. دۇنيادا مەڭگۈ ئۇخلايدىغان خىلۋەت يوق، ئۇ پەقەت يېگانىلىقنى يوقاتماي تۇرلىنىپ تۇرغاندىلا، ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك ئۆمرىنى تاپالايدۇ. شۇنداق، شېئىر (ھەقىقەت) چەكلىك شەكىل ئىچىدە ئاشكارىلىنىشقا ئۆتۈپ قولغا ئايلىنىدۇ. خىلۋەتلەر تۇتىشىدۇ.

قول بەرمەسلىك كېرەكمۇ ياكى بېرىش كېرەكمۇ؟ ناۋادا قول بېرىش - بەرمەسلىكنىڭ مەزمۇنىنى ئۈستىگە ئالالىسا، ئىككىسى بىر گەپ، سوئالمۇ قىممىتىنى يوقىتىدۇ.

مەن قولۇمنى سوزدۇم ئاسمانغا
بولۇپ قالدىم ئاسماننىڭ ھەم دىئامېتىرى
ھەربىر نۇقتام ئەۋۋەلۇ ئاخىر
ھەسەن - ھۈسەنگە ھاملىدار بولغان.
ئۆتكىنىم شەھەردۇر ياكى بىر سەھرا
ياكى ئاستا چىرىۋاتقان بىر ياپراق
ھەممىسى بەرىبىر.

جىم تۇرالمايمەن .
يىقىلىپ پۈتۈن مەنزىل تاماملانسا
ئۈزارت يەنە مەنزىلىڭنى ، قوپ ئورنىڭدىن .
ئۆرە تۇرۇپلا ھەممىنى بىلىپ قالىسەن .
بولىقاڭنى ئۈرگۈك كەلسە ئۈر
شۇنداقتىمۇ تىمتاس دۇنيا بۇ
خىلاپ بولسا ئۆزۈڭگە ئۈنى ئۈرۈشۈك
ئۆزگە بىر رەۋىشتە تىمتاس دۇنيا بۇ .
كۆزۈڭ نېمىشقىدۇر يېقىپ قويۇلغان
تاپشۇرۇق يوق دېسەڭمۇ ئىشلەت ئۈنى
بولمىسا تۈگەپ كېتەر شەپەرەڭمۇ .
كېلىڭلار، بىر قۇچاقلاي قەدىردانلار
بەربىر يىراقتىنمۇ قۇچاقلايمەن .
نېچۈندۇر تاتلىقمۇ تاۋىمىز يوق
شۇ پېتى قۇتلاۋەرسۇن ئاچچىق شاراب
تەڭرىنىڭ پەرمانى بار رېتىممىدە
زېرىكسەم قاپىيەسىز يىراقلايمەن .
كەل دۇنيا، مېنىڭ قولۇم ھەر مۇقامدا!

## چىقىش ۋە كىرىش

قارتىنىڭ سانى ئىنتايىن چەكلىك، لېكىن ئۇ ھەر قېتىم تەقسىملەنگەندە، تەقسىملىنىش قېتىم سانىنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىزگە روشەن ئۆزگىچىلىك ھېس قىلدۇرىدۇ، بىز ئۆزىمىزگە تونۇش بولغان ئاشۇ مەھەللىدىن، ئاشۇ خالتا كوچىدىن تالاي قېتىم ئۆتسەكمۇ، بۇنداق تەكرارلىنىشنىڭ ئىچىدىن يېڭى كەيپىيات، يېڭى مەنىلەرنى ئۈچرىتىپ تۇرىمىز، بۇلار، ئەلۋەتتە بىزنىڭ مۇھىتىمىزنىڭ بىر قىسمى . ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ھەر بىر بۇلۇڭ ۋە بوشلۇقلار بىر - بىرى بىلەن سېھرىي رەۋىشتە كىرىشىپ، ئۆزىگە خاس گۈزەل مەنىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان مۇناسىپ تۈزۈلۈشكە ئىگە بولىدۇ. ھەرىكەتچان روھىمىز بۇ مۇھىتنىڭ رۇخسارىغا نېپىز بىر چۈمبەلنى تارتىپ قويۇپ، ھەمىشە يېڭىچە ئىشتىھا بىلەن سۆيۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ روھىمىز ئېھتىياجىغا لايىق بىرەر ئوبيېكت ئىزدەيدىغان تەبئىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولمىسا، مۇھىتىمىزدىكى بىرەر تۈپ دەرەخنىڭ بىرەر رۇجەكنىڭ ياكى ئاددىي ۋە ئەرزىمەس قانداقتۇر بىرەر كىچىك نەرسىنىڭ سۆيۈملۈك بولۇپ تۇيۇلۇشى ناتايىن ئىدى، بەزىدە ئالەمگە

پاتمايدىغان تەكشىلىك ھېسسىياتىمىز، ئەقلىمىز بىلىپ يېتەلمىگەن مەلۇم بىر كىچىك نەرسە ئارقىلىق چىقىش يولى تاپىدۇ، بۇ چاغدىكى ئۇلۇغۋارلىقنى دەڭسەيدىغان نە بىر ئۆلچەم، نە بىر دانا تاپالمايمىز، بۇ ئاللىقاچان خۇدانىڭ قۇدرىتىگە نائىل بولۇپ بولغان بولىدۇ، ئۆزىمىز ئات قويۇشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان بۇنداق كەم نېسىپ ھالقىش ، بەندىلىك تەبىئىتىمىزگە شەرەپلىك بىر ئۇنتۇشنى سوۋغا قىلىدۇ.

دەريا، قىرغىقىڭنى تونۇيمەن ئېنىق
لېكىن راۋانلىقىڭ ماڭا مۇئەمما
بەلكىم قىرغىقىڭمۇ كەتكەندۇ ئۇزاپ
مېنى خىياللاردا قالدۇرۇپ تەنھا
"ئىككى رەت ئۆتۈشكە بولمايدۇ نېسىپ"
دەپتىكەن كۆپ بۇرۇن ياشىغان دەنا
قىرغاقتا ئۆزۈمنىڭ يۈتكىنىمۇ راست
يوقاتقان چاغلىرىم بولغۇسى رەنا.

قارتا ئويناش شېئىرىيەت دەستۇرىنىڭ بىر تىمسالى ، نېمشقىدۇر لۇغەت سوستاۋىمىزدىكى چەكلىك سۆزلەر بىزنى قاراڭغۇ ۋە سىرلىق ئورمانغا باشلاپ بېرىپ، ئىلاھ، پەرىشتە، ئالۋاستىلار ھەققىدە، قېرى توغراقنىڭ خىسلەتلىك يىلتىزى ھەققىدە، يىلانقىزنىڭ شامال غارىدىكى غەلىتە ئۇسسۇلى ھەققىدە قىزىقارلىق ئويۇنغا داخىل قىلىدۇ. ھەر بىر سۆز بىر سىرلىق قەسىر، بۇ قەسىردە بۇرۇن ئۆتكەن دوقمۇشلارنى ئىككىنچى قېتىم زادىلا ئۇچرىتالمايمىز ھەمدە ئۆزىمىزدىن باشقا كىشلەرنىمۇ كۆرەلمەيمىز. سۆزلەر ئېزىتقۇ، بىز ئازغۇن، نە ماكانىمىز (ئورنىمىز) نىڭ، نە زامانىمىز (ۋاقتىمىز) نىڭ تايىنى يوق، سۆزلەرگە قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارىمىزدىن گەپ ئاچالمايمىز، پۈتۈنلەي تىلسىزغا، گويا سۆزلەرنىڭ تىلىغا ئايلىنىپ قالىمىز، سەبىيلىككە قايتىمىز، مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بىزنى قوينىغا ئالىدۇ. ئازاب، خۇشاللىق، قاباھەت بولمىغان بوشلۇققا شۇنداقلا كىرىپ كېتىمىز، ھېس قىلىمىزكى ، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك بولۇپ قالىدۇ.

بۇددىستلار بۈيۈك دەريادا بىر تال قۇم، قۇمنىڭ ئۆزى بۈيۈك دەريا دېيىشىدۇ. تىلمۇ بىر دەريا، ھەر بىر سۆز گويا ئاشۇ بىر تال قۇم، ۋەھالەنكى ، بىز ئۇنىڭ دەرياسىدا ئالمىدەك لەيلەپ، مەڭگۈلۈككە قاراپ ئاقىمىز.

شەيئىلەر بىزنىڭ لىباسىمىز، بىز ئۇنى كىيگەن ھامان سۆز دەپ ئاتىلىدۇ، مۆجىزىمىز كىيىشتىن ئىبارەت قىسقىغىنە جەرياندا.

روھىمىز قەۋەتلىرىدىكى ھەر بىر ئىستەك توختىماي پۈرسەت كۈتىدۇ، ئۆزىنى روياپقا چىقىرىشنىڭ كويىدا بولىدۇ. ئۇ ئۆزىگە لايىق كېلىدىغان چەكلىك بىر شەكلىنى بايقاشتىن بۇرۇن قاراڭغۇ ھالەتتە تۇرىدۇ، بىزمۇ ئۇنى بىلەلمەيمىز، شەكىل بايقالغان ھامان تىترەشكە باشلايمىز،

چەكسىزلىكنىڭ شەكىل ئىچىدىكى بۈيۈك تەۋەللۇتى ئەنە شۇنداق باشلىنىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق شەكىللەر گويا بىزنىڭ لۇغىتىمىزگە ئايلىنىدۇ، ئىستەكلىرىمىز ئەقلىمىزدىن بۇيرۇق كۈتمەيلا، ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنى تاللاپ، ئىپادىلىنىشىنىڭ بۇرمىسىمان كۆزنەكلىرىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

نازاكەتلىك شېئىر ئىلاھى
كۆرسەت ھىممەت، بەرگىن پاناھلىق
تۇغسۇن مېنى شەكلى ئۇپۇقى
دەرگاھىمغا يېنىپلا قايتاي.
تەقدىرىمگە چۈشكىچە يارلىق
بەس، ھەممىسى بىرلا رەت يانماق
قايتىش بىلەن ئۇ مەڭگۈ پارلاق.
ماڭا قەدەھ كېرەك قۇيۇلۇش ئۈچۈن
ئىشتىھا ئاندىن كېرەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن.

## گۈل سايىسى

يالغۇز بۇ تەرەپتىلا ئەمەسمەن، ئۇ تەرەپتىمۇ بارمەن، شۇڭا شەكلىمنى يارىتىپ بولۇپلا چىقىپ كېتىمەن. مەن نوقۇل ئۆزۈمدىلا ئەمەس، چىقىپ كېتىشنىڭ چەكسىز داۋامىدا، چەكسىزلىكنىڭ تويۇنغان قارارىدا.

پىكاسونىڭ ئالمىسى زادىلا پۈتۈن ئەمەس، ئۇ ئۆزىنىڭ ئالمىسىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن يوچۇقلارنى قويۇپ قويغان، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا دېڭىزنىڭ بويىدا.

ھەرقانداق نەرسىگە ئۇنىڭ ئۆز شەكلىنى بەرمە، سۈيۈق بولسۇن دېسەڭ ئۇ ھەممىگە سىغىدۇ. سىغدۇرۇش ھەۋىسى نەدىن كەلدى؟ ئۇ خۇددى گۈل ھىدىغا ئوخشاش كۆرۈنمەس بارلىق.

قەلبىمدە گۈل، سۇغا ئۇنىڭ سايىسىنىلا چۈشۈرەلىدىم، ئۇنىڭ پۇرىقى مەندە ھەم سەندە، پۇراقتا كۆچكەن يامراشلىرىم.

## ھەرىكەتنىڭ ئۇ تەرىپىدە

ھۆپپىگەرلەر ئاۋازى، تاشلاندۇق ئۇۋا، جايناماز، سىمتاناپ تۈۋرۈكى، ۋاز كېچىش، دىئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغان گۇمان، لامپۇچكىنىڭ ئىچىگە قاچىلانغان بال ھەرە، ۋارقىراپ تۇرۇپ يىراققا كېتىش . . . مانا بۇلار ھەرىكەتنىڭ بۇ تەرىپى.

بىز ھەرىكەتنىڭ ئۇ تەرىپىگە كېتىپ بارىمىز، سانىمىز ئېزىپ كەتمەكتە.

ئەتراپىمىزدىكى بارلىق نەرسە تۈرلۈك شاخلارغا قونۇۋالغان، ئۇلار تولۇۋالغان، ئۇلار تولىدۇ، ئوتلارنىڭ

تووۋلىشى يېشىل، ئەمما، زېمىن بولسا سېتىلىۋاتقان ئاپلىسىندەك ئىچىدە تووۋلايدۇ، بىز ئۈنىڭ ئۈرۈۋقلىرىنى داخىل بولغاندا كۆرۈپ قالىمىز. بارلىق چۈۋقانلارنى قوشسا نۆلگە تەڭ. "0" بىر قارىسا تووۋلاۋاتقان ئادەمنىڭ يوغان ئېچىلغان ئاغزىغا ئوخشايدۇ، لېكىن ئۇ كۈچلەرنىڭ ئۇلۇغۋار بىرلىكى، داۋراڭ بولمىغان مەغرۇر سەلتەنەت.

شېئىر ھەرىكەت، شېئىر سادا، لېكىن ھەرىكەتنىڭ بىرلا خىلى ئەمەس، سادانىڭ بىرلا تەلەپپۇزى ئەمەس. ئۇنىڭ بۇ تەرىپىدە پانىي دۇنيانىڭ سايىسى، ئۇ تەرىپىدە نۆل بىلەن ئىپادىلەنگەن جىمجىتلىقنىڭ سايىسى. بىر بېلىق دەل مۇشۇ سايىدىن ئاسمانغا ئوخچۇدى.

1993 - يىل ئىيۇل

# ئوتتۇز بەش يېشىم ۋە شېئىر

شېئىر ئەك پىنھان، ئەك ئىچكى تەرجىمىھالدۇر. بىراق بۇنى ئوڭۇشلۇق يېزىپ چىقىش ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە تىل كېرەك. قۇلىقىمىزغا ھەرخىل ئاۋازلار كىرىپ تۇرىدۇ: دىرىزە پەردىسىنىڭ شۇۋىرلىشى، قار سۈيىنىڭ تامچىلىشى، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ چىرقىراشلىرى، ئۇخلاۋاتقان بالىنىڭ يەڭگىل تىنىق ئاۋازلىرى، دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى، زەھەرلىك يىلاننىڭ كىشىلداشلىرى... بىزنىڭ تېنىمىز سىزىپ تۇرىدۇ. يېڭى كۆزى يورۇغان ئانىلاردىن كېلىدىغان سۈت ۋە تەرنىڭ پۇرىقى، چىرىگەن ياپراقلارنىڭ قاڭسىق ھىدى، شاتۇت شەربىتىنىڭ تەمى، مۇزدەك تاش ئورۇندۇق... ئەنە شۇلارنىڭ ھەممىسى دۇنيا تىلى، خۇددى يىراق دېڭىز ۋە دەريالاردىكى سۇلار. ئېگىز ئاسماندا ئۇزۇپ يۈرگەن بۇلۇتلاردىكى يامغۇرلار ئاخىر بىرىپ قۇدۇق سۈيىگە ئايلانغاندەك، بىز تەبىئەتتىن، جەمئىيەتتىن قوبۇل قىلىدىغان سىزىملەر يۈرىكىمىزدىكى قۇدۇقتا جەملىنىدۇ. قۇدۇقتىكى تۈيغۇلار سۈيىدە دۇنيا بىر ئاي بولۇپ ئەكس ئېتىدۇ. ناگىھان سەن بۇ چاغدا ئاشۇ ئاينى سۈزۈپ چىقماقچى بولساڭ، بىراق، پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ. شائىرلاردىكى پاجىئە ئەنە شۇ يەردە.

ئىلھام بىلەن تىلنىڭ مۇساپىسى تولىمۇ يىراق، بۇ مۇساپىنى نۇر تېزلىكىدە باسقاندىمۇ كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. قاراڭ، دەل مۇشۇ مۇساپىدە، نۇرغۇن شائىرلارنىڭ مەنىۋى جەسەتلىرى ياتىدۇ. ئاخىرقى پەللىگە بىرىش تەلەيلىك شائىرلارغا مەنسۇپ.

تۈيغۇ ۋە ئەركىنلىكتە باي سەھرالار شائىرلارنىڭ بۆشۈكى كۆپكۆك ئاسمان سىنىڭ، يۇلتۇزلار سىنىڭ، سىخى قوغۇنلۇقلار، قاينامالار، چىتلىق تاملاردىكى شورلار سىنىڭ، ھەممە، ھەممىسى سىنىڭ، شائىر ھاياتىنىڭ پەيزىنى ئەنە شۇ يەردە سۈرسەن. شەھەر شائىرلارنىڭ تاۋۇتى، شەھەر مەدەنىيەتلىك تاش دەۋرنىڭ شاھىتى. بۇ يەردە رەستىلەرمۇ تاش، بىنالارمۇ تاش، ئادەملەرمۇ تاش، يۈرەكلەرمۇ تاش...

شائىرلار ھېسسىياتىمۇ تاشقا ئايلانغان غەلىتە بىر تاش دەۋرىگە دۇچ كەلدى. چىن - سەممىي ھېسسىياتلار تاشلاردىكى ئېغىر سۈكۈناتقا ئايلاندى. شائىردىكى خىيالنىڭ دەھشىتىگە پەقەت تاشلارلا چىدايدۇ. ئېھ، تاشلارغا دەپنە قىلىنغان ناۋائىي روھى!

ئادەملەر ئەمدى شۇ قەدەر بىچارە، ئۇلار ئاتومنىڭ قۇدرىتىگە ئېرىشتىيۇ، ھاياجانلىنىشتىن مەھرۇم بولدى. مۇھەببەتنىڭ لەززىتى ھاياسىز تەنگە قاراشلىق بولۇپ قالدى. قاتتىق كۈلۈش ۋە قاتتىق ھاياجانلىنىش ئۈچۈن روھلاندۇرۇش دورىسى بولمىسا بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئەگەر ئۆلگەن ئاتا - ئانا ئۈچۈن يىغلاش پەرز بولۇپ قالسا، كۆز يېشىغا نامرات تاش دەۋرى پۇقرالىرى يىغلىتىش دورىسىنى ئىشلىتىشنى ئومۇملاشتۇرۇش مۇمكىن.

شېئىر پەرىشتە. بىراق ئۇ بۈگۈن كىشىلەر ئارىسىدا ئۇچۇۋاتقان ھالەتتە ئەمەس، بەلكى كۆزلىرىنى قۇم بېسىۋاتقان بۇلاق ھالىتىدە ياشىماقتا.

2

3 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى 35 ياشقا كىردىم. بۇ كۈنى مەن دەخلىسىز بىر ئاراملىق ئىزدەش ئۈچۈن تىرىشتىم. ئالدىراشلىق، تەشۋىش، شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن تولغان شەھەر ھاياتى مېنى جىمجىتلىققا قەۋەتلا سىزىك قىلىۋەتكەنىدى.

مەن ھازىرغا قەدەر تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئالاھىدە خاتىرە شەكلىدە ئۆتكۈزۈپ باقمىدىم. مەن بۇنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى چۈشەنمەيتتىم. چۈنكى تۇغۇلۇش مېنىڭ ئىختىيارىمدا ئەمەس ئىدى. كېيىن ئەقلىمنى تېپىپ ئويلىسام، مەن تۇغۇلۇپتىمەن، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكى بىر سىر. ئەگەر مەن ئۆزۈم تۇغۇلۇۋالغان بولسام، بەلكىم ئۇنى خاتىرىلەش مۇمكىن بولار ئىدى. بىراق مېنىڭ تۇغۇلۇشۇم كاتتا بىر ئىرادىگە ھەمكارلاشقان تۈرلۈك ئامىللارنىڭ تەبىئىتى تەرىپىدىن بولغانىدى. دېمەك، مۇشۇ سىر ئۈستىدە ھەيرانۇ ھەس بولۇشنىڭ ئۆزىلا ئەڭ ياخشى خاتىرىلەش ئىدى. شۇنداق قىلىپ، تۇغۇلغان كۈنۈمنى دوستلارغىمۇ ئېيتىپ يۈرمىدىم، بۇنى پەقەت ئائىلىملا بىلەتتى. مەن بۇ قېتىم تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆزگىچە بىر خاتىرىلەشنى ئويلىدىم ۋە شۇنداق قىلدىم: ئائىلەم مەن ياخشى كۆرىدىغان تاماقنى ئەتتى، مەن تاماقنى يەپ بولۇپ، بىر ئاز ۋاقتنى ئۆتكۈزدۈم، ئاندىن تەرەت ئالدىم ـ دە، ياتاق ئۆيۈمگە كىرىپ ئىشىكنى ئەتتىم.

ھەيھات! تولىمۇ ئاز نېسىپ بولغان جىمجىتلىقنى ئاخىر تاپتىم. بىراق بۇ جىمجىتلىق كەڭ تەبىئەتنىڭ قوينىدىكى جىمجىتلىق بولماستىن، تۆت تام ئىچىگە قاچىلانغان مەشئۇم جىمجىتلىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇنى ئاران تاپقانىدىم. تېلېفوننى جىرىڭلىمىسۇن دەپ سىمىنى ئۈزۈۋەتتىم. مانا بۇ، ئۆز ـ ئۆزۈمگە تولۇق مەنسۇپ بولغان قىممەتلىك دەقىقىلەر ئىدى.

ئەڭ بولمىغاندا، ۋاقىتنىڭ خوجايىنى بول جىمجىتلىق ماڭا شىۋىرلاشقا باشلىدى.

روھ باتىن (ئىچكى) دېڭىز، ئۇنىڭ قىرغىقى يوق، تېگى بار، ئۇ تېنىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدە، بىز ئۇنى بىلىشكە قادىر ئەمەس. ئاڭلا!

بۇ ھېراكلىتنىڭ ئاۋازى ئىدى.

ئاڭلا!

ئاڭلا!... ئاڭلا!

ھېراكلىت يېقىنلاشتى. مەن ئۇنى ئېنىق كۆرۈشكە باشلىدىم، ئۇ شار شەكلىدىكى يالقۇننى ئوچۇمغا ئېلىۋالغانىدى. ۋاقىت ئېرىپ تامچىلىماقتا ئىدى، ئاستىم بىپايان دېڭىزغا ئايلانىدى.

"قاراڭغۇ سۇ يۈزىدە روھلار پەرۋازى" دېدى كىمدۇر بىرسى .

مەن دۇنيا دېگەن كىتابنى تەتۈر ۋاراقلىدىم . 1 ـ بەتنى ئۆرۈپ تىتۈلغا كەلگەندە تۇرۇپ قالدىم . چۈنكى ، تىتۈلنى ئۆرۈسەملا ئۆزۈمنۇ تۆگەيتتىم . كىتابنىڭ مۇقاۋىسى بۈيرۈق پېتىلىدىن پۈتكەن بولۇپ ، مەن ئۇ يەردە ئېرىپ كېتەتتىم . ئۇ يەردە تەنمۇ ، روھمۇ ، مۇزىكا ۋە شېئىرمۇ ئېرىپ تۆگەيتتى . شېئىر ئەنە شۇ يەردىن تۇغۇلۇشى كېرەك ئىدى .

مەن شېئىر يازماقچى بولدۇم . بىراق شېئىرنىڭ قائىدە ـ يوسۇن بىلەن تولغان دۇنياسىغا ساق ـ سالامەت تۇغۇلمىقى تەس ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن شېئىردىن يىراقلاۋاتقان دەۋرنىڭ پۇقراسىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتاتتىم .

"ئاڭلا"يدىغان ھۆججەتلىرىم قۇرۇپ كېتىۋاتاتتى . قانچە ئاۋارە بولساممۇ يازالمىدىم . ئىچىم تىتىلدىدى .

ئۆزۈمنى مۇردىدەك ھېس قىلدىم .

قېنى ، سىرلىق جاھان بىلەن تىل ئورتاقلىقىم؟ تۇغۇلغان كۈنۈمگە ئاتاپ شئېر يازماقچى بولدۇم . بىراق شېئىر كەلمىدى . مەجبۇرلاش شېئىرىيەتكە قارىتا فاشىزمدۇر . چۈشەندىمكى ، دەل مۇشۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە شېئىرىيەت مېنى سوتقا تارتىۋاتقاندى . ئاڭلايدىغان قۇلاقلىرىڭ قېنى ؟

3

"ئەتىر گۈللەر پارتلايدۇ ئاستا . . . "

گۈللەرنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن كەتكەن ۋاقىت دەقىقە ھالىتىگە كەلتۈرۈلدى ، گۈللەرنىڭ ئېچىلىشىدىكى سۈكۈنات "پارتلاش" تىن ئىبارەت شىددەتلىك ئاۋازغا ئۆرۈلدى . گۈل پورەكلىرىنىڭ ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىپ ئېچىلىشىدىكى سادانى ئاڭلاۋاتقان قۇلاق پەقەت شائىر بىلەن مۇزىكانتقا نېسىپ بولىدۇ دائىم ئەمەس ، گاھ ـ گاھ .

ئۇنداق قۇلاق تەبىئەت بىلەن بولغان نازۇك دىلكەشلىكتىن كېلىدۇ .

شېئىر ئوقۇشمۇ شېئىر يېزىشقا ئوخشاش ئىش ، ئۇنىڭدا ئاپتور ئۆتكەن كېچىكتىن سەنمۇ ئۆتىسەن ، ئىككى ئادەم ئۆتكەن كېچىكنىڭ قىرغاقلىرى ئۆزگەرمىگەن بولىدۇ ، بىراق ئېقىن ئوخشىمايدۇ . ئاپتور بىر ئېقىن ، سەن بولساڭ ئايرىم بىر ئېقىن . قاش بىر ، قىرغاق بىر .

شۇنداق قىلىپ ، تۇغۇلغان كۈنۈمنىڭ ئاخشىمىنى شېئىر ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزدۈم . ئۆزبېكىستان شائىرى مۇھەممەت سالىھنىڭ مۇنۇ مىسرالىرى شۇ تاپتىكى تۇيغۇمغا تازا ماس كېلەتتى :

كۆز يېشىڭغا پاتۇرۇپ قەلەم ،

قورقۇنچلۇق ئەمەسمۇ بوزلىماق،
ئاق قەغەزنىڭ يۈزىگە قاراپ،
پەقەت ھەقىقەتنى سۆزلىمەك.

4

بىر پارچە ھېكايە قانداق باشلىنىدۇ؟

تۇنجى جۈملىدىنمۇ؟ تۇنجى ئابزاستىنمۇ؟ ئۇنداقتا، ئۇلار قانداق پەيدا بولغان؟ ھەرقانداق باشلىنىشنىڭ يەنە باشلىنىشى بولىدۇ. تۇغۇلۇشنىڭمۇ تۇغۇلۇشى بولىدۇ، مەن بىر تامچە سۇ، بىر قېتىملىق ھەۋەس، مۇئەممالىق ئايەت، نازۇك بىر نەپەس. . .

مېنىڭ تۇغۇلۇشۇمنىڭ چەكسىز دەۋر قىلىپ تۇرىدىغان بوغۇملىرى ۋاقىتلارسىرى سوزۇلماقتا.

5

بەزىلەر تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش ھاياتنى قەدىرلەشتىن دېرەك بېرىدۇ، دېيىشىدۇ.

مەن دەيمەن: ھاياتنى قەدىرلەش پەقەتلا شۇمۇ!

ھايات بىر يېقىلغۇ، سەن ئۇنىڭ يورۇقىدا دۇنيانى كۆرسەن، روھىڭنى يۇيىسەن.

1999 - يىل 11 - مارت